


ماخمۇتجان ئىسلام

# هايات قايناملىرىدا

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

هايات قايناملىرىدا

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ




هايات قايناملىرىدا

ISBN 978-7-5371-4006-5

باھاسى: 18.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

ماخمۇتجان ئىسلام

# ھايات قايناملىرىدا

——ئۈچ قىز ھەققىدە ھېكايە

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ھايات قايناملىرىدا

(رومان)

ئاپتورى: ماخمۇتجان ئىسلام

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا، 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.125
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 2 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978-7 - 5371 - 4006 - 5
باھاسى: 18.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى قىسىم ئاداشقان تۇمۇچۇق ........................ 19

ئىككىنچى قىسىم ياش ئارىلاشقان كۆلكە ............ 129

ئۈچىنچى قىسىم بەخت ئۆز قولۇڭدا ................... 251

خاتىمە ........................................ 342

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

مەن يىگىرمە تۆت ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا بويتاق قالارمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم . تەقدىرىمگە پۈتۈلگىنى شۇنداقمىدۇ-كىن ، خۇددى كۆز تەگكەن ، گۈللەر ئەمدىلا پورەك بولغاندا بىردىنلا باھار جۇدۇنى بولۇپ ئۇششۇك تەگكەندەكلا ئىش بولدى ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىم — كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ، ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغانغا قەدەر بىللە ئوقۇغان ، مەن ساداقەت بىلەن سۆيگەن ۋە «سەن بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولى-مەن» دەپ ماڭا ۋەدە بەرگەن يۈرەك پارەم ئانارگۈل تۇنجى تۇغۇتتىلا مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ ، ئەبەدىيگە كۆز يۇمدى . مانا تۈنۈگۈن ئۇنىڭ يىل نەزىرسىنى تۈگەتتىم . تۈنۈگۈن نەزىردە ۋە بۈگۈن ئەتىگەن تۇپراق بېشىدا ئوقۇلغان دۇئالارنىڭ شاراپىتىدىن-مىكىن ، بىر يىلدىن بۇيان يۈرەك ـ باغرىمنى ئۆرتەپ ، چاياندەك چېقىپ ، يەلكەمدىن تاغدەك بېسىپ كەلگەن مۇڭ ، قايغۇ ـ ھەس-رەت ۋە ئەلەم سەل يەڭگىللىگەندەك بولدى .

مېنىڭ خېلىلا پۇللۇق بىر ئاغىنەم بولىدىغان . ئۇ پات ـ پاتلا بىزنى مېھمان قىلىپ تۇراتتى . شۇنداق چاغلاردا ئۇ : «مې-نىڭ بىر ئىشقا پەقەت چىدىغۇچىلىكىم يوق . ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، باشقىلارنىڭ مېنىڭ ئۆلۈمۈم بىلەن پەرۋايى پەلەك . ئۇلار يەنىلا ياشاۋېرىدۇ ، مېنىڭ ئۆلۈمۈم ئۇزىتىلىۋاتقان ، بالا ـ چاقام ، دوست ـ بۇرادەرلىرىم يىغلاۋاتقان ، قايغۇرۇۋاتقاندا ، ئۇ-

لار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرىنى قىلىۋېرىدۇ : بىر-
لىرى توي قىلىدۇ ، بىرلىرى مەشرەپ ئوينايدۇ ، بىرلىرى
هاراق ـ شاراب ئىچىدۇ ، يەنە بىرلىرى ئاشنىدارچىلىق قىلىدۇ .
شۇڭا تىرىكلىكىمدە بىرەر كۈنمۇ قايغۇرغۇم ، مۇڭلانغۇم يوق .
ئىمكانىنىڭ بارىچە تاپقان ـ تەرگەنلىرىمنىڭ هۇزۇرىنى كۆرۈپ ،
خۇشال ياشىغۇم كېلىدۇ » دەيدىغان . بۇرۇن بۇ سۆزگە تازا دىق-
قەت قىلمىغانىدىم . بىر يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ، بۇ
سۆزنىڭ هەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم . سۆيۈملۈكۈم
ئانارگۈل ئالەمدىن ئۆتتى . بۇرۇن بىزگە بۇ هاياتتا بىر ـ بىرى-
مىزدىن ئايرىلىپ ياشاش زادىلا مۇمكىن ئەمەستەك ، بىر ـ
بىرىمىزدىن ئايرىلغان هامان ياشاشنىڭ ، هاياتنىڭ هېچقانداق
مەززىسى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى ، قۇياش ، ئاي كۆككە پارلاپ
چىقمايدىغاندەك ، ئالەمنى زۇلمەت باسىدىغاندەك بىلىنەتتى . ئەم-
ما ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى . توغرا ، مەن قاتتىق ئازابلاندىم ،
هەر قېتىم ئۇنى ئەسلىگەندە ، ئۇ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغاندا ،
خۇددى ئازار يېگەن دەمداردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنمۇ بول-
دۇم . خېلى كۈنلەرگىچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى ، رەڭگىم
سارغىيىپ ، پۇت ـ قولۇمدا مادار قالماي ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپمۇ
قالدىم . بىراق ئۆلۈپ كەتمىدىم ، باشقىلارنىڭ تەسەللىلىرى بى-
لەن يەنىلا ياشاپ كەلدىم . قايغۇ ـ دەردلىرىمنى تاماكىدىن ئال-
دىم ، بەزىدە هاراقمۇ ئىچتىم ، توي ـ ئولتۇرۇشلارغىمۇ باردىم .
ئانارگۈلۈمنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلى جاهان ئۆزگىرىپ كەتمىدى ،
هەممىلا ئادەم يەنىلا ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇلار كۈلەت-
تى ، ناخشا ئېيتاتتى ، ئۇسسۇل ئوينايتتى ، ۋارقىراپ ـ جارقىرى-
شاتتى ، قايسىدۇر بىرلىرىگە ئامەت ـ بەخت تىلىسە ، قايسىدۇر
بىرلىرىنى تولىمۇ سەت سۆزلەر بىلەن تىللايتتى ، قارغايتتى .
كۈندۈزى قۇياش ، تۈنلىرى ئاسماندا ئاي پەيدا بولاتتى . يەر شارى
ئۆز ئوقىدا چۆرگىلەۋەردى . ئانارگۈلۈم ئۆتكەن يىلى دەل مۇشۇن-

www.uyghurkitap.com

داق چاغدا — ئېيۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى . ئۇ — شۇ كۆز يۇمۇشى بىلەن قايتا كۆز ئاچمىدى ، ئەمما ئۇ كۆز يۇمغاندىن كېيىن كۈز ، قىش ، باھار ئۆتۈپ ، قايتا ياز كەلدى . گۈللەر ئېچىلدى ، شېكەر - شېرىن مېۋىلەر پىشتى . مەندىن باشقىغا ئانارگۈلنىڭ يوقلۇقى بىلىنمىدى ، ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى . ھايات ئەنە شۇنداق ئىكەن . مەندەك ، ئانارگۈلدەك بىرەرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىكەن . بارلىق مەۋجۇداتتىكى ياشاش ئۇمىدى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ، داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدىكەن .ئۇ بارلىق دەرد - ئەلەم ۋە خۇشاللىق - شادلىقنى كۆڭلىگە سىغدۇرۇپ ، داۋاملىق ئالغا مېڭىۋېرىدىكەن . ھايات دېگەن بۇ تولىمۇ چىرايلىق ، مېھرى-بان ھەمدە سۈرلۈك ، رەھىمسىز ئۇستاز ساڭا ھەممە - ھەممى-نى ، كۈلگەنگە كۈلۈپ قوشۇلۇشنى ، يىغلىغانغا يىغلاپ تۇرۇپ تەسەللى بېرىپ قويۇپ ، يەنىلا ئۆز ھەلەكچىلىكىڭدە بولۇشنى ئۆگىتىدىكەن . ئادەملەر خۇددى كيۇرى خانىم ئېيتقاندەك ، ھەر-بىر دەۋردە كۆڭۈللۈك ھەم مەنىلىك ياشىيالايدىكەن .

مەن بىرەر خالىي جاي تېپىپ ئاز - تولا ئارام ئالاي دېگەن خىيالدا بۇ باغچىغا كىرگەنىدىم . مەن كۆڭلۈمدە ئويلىغاندەك خالىي جاينى تاپالمىدىم . بۇ يەردىمۇ ھايات ئۆز يولىنى داۋام قىلىۋاتاتتى . مەن كۆڭلۈمدە ئويلىغاندەك خالىي جاينى ئادەملەر ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى : بەزىلەر دەرەخ ئاستىدىكى سايىدە ، يېشىل چىمەنلەر ئۈس-تىدە بەخىرامان ئۇخلاپ ، شاھلىق ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى ؛ بەزى-لەر ئۈچ - تۆتتىن بولۇپ ، قىزىق - قىزىق لەتىپە ، يۇمۇر ئېيتىشىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ، ھاراق ئىچىشىپ ، شاھ مەش-رەپ شەرىپىگە قەسىدىلەر ئوقۇشۇۋاتاتتى ؛ بەزىلەر داستىخان سې-لىپ ، بىرنەچچە گىردىنى ئۇششاق ئۇشتۇپ قويۇپ ، پىيالىلەرگە چاينى خۇددى ئەتىۋارلىق زەمزەم سۈيىدەك بىر ئوتلامدىنلا قۇيۇ-

شۇپ، بوش ئاۋازدا پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى؛ بەزىلەر خېلى چوڭ سورۇن تەييارلاپ، ناخشا - ئۇسسۇل قىلىشىۋاتاتتى؛ ناگان - ناگاندا گۈللەر تۈۋىدە، بۈككىدە مەجنۇنتاللار ئاستىدا مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

مەن ئاخىر بۈككىدە چىنار تۈۋىگە ئورنىتىلغان ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ يەر باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆڭلۈمدىكىدەك بولمىسىمۇ، بىرئاز خالىي ئىدى. ئالدى تەرىپىمدىكى گۈللۈكتە رەڭدار گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قىزىل، ئاق، سارغۇچ ئەتىرگۈللەر، سەبدە گۈللەر، ياڭيۇگۈللەر رەتلىك تىكىلگەن بولۇپ، چىرايلىق گۈلچەمبىرەككە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تارغىنا يولدىن خېلى يىراقتىنلا كېلىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ماڭا خېلىلا يېقىن جايدا ئۈچ يىگىت ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار قوغۇن - تاۋۇز، تونۇر كاۋىپى، توخۇ گۆشى قاتارلىقلارنى ئالدىغا يېيىلغان گېزىت ئۈستىگە تىزغان ھالدا گەپنى ئاز قىلىپ، ئالدىرىماي ھاراق ئىچىۋاتاتتى، يېنىدا دۇتار بار ئىدى.

مەن ئۆتكەن كۈنلەر— ئانارگۈل بىلەن بىللە ياشىغان چاغلارنى ئەسلەش بىلەن بەند ئىدىم. كىشىلەر «كۆنگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ؟»دېسە، «كۆنگەن يامان» دېيىشىدىكەن. مەنمۇ ئانارگۈلگە ئەنە شۇنداق «كۆنۈپ» قالغانىدىم. بىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسكەچكە، «كۆنۈپ قېلىش» داۋامىدا بارا - بارا «كۆيۈش»، ئاخىرىدا «سۆيۈش» شەكىللەنگەن، بۇ ئۈچى بىرلىشىپ، ھېچقانداق كۈچنىڭ بۇزۇپ تاشلاشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان مۇھەببەت قورغانى پەيدا بولغانىدى. مانا شۇ قورغان بۇزۇپ تاشلاندى، ئۇنى ئۆلۈم بۇزۇۋەتتى. شۇڭا مېنىڭ بۇ «كۆنۈش» ۋە «كۆيۈش»تىن قالغان دەرد - پىراقتا چىدىمىقىم ناھايىتى تەسكە چۈشتى. ئۆلۈپلا قۇتۇلاي دەپ ئويلىدىم، بىراق ئەزرائىل مېنىڭ جېنىمنى ئېلىشقا كەلمىدى. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

www.uyghurkitap.com

قولۇمدىن كەلمەيتتى . مېنىڭ قان ـ قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن قارىشىمدا ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يىگىتلىك ئەمەس ئىدى . مەن ھېچبولمىغاندا ئانارگۈلنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم كېرەك ئىدى . ئادەم ئۈچۈن ياشاش بىلەن ئۆلۈش ئوتتۇرىسىدا قېلىشتىن ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك . چىن يۈرەكتىن سۆيگەن ئادىمىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش سېنى ئۆلۈشكە قىستايدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ «ئامرىقىم ، مېنى ئۇنتۇما ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم ساڭا قالدى ، ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ، مەن ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىككى كىشىلىك ئىشلە !» دېگەن ئۈمىدى سېنى ياشاشقا ئۈندەيدۇ . ياشاشمۇ ، ئۆلۈشمۇ ئاشۇ سەن ئايرىلىپ قالغان مەشۇقۇڭ ئۈچۈن . قانداق قىلىشىڭ كېرەك ؟ ئەلۋەتتە ، ھەممە دەرد ـ ئەلەمگە چىداپ ياشىشىڭ كېرەك . چۈنكى ساڭا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى ئاشۇ جېنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان مەشۇقۇڭنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتى ، ساداقىتى ، ئارزۇ ـ ئۈمىدى . سەن ئۇنىڭ جىسمىدىن ، جىسمانىي ھۇزۇرىدىن ئايرىلغان بىلەن ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ، ساداقىتىدىن ، ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن ئايرىلغىنىڭ يوق . سەن مۇشۇلاردىنمۇ ئايرىلىپ ، جىسمانىي لەززەت بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئاشۇ مەشۇقۇڭ ئۈچۈن ئۆلسەڭ ، سەن ھەقىقىي يىگىت ئەمەسسەن . رومىن روللان ئېيتقاندەك ، بەزىلەرنىڭ ھاياتى تىپتىنچ كۆلگە ، بەزىلەرنىڭ ئاق بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرگەن چەكسىز ئاسمانغا ، بەزىلەرنىڭ مۇنبەت تۈزلەڭلىككە ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك تاغ چوققىسىغا ئوخشايدۇ ، ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتى ، ھايات تارىخى ، ھايات سەپىرىدە قالدۇرغان ئىزى ئوخشاش بولمايدۇ . ھايات خەنجىرى كۆكسىگە تەڭلەنگەندە ئۇنىڭغا تىك قارىيالىغان ، ھايات دەررىسى بېشىغا تەگكەندە مىشچان قىزدەك ۋايساپ كەتمىگەن ، ھايات لەئىلەرەڭ شېرىن مەي تولغان جامنى تەڭلىگەندە ئىچەر ـ ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالمىغان ، ھايات گۈزەل پەرى سىياقىدىكى شەيتاننى ئال-

دىغا ئەۋەتكەن ، ئۇ شەيتان نازۇ كەرەشمە قىلغاندا سىمابتەك ئېرىپ كەتمىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئىنسان بولالايدۇ . ھەممىلا ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىشلارنى قىلالىشى ناتايىن . ئەمما ھاياتلىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش . چۈنكى مۇشۇ ئىشمۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . شۇڭا مەن ئانارگۈلۈمنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدى ئۈچۈن بىر يىلدىن بۇيان ھايات سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ياشاپ كەلدىم ، ۋىجدانىم ئالدىدا يۈزۈم قىزارمىدى...

ماڭا يېقىنلا يەردە ئولتۇرغان يىگىتلەر ئەمدى سەل قىزىشقا باشلىدى .

— ئاداش ،— دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇرۇتلۇق يىگىت ،— ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى شامدەك ئېرىتىۋېتىدىغان ناخشاڭغا چالە ، ھە ، ھە ، ھېلىقى «سەن كەتتىڭ...» دەپ باشلىنىدىغانغا .

بادامدوپپىلىق ، قارا كۆز ، قاپقارا قاشلىق يىگىت دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلاپ ناخشا باشلىدى :

سەن كەتتىڭ ئامرىقىم بەكمۇ يىراققا
ئاھ ، مېنى جۇدالىق دەشتىگە تاشلاپ .
ئۆرتەندىم پىراقتا قىلدەك تولغىنىپ ،
يۈرىمەن مۇڭلىنىپ ، دەردتە كۆز ياشلاپ .

يىگىتنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى . ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى .

ناۋادا بىر كۈنى بارسام يېنىڭغا ،
ئويناقلاپ چىقامسەن مېنىڭ ئالدىمغا ؟

گاھ سۆيۈپ ،
قۇچاقلاپ ،
لېۋىمنى چىشلەپ ،
بېلىقتەك چۆمەمسەن ئىللىق باغرىمغا ؟

دۇتارچى يىگىت بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى .
— يىغلىۋال ، ئاداش ،— دېدى بۇرۇتلۇق يىگىت ،— يىغا
ئادەم كۆڭلىدىكى دەردلەرنى يۇيۇپ ، ئۆزى بىلەن بىللە سىرتقا
ئېقىتىپ چىقىدۇ ـ دە ، يەڭگىللەپ قالىسەن .
مېنىڭمۇ كۆڭلۇم بۇزۇلۇپ ، كۆزۈمگە ياش كەلدى . ئۆلۈم
ياش ـ قېرى دەپ ئايرىمايدىكەن ، ياخشى ـ يامان دەپمۇ يۇرمەيدى-
كەن . بەزىلەر : «تۇغۇلۇش ئۆلۈشنىڭ باشلىنىشى» دەيدۇ . شۇن-
داق بولسا كېرەك ، بەزىلەر دۇنياغا تۆرىلىپ «ئىڭه»لىمەي تۇ-
رۇپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ . بەزىلەر نەچچە ئون يىل ياشايدۇ ، بىراق
ئۇلارنىڭ ئۆلۈكتىن ھېچقانداق پەرقى يوق ، ئىچىدۇ ، يەيدۇ ،
ئەمما باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇكى ، تېرىقنىڭ پىن-
نىسچىلىك پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ . ئۇلاردا غايە ، ئارزۇ ،
سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، مېھىر ـ شەپقەت دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر
يوق . دېمەك ، مۇنداقلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆلگەنگە تەڭ . ۋەھالەن-
كى ،ئەنە ئاۋۇ دۇتارچى يىگىت ۋە مەندەكلەرنىڭ قەلبى سۆيگۈ-
مۇھەببەت ، مېھىر ـ شەپقەت ، ۋاپا ، دىيانەت بىلەن تولغان ،
مەشۇقلىرىمىز ۋاقىتسىزلا ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان ،
بىز بولساق مۇھەببەت ، كۆلكىلەردىن ئايرىلىپ ، قايغۇ ـ
ھەسرەتكە چۆككەن . بۇ تەقدىرمۇ ؟ ھاياتنىڭ بىمەنە چاقچىقىمۇ ؟
ھايات چىن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزمەم-
دۇ ؟ بەزىدە ئادەمنىڭ «راست ، شۇنداق» دېگۈسى كېلىدۇ . چۈن-
كى تارىختا ئۆتكەن پەرھاد ـ شېرىن ، لەيلى ـ مەجنۇن ،
تاھىر ـ زۆھرە ، رابىيە ـ سەئىدىنلەرنىڭ قايسىبىرى ۋىسالغا ،

مۇرادقا يەتكەن؟...

بىردىنلا دىققىتىم يولغا، ياق، تارغىنا يولدىن بىر - بىرىگە سىغدىشىپ، قول تۇتۇشۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ قىزغا بۇرالدى. ئۈچ قىز ئوخشاشلا كىيىنگەنىدى: ئۇچىسىدا خانئەتلەستىن تىكىلگەن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك، بېشىدا يېشىل خاڭدەنگە قىزىل ئەتىرگۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن دوپپا، پۇتىدا ئاق پايپاق ۋە ئەترەڭ باسنوشكا بار ئىدى.

ئۇلار ماڭا يېقىنلا جايغا— ئازغىنە سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ، بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرۇشقانلار تىزىپ قويغان خىشلار ئۈستىگە قولياغلىقلىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ مەسۇم چىرايىدا، كېيىكنىڭكىدەك شوخ كۆزلىرىدە بىر خىل ھاياجان بار ئىدى. شۇ ھاياجان تۈپەيلىدىنمۇ ياكى ئىيۇل قۇياشىنىڭ قىزدۇرۇشى سەۋەبىدىنمۇ، مەڭزلىرى كەچ كۈزدە قىزىرىپ پىشقان ئانارىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، قۇندۇزدەك قاپقارا قاشلىرى ئوتتۇرىسىدا، چىرايلىق بادامدەك بۇرنىنىڭ ئۈستىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەر تامچىسى پارقىرايتتى.

بۇ ئۈچ قىز ئوخشاشلا چىرايلىق ئىدى. ئاللا ئۇلارغا گۈزەللىك ئاتا قىلغاندا زادىلا بېخىللىق قىلمىغان، ئۇلاردىن گۈزەللىك جەھەتتە قىلچە نۇقسان تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاڭ سەھەردە يېڭىلا پورەك بولغان قىزىل ئەتىرگۈلگە، كۆزنى ئوتقاشتەك چاقنىتىپ، يۈرەكلەرنى ئوينىتىدىغان ئانار چېچەكىگە ئوخشايتتى.

مەن ئۇلارغا خۇددى ئوماق سىڭىللىرىمغا زوقلانغاندەك ھەۋەستە قارىدىم. شۇ چاغدا يادىمغا شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كەلدى:

نەۋائىي مەدھىيىلەپ ئۆتكەن شەرقنىڭ
قىزى ئۇ—
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە داڭلىق.

زېمىن ئۈستىدىكى جەننەت پەرىسى،
ھۆسنىمۇ، كۆڭلىمۇ ئوخشاش چىرايلىق.*

ئاھ، ياشلىق! نەقەدەر غۇبارسىز ۋە نەقەدەر گۈزەلسەن! سېنىڭ غۇبارسىزلىقىڭ ۋە گۈزەللىكىڭ مانا شۇ قىزلاردا تولۇق نامايان. ئۇلار ياشلىق گۈلىستانىغا— ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك نەۋباھارىغا يېڭىلا قەدەم قويغان. ئۇلارنىڭ گىرىم - پەردازسىز چىرايىدا ياشلىق باھارىنىڭ ئالتۇن قۇياشى جىلۋىلىنىدۇ، غۇبارسىز كۆڭۈللىرىدە كەچ كۈزنىڭ شەبنىمىدەك تازا ئارزۇ - ئىستەكلەر مەۋج ئۇرىدۇ. سېنى ئەزەلدىن شائىرلار پەسىللەر ئەركىسى كۆكلەم - باھارغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەپ كەلگەن. سەن ھەقىقەتەنمۇ باھاردەك جۇشقۇن، ئوماق ۋە جاسارەتلىك...

— ئۇھ... يەلكىمىزدىكى ئېغىر تاغنى ئۆلاتتۇق، مانا ھازىر ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنى تۈگەتتۇق،— دېدى كۆزى خوتەن ئاھۇسىنىڭ كۆزىدەك شوخ، كۆلگۈنچەك قىز،— ئەمدى بىزنى ھاياتنىڭ قانداق قىسمەتلىرى كۈتۈۋاتىدىكىن؟

— پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى باردۇر،— دېدى كۆزى تىنىق بۇلاقتەك قىزمۇ ئۇھ تارتىپ،— مېنىڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ دوختۇر بولغۇم بار ئىدى. بىراق شۇ مۇتەئەسسىپ ئانام «بولدى، مۇشۇنچىلىك ئوقۇغىنىڭمۇ يېتەر، رەسىدە بولۇپ قالدىڭ. ھېلىھەم قولۇم - قوشنا خوتۇنلار كۇسۇلدىشىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ. يەنە ئوقۇيمەن دەپ قېرى قىز بولۇپ قالساڭ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىگۈدەكمەن...» دەپ كوتۇلداپلا تۇرۇۋاتىدۇ.

* رەخىم قاسىمنىڭ «چولپان» ناملىق داستانىدىن ئېلىندى.

— ئۇنداق ئۈمىدسىز بولما ، گۈلناز ،— دېدى پۈتۈن ۋۇجۇ-
دىدىن بىر خىل تەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان ، ئاستى لېۋى
بىلەن ئېڭىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئاق قوناقچىلىك قارا خالى خويما
ياراشقان قىز .
— ھەي··· ئاداش ، ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەن-
گەن ئادەت ، خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىگىمۇ سەل قارىغىلى بولماي-
دۇ . «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن-
دەك ، بىز ئولتۇرۇشلۇق ئاشۇ كوچىغا ھۇنەرۋەن - كاسىپ-
لار يىغىلغان ، ئەرلەر ئەتىگەندە دۇكانلىرىغا چىقىپ كەتسە ،
قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۆيگە قايتىدۇ . ئۇلارنىڭ بىكارچى خوتۇنلى-
رى بولسا كۈن بويى دېگۈدەك ئۇ يەر - بۇ يەرگە غۇژمەك
بولۇشۇۋېلىپ غەيۋەت قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاغزى-
دىن چىقىدىغان گەپلەر شۇنداق سېسىقكى ، ئەيىۇھاناس ، ئۇلار-
نى ئاڭلىغاندىن ، ئادەمنىڭ بىرەر ئوچۇق گۆر بولسا كىرىۋالغۇسى
كېلىدۇ ،— دېدى گۈلناز غەزەپ ۋە مەيۈسلۈك بىلەن ،— مۇنداق
سېسىق گەپلەر ، ئومۇمەن ، قىزلار ھەققىدە بولىدۇ . قىزلار ئون
تۆت - ئون بەش ياشلارغا كىرمەيلا غەيۋەتلەرنىڭ ھۇجۇم
نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ ، ئۇلار ئانچە - مۇنچە تالا - تۈزگە چىقتى-
مۇ ، بولدى ، «جىگدە چېچكى پۇراپ قاپتۇيەي··· » ، دېگەندەك
گەپلەر ھەرقاچان ئانا بولغۇچىنىڭ قۇلىقىنى يەپ تۇرىدۇ . مۇشۇ
چاغقىچە ئانامنىڭ ، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىممۇ ئاز ئەمەس . شۇڭا
يەنە بەش - ئالتە يىل ئوقۇيمەن دېسەم ، ئاتا - ئانام ماقۇل
بولماسلىقى مۇمكىن .
— بولدى ، بولدى ، — دېدى تۇنجى رەت ئېغىز ئاچقان
قىز ،— ئەمدى ئۇھ دېگەندە يەنە مۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى
قىلمىساڭلارچۇ . قالدىسىنى كېيىنچە كۆرەرمىز ، بۈگۈن كۆڭۈل-
نى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلايلى . ماڭە ، ئاداش گۈلنار ،
ئاۋۇ مۇز كالتەكچىدىن بىرنەچچە سۈتلۈك مۇز كالتەك ئەكېلە ،

www.uyghurkitap.com

ئەجەبمۇ قىزىدىغۇ بۇ جاھان .

گۈلنار مۇز كالتەك ئەكەلدى . قىزلار ھۇزۇر بىلەن مۇز كالتەك يېيىشكە باشلىدى . ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان بۇ تومۇچۇق-لار ھاياتقا — جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ۋە قاينام - دولقۇنلۇق يېڭى ئالەم بوسۇغىسىغا قەدەم ئېلىش ئالدىدا ، ئۆز تەقدىرلىرى ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى .

— ئۆزۈڭچۇ ، مۇقەددەس ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن ؟— دەپ سورىدى گۈلناز .

مۇقەددەس ئاۋۋال كۆزىنى يۇمدى ، بىر پەستىن كېيىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ، كۆز قارىچۇقىنى خىلمۇخىل شەكىلدە ئويناتتى ، ئاندىن :

— مېنىڭ خىسلەتلىك ، ئۇچالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ ، پۈتۈن ئالەمنى ئايلانغۇم بار ،— دېدى ۋە بۇلبۇلگويادەك قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ،— ھەي… ئىمتىھان تۈگىدى ، ئەتىدىن باشلاپ ئارزۇ جەدۋىلىنى تولدۇرىدىغان گەپ . ئارزۇيۇمنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمى-دەپ يېزىشنى بىلەلمەي بېشىم قېتىۋاتىدۇ . ئارزۇ دېگەن بەربىر ئارزۇ ، ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىم ، ئالىي مەكتەپنىڭ بىرەرىگە قوبۇل قىلىنالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل . شۇڭا بىرىنچى دەرىجىلىك ئارزۇيۇمنىڭ نېمىلىكىنى بېكىتىشىم كې-رەك . نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانمۇ ئويلاندىم . ئۆزۈم بىر خىيالپە-رەس ، شائىر ، يازغۇچى دېگەنمۇ خىيالپەرەس ، ئۇلار ئادەم ئويلى-مىغان نەرسىلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ ، ئادەم كۆڭلىدە باردەك ، دې-مەكچى بولۇۋاتقاندەك ، ئەمما دەي دېسە تاپالمايۋاتقان گەپلەرنى يازىدۇ . شۇڭا ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ ، كەلگۈسىدە شائىر بولالايمىكىن دەيمەن ، قانداق ؟

— بوشاشماي تىرىشىدىغانلا بولساڭ ، يارامىلىق شائىرە بولا-لايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن ،— دېدى گۈلناز ،— خاتىرەڭدىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا چىقىۋاتقان

ئوچۇق - ئاشكارىلا «كۆيدۇم، سۆيدۇم...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تولغان شېئىرلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى. مېنىڭچە، سىز- نىڭ ئارزۇيۇڭ ياخشى تاللانغان ئارزۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز جىس- مانىي جەھەتتىكى داۋالىنىشقا قارىغاندا، لۇشۇن، زۇنۇن قادى- رى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، زوردۇن سابىر- لاردەك مەنىۋى ئۇستازلارنىڭ روھىي جەھەتتىن كۆپرەك داۋالى- شىغا موھتاج.

— سۆزۈڭ بەرھەق، گۈلناز،— دېدى گۈلنار بىر خىل ھاياجان بىلەن،— مۇقەددەستە بار تالانت مەندە يوق. ناۋادا مەندىمۇ شۇنداق تالانت بولغان بولسا، مەنمۇ مۇقەددەسنىڭ ئىزىدىن ماڭ- غان بولاتتىم. ئاللا سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزگىسى، مۇقەددەس.

— ئۆزۈڭچۇ، گۈلنار، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟— دېدى مۇقەددەس شوخلۇق بىلەن گۈلنارنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ،— گۈلنازدەك بۇرۇنراق ياتلىق بولۇپ، ئۆي خوتۇنى بولاي دەۋاتامدىغانسەن؟

قىزلار زوق - شوخ بىلەن كۈلۈشتى.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، مۇقەددەس،— دېدى گۈلناز بىر ئاز باتنىغاندەك قىلىپ،— مېنىڭ ياتلىق بولغۇم كېلىپ كەتكىنى يوق، مانا مۇشۇنداق ئازادە، ئىمكان تولۇق ئاي - كۈنلەردە كىمنىڭمۇ ئوقۇماي، كەڭتاشا يايرىماي تار ئۆيگە— قەپەسكە كىرىۋالغۇسى بار؟! مەن پەقەت رېئاللىقنى دەۋاتىمەن. ناۋادا بىچارە ئاتا - ئانام «ئوقۇمايسەن» دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈم يوق. مەن ئۇلارنىڭ يالغۇز بالىسى، ئۆزۈمنى قۇربان قىلسامىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاي دەيمەن.

— ۋاي تاۋۇي نازۇكەي، «كېۋەزلىككە چالما ئاتسام، زىغىر- لىققا تو كەتتى» دېگەندەك، مەن چاقچاقنى گۈلنارغا قىلسام، سەن نېمانداق تۇخۇمى يوقالغان مېكىياندەك كاكىلداپ كېتى-

سەن ؟— دېدى مۇقەددەس ، — شۇ تاپتىلا خورازدىن بىرى بولسا بوپتىكەن ساڭا !

قىزلار يەنە زوق - شوخ بىلەن كۈلۈشتى .

— كىم بىلىدۇ ، خورازنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزۈڭ تېپىۋا-لامسەن تېخى...

— بولدى ، بولدى ، — دېدى گۈلنار ،— نومۇس قىلمايدىغان شەيتانلار ، خەق ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ ؟

گۈلنار مەن تەرەپكە قارىدى ، قارىدىيۇ ، خىجىل بولغانلىق-تىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ، دەرھاللا كۆزىنى ئەپقېچىپ ، يەرگە قارىۋالدى . بىرئازدىن كېيىن ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان مۇقەددەس بىلەن گۈلنازنى ئۆزىگە تارتىپ ، ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى . شۇئان قىزلار مەن تەرەپكە تەڭلا قارىدى . مەن بەك ئوڭايسىزلاندىم . ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغان بىپەرۋا قىياپەتتە ، ئالدى تەرىپىمدىكى گۈللەرگە قارىۋالدىم .

— ئۆزلىرى يازغۇچى ئۇمىدجان مۇھەممىدى بولامدىلا ؟

يېنىمغا قارىدىم . ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلگەنىدى . بۇ سوئالنى مەندىن ھەممىنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان مۇقەددەس سورا-ۋاتاتتى .

— شۇنداق ، ئۇمىدجان مۇھەممىدى بولىمەن . ئەمما يازغۇ-چى ئەمەس ، پەقەت ئاددىي ئەدەبىيات ھەۋەسكارىمەن ،— دېدىم مەن .

— كەمتەرلىك — تولىمۇ ياخشى پەزىلەت . بىراق ئۇ چەك-تىن ئېشىپ كەتسە ھاكاۋۇرلۇققا ئوخشاپ قالىدۇ .

— بۇمۇ ماڭا ئايان ، ئەمما ، سىڭىللىرىم ، يازغۇچى دېگەن ناھايىتى ئۇلۇغ نام ، ئۇ ھەتتا بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنلەرگىلا بېرىلىدۇ . قېنى ئولتۇرۇڭلار ،— دېدىم مەن ئۇلارنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ .

ئورۇندۇقتا پەقەت سىغدالغاندىلا ئىككى ئادەم ئولتۇرغىلى

بولاتتى . ئۇلار ئۇنىمىغىنىمىغا قويماي ، مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇر-
غۇزدى . تەكەللۇپلاردىن كېيىن «بوپتىلا ، ھەممىڭلار تارتىنساڭ-
لار ، ئۇستاز يېنىدا مەن ئولتۇراي» دەپ ، يېنىمدا مۇقەددەس
ئولتۇردى ، گۈلنار بىلەن گۈلناز گۈللۈكنىڭ سېمونتلانغان قى-
رىدا ئولتۇردى .

— سىلەر مېنى قانداق تونۇۋالدىڭلار ؟— دېدىم مەن گەپنى
نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي .

— ئۆزلىرىنى ياشلارنىڭ تونۇمايدىغىنى بولمىسا كېرەك ،—
دېدى مۇقەددەس ،— ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئەسەرلىرى بار . مۇ-
ئەللىم دەرس ئۆتكەندە تەرجىمىھاللىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ، بىز-
گە سۈرەتلىرىنىمۇ كۆرسەتكەن . «بالىلىقنى ئېپچۇالدىم ئانا سەھ-
رادىن» ، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە ياشلىق
سۆيگۈسى تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان
ئەسەرلەر . بىز ئۇچىمىزنى ئۆزلىرىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى
ۋەكىللىرىدىن دېسەك بولىدۇ .

— شۇنچىلىك ئىشەنچ قىلغىنىڭلار ، ھۆرمەتلىگىنىڭلار ئۇ-
چۈن رەھمەت ، سىڭىللىرىم ،— دېدىم مەن بىر خىل خىجىللىق
ئىلكىدە ،— ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئەسەرلىرىنى
ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇغانلىقىدىن ئارتۇق مۇكاپات يوق .
بىراق تەجرىبىسىزلىكىم ، ئىقتىدارىمنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن
خەلقىمگە يارىغۇدەك كۆپرەك ئەسەر يازالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇس-
لىنىمەن .

— كۆڭۈللىرىنىڭ بىئاراملىقى تۈگىسە ، بەلكىم تېخىمۇ ياخ-
شى ئەسەرلەرنى يازارلا...

مەن يالت قىلىپ گۈلنازغا قارىدىم .

— گۈلناز ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ گەپنى قىلىشنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى بارمىدى ؟— دېدى گۈلنار گۈلنازغا ئاچچىقلانغاندەك .

— ئۇستاز ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا . بىزنىڭ ئۆزلىرىگە

www.uyghurkitap.com

كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خەۋىرىمىز بار ،— دېدى مۇقەددەس ،— تېخى تۈنۈگۈن ئاخشام ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز بىزگە ئايالىرىنىڭ يىل نەزىرسىنى قىلغانلىقلىرىنىمۇ دەپ بەرگەن ، بىز ھەممىمىز قايغۇرغان ، مۇمكىن بولغاندا كۆڭۈل قويۇپ تەسەللى بېرىشنى ئويلاشقاندۇق ، ياتاقتا خېلى كېچىگىچە ئۆزلىرى ھەققىدە پاراڭلاشقاندۇق . بىراق مۇنداق تېز ۋە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى راستتىنلا ئويلىمىغاندۇق . بىزنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىغا تۇز چېچىش نىيىتىمىز يوق . گۈلنارنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈز .

— ھېچقىسى يوق ، سىڭىللىرىم ، ھاياتتا نېمىلەر بولمايدۇ ؟ ھاياتتا پەقەت تاماشىبىن بولمايدۇ . بىز ھەممىمىز ھايات سەھنىسىدىكى ئارتىس— ئويۇن كۆرسەتكۈچى . ھايات گۈزەل ، ئۇ گۈزەللىكتە ئىللىق باغرىنى كەڭ ئېچىپ تۇرغان مېھرىبان پەرىشتىگە ئوخشايدۇ ؛ شۇنداقلا ھايات رەھىمسىز ، ئۇ رەھىمسىزلىكتە سېنى يۇتۇۋېلىشقا تەييار تۇرغان قاينامغا ، ئەپلىك قۇرۇلغان باسماققا ئوخشايدۇ . شۇڭا ئىنسان شادلىققىمۇ ، كۆڭۈلسىزلىككىمۇ بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك ،— دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكى مۇڭنى بىلىندۈرمەسلىك ، ھايات يولىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان سەبىي قىزلارنى مەيۈسلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ،— سىلەرنى گۈزەل ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرىدۇ . توغرا ، كۈن بەزىدە تۇتۇق ، بەزىدە ئوچۇق ، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ ، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ ؛ ھاياتتا بەخت ـ سائادەتمۇ ، ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ بولىدۇ ، ھاياتلىق يولىدا گۈل ـ گۈلىستانمۇ ، تىكەن ـ چاتقاللىقمۇ بولىدۇ . لېكىن غايىلىك ، ئىرادىلىك ئادەملەر ھامان ھاياتتىن گۈزەللىك ، ئىلھام ، بەخت تاپالايدۇ .

— مانا بۇ كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى ، رەھمەت ، ئۇستاز ،— دېدى گۈلنار تارتىنچاقلىق بىلەن ۋە ماڭا يالت قىلىپ بىر قاراپ قويدى ،— مەندىغۇ ئۇلۇغ غايە يوق ، پەقەت ئىمكانىيەت بولسا

ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ ، كەلگۈسىدە يىراق ـ چەت يېزىلارنىڭ بىرىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغۇم بار . بىز ئۈچۈن ھەممىلا پەن ناھايىتى مۇھىم ، زامانىۋى مىللەت بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن زامانىۋى پەن ـ بىلىمنى تولۇق ئىگىلىمەي بولمايدۇ . بىراق ، مېنىڭ قارىشىمچە ، ھەممىدىن بۇرۇن ئادەمگە «ئۆزى» نى تونۇتۇش كېرەك . ئادەم «ئۆزى»نى تونۇغاندىلا ، ئاندىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە غايە تۇرغۇزۇپ ، غايىگە يېتىش ئۈچۈن قەيسەرانە كۈرەش قىلالايدۇ .

— باركاللا ، سىڭلىم ،— دېدىم مەن ،— مېنىڭ قارىشىمچە ، بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، غايە دېگەن «ئۇلۇغ» ياكى «كىچىك» دەپ ئايرىلمايدۇ ، سىزنىڭ ئاشۇ ئارزۇيىڭىز ھەممىدىن ئۇلۇغ . توغرا ئويلاپسىز ، ئادەم ئالدى بىلەن «ئۆزى»نى تونۇشى كېرەك . لېكىن بۇ ئاسان ئىش ئەمەس . بۇ يولدا سىزدەك مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ئادەم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى زۆرۈر . مانا ، سىلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىمۇ تۈگىتىپسىلەر . ئالدىڭلاردا جەننەت دەرۋازىسى تۇرۇپتۇ ، ئۇنى ئېچىش ئۆزۈڭلارغا باغلىق .

— دېمەك ، سىلى بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قىلىشقان ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپلا ـ دە ؟— سورىدى مۇقەددەس .

— ياق ، ھەممىسىنى ئاڭلىمىدىم ،— دېدىم مەن مۇقەددەسنىڭ سوئالىدىكى مەقسەتنى چۈشىنىپ ،— دەسلەپتە ھاياجان بىلەن چىڭراق قىلىشقان سۆزۈڭلارنىلا ئاڭلىدىم .

قىزلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى .

— بىز تېخى چاقچاقلىرىمىزنىمۇ ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ بەك خىجىل بولىۋېدۇق .

— چاقچاقنىڭ نېمە يامىنى بار ؟— دېدىم مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ، — كۈلكە ـ چاقچاق دېگەن جاننىڭ ئوزۇقى . بىز ئۇيغۇرلار كۈلكە ـ چاقچاق ، ناخشى-

www.uyghurkitap.com

دىن ئايرىلالمايمىز ، ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ مەززىسى بولمايدۇ. لېكىن ، كۆلكە ـ چاقچاق بىلەنلا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ . ۋاقىت خۇددى ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ . ئىجتىھاتتىن ئىبارەت قىزىل يىپ بىلەن بۇ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى بىر ـ بىرىگە چاتقاندىلا ، ئاندىن ئۇ نۇر چېچىپ ـ جۇلالاپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئايلىنالايدۇ . ۋاقىت ، بولۇپمۇ ياشلىقنىڭ ھەربىر دەقىقىسى تولىمۇ قىممەتلىك . ئۇ قولدىن كەتسە ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .

سەل يىراقتىن دۇتارغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاڭلاندى :

ئەجرىدىن تاغلار ئارا ئالماسۇ ، زەر تاپقاي كىشى ،
چوڭ ئېقىن ـ قاينام ئارا نۇرلۇق گۆھەر تاپقاي كىشى .
ئەجىرسىز ياپماس بېدىشنى تال ـ ئۈزۈم مونچاقلىرى ،
تۆكسە تەر چۆللەرگە ، يانتاقتىن شېكەر تاپقاي كىشى .
كەزسە پەرھادتەك كۆيۈپ ئاتەشتە ھىجران دەشتىنى ،
جان كۆيەر شېرىن سۈپەت ماھى ـ قەمەر تاپقاي كىشى .
ئىجتىھات قىلسا قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش يىگنىدە ،
نۇر ـ جۇلاسى مەڭگۈ ئۆچمەس پەن ـ ھۈنەر تاپقاي كىشى .
مەرىپەت ـ پەن جەۋھىرىدۇر ئادەمىزات ئەقلىنىڭ
ئۇ بىلەن نۇرانە يول ، ئىقبال ، زەپەر تاپقاي كىشى .*

قىزلار بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتىم . بىللە سۈرەتكە چۈشتۇم . ئاخىر كۈن تاغ كەينىگە ئۆتۈپ ، غەربىي ئۇپۇقنى شەپەق ، باغچە ئىچىنى بولسا قىزىللىق قاپلىدى . قىزلار مەن بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى .

— بۈگۈنكى كۆرۈشۈشتىن ئىنتايىن خۇشالمىز ۋە خىجىلمىز ،— دېدى گۈلنار ،— ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق . ئاللا

* بۇ شېئىر شائىر مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «ۋىسال سەھەرى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى .

يەنە ئۈچرىششقا نىسىپ قىلسا ، قىممەتلىك ۋاقىت ۋە مۇبارەك سۆزلىرىنى بىزدىن ئايىمىغايلا .

— قولۇم كۆكسۇمدە ، سىڭىللىرىم ، سىلەر بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا پىكىرلىشىشكە تەييارمەن ،— دېدىم .

# بىرىنچى قىسىم

# ئاداشقان تۇمۇچۇق

uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

بىز ئىنسان — تۇرمۇشتا نادان بىر بالا ،
ئالدىنىپ ھەم ئالداپ ياشايمىز پەقەت .
بەزىدە چىرايلىق قەپەس بىزلەرگە
تۇيۇلار كۆڭۈلدە كۇتكەن ھۆر جەننەت .
شۇ قەپەس مېھرىدىن قۇتۇلماق قىيىن
ئادەمنىڭ ئەقلىگە نەپسى مىنگەندە .
قۇتۇلار قەپەستىن جەسۇر ئادەملەر
ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلىپ يەتكەندە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# *1*

مەن ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچقاندا، بېشىم بىر قىزنىڭ يوتىسىدا ئىدى. قىز ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ قانداق جاي؟ مەن قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ، قىزنىڭ يوتىسىغا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدىم؟ بۇ قىز كىم؟

كىچىككىنە خانىنىڭ ئىچى ھاراق بۇسى ۋە تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. مەن غۇۋا چىراغ يورۇقىدا قىزغا قارىدىم. بۇ قىز ماڭا تونۇشتەك، قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك تۇيۇلدى. بىراق بېشىم قېيىپ، لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغاچقا، نەدە كۆرگەنلىكىمنى زادىلا ئەسكە ئالالمىدىم. نەدىندۇر بوش مۇزىكا ئاۋازى، ئاياغلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا شىپىرلاشلىرى، ئىككى يان تەرەپتىن ئەر - ئاياللارنىڭ پىچىرلاشلىرى، قايسىدۇر بىرىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى، ئايال كىشىنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرى، كىملەرنىڭدۇر چاۋاك چېلىپ كۈلۈشلىرى، «قېنى، قېنى، يەنە بىرنى سۆيە!» دېيىشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۆزۈمنى خۇددى بىر خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئاستا - ئاستا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىر بۇرادىرىمنىڭ بەش - ئالتىمىزنى بۇ شەھەردىكى داڭلىق «مارجان بۇلاق» رېستورانىغا مېھمانغا چاقىرغانلىقى، ئۇ يەردە يەپ - ئىچىپ، مۇزىكا - ناخشا ئاڭلاپ تاماشا قىلغانلىقىمىز، كەچ كىرگەندە ئۈچ - تۆت بۇرادىرىمىزنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىمىز بار ئىدى، — دەپ كېتىپ قالغانلىقى، ئاخىرىدا تۆتىمىز قېلىپ ھاراق ئىچىپ يۇمۇر، لەتىپە سۆزلەشكەنلىكىمىز، مەن «ئەمدى ھالىمىزغا

ۋاي ، بولدى قىلايلى ، بولمىسا ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى تاپالماي تالادا قالمايلى » دېسەم ، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ مېنى مازاق قىلىپ «خوتۇنۇڭ يوق ئۆيگە نېمىگە ئالدىرايتتىڭ ؟ ياكى پۇتۇشۇپ قويـغان بىرەرى بارمىدى ؟ بولدى ، ئۇنۇت ئۇ پۇتۇشكەن قىزىڭنى ! ئۇنىڭ بىلەن ئەتە كۆرۈشەرسەن . قىز دېگەن تېپىلماسنىڭ خورـمىسى ئەمەس ، جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن . مۇشۇ زاماندا قىز دېگەن بىر موچەنگە ئون . بۈگۈن پۈخادىن چىققۇدەك ياشايمىز ، يۈرەك چىلاشقۇدەك ئىچىمىز... » دېگەنلىكى يادىمغا كەلدى . بىز يەنە ئىچىشتۇق . دەسلەپتە «ئەركەكنىڭ ئىچىدىغىنى مۇشۇ » دەپ ، «قەھرىمانلىق كارامىتى » ماركىلىق «ئىلى ئالاھىدە هارىقى »نى ئىچكەندۇق ، تۆت ـ بەشەيلەن كەتـكەندىن كېيىن ، «ناپولېئون »نى ئىچتۇق . راست گەپنى قىلـسام ، يىگىتلىك چاغلىرىمدا بىر ـ ئىككى بوتۇلكا هاراق دېگەننى چىرايىمنى تۈرمەي ، «چىرت » قىلىپ بىرنى تۈكۈرمەي ئىچىۋېـتەتتىم . بەزىلەر «هاراق بوتۇلكىدا جىم تۇرغان بىلەن ئاشقازانغا كىرسە جىم تۇرمايدۇ ، يا باشتىن ، يا پۇتتىن ئالىدۇ » دېسە ، زادىلا ئىشەنمەيتتىم . قىرلىق ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ، يەتتە ـ سەككىز ئىستاكان ئىچسەممۇ قۇمغا سىڭگەندەك سىڭىپ كېتەتـتى . مانا ئەمدى ئۇ ياشلىق چاغلار ئۆتۈپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئۈستىدـگە «خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن ، ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان » دېگەندەك ، شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى بويتاقلىقىم مېنى جىسمانىي جەھەتتىن خېلىلا خوراتقانىدى . شۇڭا هاراقنى بۇرۇنـقىدەك كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغانىدىم . بۈگۈن خىلمۇخىل هاـراقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىۋەرگەچكە ، ئاقىۋەت بېشىم پىرقىراشـقا ، ئاغرىشقا ، كۆڭلۈم ئاينىشقا باشلىدى . «ئادەم باشلىق ئات » تىنمۇ بىرى تۈگىگەن چاغدا ھەممەيلەن ئوبدانلا قىزىغان ، تەڭشەلـگەنىدى . مەن ئۇلارنىڭ «ئەمدى كېچىلىك بەزمىخانىغا بېرىپ ، راسا هۇزۇر سۈرەيلى » دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم...

— سىڭلىم ، بۇ ··· بىر ئىستاكان ··· قاي··· قايناق سۇ تاپ ··· تاپقىلى بولارمۇ ؟— دېدىم مەن .
قىز چىقىپ كەتتى . خېلىدىن كېيىن بىر ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ كىردى .
— مانا ، قايناق سۇ ، ئىچىۋالسىلا بىرئاز ياخشى بولۇپ قالىلا ،— دېدى قىز ۋە ئىستاكاننى قولۇمغا تۇتقۇزدى .
ئىستاكاندىكىسى خېلىلا سوۋۇغان قايناق سۇ ئىكەن ، مەن ئۇنى بىر كۆتۈرۈپلا گۇپپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتىم ، ئەمما پايدىسى بولغاندەك تۇيۇلمىدى . بۇگۈن خىلمۇخىل هاراقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكەنلىكىمدىنمىكىن ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ ، بېشىم قېيىپ تۇراتتى . مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم ، بىراق ئەمدىلا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا پۇتۇم دىرىلدەپ تىترەپ ، مەزمۇت دەسسەپ تۇرالماي ، يەنە ئورنۇمغا ئولتۇرۇپ قالدىم .
— سىڭلىم ، بۇ قەيەر ؟
— بۇ «ئالتۇن يۇلتۇز» كېچىلىك بەزمىخانىسى ، ئىككىمىزنىڭ تۇرغىنى ئۇنىڭ ئايرىم خانىسى .
— مېنى بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى ؟
— بىز كىرگەندە ، بۇ يەردە سىلىدىن باشقا ئۈچ يىگىت بار ئىكەن ، شۇلار باشلاپ كەلگەن بولسا كېرەك .
— بىز دېگىنىڭىز كىملەر ؟
— مېنىڭ مۇشۇ بەزمىخانىدا بىللە ئىشلەيدىغان قىز دوستلىرىم .
— ئۇلار قېنى ؟
— سىلى بىللە كەلگەن يىگىتلەر بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى .
— چىقىپ كەتتى ؟ نەگە كەتتى ؟
— بۇنى بىلمەيمەن ، يىگىتلەر باشلىغان يەرگە كەتكەندۇر .
— ئىككىمىز قانداقچە يالغۇز قالدۇق ؟
— بىز كىرىپ ، مەن يانلىرىغا ئولتۇرۇشۇم بىلەن تەڭلا ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلى مەن تەرەپكە قىيسىيىپ ، يوتامغا باشلىرىنى قويۇپ ئۇخلاپ
قالدىلا . مېنىڭ سىلىنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكۈم كەلمى-
دى . ھاراقنى جىقراق ئىچىپ قويغان ئوخشايلا . بۇنداق ئىش
پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ . بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مېھمانغا ياخشى
ھەمراھ بولۇپ ، ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش .
مەن سىلىدەك ياۋاش مېھمانغا ئامراق .

قىزنىڭ ئاۋازىنىمۇ بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلاتتىم . ئەمما
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى كاللام تېخىمۇ چىگىش بولۇپ
كەتتى . مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم . چىراي تونۇش ، نەدە كۆرگەندى-
مەن ؟ بۇرۇن مەن بىلەن ئالاقىلەشكەن بىرەر ئەدەبىيات ھەۋەسكا-
رىمىدۇر ؟ ئەدەبىياتقا دائىر يىغىنلاردا كۆرۈشكەن قىزمى-
دۇر ؟ ياكى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ قىزىمىدۇر ؟

لېكىن شۇ تاپتا بۇلارنى سورىغۇدەك ھالىم يوق ئىدى . بىر
تەرەپتىن ھاراقنىڭ ئازابى ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر خىل ئوڭاي-
سىزلىق مېنى قىينايتتى . نائىلاج :

— ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسا كېرەك ؟—
دېدىم .

— شۇنداق ،— دېدى قىزمۇ ئەسنەپ ،— سائەت بىردىن
ئاشتى .

— مەن مۇشۇ ھالىمدا ئۆزۈم يالغۇز ئۆيۈمگە قايتالمايدىغان-
دەك قىلىمەن .

— چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن . بۇ يەردە تۈنىگىلى بولمايدۇ .
دوستلىرىڭىزنىڭ بىرى كېتەر چېغىدا «ناۋادا بۇ دوستىمىزنىڭ
ھالى ياخشى بولماي قالسا ، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويۇڭ» دېگەنىدى ،— دېدى قىز تەڭقىسلىقتا قالغاندەك .

— ھالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، مالاللىق يەتمىسە ، خالىسى-
ڭىز ئاپىرىپ قويامسىزكىن ،— دېدىم مەن .

قىز ئاۋۋال سومكىسىنى مۈرىسىگە ئاستى ، ئاندىن كېلىپ

مېنى يۆلىدى . بىز سىرتقا قاراپ ماڭدۇق . پۇتۇم كالۋالىشىپ ھەربىر دەلدۇڭگەن چېغىمدا ، جەينىكىم قىزنىڭ قانداقتۇر يۇمشاق ، ئەمما ئېلاستىكلىق بىر يەرلىرىگە تېگەتتى ــ دە ، كۆڭلۇمدە بەش ــ ئالتە يىلدىن بۇيان ئۆلگەندەك جىمىپ كەتكەن بىر تونۇش ۋە ناتونۇش ھېسسىيات تېپچەكلىگەندەك قىلاتتى...

بىز مىڭ تەستە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، بىر تاكسىغا چۈشتۇق .

## *2*

دېرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن ئويغىنىپ سائەتكە قارىدىم ، ئوندىن چارەك ئۆتۈپتۇ . بېشىم لوقۇلداپ ، پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى . مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم ، قورۇئچى ، قورۇدىكى گۈللۈك جىمجىت ئىدى . دېرىزىنى ئېچىۋېدىم ، سېرىنگۈلنىڭ باھارنىڭ سالقىن شامىلى بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن خۇش ھىدى دىماغقا گۈپپىدە ئۇرۇلدى . خېلى يىراقتىن كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى . بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ كاككۇك ئاۋازىغا ھېرىسمەن ئىدىم . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلۈم سەل ئېچىلغاندەك بولدى .

بىردىنلا ئاخشامقى قىز ئېسىمگە كەلدى . دەرھاللا يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ ، يۈز ـ كۆزۈمنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۇيدۇم ـ دە ، مېھمانخانىغا ، ياندىكى ياتاق ئۆيگە ، ئاشخانىغا قارىدىم . قىز يوق ئىدى . ئۇ قىز ئاخشاملا كېتىپ قالغانمۇ ياكى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كەتكەنمىدۇر ؟ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كەتكەن بولسا ، كېچە نەدە ياتقاندۇر ؟ ھەر نېمە دېگەنبىلەن ، ئاخشام ئۇ ماڭا ياردەم



www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى . شۇڭا رەھمەت ئېيتالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلاندىم .

قورۇ يېنىدىكى ئاشخانىغا چىقىپ ، خام قىيما قىلىپ ئېتىلگەن ئۆگرىدىن بىر قاچا ئىچتىم ـ دە ، قورۇغا قايتىپ ، گۈللۈككە ياسالغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم .

ئىدارىمىزنىڭ بۇ ئەپچىلگىنە ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا چۆرىگىلىتىپ ئالتە بىنا سېلىنغان بولۇپ ، ئوتتۇرىسى گۈللۈك ئىدى . گۈللۈكنىڭ چۆرىسىگە ئاساسەن سېرىنگۈل تىكىلگەن ، سېرىنگۈللەر شۇ تاپتا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ، قورۇ ئىچىنى سېرىنگۈلنىڭ خۇش ھىدى قاپلىغانىدى . مۇشۇ قورۇ ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق پىيادە يولۇچىمۇ دىمىغىغا سېرىنگۈل ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلغاندا ، بىردەم توختاپ ، ئاندىن يولىنى داۋام قىلاتتى . گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىن چاسا شەكىلدە يول ئېلىنغان ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قۇلماق تېرىلىپ ، تۆمۈر باراڭغا ئېلىنغانىدى . باراڭ ئاستىغا ، گۈللۈكنىڭ ئەپچىل جايلىرىغا ياغاچ ئورۇندۇقلار ياسالغانىدى . بۇ گۈللۈك ئاشۇ بىرنەچچە تۈپ تاشئالما ، گىلاس ، قارىئۆرۈك دەرىخىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، خىلمۇخىل گۈللەرگە تولغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈللۈك ئىدى . گۈللۈكنىڭ چۆرىسى ۋە باراڭلارغا ئېلېكتر چىراغلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ ، يازنىڭ كەچقۇرۇن ـ ئاخشاملىرى قورۇدىكىلەر بۇ يەرگە چىقىپ ، سالقىنلىغاچ سوقا ـ سۆھبەتلەردە بولاتتى ، بەزىلەر كىتاب ئوقۇيتتى ، بەزىلەر شاھمات ئوينايتتى . ئوقۇغۇچىلار دەرس تەكرارلايتتى .

ئەمدىلىكتە بېشىمنىڭ ئاغرىشى خېلىلا پەسلىگەنىدى . بىرىدىن يېنىمدىلا كاككۇك سايرىۋەتتى . مەن شۇ ياققا قارىدىم . ھەممىدىن ئېگىزرەك ئۆسكەن ، گۈللىرى غۇچچىدە ئېچىلغان سېرىنگۈل ئۈستىدە كاككۇك سايراۋاتاتتى . ئويلىنىپ قالدىم . ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى . ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، بۇ شەھەردە كاككۇكنىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلاش ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى . مانا ئەمدى-لىكتە ، شەھەر ئىچىدىكى باراقسانلاشقان قورۇلاردا كاككۇك ئاۋا-زىنى ، شەھەر ئەتراپىدىكى بوكىدە ئورمانلىقلاردا بۇلبۇل ئاۋاز-نىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىغان بولدى . ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا باياشاتلىق ئەكەلدى . لېكىن «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر يەردە بار» دېگەندەك ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قوشكېزەك ئىكەن . ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ياخشىلى-نىشى بىلەن «پۇل ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان قاراشنىڭ تەسىرىمۇ بەزىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى ، «ئالتۇن سېرىق بولسى-مۇ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارا قىلىپ قويالايدۇ» دېگەندەك ، ياش-چۇق ـ ھەميانلاردىكى پۇلنىڭ كۆپىيىشى بەزىلەرنى ئادەمگەرچى-لىك ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەردىن تەزدۇرۇپ ، ھەشەمەتخور ، ھاكاۋۇر ، ئىسراپخور ، ئالا كۆڭۈل ، قارا كۆڭۈل قىلىپ قويدى . بەزىلەرنىڭ مىڭ بىر جاپادا بەرپا قىلىنغان گۈللۈك ـ چىمەنلىك-لەرنى چەيلەپ ـ پايخان قىلىپ ئوينىغىنى ، ئاشۇ كاككۇك ، بۇلبۇللارنى تۇتۇۋېلىپ شورپا قىلىپ ئىچكۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . بەزىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن ھالال ئەجىر قىلىش يولىغا ئەمەس ، قىڭغىر يوللارغا ماڭدى...

مەن يەنە كاككۇك سايراۋاتقان سېرىنگۈلگە قارىدىم . سېرىن-گۈلنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تۇپ چىمەنگۈل غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى . سېرىنگۈلنىڭ بۇ تەرىپىدىن قارىغاندا ، سېرىنگۈل-نىڭ چوڭ ـ چوڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ، ئۇششاق ئاقۇچ گۈللى-رى ۋە ئۇتقاشتەك چىمەنگۈل قوشۇلۇپ ھادىس گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى . مەن زەن سېلىپ قارىۋېدىم ، شۇ مەنزىرە ئىچىدە ئاخشامقى قىزنىڭ سىيماسى كۆرۈنگەندەك بولدى . ئەجەبلا تونۇش چىراي ـ ھە؟ بۇ قىزنى بۇرۇن زادى قەيەردە ئۇچراتقاندى-مەن؟

ئاخشامقى قىز يەنە كاللامغا كىرىۋالدى . ھاياتتا مۇنداق ئىش

بولۇپ تۇرىدۇ : سەن بىرەرىنى ئۇچراتقاندا ، ئۇنى بۇرۇن بىر يەردە كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولىسەن . بىراق دەماللىققائەسكە ئالالـ مايسەن . سەن ئۇنى بۇرۇن ئۇچراتقان بولۇشۇڭمۇ ، زادىلا ئۇچـ راتمىغان ، بىرەر يەردە سۇرىتىنى كۆرگەن ياكى بىرەرىگە ئوخـ شىتىپ قالغان بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن ، بەزىدە ئۇنداق تۇيغۇ چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ ، سەنمۇ ئۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىسەن ؛ بەزىدە ئۇنداق بولمايدۇ ، سەن ئۇنى ئەسكە ئالالمايسەن ، ئەمما ئۇنتۇپ كېتەلمەي ، نېمە ئۈچۈندۇر ئازابلىنىسەن ، بىرەر نومۇسـ لۇق ئىش قىلىپ قويغاندەك ، ئۇنىڭ ئالدىدا قەرزداردەك ھېسسىـ ياتتا بولىسەن . شۇ تاپتا مەندىمۇ شۇنداق ھېسسىيات بار ئىدى . مېنىڭ بۇرادەرلىرىم ماڭا ھاراقنى كۆپ ئىچۈرمىگەن ، ئاشۇ بەزمىخانىغا ئېلىپ بارمىغان بولسا ، مەن مۇنداق بىر روھىي ئازابقا قالمىغان بولاتتىم . ئاخشام مەن مەست بولۇپ قالغاندىن كېيىن زادى قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى يادىمدا يوق ئىدى . «ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغاندىمەنمۇ ؟ مېنىڭ ئاشۇ مەست ھالىـ تىمنى ، بىر قىز بىلەن كېچىدە بىللە يۈرگىنىمنى تونۇش ـ بىلىشلەر كۆرۈپ قالغان بولسا ، نېمىسلەرنى ئويلاپ قالغانـ دۇر ؟ » دېگەن سوئاللار كاللامغا كېلىۋېدى ، يۈزۈم ۋىللىدە قىـ زاردى . خۇددى شۇ تاپتا بىرى تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك خۇدۇكسىـ نىپ ئەتراپىمغا قارىدىم ، خۇداغا شۈكرى ، ئەتراپتا ئادەم يوق ئىدى .

چۈش بولاي دەپ قالغانىدى . مەن ئاشۇ قىزنى ئۇنتۇي دېگەن مەقسەتتە ئۆيگە قايتىپ كىردىم . مېنىڭ بۇ ئۆيۈم بىنانىڭ بىرىنـ چى قەۋىتىدە ئىدى ، ئۆزۈم ياتىدىغان ئۆي ۋە كىتابخانامنىڭ دېرىزىسى گۈللۈككە قارايتتى . مەن دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، قولۇمنى سوزۇپلا كىتاب ئىشكاپىدىن «چالىقۇشى» رومانىنى ئالدىم ـ دە ، كىتابنى ئاچتىم . كۆزۈم كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىكى مۇنۇ قۇرلارغا چۈشتى :

«ئېيتقىنا ، فەرىدە ، بۇنچىلىك چوڭقۇر ۋاپانى ، مىسلىسىز نازۇك قەلبنى كىچىككىنە چالىقۇشى كۆكسىگە قانداق سىغدۇرغاندۇر؟... دۇنيادا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوشاشمايدىغان ، كۈچىنى يوقاتمايدىغان ھېچقانداق تۇيغۇ يوق . ‹مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن فەرىدەنى مۇنچىلىك چوڭقۇر ياخشى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ ، يەنى بۇ شېرىن ھېسلاردىن مەھرۇم بولسام ! › دەپ ئويلايتتىم . شۇنداق پەيتلەردە ، يېنىپ تۇگەپ كېتىشىدىن قورقۇپ چىراغنى ئۆچۈرگەندەك ، مەنمۇ سېنىڭ ئوبرازىڭنى كۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتىم . تاغلاردا مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىرخىل گىياھ ئۆسىدۇ ، فەرىدە ، ئادەم دائىم ئۇنى پۇرىسا ، بارا ـ بارا پۇرىقىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ . بۇنىڭ داۋاسى مەلۇم مەزگىل ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ، ھەتتا ئادەم بەزىدە— شۇ خۇشبۇي پۇراقنى سېغىنىش ھەۋىسى بىلەن— ھەرقانداق باشقا بىر پۇراقنى ، يەنى مەنىسىز ‹سېرىقگۈل ›نى پۇراپ سالىدۇ... بۇ گىياھ خۇشبۇي پۇرىقى تۇپەيلىدىن بەزىدە بەختسىزلىككىمۇ ئۇچرايدۇ . ئادەملەر ئۇزۇۋېلىپ سولاشتۇرىدۇ ، قوللىرىدا تىتىرەۋېتىدۇ . فەرىدە ، مەن داغۇ ھەسرەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان كۆزلىرىڭ ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن پۈچۈلغان گۈزەل يۈزۈڭ بىلەن سېنى قوللاردا ئەزگەنسېرى تېخىمۇ كۈچلۈك خۇش پۇراق تارقىتىدىغان گۈلگە ئوخشىتىمەن... »

فەرىدە كامراننىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ ، ئۇنى كەچۈرىدۇ ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ . نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ كامراننى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى ، سۆيەتتى . مۇھەببەت — جىبراننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، تولىمۇ ئۇلۇغ ، مۇقەددەس ، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى يەر ۋە ئاسمانغا تارقالغان . مۇھەببەتتە سىناق ئېلىپ بېرىشقا — ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن قىزىل ئەتىرگۈلدىن قەستەنگە يىراقلىشىپ ، باشقا گۈللەر بىلەن

ئارىلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ . بىراق مۇنداق سىناش— باشقا گۈل-لەر بىلەن ئارىلىشىپ بېقىشنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك . سىناق قىلدىم دەپ باشقا گۈللەرنى پۇراپ كۆرۈشكە ، ھەتتا شېخىدىن ئۈزۈۋېلىشقا ، كامىرانغا ئوخشاش «سېرىقگۈل»گىمۇ كۆيدۇم دەپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ ، بىر ياستۇققا باش قويۇپ يۈرۈشكە بولمايدۇ ، مۇنداق قىلىش «سىغىنىش» ھېسسىياتى بىلەن «پۇراپ سېلىش» بولماستىن ، بەلكى قىزىل ئەتىرگۈلنى ئۇنتۇش ، ئۇنى خورلاش ، مۇھەببەتكە خىيانەت قىلىش بولىدۇ . فەرىدە كامىراننىڭ «سېرىقگۈل» بىلەن توي قىلىشقا پۇتۇشكەنلىكىدەك خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كامىراننى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى ئوسال قىلىشنى خالىماي ، نەچچە يىل سەرسانە ھايات كەچۈرىدۇ ، نۇرغۇن رىيازەت ، خورلۇق تارتىدۇ . بۇ بىر قىز ئۈچۈن ئاسان گەپمۇ ؟ ھازىر ئاشۇ فەرىدەدەك مۇھەببەتكە سادىق ، ۋاپادار قىزدىن قانچىسى تېپىلار ؟

خۇددى ناخشىلاردا ئېيتىلغاندەك ، «تونۇشۇش مۇشكۇل ئەمەس ، ئايرىلىش بەكمۇ يامان .» مانا مەنمۇ ئاخشام كۆرگەن قىزنى ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن . ئەلۋەتتە ، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش مۇمكىن بولسىمۇ ، مېنىڭ ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ناۋادا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا بىر قىزنى بىر كۆرۈپلا ، بولۇپمۇ ئاخشامقىدەك ھالەت - شارائىتتا كۆرۈش بىلەنلا ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان يەڭگىلتەكلىكتىن قىلچە ئەسەر بولىدىغان بولسا ، نەچچە يىللاردىن بۇيان بويتاق يۈرمەس ئىدىم . ئۇنى ئۇنتۇيالماسلىقىم ، بىر تەرەپتىن تونۇگۈنكىدەك بىسەرەمجان ھالىتىمدە ماڭا ياردەم قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭغا ئادەمگەرچىلىك جەھەتتە قەرزدار بولغانلىقىمدىن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىرئاز تونۇشلۇقى ، بۇرۇن قەيەردىدۇر كۆرگەنلىكىم ، ئەمما ئەسلىيەلمەيۋاتقانلىقىمدىن ئىدى .

مەن ئىختىيارسىز قولۇمدىكى روماننى ۋاراقلاشقا باشلىدىم .

www.uyghurkitap.com

كىتاب ئارىسىدىن بىر پارچە سۈرەت چىقتى . سۈرەتتە مەن ئوتتۇ-
رىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ، ئۈچ قىز ئارقامدا ئۆرە تۇرغانىدى .
بۇ بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن مەن ئانا شەھىرىمىنىڭ باغچىسىدا
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېڭىلا ئالىي مەكتەپكە كىرىش
ئىمتىھانىنى تاماملىغان ئۈچ قىز بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت
ئىدى . سۈرەتنىڭ ئارقىسىغا «سۈرەتتىكىلەر سولدىن ئوڭغا :
گۈلنار ، مۇقەددەس ، گۈلناز » دەپ يېزىلغانىدى . سۈرەتكە ئىند-
چىكىلەپ قارىدىم ، ئوتتۇرىدىكى مۇقەددەس— مەن ئاخشام كۆر-
گەن قىز ئىدى .

بېشىم «پىررىدە» قايغاندەك بولدى ـ دە ، يەنە ئاغرىشقا
باشلىدى . مەن دەرھاللا ئاخشام مەن بىلەن بىللە كېچىلىك بەزمە-
خانىغا بارغان ئۆلپەتلىرىمىنىڭ بىرى بولغان ئەخمەتجانغا تېلېفون
بېرىپ ، ئۇنى دەرھال كېلىشكە چاقىردىم…

## *3*

ئەخمەتجان خېلى كېچىكىپ كەچقۇرۇن سائەت بەشتىن ئاش-
قاندا كەلدى . ئۇ كەلگۈچە ئارىلىقتا مەن بازارغا چىقىپ ، گۆش ،
تۇخۇم ، پىشۇرۇلغان كالا پاچىقى ، مېۋە ـ چېۋە ، كۆكتات ۋە
لەڭمەن پىلتىسى قاتارلىقلارنى ئەكىردىم . بىرنەچچە خىل قورۇما
قورۇدۇم . بويتاقلىق ھاياتىمدا بىرنەچچە خىل تاماق قىلىش ،
قورۇما قورۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم . پولۇ بىلەن لەڭمەن قىلىشقا
خېلى ئۇستا ئىدىم . ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن باشقا ئالاھىدە
ئىشلار بولمىسا ، كاللام قۇرۇقدىلىپ ، ئىلھام كەلمىگەن چاغلاردا
ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش— زېرىكىشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن تۇجۇ-
پىلەپ خېمىر يۇغۇراتتىم ، گۆشتىن تارتىپ بارلىق لازىملىق

كۆكتاتلارنى زېرىكمەي ئولتۇرۇپ ئۇششاق قەلەمچە قىلىپ قورۇ-
ما قورۇيتتىم ، مېنىڭ مۇنداق قورۇمامنى يېگەن بۇرادەرلىرىم
ئاغزىنى تەمشىتىپ : «بىرەر رېستورانغا بېرىپ قورۇما ئۇستىسى
بولساڭمۇ نەچچە مىڭ يۈەن مائاش ئالغۇدەكسەن ، بولۇپمۇ گۆش
ۋە كۆك مۇچ قەلەمچىسى قورۇماڭنى خېلى مەنمەن دېگەن ئۇس-
تاملار قورۇيالمايدۇ» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى .

ئەخمەتجان ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چەت ئەل
تىللىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ ، ھازىر «دوستلۇق»
ساياھەتچىلىك شىركىتىدە ئاممىۋى مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ دى-
رېكتورى بولۇپ ئىشلەيتتى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەنگە قەدەر خەنزۇچە ، ئۇنىۋېرسىتېتتا چەت ئەل تىللىرى فاكۇل-
تېتىدا ئوقۇغاچقا ، ئىنگلىز ، رۇس ، خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىغا
پىششىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇت - قولى چاققان ، گەپدان
ئىدى ، ئولتۇرۇشلاردا خىلمۇخىل مىللەتلەرنىڭ لەتىپە - يۇمۇر-
لىرىنى سۆزلەپ ، سورۇننى قىزىتىۋېتەتتى ، گارمونىمۇ ، ئې-
لېكترونلۇق روياليمۇ ئوبدانلا چالالايتتى . ئادەتتىكى سۆھبەت-
لەردىمۇ خېلى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ، كۆڭۈلگە ياققۇدەك
گەپلەرنى قىلالايتتى . ئۆز گېپىدە تۇراتتى ، ۋەدىگە ۋاپا قىلاتتى .
شۇڭا دوست - بۇرادەرلەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق .

— قانداق ، بىرەر - ئىككى رومكىدىن قېقىشىمىزمۇ ؟—
دېدىم مەن تاماقنى يەپ بولۇپ ، قورۇق تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇ-
ۋېتىپ .

— شۇ تاپتا زادىلا ھاراق ئىچكۈم يوق ، پوككىدە چۈشۈپ
ئۇخلىۋالسام دەيمەن ،— دېدى ئەخمەتجان يەرلىك چاي دورىلىرى
ئارىلاشتۇرۇلۇپ دەملەنگەن چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ ،— بوپتۇ ،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈن ئىچسەك ئىچتۇق .

مەن ئېگىز پۇتلۇق خرۇستال رومكىدىن ئىككىنى ئەكې-
لىپ ، «ئىلى پادىشاھى» ھارىقىدىن تولدۇرۇپ قويدۇم .

— مۇشۇ تۇنجى رومكىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئىختىيارى بولىدۇ، قېنى خوشە! — دېدىم مەن.

— بۇگۈن قالتىسقۇ سەن، ئاخشامقى قىز ئوبدان دورا بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ، — خەقلەرنىڭ «كۆر-سەڭ كۆزگە دورا، سۆيسەڭ يۈرەككە» دېگىنى يالغان ئەمەس ئىكەن - دە!

بىز رومكىنى ئۇرۇشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، رومكىلارغا هاراق قۇيۇۋېتىپ :

— بوۋىلارنىڭ «گۇگۇم ۋاقتىدا قىز كۆرمە، قاش - كۆزىنى ئۈز كۆرمە» دېگەن سۆزى بار، ئەخمەتجان، — دېدىم مەن، — ئاخشام ئۆزۈمنىڭ مەستلىكى، شارائىتنىڭ غۇۋا - خىرەلىكى تۈپەيلى، ئۇ قىزنى تۈزۈك كۆرگىنىممۇ يوق. بۈگۈن مەن دەل مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا سەن بىلەن پاراڭلاشماقچىمەن. ماڭا دېگىنە، ئاشۇ «كېچىلىك بەزمىخانا» دېگىنىڭ زادى قانداق جاي؟

— سەن بېرىپ باقمىغانمىدىڭ؟ — سورىدى ئەخمەتجان هەي-رانلىق بىلەن.

— بېرىپ باقمىغان.

— بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىكەن، — دېدى ئەخمەت-جان ۋە رومكىدىكى هاراقنى ئىچتى، زاكۇسكا يېدى، ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇردى، — ئۆزۈڭ يازغۇچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىي ژۇرنالدا مۇهەررىرلىك قىلىسەن. ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان جەمئىيەت-نى، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان، شەهەرلەردە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان «كېچىلىك بەزمىخانا»لارنى چۈشەنمە-سەڭ، قانداقمۇ ياخشى ئەسەر يازالايسەن؟ خەقلەرنىڭ «ئەدەبىيات تۇرمۇشتىن يىراقلاپ كەتتى» دەپ خاپا بولۇشلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن. گوركىينىڭ «يازغۇچى هەممە نەرسىنى — تۇرمۇشنىڭ هەممە ئېقىملىرىنى ۋە بۇ ئېقىملارنىڭ بارلىق ئۇششاق تارماقلى-

ـرىنى ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە زىددىيەتلىرىنى ، ئۇلارنىڭ پاجىئە ۋە
كومېدىيىلىرىنى ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە ئىپلاسلىقلىرىنى ،
يالغانلارنى ۋە ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەك » دېگەنلىكى ئېسىمدە .
سۆزلەڭ دېسە ، «تۇرمۇش مۇرەككەپ ، ئۇ سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك
ئەمەس ، ئۇ سېنىڭ ئىرادەڭگە بويسۇنمايدۇ » دەپ ، باشقىلار غىڭ
قىلالمىغۇدەك سۆزلەيسەن ، ئەمما مانا ، ئۆزۈڭ شۇ تۇرمۇشنى ،
ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشەنمەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ ؟ يا-
كى سەن ئاشۇ پېشۋا - ئۇستاز يازغۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان-
مىدىڭ ؟

دەماللىققا لايىق گەپ تاپالمىدىم . رومكامدىكى هاراقنى ئال-
دىرىماي ئىچتىم . ئەخمەتجاننىڭ سۆزلىرى ھەق ئىدى . يازغۇچى-
لار تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتۇق . ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان
نۇرغۇن ئىشقا ئەدىبنىڭ كۆزى بىلەن قارىمايۋاتاتتۇق ، ئوقۇرمەن-
لىرىمىزنىڭ ئارزۇلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئىشخاند-
دىن ، ئۆيدىن چىقماي ، خىيال بىلەن قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى
تۇرمۇش جۇغلانمىلىرىغا تايىنىپلا ئۇنى - بۇنى يېزىپ يۈرۈۋاتات-
تۇق . شۇڭا يازغانلىرىمىز خۇددى توك توخۇلىرى تۇغقان تۇخۇم-
لاردەك ئوپموئوخشاش ، مەززىسىز ئىدى .

ئەخمەتجان بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى - دە :

— يۈر ، ئاغىنە ، مېنىڭ بۇ يەردە قۇرۇقتىن - قۇرۇق
سۆزلىگىنىمدىن ، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر ، بىز شۇ «كېچىلىك
بەزمىخانا »غا بارايلى ، «مىڭ ئاڭلىغاندىن ، بىر كۆرگەن ئەلا »
ئەمەسمۇ ؟— دېدى .

— بىز بارساق قانداق بولىدۇ ؟— دېدىم مەن ئىككىلە-
نىپ ،— خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ ؟

— نېمە دېگۈسى كەلسە ، شۇنى دېمەمدۇ ،— دېدى ئەخمەتجان
هاياجان بىلەن ،— ئۇ بارسا بولمايدىغان جاي ئەمەس ، پەقەتلا بىر
ئاممىۋى سورۇن . ئاممىۋى سورۇن دېگەنگە ھەممىلا ئادەم—

ئاددىي پۇقرامۇ ، خېلى يوغان ـ يوغان باشلىقمۇ ، خوجايىنلارمۇ ، مەندەك ، سەندەك خىزمەتچىلەرمۇ باردۇ . گەپ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىشتا .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟— دېدىم ھەيرانلىقتا .

— ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس ، سەن ئۇ يەرگە نورمال كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بارامسەن ياكى ئەيش ـ ئىشرەت قىلغىلى بارامسەن ، دېگىنىم .

— سەن ئۇنداق جايغا پات ـ پات بېرىپ تۇرامسەن ؟

— بېرىپ تۇرىمەن ، بۇ خىزمىتىمنىڭ ئېھتىياجى . ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ، چەت ئەللەردىن كەلگەن خوجايىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن . سۆھبەتلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆڭۈلى تارتقان جايغا ئېلىپ بارىمەن ، «كېچىلىك بەزمىخانا» مانا شۇنداق جايلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ چوڭ زالى ، ئايرىم خانىلىرى بار ، چوڭراقلىرىنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرى ، بىليارتخانا ، «يۇمىلاتما توپخانا»لىرى ، ئاشخانىلىرى ، ياتاقلىرى بار . چوڭ زالنىڭ چۆرىسىگە سافا قويۇلۇپ ، ئوتتۇرىسى تانسا سورۇنى قىلىنغان . بۇ يەردە دوست ـ بۇرادەرلەر پىۋا ، ۋىنو ئىچىپ پاراڭلاشقاچ ، مۇزىكا ـ ناخشا ئاڭلاپ ، تانسىدىن ھۇزۇرلانسا بولىدۇ . بۇ يەرنىڭ ھەققى ئەرزانراق . ئايرىم خانىلار خىلمۇخىل ، ئۈچ ـ تۆت كىشىلىك ، بەش ـ ئالتە ، توققۇز ـ ئون كىشىلىك سافالار قويۇلغان ، «كارائوك» ئورۇنلاشتۇرۇلغان . بۇ يەردە مۇڭدىشىش ، «كارائوك»قا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشقا بولىدۇ ، خالىساڭ چوڭ زالغا چىقىپ تانسا ئوينىساڭ بولىدۇ . ئايرىم خانىلارنىڭ ھەققى قىممەت . قىز دوستلىرىڭ بولسا ئېلىپ بارساڭ بولىدۇ . قىز دوستۇڭ بولمىسا ، قىزلار بىلەن مۇڭداشقۇڭ ،تانسا ئوينىغۇڭ كەلسە ، مۇلازىملارغا دېسەڭ ، «ئۈچتە ھەمراھ بولغۇچى» خانقىزلارنى چاقىرىپ بېرىدۇ ، ئۇلارغا يەپ ـ ئىچۈرگەندىن باش-

قا ، يەنە «چاي پۇلى» بېرىسەن . مۇنداق خانقىزلار ھەممە بەزمە-خانىدا بار .

— ئۇلارنى چاقىرسا ئۆيگە كېلەمدۇ ؟

— كېلىدۇ ، «چاي پۇلى»نى بەرسەڭلا بولىدۇ .

— سەن ئاخشام بىللە بولغان قىزنىڭ ئىسمىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن .

— جەزمەن چاقىرغۇ نومۇرىنى يېزىۋالدىڭغۇ دەيمەن ؟

— ئەلۋەتتە .

— بىز مۇنداق قىلايلى ، دوستۇم ،— دېدىم مەن ،— بىز ئۇ يەرگە بارمايلى . سەن ئاشۇ قىزغا چاقىرغۇ قىل ، ئۇ ئاخشام مەن بىلەن بىللە ئولتۇرغان قىزنى ئېلىپ مۇشۇ ئۆيگە كەلسۇن ، بىز مۇشۇ يەردە پاراڭلىشايلى .

— ئۇ قىزىڭنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— مۇقەددەس .

ئەخمەتجان چاقىرغۇ قىلدى .

# *4*

قىزلار كەلگۈچە ، بىز لازىمەتلىكلەرنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ داستىخان تەييارلىدۇق . داستىخان خېلى مول راسلاندى . مەن ئۆيۈمدە بار نازۇ نېمەتلەر— قەنت - گېزەك ، ياڭاق ، ئۆرۈك مېغىزى ، بادام ، ئۈزۈم ، گۈلە - قاق قاتارلىقلارنىمۇ تىزدىم .

— خەقلەر «ئۆيدە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ» دەيدىكەن ، ئەمما سېنىڭ ئۆيۈڭ تامامەن باشقىچە ، دائىملا باھاردەك ئىللىق ،— دېدى ئەخمەتجان مېنى ئۇچۇرۇپ ،— ئەگەر قىز بولۇپ قالساڭمۇ مىڭ يىگىتنىڭ كۆزى چۈشىدىغان قولى گۈل

www.uyghurkitap.com

قىز بولاركەنسەن . ئەمسە مەن دەرۋازا ئالدىغا چىقاي ، قىزلار-
نىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى .

ئەخمەتجان تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى . ئەمما شىركەتتىن ئۇنىڭ
ئەمەلىي خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ خېلىلا چوڭ— تۆت ئېغىزلىق
ئۆينى ئوبدانلا بېزەپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئادەتتە ھەممە-
مىلا نەرسە دېگۈدەك تېپىلاتتى . ئىشكاپلىرىدىن جۇڭگو ۋە چەت
ئەللەرنىڭ خىلمۇخىل ھاراق ــ تاماكىلىرى ، توڭلاتقۇسىدىن تۈر-
لۈك سوغۇق ئىچىملىكلەر كەم بولمايتتى . ئۇ ئەدەبىياتقا ، ئەدەبى-
ياتچىلارغا ھېرىسمەن بولغاچقا ، بوش ۋاقىتلىرى چىقىپ قالسىلا
مېنىڭ قېشىمغا كېلەتتى ياكى مېنى ئۆيىگە چاقىرتاتتى . بىز
ئەدەبىيات ھەققىدە ، يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر
ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتۇق . بىلىم ۋە ئۇچرىشىش دائىرىسىنىڭ
كەڭلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىدىيىسى خېلىلا ئازاد ئىدى ، ھەممە
ئىشقا ئەتراپلىقراق ، زامانىۋى قاراش نۇقتىسىدىن قارىيالايتتى .
بولۇپمۇ ئەنئەنە ۋە ئەخلاق مەسىلىسىدە مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق
بولغاچقا ، بەزى گەپ ــ سۆزلىرى قېلىپتىن سەل چىقىپ كەتكەن-
دەك تۇيۇلسىمۇ ، ئورۇنلۇق ، يېڭىچە ئىدى .

ئەخمەتجان ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى ۋە :

— مانا ، پەرىشتەڭنى باشلاپ كەلدىم ،— دېۋىدى ، تەقى ــ
تۇرقى خۇددى داڭلىق مودېللارغا ئوخشايدىغان ، چېچىنى سارغۇچ
بويىۋالغان ، پەردازنى قويۇق قىلغان قىز :

— سىز بۇ ئەنجىرنى* ئاخشام بەك بوزەك قىلغان بولسىڭىز
كېرەك ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن «كىرمەيمەن ،
قايتىپ كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ ، ئەخمەتجان ئاكاش بىلەن
ئىككىمىز يالۋۇرۇپ ــ يېلىنىپ يۈرۈپ مىڭ تەستە ئەكىردۇق ،
بىزگە جىق سۆيۈنچە بەرمىسىڭىز بولمايدۇ ،— دېدى ماڭا .

---

* ئەنجىر— ئىنگلىزچە «پەرىشتە» دېگەن سۆز .

مۇقەددەس— مەن بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن تۇنجى رەت ، ئاخشام ئىككىنچى رەت كۆرگەن قىز ئىشىك تۈۋىدىلا بىر خىل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇراتتى .

— سىلەردىن سۆيۈنچە ئايلانسۇن ،— دېدىم مەن ئارىدىكى تارتىنىش كەيپىياتىنى تۈگىتىش مەقسىتىدە ،— بىر كۆرگەن تونۇش ، ئىككى كۆرگەن دوست . دوستلار بىر ـ بىرىدىن نېمىنى ئايىسۇن ؟ ! قېنى ، ئالدى بىلەن ئىچكىرىگە مەرھەمەت !

ھەممەيلەن مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېـ يىن ، مەن ساھىبخانا سۈپىتىدە چاي قۇيدۇم .

— پاھ ، بۈگۈن قالتىس مېھمان بولغۇدەكمىز ،— دېدى سارغۇچ چاچلىق قىز ،— يەنە تىزىدىغانغا توخۇ سۈتى يوقمىدى ؟

— لازىم بولسا ، ئۇمۇ تېپىلىدۇ ،— دېدى ئەخمەتجان چاقـ چاقنى باشلاپ ،— سىلەردەك ساھىبجامالالارغا جاننى تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرغىنىمىزدا ، توخۇ سۈتى دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى ؟ !— ئۇ مۇقەددەسكە تازا زەن سېلىپ قارىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ،— بوۋىلارنىڭ «بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە» دېگەن گېپىنى ئاڭلىۋېدىم ، ئاداش ئۇمىد ، سېنىڭ ئەقلىڭ راستـ تىنلا كۆزۈڭدە ئىكەن . بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان نېمانداق بويتاق يۈرىدىكىن دېسەم ، ئەسلىدە مۇشۇنداق بىر پەرى پەيكەرنى ئىزلىگەنىكەنسەن ـ دە .

— بولدى ، ئەخمەت ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىل . قېنى ، قىزلار ، تارتىنماي ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار ،— دېدىم مەن ،— قانداق تاماق يېگۈڭلار بار ؟

— ھەممە نەرسە بار ئىكەن ، ئاۋارە بولمىسىلا ،— دېدى مۇقەددەس تۇنجى رەت ئېغىز ئېچىپ .

مەن مۇقەددەسكە قارىدىم . ئۇ پەرداز قىلمىغان ، ئاشۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا گۈزەل ئىدى . ئەمما بۇرۇنقى شوخ كۆزـ لىرىدە بىر خىل ھەسرەت باردەك ئىدى . ئۇنىڭدىكى يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىش— چېچىنى كېسىپ كالتە قىلىۋالغانلىقى ئىدى.

— مۇنداق بولسۇن، ئاداش، سەنمۇ تاماق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما، مەن قىزلارنىڭ نېمىگە ئامراق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا سىلەر بىردەملىككە پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇڭلار، مەن شاققىدە سىرتقا چىقىپ كىرەي، هايال بولمايمەن، — دېدى ئەخمەتجان ۋە يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا شىۋىرلىدى، — ئۆيدە «ئادەم باشلىق ئات» تىن بىرى بار ئىدى، شۇنى ئەكېلەي.

ئەخمەتجان چىقىپ كەتتى، ئۆي ئىچى جىمىپ قالدى. مەن ئاشخانىغا چىقىپ، چەينەككە قايناق سۇ جىقلاپ كىرگىنىمدە ئىككى قىز كۇسۇرلىشىۋاتاتتى.

— ئۇمىدجان ئاكا، مەن ئىسىم ـ شەرىپىڭىز، تەرىپىڭىزنى پەرىشتەدىن ئاڭلىغان، بىر كۆرۈشسەم، پاراڭلاشسام دېگەن ئارزۇدا ئىدىم. ئەگەر مېنىڭ مۇشۇ كۇچلۇك ئارزۇيۇم بولمىغان بولسا، پەرىشتە بۇگۈن بۇ ئۆيگە زادىلا كىرمىگەن بولاتتى، — دېدى سېرىق چاچلىق قىز ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — بىز «كېچىلىك بەزمىخانا»لاردا خانقىز بولۇپ ئىشلەيدىغانلار ئۆزىمىزنىڭ راست ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئىشلەتمەيمىز. مەن ئەسلىي ئىسمىمنى دەپ يۈرمەي، هازىرقى ئىسمىم پەرىزات، مۇقەددەسنىڭ هازىرقى ئىسمى بولسا پەرىشتە. مەن سىز ۋە ئەخمەتجان ئاكاشنى ئۆز كۆرگەنلىكىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سەمىمىي دوستلاردىن بولۇپ ئۆتەلىشىمىزگە كۆزۈم يەتكەنلىكى ئۇچۇنلا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ، راست ئىسمىمىزنى دەپ بېرىۋاتىمەن. بىزگە ئايان، بىز جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرمىز، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە پەسلەرمىز، شۇڭا باشقىلار پەقەت بىز بىلەن بىرەر ئاخشام كۆڭۈل ئېچىۋېلىشنىلا ئويلايدۇ، ئەمما كۆزگە ئىلمايدۇ، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىرىدىمۇ ئۆز ئىسمىنى ئېيتمايدۇ، ئۆزلىرىنى باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر دەپ تونۇشتۇرىدۇ، ئەتىسى دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ، كۆرمەسكە، تونۇماسقا

سىلىۋالدۇ...

— بولدى قىلساڭچۇ،— دېدى مۇقەددەس.

— ئۇمىدجان ئاكىدىن خىجىل بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟— دېدى پەرىزات،— مېنىڭ قورساقتىكى ھەممە گەپنى ئۇمىدجان ئاكىغا تۆكۈۋالغۇم بار، ئەلۋەتتە بۈگۈنلا ئەمەس، ئەمما بۈگۈن ئۆزىمىزنى ئازراق تونۇشتۇرۇۋۇپ قوياي. مەن ساختىلىق قىلىش، يالغان سۆزلەشنى خالىمايمەن. بىزنى ئۇمىدجان ئاكا چۈشەنسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەت چۈشەنسۇن.

— بۇنىڭمۇ ۋاقتى بولۇپ قالار،— دېدى مۇقەددەس تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ،— تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا ۋاتىلداپ كەتسەڭ، بىر ۋالاقتەككۇر ئىكەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

— خوپ، پەرىشتەم، ئەمىسە مەن تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ كىرەي،— دېدى پەرىزات ۋە چىقىپ كەتتى.

ئۆيدە— مېھمانخانىدا مۇقەددەس بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق.

— ئاخشام سىزنى بەكلا بىزەۋەتتە قىلدىم، تولىمۇ خىجىلمەن، كەچۈرۈڭ،— دېدىم مەن مۇقەددەسكە.

— ھېچقىسى يوق، ئۇ ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس،— دېدى مۇقەددەس ئېغىر خۇرسىنىپ،— ئەسلىدە بۇ ئۆيگە ئىككىنچى قەدەم باسمايمەن، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەيمەن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم. لېكىن ئەخمەتجان بىلەن پەرىزات چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇمىدجاننىڭ سىلەر بىلەن كۆرۈشكۈسى، تەشەككۈر بىلدۈرگۈسى، پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن، دېدى. ئەڭ مۇھىمى، قەلبىمىدىكى ئۆزۈم سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر ھېسسىيات يەنە مېنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئاخشامدىن بېرى نۇرغۇن ئويلاندىم، خىجىللىق ۋە ئىنتىلىش ئارىسىدا ئازابلاندىم. ئاخىر خىجىللىق ئىنتىلىشنى يېڭىپمۇ قالغاندى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىشلىرى ئىنتىلىشىمگە مەدەت بەردى، مەن خىجىللىقنى قايرىپ قويۇپ ئالدىلىرىغا كىردىم. بايا پەرىزاتنىڭ سۆزد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى ئاڭلىدىلا ، مەن ھازىر ئاشۇ «كېچىلىك بەزمىخانا»لاردىكى
«ئۇچكە ھەمراھ بولغۇچى» خانقىزلارنىڭ بىرىمەن ، كىشىلەر
نەزىرىدىكى «يولدىن چىققان بۇزۇقلار»نىڭ بىرىمەن .

— بولدى سۆزلىمەڭ ، سىڭلىم ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىل-
ماڭ . مەن بۈگۈن پەقەت تونۇگۈنكى ئوساللىقىم ئۈچۈن سىزدىن
كەچۈرۈم سورايمەن ، باشقا ئويدا بولغىنىم يوق . بىز ئۈچۈن
تېخى پاراڭلىشىش پۇرسىتى كۆپ ،— دېدىم ئىمكانقەدەر تار-
تىنىش - خىجىللىقنى توگىتىش ئۈچۈن ،— مەنمۇ ئۆمرۈمدە
ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ تونۇگۈنكىدەك ئوسال ھالغا چۈشۈپ
قالمىغانىدىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئىش سىزنىڭ ئالدىڭىزدا
كۆرۈلگەچكە بەك سەت بولدى . بايا پەرىزات ئېيتقاندەك ، ئادەم-
لەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ھەممىدىن مۇھىم . بىز ئىن-
سان ، ھاياتلىق يولىدا بىلىپ - بىلمەي سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ
قويىمىز . مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ، بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ
چۈشىنىشىگە ، ئەپۇ قىلىشىغا ، مەدەت بېرىشىگە موھتاجمىز .

— ئۇغۇ شۇنداق ،— دېدى مۇقەددەس يەنە ئېغىر خۇرسى-
نىپ ،— ئالتە يىل بۇرۇن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن-
كى توت يىل ئىچىدە ئۆزلىرى بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ، مۇڭدى-
شىش ئىستىكىدە بولغانىدىم . گېزىت - ژۇرناللاردىن ئەسەرلى-
رىنى ئوقۇغاندا كۆڭلۈمدە خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى
ئۆركەشلەيتتى . بىراق كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ، بۇرۇنقى-
دەكلا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇيالمىدىمۇ ، كۆرۈشۈپ قېلىشتىن كۈن-
دىن - كۈنگە بەكرەك قورقىدىغان بولۇپ قالدىم ، ھەر قېتىم
ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ، گويا ئۆزلىرى بېشىمدا ماڭا نەپرەت
بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى ، يۈزۈم ئوت ئېلىپ ، نو-
مۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم . مەنمۇ ئۆزلىرى بىلەن
«كېچىلىك بەزمىخانا»نىڭ ئايرىم خانىسىدا ئۇچرىشىپ قالارمەن
دەپ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم . راست گەپنى قىلسام ، ئىككى

يىلدىن بېرى پىسخىكامدا شەكىللەنگەن پەرۋاسىزلىق تۈپەيلىدىن ئاشۇ ئايرىم خانىدا ، يولدا ، تاكسىدا كېلىۋاتقاندىمۇ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلماپتىمەن . پەقەت ئۆيگە كىرىپ ، چىراغنى ياققاندىلا چىرايلىرىغا سەپسالدىم ۋە تونۇپ ، پۇت ـ قولۇمدا مادار قالمىدى ، «ئاھ ، تونۇپ قالغان بولسا ـ ھە !···» دېدىم ـ دە ، ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپلا كېتىپ قالدىم .

— مەن مەستلىكتە سىزگە قوپاللىق قىلمىغاندىمەن ؟

— ياق .

«خۇداغا شۈكرى ،— دېدىم ئىچىمدە ،— ناۋادا ، ئاشۇ خۇدۇمنى تۈزۈك بىلمىگۈدەك مەست ھالىتىمدە بىرەر نالايىق ئىش قىلىپ قويغان بولسام ، چوڭ شەرمەندىچىلىك بولماسمىدى ؟ »

ئاشۇ چاغدا مېھمانخانىغا پەرىزات ، ئارقىدىنلا ئەخمەتجانمۇ كىرىپ كەلدى . ئۇ راست دېگەندەك بىر بوتۇلكا «ئادەم باشلىق ئات»نى ۋە پىشۇرۇلغان بېلىق ، توخۇ كاۋىپى ، تونۇر كاۋىپى ، شاكىلات ، سېغىز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكەلگەنىدى .

— ئەخمەتجان راستىنىلا قىزلارنىڭ كۆڭلىنى بىلىدىكەن ،— دېدى پەرىزات كۈلۈپ ،— قاراڭلار ، ساپلا قىزلار ئامراق نەرسىلەرنى ئەكەپتۇ .

— قېنى ، قىزلار ، ئالدى بىلەن قورساقنى ئازراق قۇيۇۋېلىڭلار ، بولمىسا ھېلى بىر ـ ئىككى رومكا ئىچمەي تۇرۇپلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپقا ئايلىنىپ قالماڭلار ،— دېدى ئەخمەتجان .

— بىزنى شۇنداق بوش چاغلاۋاتامسىز ؟— دېدى پەرىزات ،— نى ـ نى ئەركەكلەرنىمۇ مەي ـ شاراب ئىچىشتە شاما قىلىۋەتكەنمىز . قېنى ، ئەركەك بولسىڭىز قۇيىڭە ھارىقىڭىزنى .

يەپ ـ ئىچىش رەسمىي باشلاندى . بۈگۈن كۆڭلۈم ھاراقنى زادىلا تارتمايتتى . شۇڭا ئالدىمدىكى رومكىغا قۇيۇلغان ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتمەي ، ھەر قېتىم نۆۋەت كەلگەندە كى-

چىككىنە ئۇتلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ يەپ - ئىچىشلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتۇم.

«ئەخلاق — ئادەم زىننىتى» دېگەن ھېكمەت ھەممىگە ئايان. شەرم - ھايا ئەنە شۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ نۇرانە بەلگىسى. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «ھايالىق كىشى — باھالىق كىشى» دېگەن ۋە ئەخلاق نەمۇنىلىرى بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى شەرىئەت ۋە قانۇن مىزانلىرى بىلەن چەكلەشتىن قىممەتلىك كۆرگەن. ئادەمدىن شەرم - ھايا كەتسە ئورنىغا بالا - قازا كېلىدۇ، دەپ چۈشەنگەن؛ ئاتا - ئانا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى قان - قېنىغا سىڭدۈرگەن؛ مەيلى شاد - خۇراملىقتا چۆمگەن ياكى دەرد - ئەلەم قايناملىرىغا چۆككەن، جاپا - رىيازەتتە قالغان چاغلىرىدىمۇ ئەخلاقنى ئۇنتۇمىغان. راست، قىزىلگۈلسىز باغقا بۇلبۇل يولىمىغاندەك، ئەدەپ - ئەخلاقسىز ئادەمگىمۇ ھەقىقىي بەخت - تەلەي يولىمايدۇ. ئۆزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە بولغىنىدەك، ئادەمنىڭ قىممىتى ئەدەپ - ئەخلاقى بىلەن ئېرىشكەن ھۆرمىتىدە بولىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن نۇسرەت ۋە ھۆرمەتكە نائىل بولۇپ ياشىيالىشىدۇر. گۈزەل ئەخلاق ئادەمنىڭ تىلىنىمۇ، دىلىنىمۇ بېزىيەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك، ھۆرمەت ئاتا قىلالايدۇ. ھېلىھەم ئېسىمدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى تەنەپپۇس ۋاقتىدا، بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز ئاسىيە يولدا گازىر چېقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا پاتىمە مۇئەللىم ئۇچراپ قالدى - دە، «ئاسىيە! — دېدى مۇئەللىم ئۇنى توختىتىپ، — قىز بالا دېگەننىڭ يولدا بىرنەرسە يەپ مېڭىشى ياراشمايدىغان قىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق پاكىزلىق ۋە پاكلىقتۇر. توغرا، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە لازىم، ئەمما قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئەخلاقسىز قىزلار خەلق ئارىسىدا ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئەتىۋارىمۇ بولماي-

ـدۇ .» بۇ سۆز شۇ چاغدا ماڭىمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . شۇ چاغلاردا بىز ئۇغۇللارمۇ كوچىلاردا بىرنەرسە يېمەيتتۇق . مېۋە - چېۋە يېسەكمۇ ئۇنى خالىيراق جايغا ئاپىرىپ يەيتتۇق . قىز - ئوغۇللارنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشى دېگەن ئۇخ- لاپ قالغاندا چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيتتى . مانا هازىرچۇ ؟ تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە . چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ ، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرم - هايا دېگەن ئاساسەن قالمىغان ، بىللە ئولتۇرىدۇ ، تاماكا چېكىدۇ ، هاراق ئىچىدۇ ؛ ئوغۇل - قىزلار كوچىلار ، باغچىلار ، يوللار ، كىنو - تىياتىرخانىلاردا ئىرماش - چىرماش بولۇپ يۈرۈشىدۇ ، هەتتا ئاپتوبۇسلاردىمۇ شۇنداق . كوچا - كويلاردا ئۇنى - بۇنى يېيىش ئادەتكە ئايلانغان . قىزلارمۇ كوچىلاردا ئۆرۈك ، ئالما ، نەشپۈت ، بۆلجۈرگەن ، هەتتا بانان ، كۆكۋاشلارنى مالاچلىتىپ يەپ ، شۆپۈكىنى كۆرگەنلا يەرگە تاشلاپ ، چايناۋاتقان سېغىزىدىن چاكىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ كېتىۋېرىدۇ...

كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى . بۇ زادى غەربلىكلەرنىڭ بىزنىڭكىگە تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئەخلاق قارىشىنىڭ ، ئاشۇ قاراشلارنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلىۋاتقان ئەمەلىي ئىد- پادىلىرىنىڭ تەسىرىمىدۇر ياكى ئۆزىمىزدىكى ئەخلاق ، ئەخلاق قارىشىنىڭ بۇزۇلۇشىمىدۇر ؟ ياكى بىزنىڭ قاراشلىرىمىز ئاشۇ زامانىۋى مىللەتلەرنىڭ قارىشىنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتامدى- غاندۇر ؟...

## *5*

يەپ - ئىچىش داۋام قىلىنىۋاتاتتى . دىققەت قىلىپ ئولتۇر- دۇم ، مۇقەددەسمۇ هاراقنى جىق ئىچمىدى ، ئەمما پەرىزات سەل قىزىشقا باشلىغانىدى .

— قېنى، ئەخمەتجان، هاراقنى قۇيىڭە، مۇنداق ئېسىل هاراقنى تاپقاندا ئىچمەي نېمە قىلاتتۇق، خۇددى ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق ئېتىلىپ كەتسۇن دېگەندەك، — دېدى پەرىزات.

— بولدى قىل، ئاداش، — دېدى مۇقەددەس بىرنەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك، — ھېلى بىكار سەتچىلىك بولۇپ قالمىسۇن، يەنە.

— ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەنسىرىمە، — دېدى پەرىزات ئەخمەتجان قۇيغان هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، — مەن دېگەن كىم؟ مەن دېگەن پەرىزات، پەرىزات زادىلا مەست بولمايدۇ. بۈگۈن مەست بولۇپ قالسامۇ كۆڭلۈم توق، يېنىمدا يۆلەيدىغان ئادىمىم بار، قېنى، ئەخمەتجان، مانا بۇ يەرگە — يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭا.

ئەخمەتجان نېمىدىندۇر قورۇنغاندەك، ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، پەرىزاتنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. بۇ كۆزدە بىر خىل ئۆتۈنۈش ۋە ئىنتىلىش بار ئىدى. مەن پەرىزاتنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ دە:

— ئەخمەتجان، مەن بۈگۈن ھۆركىرەپلا يۈرىدىغان بۇقىنىڭ دىر ـ دىر تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامدىمەن ـ نېمە؟ — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، — قوپە، پەرىزاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇر.

ئەخمەتجان پەرىزاتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۇ ئەخمەتجاننىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى ـ دە، بوينىغا گىرە سالدى. ئەخمەتجان دەرھاللا:

— پەرىزات، مۇنداق قىلماڭ، سەت تۇرىدۇ، — دېدى ـ دە، پەرىزاتنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

— مانا، ئەھۋال مۇشۇنچىلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدى پەرىزات ۋە بېشىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ بىردىنلا يىغلىۋەتتى. ھەممىمىز نېمە



www.uyghurkitap.com

دېيىشنى بىلەلمەي خىجىلچىلىقتا قالدۇق .
— بولدى ، ئاداش ، يىغلىما ،— دېدى مۇقەددەس پەرىزاتقا يېقىنلىشىپ ،— بۇ يەردە يىغلىغۇدەك ئىش بولمىدىغۇ ؟
— يىغلىغۇدەك ئىش بولمىدىمۇ ؟— دېدى پەرىزات ئېسەدەپ تۇرۇپ ،— بەزمىخانىلاردا باشقا ئەرلەر بىزدىن : «يېقىن كەلمەدىڭ ، قۇچىقىمغا چىقمىدىڭ ، ئەركىلىمىدىڭ ، ئۇ يەر - بۇ يېرىڭنى تۇتقىلى ، سۆيگىلى قويمىدىڭ ، پۇلنى بىكارغا ئالامسەن » دەپ خاپا بولىدۇ ، بىزنى ئادەم ئەمەس ، قونچاق ئورنىدا كۆرىدۇ . مانا بۇ ئەخمەتجان بولسا ياراتماي ، پەس كۆرۈۋاتامدۇ ؟ كېلىڭ دېسەممۇ يېنىمغا كەلمەيۋاتامدۇ ؟ قۇچىقىغا چىقىپ ئەركىلەپ قويسام ، يىرگەنگەندەك چۆشۈرۈۋەتتىغۇ ؟
— بۇ ... بۇ... ،— دېدى ئەخمەتجان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي .
— بولدى سۆزلىمەڭ ،— دېدى پەرىزات ۋە مەيدىن ئۆزى بىر رومكا قۇيۇپ ئىچىۋېتىپ داۋام قىلدى ،— مەنمۇ سىزگە چاپلىشىۋالماقچى ئەمەسمەن ، كۆڭلى خۇش بولسۇن دەپ ئەركىلەپ قويغانىدىم ، سىز بۇنى خاتا چۈشەندىڭىز . مېنىڭ بۇنى بىلگۈچىلىكىم بار . توغرا ، بىز پەسلەر ، سىز يىرگىنىشكە ھەقلىق .
— خاپا بولماڭ ، سىڭلىم ،— دېدىم مەن ۋە ھەممەيلەننى قەدەھكە تەكلىپ قىلدىم ،— قېنى خوشە ، بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈگىسۇن ، سالامەتلىكىمىز ، دوستلۇقىمىز ئۈچۈن !
ھەممەيلەن ھاراقنى ئىچىۋەتتۇق .
— بىزدە سىلەرنى پەس كۆرىدىغان ئاڭ يوق . سىلەرنى ئۆز سىڭلىمىز ، دوستىمىز كۆرۈپ چاقىردۇق . پەس كۆرىدىغان غەرەز بولسا ، چاقىرماس ئىدۇق . مەن مۇقەددەسنى يەنە ئىككى دوستى بىلەن بىللە ئالتە يىل بۇرۇن بىر كۆرگەن ، بىز بىللە سۈرەتكىمۇ چۈشكەن . مەن شۇ سۈرەتنى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ، پىكىرلى-

شىشنى ئارزۇلاپ كەلگەنىدىم . ئاخشام مۇقەددەس بىلەن تاساددى-پىي ئۇچرىشىپ قالدىم ، ئەمما مەستچىلىكتە تازا تونۇيالمىدىم . بۈگۈن چۈشتە ھېلىقى بىللە چۈشكەن سۈرەتنى قايتا كۆرگەندىلا ، سۈرەتتىكى بىر قىزنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم . شۇڭا بۈگۈن رەسمىي تونۇشۇش ئۈچۈن سىلەرنى چاقىرتقان . سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارغا مەنمۇ ، ئەخمەتجانمۇ خۇشال .

— يەنىلا ئۈمىدجان ئاكام ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىد-كەن ،— دېدى پەرىزات يىغلاشتىن توختاپ ، — ئەركەك دېگەن قىز بالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى بىلىشى كېرەك . ئەكىلىڭە قولىد-ڭىزنى ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئىككىمىز قايتىدىن بىر كۆرۈشۈۋېتەيد-لى ، سىز ماۋۇ قارىۋايدەك بىغەرەز ئەمەس ئىكەنسىز ، ياخشى دوست بولۇشقا يارايدىكەنسىز .

— قارا قازاننىڭ ئېشى تاتلىق جۇمۇ ،— دېدى ئەخمەتجان .

— تېخى كۆرىمىز ،— دېدى پەرىزات كۈلۈپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . مۇقەددەس جىممىدە ئولتۇراتتى . ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا ئەمدى تەبەسسۇم پەيدا بولغانىدى .

— بىز مۇنداق يەپ - ئىچىپلا ئولتۇرۇۋەرسەك راستىنىلا مەست بولۇپ قالىمىز . قېنى ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئەڭ ياخشى لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىلىرىڭىز بولسا قويىڭە ، ئانچە - مۇنچە ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاپ ، ئۇسسۇل - تانسا ئوينايلى ،— دېدى پەرىزات .

مەن بىر ئۇيغۇرچە پلاستىنكىنى قويدۇم . بۇ ناخشىسى يوق لىرىك مۇزىكىلار پلاستىنكىسى ئىدى . ھەممەيلەن ئوتتۇرىغا چۈ-شۈپ ئۇسسۇل - تانسا ئوينىدۇق . مۇقەددەس ئۇسسۇلنى چىرايد-لىق ئوينايدىكەن . ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ھازىرقى زامان ياشلىرى رېستورانلاردا ئويناپ يۈرگەن ئەرەب ، ھىندى ، ئافرىقىلىقلارنىڭ بەلنىڭ تۆۋىنىنى كۆپ چىقىرىپ ، يانپاشنى تولغايدىغان ، ھېچ

ئەھمىيەتسىزلا قۇيۇندا ئۇچقان قامغاقتەك پىرقىراۋېرىدىغان ،
كۆكسىنى زىيادە لىغىرلىتىدىغان ئۇسسۇللىرىدىن تامامەن باشقىـ
چە — ھەقىقىي ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئىدى . پۇت ـ قول ھەرىكەتلىـ
ـرى خۇددى مەجنۇنتالنىڭ يەلپۈنۈشى ، يىلاننىڭ سويلىشىدەك
سىپتا ، لىۋەن ، سىلىق ئىدى . قاش ـ كۆزلىرى ، چىرايىدىكى
ئىپادىلەر مۇزىكىنىڭ رىتىم ، مەزمۇنىغا تولۇق ماسلاشقانىدى .
ئۇيغۇرچە پلاستىنكىغا ئۆگەپ ، تۈركچە ناخشىلار ئېلىنغان بىر
پلاستىنكىنى قويدۇم . بىرنەچچە شوخراق مۇزىكىغا تانسا ئوينىـ
ـدۇق . «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن ناخشا باشلىنىۋېدى ،
ھەممىمىز جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىدۇق . ناخشا تۈگىشىگە پەرىـ
ـزات بىردىنلا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى :
— راستتىنلا ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشامۇ ؟ بىر قارىساڭ
شۇنداقتەكمۇ تۇيۇلىدۇ ، ھايات ئاجايىپ گۈزەلدەك ، ھەممىلا ئاـ
دەم بەختىيار ـ باياشات ، خۇشال ـ خۇرامدەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمەـ
ـلىيەتتىچۇ ؟ بەزىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار ، خورلۇقلار ئۆـ
ـلۈمدىنمۇ يامان . مانا بىزدەك «ئۇچكە ھەمراھ بولغۇچى» خانقىزـ
ـلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ تاماشادەك ئۆتۈۋاتىدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟ بەلـ
ـكىم بىز بىلەن بىرەر ـ ئىككى قېتىم بىللە بولغانلار شۇنداقمۇ
ئويلايدىغاندۇر ، ئەمما بىز تارتىۋاتقان خورلۇقلارنى چۈشەنمەيدۇ ،
چىرايىمىزدا كۈلكە ـ ناز بولغىنى بىلەن ئىچىمىزدە قان يىغلايدىـ
ـغانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ ، شۇڭا بىزنى پەس كۆرىدۇ ، قونچاق
ھېسابلايدۇ . بىزدىمۇ ئادەمىي ھېسسىيات ، كۆڭۈل بارلىقىنى ،
ئىختىيارلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ، سەللا
رايىغا باقماي قالساق ئەڭ سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىدۇ .
خانقىزلارنىڭ ھەممىسىلا ئەسكى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ خانقىز بولۇپ
قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەرخىل ، بەزىلەر بۇ ئىشنى ئۆز ئىختىياـ
ـرى بىلەن تاللىغان ، ئۇلاردىكى مەنمەنلىك ، شۆھرەتپەرەسلىك
ئۇلارنى مۇشۇ يولغا باشلىغان ؛ بەزىلەر تۇرمۇشتا قاتتىق زەربىگە

ئۇچرىغانلىقى ، ياشاشنىڭ باشقا يولىنى تاپالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئادىشىپ بۇ يولغا كىرىپ قالغان . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى «ئۇچكە ھەمراھ بولۇش »تىن باشقا ئىشنى قىلمايدۇ— ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساتمايدۇ .

— ئېخى شۇنداق ئىشلارمۇ بولامدۇ ؟— دەپ سورىدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن .

— ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى پەرىزاتمۇ ھەيرانلىق بىلەن ،— گېزىت ، تېلېۋىزورلاردىكى «شەھۋانىيلىقتا زەربە بېرىش» داۋامىدا مېھمانخانىلار ، سانىلار ، ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىق دۇكانلىرىدىن شەھۋانىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۇچۇن نەق مەيداندا تۇتۇلغانلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ توغرا ، بىزدە غەرب ئەللىرىدىكىدەك «قىزىل چىراغ رايون »لىرى يوق ، ئەمما قانۇنسىز ھالدا شەھۋانىيلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق ئەمەس . ئاشۇ بىر تۈركۈم نەپسى بالالار ، «پۇل» دېسە ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغانلار قانۇنلۇق قورۇلغان بەزى سورۇنلارنى شەھۋانىيلىق سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان...

پەرىزات سۆزدىن توختاپ ، بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ ئىچتى ، ئاندىن :

— ئابايام دېگىنىمدەك ، مەن بۇگۈن سۆزلىمەكچى ئەمەس ئىدىم . قارىغاندا ئۇمىدجان ئاكام يازغۇچى تۇرۇپمۇ بۇ ئالەمدىكى خېلى كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەن ، ئاشۇنداق سورۇنلارغا بېرىپمۇ باقمىغان ئوخشايدۇ ،— دېدى خۇرسىنىپ ،— قورسىقىمدا نۇرغۇن گەپ بار ، ئۇنى دېمىسەم ئازابلىنىمەن . ئەمما بىرەرىگە دەي ، قورسىقىمنى بوشىتىۋالاي دېسەم ، بەزى چاكىنا ئادەملەرنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ مەسخىرە قىلىشىدىن ، يېپىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدىم . يازغۇچى دېگەن ئالىيجاناب بولىدۇ . شۇڭا بۇگۈن كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي ، بۇنىڭ بەلكىم بىزدەكلەرنى چۈشىنىشىڭلەرگە پايدىسى

بولۇپ قالار .
مەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتىم ، ئۆي ئىچى جىملىققا چۆك-
تى . ھەممىمىز گويا ئاجايىپ بىر ھېكايە ئاڭلايدىغاندەك قىزى-
قىشتا پەرىزاتقا تىكىلدۇق .

# *6*

— مەن ئاتا - ئانامنىڭ كەنجى ، شۇنداقلا بىردىنبىر بالىسى
ئىدىم ،— دەپ كەچۈرمىشىنى باشلىدى پەرىزات ،— مېنىڭ ئاتام
خەنزۇ ، ئانام ئۇيغۇر ئىدى . ئاتام ئانامنى قىماردا ئۇتۇۋالغان-
كەن . سىلەر كۈلمەڭلار ، كېيىنچە بىلسەم ، ئازادلىقتىن ئىلگى-
رى مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن . ئازادلىق ھارپىسىدا ،
مېنىڭ ئاتام ۋە ئانامنىڭ يېڭىلا ياتلىق بولغان ئېرى گومىنداڭ
ئارمىيىسىدە ئىشلەيدىكەندۇق . مېنىڭ ئاتام ليەنجاڭ ، ئانامنىڭ
يولدىشى بەنجاڭ ئىكەن . بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار بەش - ئالتە
ئادەم قىمار ئويناپتۇ . قىمار ناھىيە بازىرىدىكى بىر قاۋاقخانىدا ،
كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە شوپاڭخانىدا بولغانىكەن . بۇ شوپاڭخاند-
نىڭ ئىشىكتىن كىرىشتىكى چوڭراق خانىسىدا ئاش - تاماق ،
ھاراق ، تاماكا ۋە ھەر خىل سوغۇق ، ئىسسىق قورۇمىلار سېتى-
لىدىكەن ، ئايرىم خانىلىرىدا ئولتۇرۇشلار بولىدىكەن ، قىمار
ئوينىلىدىكەن ، ھەتتا ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى شەھۋانىي ئىش-
لارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن . ئەسكەرلەر بىر ئايرىم خانىدا پۇل
چىقىرىشىپ ھاراق - شاراب ئىچىشىپتۇ ، بارا - بارا قىزىپ
قىمار ئويناپتۇ . ليەنجاڭ ھەممىنى ئۇتۇپ قۇرۇقداپ قويۇپتۇ .
ھېلىقى بەنجاڭ قايىل بولماپتۇ ، ئەمما دو تىكەي دېسە ھېچنېمى-
سى قالمىغاچقا ، ئۆيلەنگىنىگە ئىككى ئاي بولغان ئايالىنى دو

تىكىپتۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئامىتى قاچقانىكەن ، ئامەت ـ تەلەي ئۇنىڭغا قۇچىقىنى ئاچماپتۇ ، ئايالىنىمۇ ئۇتتۇرۇپ ، شۇ ئاخشى-مىلا ئايالىنى لىيەنجاڭغا تاپشۇرۇپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ ئانام ئىككى پەرزەنت كۆرۈپتۇ ، تۇنجىسى ئۈچ ئايلىق بولاي دېگەندە ، ئىككىنچىسى ئون ئىككى ياشلارغا كىرگەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ئۇلار خېلى يىللارغىچە بالى-سىز ياشاپتۇ . خۇددى «باللىق ئۆي بازار ، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك ، ئۇلار تولىمۇ دىلخەستىلىك ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ ، ھەرخىل ئامال ـ چارە قىپتۇ ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ ، ئاللادىن تىلەپتۇ . ئاخىر مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ رەھمى كەلگەنمۇ ، قانداق ، ئۇلار خېلىلا ياشىنىپ قالغان ، ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان چاغلاردا مەن تۇغۇلۇپتىمەن .

مەن مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە چوڭ بولدۇم ، شۇڭا ئەتىۋار-لىق ، ئەركە ئىدىم . ئاتا ـ ئانام نېمە دېسەم شۇنى قىلىپ بېرەت-تى ، ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بېرىڭلار دېسەم ، شۇنداق قىلىشقى-مۇ تەييار ئىدى .

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ، ئاتام قازا قىلدى ، ئانا ـ بالا ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق . بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى ، ئانامنىڭ ھەر كۈنى كۆكتات سېتىپ تاپقان پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق . ئانام ھەر-قانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ ، مېنى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇ-رۇپ ئوقۇتتى . ئۇ پات ـ پاتلا مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ئەركىلى-تىپ ئولتۇرۇپ : «قىزىم ، ياخشى ئوقۇغىن ، مەندەك قارا قور-ساق بولۇپ قالما ، ئوقۇش ئارقىلىق بەختىڭنى تاپ ، جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قۇتۇل» دەيتتى . مەكتەپتە مۇئەللىملەرمۇ : «ۋە-تەننىڭ ، خەلقنىڭ كەلگۈسى سىلەرگە باغلىق . بىر دۆلەت ، بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسىگە باغلىق . شۇڭا سىلەر تىرىشىپ ئوقۇپ مەدەنىيەت ، مول بىلىم ئىگىلەپ ،



www.uyghurkitap.com

ۋەتەن ، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار » دەيتتى . مەنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم .

ئاخىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كاتتا شەھەرلەر-نىڭ بىرىدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇل-تېتىغا قوبۇل قىلىندىم . بىراق نېمە ئۈچۈندۇركى ، مەن ئۆز ئارزۇيۇمغا — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نىشانەمگە يەتكەندىن كې-يىن ، ئوقۇش قىزغىنلىقىم سوۋۇشقا باشلىدى .

مەن ئىككىنچى يىللىقنى تاماملاپ ، تەتىلدە ئۆيگە كەلدىم . ئىككى يىللىق ھاياتىم چوڭ شەھەردە ئۆتكەچكە ، بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرى ماڭا تولىمۇ كۆرۈمسىز ، مەززىسىز تۇيۇلدى . بۇ يەردە كاتتا رېستورانلار ، بەزمىخانىلار يوق ئىدى ، ھەممە ئادەم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراشلا يۈرۈشەتتى . ئاناممۇ ئەتىگەن-دىلا كۆكتات ساتقىلى چىقىپ كەتسە ، گۇگۇم چۈشكەندە ھېرىپ - چارچاپ قايتىپ كېلەتتى . مەن ئەتىدىن - كەچكىچە كىچىككىنە رەڭسىز تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتىم . بەزى -بەزىدە كوچىلارغا چىقىپ ماگىزىن ئارىلايتتىم . لېكىن بۇ ناھىيە بازىرىدە قانچىلىك ماگىزىن بار دەيسىلەر ، بىردەمدىلا تۈگەپ قالاتتى ، كۆڭۈلگە ياققۇدەك نەرسىلەرمۇ يوق ئىدى . زېرىكىش مېنى ھالىمدىن كەتكۈزۈۋاتاتتى ، كىتاب ئوقۇشمۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرالمىدى .

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ قالدىم . ئىككى يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن بۇ ساۋاق-داشلىرىم مېنى ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى ، بەزىلىرى قۇچاق-لاپ - يىغلاپ كۆرۈشتى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى توي قى-لىۋاپتۇ ، بەزىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بو-لۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ ، بەزىلىرى بولسا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەپ ـ ئىچىشلاردىن كېيىن ناخشا ـ مۇزىكىلار باشلاندى . ئوغۇللار ئاق هاراق ، قىزلار ئاز ـ تولىدىن پىۋا ، ئۈزۈم هارىقى ئىچكەن بولغاچقا ، خېلىلا قىزىپ قالغانىدى . مەنمۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى رەت ساۋاقداشلىرىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئۈزۈم هارىقى ئىچتىم . شۇڭا نەچچە كۈنلەردىن بۇيانقى ئىچ پۇشۇقۇم خېلىلا چىقىپ قالغاندەك ئىدى ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتتىم ، ئەپ- لەشتۈرەلمىسەممۇ ئۇسسۇل ئوينىدىم ، هەممەيلەن ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشاتتى ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى ، «سالامەتلىك ئۈچۈن ! دوست- لۇقىمىز ئۈچۈن ! بەختىمىز ئۈچۈن !» دەپ توۋلىشاتتى . هايات دېگەن ئاجايىپ ، بىر قارىساڭ خۇددى بۇ ئالەمدە هېچقانداق قايغۇ ـ ئەلەم يوقتەك ، هەممە ئادەم شاد ـ خۇرامدەك ، خۇددى شۇ تاپتىكىدەكلا . بىر قارىساڭ هېچقانداق خۇشاللىق يوقتەك ، ئادەملەرنىڭ هەممىسىنى قايغۇ بېسىۋالغاندەك ، زېرىكىش ، مەز- زىسىزلىك ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك ، خۇددى مەن يالغۇز قال- غان چاغلاردىكىدەك .

تانسا باشلىنىۋېدى ، بىر ئوغۇل بالا كېلىپ مېنى تانسىغا تارتتى . بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمى قادىر بولۇپ ، مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى . ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قاتناش هادىسىسىدە ئۆلۈپ كېتىشى تۈپەيلى ، ئۇششاق ئۇكا ـ سىڭىللىرىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا ، مەكتەپكە بارالمىغان- دى . ئۇ كېلىشكەن ، بۇغداي ئۆڭ ، قارا كۆز ، قارا قاش ، قاپقارا ۋە بېشىغا پاتماي قالغاندەك كۆرۈنىدىغان قويۇق چاچلىق يىگىت ئىدى . راستىمنى دېسەم ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدىكى چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئوبدانلا هەۋەسلىنىدىغان ، بىرەر كۈن كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلىدىغان ، سېغىنىدىغان بولۇپ قالغا- نىدىم . مەن تانسا ئويناۋېتىپ :

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟— دەپ سورىدىم .

— بۇرۇن ئاتا ـ ئانام ئىشلىگەن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن ،— دېدى ئۇ .
— ئەھۋالىڭىز قانداقىراق ؟
— قەدىر ئەھۋال .
— ئىككى يىلدىن بېرى سىلەرگە خەتمۇ يازالمىدىم .
— بەلكىم كاتتا شەھەردىكى ئالىي مەكتەپتە بولغاچقا ، بىز- دەك تومپايلارنى ئۇنتۇپ قالغانسىز ؟
— ئۇنداققۇ ئەمەس ، ساۋاقداشلىق مېھرى دېگەن باشقىچە بولىدىكەن ، بۇنى بۇگۈن ھەقىقىي ھېس قىلدىم .
— ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك مېھىر ، ھېسسىياتمۇ بولى- دۇ ،— دېدى قادىر ۋە بىلمەدىن چىڭراق تۇتۇپ ، مېنى ئۆزىگە تارتتى .
— مېنى ئەسلىدىڭىزمۇ ؟
— ئەسلىسەممۇ نېمە ئىلاج ، بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپى- سىغا ئېغىز تەمشىتقاندەك ئىش ـ دە .
بەدىنىمىز بىر ـ بىرىگە سۈركىلىشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇ- دۇمدا ئاجايىپ شېرىن بىر سېزىم پەيدا بولدى .
مېنىڭ تۈنجى خۇشاللىقىم ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىممۇ ئەنە شۇ ئۇچرىشىشتىن باشلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن ، قادىر بىلەن بىر- نەچچە قېتىم ئۇچراشتىم . بىز بەزىدە ئاشپۇزۇللاردا تاماق يېگەن- دىن كېيىن ، سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىغا كىرىپ ، خالىيراق بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ ، ئۇزاق ـ ئۇزاق سۆزلىشەتتۇق . قادىر بەزىدە مېنى دەريا بويلىرىغا ، يېزا باغلىرىغا ئېلىپ باراتتى . ئاجايىپ ئىش ، يېزىدا قوغۇنلۇقلار ، قوناقلىقلار ، كېۋەزلىكلەرنى ئايلىنىشمۇ ئۆزگىچە بىر خۇشاللىق ئىكەن . قوغۇنلۇق قىرىدا ياكى كاۋا چېچەكلىرى ، ھەشقىپىچەكلەر چۇمكىگەن باراڭ ـ ساتمىدا ئولتۇرۇپ ، قوغۇننى تىلىپ ئەمەس ، مۇشتلاپ يېرىپ يېيىشمۇ قىزىقارلىق بولىدىكەن .

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى بىز سۇ ئامبىرىغا چىقتۇق ، قولۋاقتا چۆشۈپ ئوينىدۇق ، سۇغا چۆمۈلدۇق . ئاخىرى سۇ ئامبىرى بويىدىكى بۈككىدە سۆگەتلىككە كىرىپ ، ئەپلىك بىر جاينى تاپتۇق ــ دە ، ئاچىققان پىششىق گۆش ، سامسا ، سوغۇق ئىچىملىكلەر بىلەن تاماقلاندۇق . ئاندىن پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشتۇق . ئەتراپىمىزدىن پىچىرلىششلار ، ۋىلىق ــ ۋىلىق كۈلۈشۈشلەر ، سۆيۈشۈشلەر ئاۋازى كېلەتتى ، ئەمما ئادەم كۆرۈن-مەيتتى . ھاراقنىڭ تەسىرىمۇ ياكى ئاشۇ ئادەمنىڭ نېرۋىلىرىنى غىدىقلايدىغان ئاۋازلارنىڭ تەسىرىمۇ ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئۆ-زۈمنى قادىرنىڭ باغرىغا ئاتتىم ــ دە ، ئىختىيارىمنى ئۇنىڭغا تولۇق تاپشۇردۇم…

پەرىزات يەنە بىر رەت خۇددى دەمداردەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەت-تى .

## *7*

— بىر رومكا ھاراق قۇيىڭە ، ئەخمەتجان ،— دېدى پەرىزات .

— ھەممىمىز تەڭ ئىچەيلى ،— دېدىم مەن .

بۇ نۆۋەت ھەممىمىز رومكىلىرىمىزدىكى ھاراقنى بىر كۆتۈ-رۈپلا ئىچىۋەتتۇق . پەقەت مۇقەددەسلا ئۇنداق قىلمىدى . ئۇ بىر نەرسىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك ، قورۇنۇۋاتقاندەك ، ئازابلىنى-ۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ پەرىزاتقا قاراپ :

— بولدى ، ئاداش ، ئەمدى ئىچمە ، سۆزلىمە ، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، قايتايلى ،— دېدى .

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، مەندىن ئەنسىرىمە . سۆزۈمنى باش-لىغانىكەنمەن ، ئاخىرىنى تۈگىتەي ، ئىچىمنى بوشىتىۋالاي ،

ئەتە ـ ئۆگۈن گىپىمنى دەپ بەرگۈدەك مۇنداق ياخشى ئادەملەرنى
تاپالامدىمەن ـ يوق؟ ئۈمىدجان ، ئەخمەتجان ئاكىلار بىلەن يەنە
كۆرۈشەلەمدىمەن ، يوق؟ بۇنى بىلمەيمەن ،— دېدى پەرىزات ۋە
كەچۈرمىشىنى سۆزلەشنى داۋام قىلدى ،— سۇ ئامبىرى بويىدىكى
سۆگەتلىكتە ھېلىقى ئىش يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن تەتىل ۋاقتىم توشقاچقا مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم . ئەمدى
ئوقۇش ماڭا مەززىسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى ، چۈنكى مەن كىشىـ
لىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى كۆرگەندىم : مەن پېداـ
گوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرسەم بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچى بولىـ
مەن ، ھەر ئايدا بىرنەچچە يۈز كويلا — قورساق تويغۇزۇشقا
يەتكۈدەكلا مائاش ئالىمەن ، بۇنىڭ نېمە مەززىسى؟ ھازىر ئۇچۇر
دەۋرى بولۇپلا قالماي ، يەنە يۇقىرى ئىستېمال دەۋرى . ئاشۇ
ئازغىنە پۇل بىلەن زامانغا لايىق ئىستېمال قىلغىلى ، ياسانغىلى ،
تۇرمۇشتىكى بىھېساب ئۇششاق ـ چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن
چىققىلى بولامدۇ؟ تارتقان جاپاغا لايىق پاراغەت بولمايدۇ . ھالبۇـ
كى ، ھازىر يانچۇق ـ ھەميانلىرىنى پۇلغا تولدۇرۇپ ، ھەشەمەتـ
لىك داچىلاردا ، پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ ، كاتتا رېستوران ، بەزمىـ
خانىلاردا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەس ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن .
ئاشۇلارغا قارىسا ئادەمنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ ، ئوقۇيمەن دەپ ئۆتـ
كۈزۈۋەتكەن ئۆمرىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ . شۇڭا مەن ئوقۇغاننىڭ
نېمە پايدىسى؟ پۇرسەت ، شارائىت بولسا ، بىر كۈننىمۇ خۇشال
ئۆتكۈزگەن ئەۋزەل ، دەپ ئويلىدىم . مەن ئىممانۇئېل كانتنىڭ
تەلىماتىغا چوقۇناتتىم . ئۇ : «ئادەمنىڭ ئۆزى مەقسەت» دېگەنـ
دى . بۇ «ئادەم ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە ھايۋانات ، ئەقىل ـ
ئىدراك ئادەمگە مۇكەممەل تەبىئەت ئاتا قىلغان ، ئادەمنىڭ تەبىـ
ئىتىگە مۇناسىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ئەخلاق ؛ ئادەم
ئۆزىنى پەقەت ۋاسىتىلا دەپ قارىماي ، مەقسەت دەپ بىلىشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك» دېگەنلىك ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىمىغانىدىم.

بىرەر ئايدىن كېيىن ئۆزۈمدە ئۆزگىچە بىئاراملىقلارنى ھېس قىلىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈندۈم، مەن ھامىلىدار بولۇپ قالغانىدىم. ناۋادا مەكتەپ بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، مېنى مەكتەپتىن ھەيدىۋېتەتتى، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولاتتىم. مەن بۇنىڭدىن كۆرە غىپپىدىلا تىكىۋېتىشنى لايىق كۆردۈم.

مۇشۇ ھالەتتە نەگە باراي؟ ئۆيگە قايتايمۇ؟ ئۆيگە قايتسام ئانامنىڭ، يۇرتداشلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ بېرىپلا قادىر بىلەن توي قىلالىشىم مۇمكىنمۇ؟ ياق! خىزمىتىم، پۇلۇم بولمىسا قانداق كۈن ئۆتكۈزىمەن؟ قېرىپ قالغان ئاشۇ تۇل ئانامغا يەنىلا ئېغىرلىقىمنى سالامدىمەن؟ پۈتۈن يۇرت توي قىلـ-ماي تۇرۇپلا ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ كەتسە، مې-نىڭ ئۇ يۇرتتا بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتالىشىم مۇمكىنمۇ؟

مەن دېڭىز بويى رايونلىرىدا پۇل تاپماق ئوڭاي دەپ ئاڭلىغا-نىدىم. شۇڭا ئاشۇ ياقلارغا بېرىپ، بىرەر ئىش تېپىپ ئىككى-ئۈچ يىل ئىشلەپ، بىرئاز دەسمايىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتىپ باراي دەپ ئويلىدىم ـ دە، دوختۇرخانىغا بېرىپ قورساقتىكى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، «ئانام قاتتىق ئاغرىق ئىد-كەن، مەن ئۆيۈمگە كەتتىم، بەلكىم قايتىپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يېزىپ ياتاقتا قالدۇر-دۇم ۋە دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ماڭغان پويىزغا چىقتىم. ئۇ يەرگە بېرىپ زادى نېمە ئىش قىلىمەن؟ بۇنى بىل-مەيتتىم. كاللامدا پەقەت پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا شۇنى قىلارمەن، يا قايىنامدىن چىقارمەن، يا سايرامدىن، دېگەن خىيالىلا بار ئىدى.

پويىزدىن چۈشتۈم، بۇ يەر ماڭا تامامەن ناتونۇش ئىدى.

بۇ يەردە بىرەر تونۇش - بىلىشىممۇ يوق ئىدى. قورسىقىم ئېچىپ كورۇلداۋاتاتتى. يانچۇقۇمدا ئوتتۇز يۈەنچە پۇل قالغانىدى. مەن: «ئاددىيراق تاماقلانسام، بۇ پۇلۇم ئۈچ - تۆت كۈنگە يېتەر، ئاڭغىچە قىلىدىغانغا بىرەر ئىش تېپىۋالسام پۇلۇممۇ بار بولار» دەپ ئويلىدىم، شەھەرنى ئىككى - ئۈچ سائەت ئايلاندىم، قورسىقىم تېخىمۇ ئېچىپ كەتتى. يول بويىدا سۈيۈقئاش سېتىلىۋاتاتتى، سۈيۈقئاش ئەرزان بولىدىغان دەپ ئويلىدىم - دە، باھاسىنى سورىمايلا ئىككى قاچا ئالدىم. ئاشنى ئىچىپ بولغاندا خوجايىن: «يىگىرمە يۈەن» دېدى. ئىلاج يوق، ئىچىپ بولغان ئاشنى قۇسۇپ بەرگىلى بولمايتتى. ئاچچىق يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ تۇرۇپ پۇلنى تۆلىدىم.

يانچۇقۇمدا بىرنەچچە يۈەنلا قالدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاھ، پۇل! ئادەمنى زار قىلغانمۇ پۇل، خار قىلغانمۇ پۇل! قايسىبىر قولى كەڭ سېخىي ئادەم ماڭا بىرنەچچە يۈەن پۇل بېرەر؟ مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى رەت پۇل دېگەن نەرسىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. قەيەرگە بارىمەن؟ قەيەردە قونىمەن؟ مەن مۇشۇ غەم بىلەن تۇرغاندا، يېنىمغا بىر كىچىك مىنىبۇس كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭدىن چىرايى مايمۇنغا ئوخشايدىغان بىرەيلەن چۈشۈپ مەندىن:

— ياتاقتا ياتامسىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ مەن سەرسانلىقىمنى باشلىغاندىن بېرى، تۇنجى بولۇپ ماڭا تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلغان ئادەم ئىدى. مېنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىغۇم كەلدى.

— مەن بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەي دەپ كەلگەن، پۇلۇم تۈگەپ كەتتى، ياتاقتا ياتقۇدەك پۇلۇم يوق، — دېدىم. مايمۇن بىردىنلا روھلىنىپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ياتاقتا ئورۇنلىشىپ، خىزمەت تېپىپ ئىشلەپ پۇل تاپقاندا بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن رەھمەت بىلدۈرۈپ مىنىبۇسقا چىقتىم . مىنىبۇستا بىز ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى . مايمۇن مەندىن :

— نېمە ئىش قىلاي دەيسىز ؟ ئاززاق پۇل تاپاي دەمسىز ، جىقراقمۇ ؟— دەپ سورىدى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟— سورىدىم مەن .

— ئاززاق پۇل تېپىش ئوڭايراق . جىق پۇل تېپىش ئۈچۈن جىق دەسمايە بولۇشى كېرەك ،— دېدى مايمۇن ،— دەسمايە جىق بولمىسا ، جىق پۇل تاپىمەن دېيىش خام خىيال .

— مەندە دەسمايە يوق ،— دېدىم مەن ،— بىرەر ئاشپۇزۇل ياكى مېھمانسارايدا مۇلازىم بولۇپ قاچا - قۇچا ياكى يوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيسام بولىدۇ .

— قارىسام سەھرالىق ئەمەس ، شەھەرلىكتەك قىلىسىز ،— دېدى مايمۇن ،— ئاززاق پۇل تېپىش بىلەن شۇكرى قىلىمەن دېسىڭىز كۆپ جاپا تارتىپ كېتىسىز ، شۇڭا جىق پۇل تېپىشىڭىز كېرەك .

— بايا دېدىمغۇ ، مەندە دەسمايە يوق .

مايمۇن پىخىلداپ كۈلدى ۋە :

— سىزنىڭ مۇشۇ قىران ياشلىقىڭىز ، ھۆسن - جامالىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ دەسمايە ، مۇشۇ دەسمايە بىلەن سودا قىلسىڭىز ناھايىتى ئوڭاي ، تېز ، كۆپ پۇل تاپالايسىز !— دېدى .

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى چۈشەندىم - دە ، ئۇنى بوزۇق ، شەرمەندە ، يۈزسىز دەپ تىللىدىم ۋە :

— ماشىنىنى توختات ! مەن چۈشۈپ قالىمەن ،— دېدىم . بىراق مايمۇن سۆزلىرىمگە پىسەنت قىلماي ، ماشىنىنى تېخىمۇ تېز ھەيدەپ قاپقاراڭغۇ بىر جايغا بارغاندا توختاتتى ۋە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ :

— مانا ئەمدى چۈشۈڭ ، بۇ يەر لۈكچەكلەرنىڭ ماكانى ، ئۇلار تۇتۇۋېلىپ ، پۇخادىن چىققۇدەك ئوينىۋېلىپ ، ئاندىن جېنىڭىزنى

ئېلىشى مۇمكىن ،— دېدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەكلا بولدى ـ دە ، ئورنۇمدىن قىمىرلىيالمىدىم . مايمۇن ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ماڭا نەسىھەت قىلدى :

— بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەر ئىپپەت ـ نومۇسى بىلەن سودا قىلىپ پۇل تاپقانلارنى ئەمەس ، نامرات ـ گادايلارنى مەسخىرە ـ زاڭلىق قىلىشىدۇ ، كىمنىڭ پۇلى بولسا ، بەگ غوجام ، خان ئاغىچام شۇ ؛ كىمنىڭ پۇلى بولمىسا ، دىۋانە ، غالچا شۇ . سىزنىڭ پۇلىڭىز بولسا ، ھەممەيلەن سىزگە تەزىم قىلىدۇ ، لالما ئىتتەك ئەتراپىڭىزدا قۇيرۇق شىپپاڭلىتىدۇ . سىزنىڭ پۇلىڭىزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى كىم سوراپ يۈرەتتى ؟ بۇ يەردە تونۇش ـ بىلىشلىرىڭىز ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز بولمىغاندىن كېيىن بەش ـ ئالتە تۈمەن تېپىپ ، يۇرتىڭىزغا قايتىپ ، بىرەرى بىلەن توي قىلىۋېلىپ ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز نېمىسى يامان ؟

— ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بەش ـ ئالتە تۈمەن تاپالامدىمەن ؟

— چاتاق يوق ، ئۇنىڭدىن كۆپرەكمۇ تاپالايسىز .

ھالىم مۇشۇ تۇرسا ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي نېمە ئىلاجىم ؟ بەش ـ ئالتە تۈمەن دېگەن ئاز سان ئەمەس . ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ ، كۆڭلى تاش بولسىمۇ ئېرىتەلەيدۇ . مەنمۇ بوشىشىپ قالدىم . ھايات شۇنداق ، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ . تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمەمنى سالغانىكەنمەن ، خاھى ئاقسۇن ، خاھى چۆكسۇن ، ئۇنىڭدىن غەم قىلىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، تونۇش ـ بىلىشىم ، يانچۇقۇمدا پۇلۇم بولمىغان مۇشۇ ھالىتىمدە ، يەنە ئار ـ نومۇس دېگەنلەرنى ئويلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرسام ، مەن ئاچ قېلىشىم ، ھەتتا ئۆلۈكۈم قايسىبىر پاسكىنا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا قېلىشى مۇمكىنغۇ ؟ بوپتۇ-

لا ، «تەۋەككۇلچىنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق» دەيدىكەن ، مەنمۇ ئاشۇ «ئارتۇق ناخشا»نى توۋلاپ باقاي ، ئۇ ماڭا يا ئامەت ئەكېلەر ، يا پالاكەت . ئاشۇ مايمۇنمۇ توغرا دەيدۇ ، كۆپرەك پۇل تېپىپ قايتىپ كەتسەم ، ئانام ، ئەلە - مەھەللەم ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن ، بەختىمنى تېپىپ ، قالغان ئۆمرۈمنى باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەرمەن .

— بوپتۇ ، سۆزىڭىزنى ئاڭلاي ،— دېدىم ئاخىر مايمۇنغا ،— ئەمما مېنى ئالدىماڭ .

مايمۇن ھىجايدى ۋە :

— مانا بۇ گېپىڭىز جايىدا ،— دېدى لەۋلىرىنى تەمشىتىپ ،— ئايال خەق دېگەننىڭ ئۆزى بىر چوڭ بايلىق ، ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلىنىپ ، ئۆزىنى شاد قىلماسلىق— چوڭ ئەخمەقلىق .

ماشىنا بىر مېھمانسارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . مايمۇن مېنى خوجايىنىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى . خوجايىن قىرىق ياشلاردىكى سېمىز ، ياپما قاپاق ، پاناقراق ئايال ئىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدى ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىدى .

— مەن بۇياققا خىزمەت ئىزلەپ كېلىۋېدىم ،— دېدىم .

— مېھمانسارايىدا مۇلازىم بولۇشنى خالامسىز ؟— دېدى ئۇ .

— خالايمەن ،— دېدىم مەن ،— سىزگە رەھمەت .

مېنى باشلاپ كەلگەن مايمۇن بۇ مېھمانسارايىنىڭ ئەتىۋارلىق خىزمەتكارى ئىكەن . شۇ ئاخشىمى ئۇ ياتقىمغا كىرىپ كەلدى - دە ، تۈزۈك گەپ - سۆز قىلمايلا مېنى كارىۋاتقا تارتتى . ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ بەربىر مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدىغان بولغاندىكىن ، يەنە كېلىپ ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم بولغاندىكىن ، مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇشۇم كېرەك ئىدى ، ئەمما زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن :

— بىرەر كۈندىن كېيىن بولسا قانداق ؟— دېدىم يېلىنىپ .

— بولمايدۇ ،— دېدى مايمۇن ،— بۇ بىر قائىدە ، بۇ يەرگە

كەلگەن ئاياللار تونجى كونى سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ، سىناق ئارقىلىق ئۇنىڭ قىز ياكى چوكانلىقى بەلگىلىنىدۇ .

— قىز بولسا نېمە بولدى ، چوكان بولسا نېمە بولدى ؟ بۇنىڭ نېمە پەرقى بار ؟— سورىدىم مەن .

— ئەلۋەتتە پەرقى بار ،— دېدى مايمۇن ،— قىز بولسا ، ھەق-قى يۇقىرى بولىدۇ ، يۈز يۈەن كىرىم قىلسا ، ئوتتۇز يۈەن ئۆزىگە بېرىلىدۇ ؛ چوكان بولسا ، ھەققى تۆۋەنرەك بولىدۇ ، يۈز يۈەن كىرىم قىلسا ، ئۆزىگە يىگىرمە يۈەن بېرىلىدۇ ، بۇ خۇددى كارخا-نىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەرىجە بەلگىلەپ ، شۇ دەرىجى-سىگە قاراپ ئىش ھەققى بەرگەندەكلا ئىش .

قورسىقىمدا جىن بولغاچقا ، مەن ئەلۋەتتە سىناقتىن قورقات-تىم ، شۇڭا :

— مەن ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىردىم ، خۇدا ھەققى قىزمەن ، شۇڭا سىناپ كۆرمىسىڭىزمۇ بولار ،— دېدىم .

— ياق ،— دېدى مايمۇن ،— بۇ مېھمانسارايدا ئىشلىگەن قىز-لار ئوتتۇز - قىرىقتىن ئاشىدۇ ، بىرەرىمۇ سىناق قىلىنماي قالغان ئەمەس .

نائىلاج ئۇنىڭ رايىغا باردىم . مايمۇن مېنى يالىڭاچلاپ ، ئەتراپىمنى چۆرگىلەپ قاراپ چىقتى ، ئاندىن ئىشنى باشلىدى . يۈرىكىم پوك - پوك بولغاچقا ، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغا ئاللىقاچان بىرەر ئەر بىلەن بىللە بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۇ-چۈن زور قىزغىنلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىللە تولىمۇ ئازابلانغان قىياپەتتە نازۇكەرەشمە قىلدىم . لېكىن بۇ سەت مايمۇن تەجرىبى-لىك ئىكەن ، ئۇ يەنىلا قىز ئەمەسلىكىمنى بىلىۋالدى .

— راست گەپنى دېسەم ، مەن پەقەت ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بىلەن ئىككى قېتىملا بىللە بولغان . شۇڭا سىز خوجايىن ئالدىدا ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىڭىز ، سىزدىن ئۆمۈر بويى خۇش بولاي ،— دېدىم مەن .

— ماقۇل ،— دېدى مايمۇن ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ ، ئاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ،— مەن مۇشۇ مېھمانسارايغا مۇلازىملىققا كەلگەن قىزلارنى سىناقتىن ئۆتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئادەممەن ، خوجايىن مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىدۇ . بەزىلەر ئەسلىدە قىز بولسىمۇ سىناقنى باشلىغاندا گەپكە كىرمەي ، بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، چوكانلار قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ . سىز خېلى غەرەز ئۇقمىدىكەنسىز ، مەن خوجايىنغا قىز ئىكەن دەپ قوياي .

شۇنداق قىلىپ مەن خوجايىن بىلەن مېھمانسارايدا مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدا توختام تۈزدۈم ، مۇددىتى ئىككى يىل بولدى .

بۇ مېھمانسارايدا مەندىن باشقا مۇلازىم قىزدىن ئالتىسى ، ئەر مۇلازىملاردىن مايمۇن باشلىق بەشەيلەن بار ئىدى . بىز قىزلار خېرىدار ئىزلەپ ھەرگىز سىرتقا چىقمايتتۇق ، خېرىدارلارنى ئاشۇ ئەر مۇلازىملار تېپىپ كېلەتتى . بەزى خېرىدار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەقنى بەرمىسە ياكى دېگەن نەقتە بەرمەي ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلسا ، ئىشنى ئاشۇ ئەر مۇلازىملار توغرىلايتتى . شۇنداقلا ئۇلار مېھمانسارايىنىڭ ئامانلىقىنى ، تەرتىپىنى قوغدىغۇچىلار بولۇپ ، ئاز - تولا بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشقا كۆزى يەتكەنلەرنى بايقاپ قالسا ، ياتاققا باستۇرۇپ كىرىپ تەكشۈرگەن بولۇپ ، ئۇلارنى تۇتۇۋالاتتى - دە ، ساقچىخانىغا ئاپىرىمىز دەپ پوپوزا قىلاتتى . ئاشۇ بىچارە خېرىدارلار يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ ، يېنىدا بارىنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى . مۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ يانچۇقى خېلى توم بولغاچقا ، يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەن بېرەتتى . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭمۇ بىزدەكلەرگە پايدىسى تېگەتتى .

بۇ شەھەردە بىزدەك «مۇلازىمەت» بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار

ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدىكەن . مەن بۇنى ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بىلدىم . بىرىنچى دەرىجىدىكىلەر چوڭ شەھەرلەردىن كەلگەن ، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە ، ھەتتا بەزىلىرى بىرنەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان ساھىبجاماللار ئىدى . مۇنداقلار ئاساسەن چەت ئەللىكلەر ، مۇھاجىرلار بىلەن «بازا ئۇرۇشى» ياكى «پارتىزانلىق ئۇرۇشى» قىلىشاتتى . مۇنداقلارنىڭ كىرىمى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى . ئەسلىدە مېنىڭ شەرتىممۇ مۇشۇ دەرىجىگە توشاتتى ، ئەمما ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشۈپ بولغاچقا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسام بولمايتتى ، سەللا تاپتىن چىقىدىغان بولسام مايمۇن قاتارلىقلار جاننى ئېلىپ ئالىقاندا قوياتتى .

مەن ئەمەلىيەتتە ئىككىنچى دەرىجىدىكىلەر قاتارىدا ئىدىم . بۇ دەرىجىدىكىلەر ئوتتۇرا ـ كىچىكرەك شەھەرلەردىن كەلگەنلەر بولۇپ ، كۆپىنچىسى ئاز ـ تولا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىش ئىزلەپ كەلگەنلەر ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلەر بولۇپ ، بەك چىرايلىق ئەمەس ، ئەمما ياشلار— يىگىرمە بەش ياشتىن تۆۋەنلەر ئىدى . مۇنداقلارنىڭ مۇقىم سورۇنى بولغاچقا ، سىرتلارغا خېرىدار ئىزلەپ چىقمايدىغانلار ئىدى .

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئاساسەن يېزىلاردىن ، نامرات جايلاردىن ، خېلى بۇرۇنلا يولدىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئەرلىرىدىن ئاجراشقان ، يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەنلەر ئىدى . مۇنداقلار ئاساسەن قاتناش بېكەتلىرى ، پىرىستان ـ پورتلار ، كىنو ـ تىياتىرخانىلار ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلاتتى . بىرەر خېرىدار تېپىۋالسا يېقىن ئەتراپتىكى خالىيراق جايلاردىلا ئىشنى تاماملايتتى ، ھەققى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى . مۇنداقلار ئاسان تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقى ، تۇتۇلۇپلا قالسا نەچچە يۈز يۈەنلەپ جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ياز كۈنلىرى ئىشنى تېز تاماملاش ، بىرەر شەپە بولۇپ قالسا تېزلا قېچىش ئۈچۈن كۇسارمۇ كىيىشمەيتتى .

بۇرۇن ئادەم دېگەن تولىمۇ مۇرەككەپ دېسە ، زادى قانداق مۇرەككەپتۇر دەپ ئويلىمىغانتىم . ئەمدى بىلدىمكى ، ئادەم راستىنلا ھەم ئۇلۇغ ، ئالىيجاناب ، ھەم تولىمۇ پەس ، شەخسىيەتچى ئىكەن . ماڭا ئوخشاش ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يولىنى تاپالماي مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئەمەس ، بەلكى بىر قىسىملىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان . ئۇلار ئەسلىدە ھالال سودا بىلەن شۇغۇللانغان ، ئەمما بەزىلەرنىڭ «مېھمان كۈتۈش» بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوڭايلا پۇل تېپىۋاتقانلىقى ، ئېسىل كىيىنىپ ، ئالىي دەرىجىلىك زىبۇ زىننەتلەرنى ئىشلىتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ شۆلگىيى ئېقىپ ، كۆزى قىزارغان ـ دە ، ئەسلىدىكى سودىسىنى تاشلىۋېتىپ ، «مېھمان كۈتۈش»كە كىرىشكەن . يەنە بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسى زىيادە ئازاد بولۇپ كەتكەن . مەسىلەن ، ئالايلۇق ، مەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر قىز ئەسلىدە ئېرى بىلەن «شېرىن ئاي» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىپ بۇ سارايغا چۈشكەن . ئۇنىڭ ئېرى «مېھمان كۈتۈش» بىلەن كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، كۆزى قىزىرىپ : «سەنمۇ بىر يىل مۇشۇ ئىشنى قىلغىن» دېگەن . ئۇ قىز زادىلا ئۇنىمىغان ، ئەر ـ خوتۇن جېدەللەشكەن ۋە ئەر : «ئەگەر ماقۇل بولمىساڭ ، سېنى قويۇۋېتىمەن !» دېگەن . ئاخىر قىز : «سەن يۈمشاق باش بولۇشتىن نومۇس قىلمىغان يەردە ، مەن نېمىدىن قورقاتتىم ؟ !» دەپ ، خوجايىن بىلەن بىر يىللىق توختام تۈزگەن . ئۇ قىز «مېھمان كۈتۈش»نى باشلىغان كۈنى ، ئاشۇ ئەر غەرق مەست ھالدا مېنىڭ ياتىقىمغا كىردى . مەن ئۇنىڭغا : «خوتۇنۇڭ باشقا ئەر بىلەن ياتسا ئازابلانمىدىڭمۇ ؟ »دېسەم ، ئۇ : «نېمىگە ئازابلىناتتىم ؟ ھايۋانلارمۇ ئازابلانمايدىغۇ ؟ » دېدى . «ئۇنداقتا سەنمۇ ھايۋانمۇ ؟ » دېسەم ، ئۇ : «توغرا ، پۇل ئادەملەرنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى» دېدى . مانا ، دۇنيادا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن .

مەن شۇ مېھمانسارايغا كېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى بۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بىر قىز بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز مۇشۇ تۇرمۇشىڭىزدىن رازىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— دەسلەپتە تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش قىلغاندەك تۇيۇلدى، كۈنلەر ئۆتىۋېدى، كۆنۈپ قالدىم، ھازىر رازىمەن، — دېدى ئۇ.

— قانچە پۇل تاپىسىز؟

— مەن ئىككى يىللىق توختام تۈزگەن، ھازىر تاپقان پۇلۇم يەتتە تۈمەندىن ئاشىدۇ، توختام مۇددىتى توشقاندا، ئون ئىككى - ئون ئۈچ تۈمەنچە بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە بىردىنلا قىزىپ سۆزلەپ كەتتى، — بەلكىم بىرەر زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن بولسام، ھەر ئايدا ئۈچ - تۆت يۈز يۈەن ھەق ئالغان بولاتتىم. بۇ پۇلنى ھەرقانچە سىقىپ - يالاپ يۈرۈپ خەجلىگەندىمۇ يىلدا پەقەت بىرەر يۈز يۈەن ئىقتىساد قىلالىسام، قىرىق يىل ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققاندا ئاران تۆت - بەش مىڭ يۈەن تېجىيەلىگەن بولاتتىم. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى - ئون ئۈچ تۈمەننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭە، سېلىشتۇرسىڭىزلا چۈشىنىپ قالىسىز. بەزىلەر بۇ ئىشنى ئەخلاقسىزلىق، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش دەپ قارايدۇ. توغرا، ئەنئەنىۋى ئەخلاق، قانۇن نۇقتىسىدىن ئالغاندا شۇنداقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئوبدانراق ئويلانسىڭىز، زادىلا ئۇنداق ئەمەس. بۇ دېگەن تاۋار ئىگىلىكى دەۋرى، تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە ھەممىلا نەرسە تاۋار بولىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئادەمنىمۇ، ئادەمنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبدانراق ئويلانسىڭىز ھەممىلا ساھە، ھەممىلا كەسىپتە ئادەملەرنىڭ جىسمىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز: ئالىملار، يازغۇچىلار ئەقلىنى، يەنى كاللىسىنى ساتىدۇ؛ ناخشىچىلار بولسا ئاۋازىنى ساتىدۇ؛ پۇتبولچىلار پۇتىنى ساتىدۇ؛ بوكسچىلار مۇشتىنى ساتىدۇ ھەم خەققە ئۇرالىساڭ ئۇرۇۋال دەپ بەدىنىنى تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ . تېخى قان ساتىدىغانلار ، بۆرەكنى ساتىدىغانلار ، كۆز قارىچۇقىنى ساتىدىغانلارمۇ بار ، دېمەك ، ھەممىسى ئوخشاش ، ھەممىسى ئاشۇ نەرسىلەرنى— بەدەننىڭ مەلۇم ئەزاسىنى سېتىش ئارقىلىق ھەققە— پۇلغا ئېرىشىدۇ . بۇ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇ-رۇش بولىدۇ . ئېيتىپ بېقىڭە ، بۇ ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىق ، بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن ، بيۇروكراتلارنىڭ ھوقۇقنى پۇلغا سېتى-شى ، پارىخورلارنىڭ پارا ئېلىشى ، خىيانەتچىلەرنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ياخشى ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ كەسپى-مىزمۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ، خۇددى جەمئىيەت ئۇچۇن ئام-مىۋى ھاجەتخانا لازىم بولغاندەكلا . ئەگەر شەھەردە ئاممىۋى ھا-جەتخانا بولمىسا ، ئادەملەر ھەممىلا يەردە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلسا ، شەھەر ھاجەتخانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . سىز شەھەرگە ئاممىۋى ھاجەتخانا لازىم ئەمەس دېيەلەمسىز ؟

بەزى ئادەملەر مانا شۇنداق شەرمەندە ھالغا چۈشكەن . مەن ئاشۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ، ئۇلارغا نەپرەتلەن-گەن ھەم ئېچىنىشمۇ ئاغرىتقان . ئەمما بارا - بارا ئۆزۈممۇ شۇلاردەك نەپرەتلىك ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدىم…

## *8*

پەرىزاتنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇيقۇم كەلمى-دى ، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك تۈگىمىدى ، قولۇم ئىشقا بارمىدى . ئىش شىرەيىم ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، شىرەدىكى ئەسەر-لەرنى بىرنەچچە رەت قولۇمغا ئالغان بولسامۇ ، زادىلا ئوقۇغۇم كەلمىدى .

ھايات ھەسەلدەك ، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ لېۋىدەك تاتلىق ،

شۇنداقلا كەكرىدەك ، تازا ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئۇچلۇق كۆك مۇچتەك ئاچچىق . هايات باھاردىكى رەڭدار ، خۇش پۇراق گۈل- لەرگە تولغان گۈلزار ۋە يازنىڭ خىلمۇخىل مېۋىلىرى پىشقان باغدەك گۈزەل ، شۇنداقلا سۇسىز ، گىياھسىز چۆلدەك سەت . ئۇنىڭ يولى مۇقەددەس ، پەرىزاتتەك ساددا ياشلار ئويلىغاندەك تۈپتۈز ئەمەس . ئادەملەرنىڭ هايات ، بەخت ، پۇل توغرىسىدىكى بىلىشى ، چۈشەنچىسى ، قارىشى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولمىغانلى- قى ئۈچۈن بىلىپ - بىلمەيلا خىلمۇخىل سەۋەنلىكلەرگە يول قويىدۇ - دە ، ئاقىۋەتتە ئۆمۈرلۈك دەرد - ئەلەم ، پۇشايمانغا قالىدۇ . هايات ، بەخت دېگەن زادى نېمە؟ بەزىلەر هايات ، بەخت دېگەن مۇئەييەن ئارزۇ ، غايە يولىدا ئىزدىنىش ، كۈرەش قىلىش دەپ قارايدۇ ؛ بەزىلەر بولسا ياخشى كىيىنىش ، ياخشى يەپ - ئىچىش دەپ قارايدۇ ؛ يەنە بەزىلەر كۆپ پۇل تېپىپ ، ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتۈش دەپ قارايدۇ . هاياتلىق يولىدا بەزىلەرگە بەخت خۇددى يولدا كېتىۋېتىپ بىر پارچە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك تاسادى- پىي كېلىپ قالىدۇ . بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان قولغا كەلگەن بەختىنى گويا يولدا بىرەر تەڭگىسى چۈشۈپ قالغاندەك يوقىتىپمۇ قويىدۇ . بىز بۇلارنى ھەقىقىي بەخت دېيەلەمدۇق؟ بەزىلەر ئۆز- لىرىنىڭ ئارزۇ ، غايىسى يولىدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىدۇ ، كۈرەش قىلىدۇ ، سان - ساناقسىز رىيازەت چېكىدۇ ، بىراق ئارزۇ ، غايىسىگە يېتەلمەي قالىدۇ ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ هاياتىنى بەخت- سىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن دېيەلەمدۇق؟ گېئورگى شۇست : «مەن شۇنداق بىر ھېسسىياتقا كەلدىمكى ، كىشى پەقەت ئىشلەۋاتقان ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىققاندىلا ئاندىن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلەيدىكەن ، بولمىسا بەخت دېگەن يىلتىزسىز دەرەخكە ، مەنبەسىز سۇغا ئايلىنىپ قالىدىكەن» دېگەنىكەن . قايسىدۇر بىر شائىرمۇ مۇنداق يازغانىكەن :

بۇرادەر ، زەيكەشنىڭ ، سۈزۈك كۆلچەكنىڭ ،
قىلمىغىن ، سەن توختام سۈيىگە ھەۋەس .
ئەۋزەلدۇر مىڭ يىلدىن تاغ سۈيى بولۇپ ،
شاۋقۇنلاپ ، دولقۇنلاپ ئۆتكەن بىر نەپەس .

بۇ يەردىكى «قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش» ، «تاغ سۈيىدەك شاۋقۇنلاش ، دولقۇنلاش» ، مېنىڭچە ، «ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن ئاز ـ تولا بولسىمۇ پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنى ۋايىسىغا ـ قاقشىماي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەڭ بەخت دېگەن شۇ» دېگەنلىك بولسا كېرەك . چۈنكى ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرەلىگۈدەك بۈيۈك ، كاتتا ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن . لېكىن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي ئورۇنلىرىدىكى ھالال تەرى بىلەن قىلغان ئىشلىرى ئارقىلىقمۇ ئۇلۇغ بولالايدۇ . «ئادەم بۇ ئالەمگە نېمە ئۈچۈن كەلگەن ۋە نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ ؟» دەپ سوئال سورالسا ، ھەممەيلەننىڭ بىردەك «بەخت ئۈچۈن كەلگەن ۋە بەخت ئۈچۈن ياشايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقى ئېنىق . ئەمما «بەختنى قانداق يارىتىش كېرەك ؟» دەپ سورالسا ، جاۋابنىڭ بىردەك بولۇشى ناتايىن . ئادەممۇ ، ھايۋانمۇ ياشايدۇ ، ئەمما ھايۋاندا ئارزۇ ، غايە ، ۋىجدان ، مۇھەببەت بولمايدۇ ، بۇلار پەقەت ئادەمدىلا بولىدۇ . ناۋادا ئادەملەرمۇ ئارزۇ ، غايە ، ۋىجدان ، مۇھەببەتتىن ئايرىلسا ، ھالال تەر ئەجرى ۋە پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن بەخت يارىتىشقا تىرىشمىسا ، ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ .

خىياللار بىلەن بولۇپ ، كۆڭنىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن . كەچتە ئۆيگە قايتىپ ئىشىكنى ئاچسام ، ئىشىك ئاستىدىن كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە خەت ئۇچرىدى . كونۋېرتقا ئادرېس ياكى خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغانىدى . مۇنداق خەتلەر پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىم خېلىلا ئاچقانلىقى ئۈچۈن خەتنى ئوقۇشقا ئالدىرىماي ،

ئاۋۋال چاي دەملەپ ، توڭلاتقۇدىن ئاخشام قېپقالغان قورۇمىلارنى ئېلىپ قورساقنى توقلىدىم . ئاندىن كۇتۇپخانامغا كىرىپ بايىقى خەتنى ئاچتىم . بۇ مۇقەددەسنىڭ خېتى ئىكەن :

ھۆرمەتلىك ئۇمىدجان ئاكا !

ئاخشام پەرىزاتنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق ئويلىغانلىقلىرىنى بىلمەيمەن . ئەسلى ئۆزۈم ئالدىلىرىغا بېرىپ پاراڭلىشىش ، ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىغانىدىم . ئەمما ئاخشام پەرىزاتنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئاراملىق ، خىجىللىق ئىلكىدە قالدىم . ئۇ بۇرۇن بۇ ئىشلار ھەققىدە بىزگە ئېغىز ئاچمىغانىدى . ئۇ تېخى پات ـ پاتلا بىزگە : «ئۇچتە— بىللە ئولتۇرۇش ، مەي ـ شاراب ئىچىشىش ، تانسا ئويناشتا — ھەمراھ بولساڭلارلا بولدى . ئەرلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىڭلارنى تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويسىمۇ مەيلى ، خاپا بولۇپ كەتمەڭلار ، لېكىن ھەرگىزمۇ ئىپپەت ـ نومۇسۇڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى . بىز ھەمراھ بولغان بەزى ئەرلەر بەتقىلىقلىق قىلسا ياكى بىزنى بوزەك ئەتمەكچى بولسا ، مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزنى قوغدايتتى ؛ بەزى ئەرلەر تاماشىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن چىدىماسلىق قىلىپ ھەققىمىزنى بەرمەي جېدەل چىقارسا ، ئۇ زاكونلىشىپ يۈرۈپ ياكى ئامانلىقنى قوغداش خادىملىرىنى باشلاپ كېلىپ ، ئاشۇ ئەرلەردىن ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرەتتى . شۇڭا بىز بىرنەچ-چىمىز ئۇنى ھەدىمىز ، ھىمايىچىمىز ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيت-تۇق . ئاخشامقى گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ كۆڭلۈم چۆبىن يەۋالغان-دەك بولۇپ قالدى . بەلكىم سىلەر بىز ئۇچكە ھەمراھ بولغۇچى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەچۈرمىشى پەرىزاتنىڭكىگە ئوخشاش ، دەپ ئويلاپ قالغانسىلەر . ئاشۇنداق ئويلىغان بولساڭلار ، بۇ بىز ئۇچۈن ئۈۋالچىلىق ، بولۇپمۇ ماڭا ھاقارەت ، ھەقسىزلىق بولد-

www.uyghurkitap.com

دۇ . شۇڭا مەن مۇشۇ خەت ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ بېرىشنى لايىق كۆردۈم .

بىز ئاشۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئانا شەھىرىمىزنىڭ باغچىسىدا كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت تولىمۇ تەقەززالىق ، تىت - تىتلىق ئىچىدە ئۆتتى . ئاخىر دۇمباقمۇ يېرىلدى : بىز ئۈچ دوست — مەن ، گۈلنار ۋە گۈلناز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدۇق . ئۈچىلىمىز ئارزۇ جەدۋىلىگە بىرىنچى قىلىپ توشقۇزغان مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغاندۇق . شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمىزنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن ، ھەقىقەتەن خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرىمىز ئېچىلغان ، ئاغزىمىز قۇلىقىمىزغا يەتكەن ، خۇددى توشقاندەك سەكرىشىپ ، ئانىسىنى كۆرگەن ئوغلاقتەك ئويناقلاپ كەتكەندۇق . بېيجىڭدە — مۇقەددەس پايتەختىمىزدە ئوقۇشتەك ئارزۇيۇمغا يەتكەچكە ، مېنىڭ خۇشلۇقۇم تېخىمۇ چەكسىز ئىدى . مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھادىس گۈزەل بىر مەنزىرە قۇچاق ئاچقانىدى : مانا مەن ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مۇكەممەل تەربىيىلىنىپ جەمئىيەتكە قەدەم قويدۇم . ئەمدى ماڭا لى بەي ، دۇ فۇ ، پوشكىن ، لېرمونتوف ، بايرون ، شېكسپىر ، نەۋائىي ، گۇمنام ، تاگور ، يېسىنىن… دېگەنلەر ناتونۇش ئەمەس ، ژۇرناللارغا داڭلىق ئەدىبلەر قاتارىدا مېنىڭمۇ ئەسەرلىرىم بېسىلىۋاتىدۇ . ئەدىبلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتىمۇ بولۇپ تۇرىمەن . شېئىرلىرىمنى كۆتۈرۈپ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىگە بارسام ، مۇھەررىرلەر ھۆرمەتتە كۈتۈۋالىدۇ . شېئىر توپلاملىرىمنى سېتىۋالغۇچىلار قول قويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىشىدۇ ، شېئىرلىرىم ھەققىدە ئوبزورچىلارمۇ ئوبزورلارنى يېزىشىدۇ ، ھەرخىل مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلىشىدۇ… ئاھ ، ئۈمىدجان ئاكا ، يۈرەك دېگەن مۇشتۇمچىلىك كىچىككىنە بىر نەرسە بولغان بىلەن شۇنچە چوڭ

خۇشاللىقنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىكەن، يېرىلىپ كەتمەيدىكەن.
ئاشۇ چاغدا مېنىڭ قانات ياساپ ئۇچقۇم، پۈتۈن ئالەمنى ئارىلاپ
«مەن ئالىي بىلىم يۇرتىغا قوبۇل قىلىندىم» دەپ ۋارقىرىغۇم
كەلگەنىدى. ئۆمۈربويى ئېتىز - ئېرىق بىلەن ھەپىلىشىپ ۋىلا-
يەتنىڭ مەركىزىي شەھىرىنى كۆرۈشكىمۇ پۇرسەت چىقىرالمىغان
ئاتا - ئانامىمۇ خۇشاللىقتا كۆز يېشى قىلغان، پېشانەمگە سۆيۈپ:
«ئارزۇيۇڭغا يەت، قىزىم، ياخشى ئوقۇپ بەختىڭنى تاپ، يۇزد-
مىزنى يورۇق قىل!» دېيىشكەنىدى.

گۈلنار ئوقۇشنى تېز پۈتتۈرۈش، تېز خىزمەتكە چىقىش
ئارزۇسى بويىچە ئانا شەھىرىمىزدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا — ئالىي كۇرس سىنىپىغا كىردى. بىچارە
گۈلنازغا ئۆزىنىڭ پەرىزىدىكىدەكلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نې-
سىپ بولمىدى، ئاتا - ئانىسى: «ئوقۇشقا زادىلا ئەۋەتمەيمىز»
دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ قاقشىدى، يالۋۇردى، يىغلىدى، لې-
كىن ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى كونا ئادەتنىڭ تەسىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ
قەدرىگە يەتمەيدىغان قارا قورساق كىشىلەرنىڭ كوت - كوتلىرى
تۇپەيلى جاھىللىقى قاتقان ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئېرىمىدى.

ھۆرمەتلىك ئۇمىدجان ئاكا، بۇ ئالەم ئاياللار ۋە ئەرلەردىن
تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپ - غارا-
يىپلىقى بەلگىلەنگەن، شۇڭا بۇ تۇرمۇشتا گۈزەللىكمۇ، رەزىل-
لىكمۇ، پاكلىقمۇ، ناپاكلىقمۇ بار. ئادەمنىڭ نەپسى ۋە غە-
زەپ - نەپرىتى ئەقىل - ئىدراكتىن ئۈستۈن كېلىپ، ئەخلاق
ۋە ئاقىلانىلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندا، رەزىل-
لىك ئۆزىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئاتا
بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن
مېۋىنى يېگەندىن تارتىپ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەر - ئايال
ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىچە ئالاقىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان. شۇ-
نىڭدىن بۇيان، بۇ قەدەمنى بىز ئىنسانلار داۋام قىلىپ كېلىۋاتى-

مىز . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، بۇ ئۇزۇلمەس سەپەر يولىدىكى قىلتاق ـ تۇزاقلارغا بىردەملىك ھاياجان ياكى ئازدۇرۇش تۇپەيلىدىن ئوڭايلا چۈشۈپ قالىمىز . بولۇپمۇ ھازىرقىدەك تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىدا زىيادە ماددىي تەلەپ پۇتكۇل جەمئىيەتنى غاجىلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، غەربلىكلەرنىڭ «ئەركىن جىنسىي تۇرمۇش» قارىشىنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن بەزى تېخى كۆزى ئېچىلمىغان ، ئالەمنى توغرا تونۇپ يەتمىگەن ناتىۋان قىزلار ماددىي تەلەپنى قاندۇرۇش ۋە مۇستەقىل ياشاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنداق تۇزاقلارغا ئوڭايلا چۈشۈپ قالىدۇ . قەپەس — ئەركىنلىكنى بوغىدىغان نەرسە . لېكىن ئۇ بەزىدە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ، ئۇنچە ـ مەرۋايىت ، رەڭدار گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن ، ئىچىگە ئالتۇن قونداق ، ئالتۇن دانچۇق قويۇلغان بولىدۇ . ئۇ ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ ، ئۇنى كۆرگەن بۇلبۇل ، كاككۇك ، تۇمۇچۇقلارنىڭ قەپەسنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىرى ، ئۇنىڭغا كىرىپلا قالسا چىقماقنىڭ قىيىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمىگەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى كېلىدۇ . كىرگەندىن كېيىن ، ئاز ساندىكىلىرى ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ ، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى پۇشايمان قىلىدۇ ، قايتىپ چىقماقچى بولىدۇ ، بىراق قايتىپ چىقىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ، بۇ يولدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇربان بولىدۇ ، بەزىلىرى غايەت زور بەدەل تۆلەيدۇ . مانا مەن ئاشۇنداق قەپەسكە ئالدىنىپ ، ئېزىپ كىرىپ قېلىشقا تاسلا قالغان تۇمۇچۇقلارنىڭ بىرىمەن .

مەندىكى سەۋەنلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان باھار كۈنلىرىدە كۆرۈلدى . بۇ سەۋەنلىك پەرىزات ئۆتكۈزگەن تۈنجى سەۋەنلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ .

تۆتىنچى ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ بىزنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى . مەن بىر ئوغۇل

ساۋاقداشىم بىلەن تۆت يىلدىن بۇيان (ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى يىل تەييارلىقتا خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن. مۇنداق ياخشى ئۆتۈشۈش ساۋاقداشلىق مېھرى بىلەن باشلىنىپ، بارا - بارا دوستلۇققا، مۇھەببەتكە ئايلانغانىدى. ئۇ كېلىشكەن، سەمىمىي، تىرىشچان يىگىت ئىدى. مەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم، ئۆمۈرلۈك ۋاپادارىم بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇ كۈنى ئىككىمىز تاماشا قىلغىلى يىخېيۈەن باغچىسىغا باردۇق. گەرچە بىز بېيجىڭدا بولساقمۇ، بۇ باغچىغا پات - پات كېلىپ ئويناش پۇرسىتى بولمايتتى. شۇڭا كۆپرەك كۆرۈۋېلىشنى، باغچىدىكى تەبىئىي گۈزەللىكتىن كۆپرەك ھۇزۇرلىنىۋېلىشنى ئويلىغان بولساق كېرەك، بىز قايتايلى دېگەندە، ۋاقىت خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى، شۇنداقلا قورساقمۇ ئوبدانلا ئاچقانىدى. بىز يېمەك - ئىچمەكلەر دۇكىنىدىن بولكا، چاي سۈيىدە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ يېشىل چىمەنلىكتىكى مەجنۇنتال ئاستىغا كېلىپ قورساق توقلىدۇق. بىز شۇ چاغدىلا دىققەت قىلدۇقكى، بىزنىڭ ئەتراپىمىز ئاشىق - مەشۇقلار بىلەن تولغانىدى، ئۇلار دەرەخ ئاستى، گۈل تۈۋى، تاش ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان بولۇپ بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشەتتى، ئادەمنىڭ نازۇك نېرۋىلىرىنى قوزغايدىغان سۆزلەرنى قىلىشاتتى، بەزىلىرى يېشىل چىمەن ئۈستىدە— ھەممىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقتىلا ئىرماش - چىرماش يېتىشاتتى. بەزىلىرى بېشىغا چاپىنىنى ياكى ئۈستىگە نېپىز ئەديال يېپىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ،— دېدىم مەن گەرچە بىز مەجنۇنتال ئاستىدا بولغاچقا ھېچكىم كۆرمەيدىغان بولسىمۇ يۈزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

— ئۇلارغىمۇ نېمە ئىلاج؟— دېدى سۆيگەن يىگىتىم مېنى

ئۆزىگە يېقىن تارتىپ ،— بەزىلىرىنىڭ يۈرۈۋاتقىنىغا نەچچە يىل بولغان ، بەزىلىرى توي خېتىمۇ ئېلىشقان ، لېكىن ئۆي قىسلىقى تۈپەيلىدىن توي قىلىپ بىر ئۆيدە بولالمىغان . بەزىلەر نەچچە ئەۋلاد كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە ياشايدىغان بولغاچقا ، ئەر - ئاياللىق ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن...

سۆيگەن يىگىتىم يۈزۈمنى تۇتۇۋالغان قولۇمنى چۇشۇردى ، مېنى بېلىمدىن تۇتۇپ چىڭ قۇچاقلىدى ، پىشانەمگە ، كۆزۈمگە ، مەڭزىمگە ، ئاندىن لېۋىمگە سۆيدى . ۋۇجۇدۇم توك تەپكەندەك لەرزىگە كەلدى ، ئاجايىپ بىر سېزىم پۇتلىرىمنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ چۇمۇلە ماڭغاندەك قىمىرلاپ كېلىپ لېۋىمگە يىغىلدى . مەنمۇ سۆيگەن يىگىتىمگە گىرە سالدىم ، ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە سۆيدى ، ۋۇجۇدۇم قىزىدى ، يىگىتىمنىڭ بىر قولى كۆكسۈم ئۈستىدە مىدىرلىدى . ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقاندەك ئىدىم ، پۈتۈن كاللامدا بىر خىل ئىنتىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . بىز ئاستا - ئاستا چىمەنلىككە قۇچاقلاشقان ھالدا قىيسايدۇق...

ئۇمىدجان ئاكا ، ئادەم دېگەن جاسارەتلىك ، قەيسەر ، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ، شۇنداقلا بەزىدە تولىمۇ ئاجىز ، بوشاڭ ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپلا باشقا ھەرقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان مەخلۇق ئىكەن . بەزىدە ئادەمنىڭ ھاياتىدا شۇنداق جىددىي ، خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئۆزگىرىش بولىدىكەنكى ، ئادەم خۇدىنى ، ھوشىنى ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قىسقا ۋاقىتلىق ھاياجانىنىڭ ، تەنتەك ھەۋەسىنىڭ بىھۇدە قۇربانى بولۇپ كېتىدىكەن . ئەنە شۇ قىسقىغىنا مۇددەتتە ، مەن سۆيگۈگە تەشنا بىر قىز ئۆزى سۆيگەن يىگىتىنىڭ سۆيۈشى ، بىللە بولۇشىدىن قانچىلىك ھۇزۇر ئالغان ۋە ئۆزىنى قانچىلىك بەختىيار ھېس قىلغان بولسا ، ئۆزۈمنى ئۇلاردىن تۇمەن مىڭ ھەسسە بەختىيار

ھېس قىلغانىدىم ، جاھاندا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھۇزۇر ـ لەززەتنىڭ
بولۇشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەن ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قىسقا
مۇددەتلىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالىمنى خاراب
قىلىش ئۈچۈن پۈت ـ قولۇمغا سېلىنغان كويزا ـ كىشەن ئىكەن-
لىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم . بىز قىزلار شۇنداق ئىرادىسىزمۇ ؟
شۇنداق بوشاڭ ـ ئاجىزمۇ ؟ مەن ياق دېيەلمەيمەن . ئاجىز بولمى-
سام ئاشۇ دەقىقە ئىچىدە كەلگەن لەززەتلىك تۇيغۇنىڭ ھۇجۇمىغا
بەرداشلىق بېرىپ پاكلىقىمنى ساقلاپ قالماتتىم ؟ !
ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ھامىلىدار بولۇپ قال-
غانلىقىم ئاشكارىلاندى . نادانلىقىمدىن بولسا كېرەك ، ھەيران
قالدىم : ئەجەب ـ ھە ، بەزىلەر توي قىلىشىپ ، بىر ياستۇققا باش
قويۇپ نەچچە يىللار ئۆتسىمۇ ، پەرزەنت كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ ،
ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ باقسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيدۇ ،
ئەمما مەن نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بىر قېتىم ، پەقەت بىر قېتىمدىلا
ھامىلىدار بولۇپ قالىمەن ؟
مەكتەپ مەندىن بالىنىڭ ئاتىسىنى جىق سۈرۈشتە قىلدى ،
مېنىڭ سۆيگەن يىگىتىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇم ، ئۇنىڭ ئىس-
تىقبالىنىمۇ خاراب قىلغۇم كەلمىدى . ئۇ ماڭا : «جېنىم مۇقەد-
دەس ، بىرەر يىلدىن سەللا ئارتۇق ۋاقىت قالدى ، چىدىغىن ،
ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا ، مەن سەن بىلەن توي قىلىمەن ، زادىلا ۋاپا-
سىزلىق قىلمايمەن» دەپ يالۋۇرغانىدى . شۇڭا مەكتەپتىكىلەرگە
«بىر ئولتۇرۇشقا بارغان ، شۇ يەردە ئازراق قىزىل ئۈزۈم ھارىقى
ئىچكەنلىكىمنى بىلىمەن ، شۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلى-
قىنى بىلمەيمەن» دەپ يالغان ئېيتتىم . ئۇلار مېنى مەكتەپتىن
ھەيدىۋەتتى .
مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىر ئاددىي مېھمانسارايغا
چۈشتۈم . مەن ئاشۇ ھالىتىمدە ئۆز يۇرتۇمغا— ئاتا ـ ئانامنىڭ
ئالدىغا كېتەلمەيتتىم .ئاشۇ بىچارە ئاتا ـ ئانام مەندىن نەقەدەر

www.uyghurkitap.com

چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ـ ھە؟ ئۇلار مەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغاندا خۇشاللىقىدا يىغلاپ، مېنى باغرىغا بېسىپ، پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئارزۇيۇڭغا يەت، قىزىم، ياخشى ئوقۇپ بەختىڭنى تاپ، يۈزىمىزنى يورۇق قىل!» دېمىگەنمىدى؟ ئۇلار يېمەي ـ ئىچمەي دېگۈدەك پۇل جەملەپ، ھەر يىللىق ئوقۇش پۇلى، تاماق پۇلى، ياتاق پۇلى ۋە پارچە ـ پۇرات خىراجەتلەر ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز مىڭ يۈەندەك پۇل ئەۋەتىپ مېنى ئوقۇتقان ئەمەسمىدى؟ ئاشۇ پۇللار ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئەمەسمۇ؟ دېھقانچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان، قوشۇمچە ھۈنىرى بولمىغان دېھقاننىڭ بىر يىلدا يەتتە ـ سەككىز مىڭ يۈەن پۇل تاپمىقى ئاسان گەپمۇ؟ مەن ئاشۇ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇللارنى دەپسەندە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى يەرگە ئۇرغاننىڭ ئۈستىگە قورسىقىمنى تومپايتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قانداق بارالايمەن؟ ئۇلار ئەل ـ يۇرت ئالدىدا نومۇستىن ئۆلۈپ قالمامدۇ؟ مەنمۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟

شۇڭا، سۆيگەن يىگىتىمنىڭ ئوقۇشى پۈتكەنگە قەدەر ئۈرۈمچىدە ئۆزۈمگە لايىق بىرەر ئىش تېپىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن بۇ يەردە بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى تونۇش ـ بىلىشىم يوق ئىدى.

مانا شۇنداق «چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق» دېگەندەك موھتاجلىقتا قالغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە پەرىزات بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ئۇنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەر تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، كېچىلىك بەزمىخانىدا خانقىز بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن.

مەن كەچقۇرۇن تاماق يېيىش ئۈچۈن مېھمانساراي يېنىدىكى ئاشخانىغا كىرگىنىمدە، پەرىزات يەنە بىرقانچە قىز ـ ئوغۇل

بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقانىكەن . مەن يېرىم لەڭمەن بۇيرۇتقانىدىم ، خېلى ۋاقىتقىچە تاماق چىقمىدى . شۇ ئارىلىقتا پەرىزات ماڭا بىرنەچچە رەت قارىدى .
— تاڭجاڭ ، مېنىڭ تامىقىم قاچان چىقىدۇ ؟— دېدىم مەن سەل چېچىلىپ .
— خاپا بولماڭ ، خانقىز ،— دېدى تاڭجاڭ ،— باشقا مېھمانلار بۇيرۇتقان قورۇمىلار كۆپرەك بولغاچقا ، ئاشپەز ئۇستام ئۈلگۈرەلمەيۋاتىدۇ .
— بەزىدە خېرىدار چاقىرىپ كارنىيى يىرتىلغۇدەك بولۇپ كېتىدىغان ، بەزىدە چىۋىن قورۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالىدىغان ئاشپەزلەرنىڭ ھازىرقىدەك چاغلاردا ھالى ئۇستۇن بولۇپ قالىدۇ ، بىرەر قاچا لەڭمەن ، پولۇ ، بەش ـ ئالتە مانتا يەيدىغانلارغا قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ ،— دېدى پەرىزات يېنىمغا كېلىپ ،— يۈرۈڭ ، سىڭلىم ، بىز تاماقنى ئاۋۇ شىرەدە بىللە يەيلى .
ئۇ مېنى ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ، ئۆز يېنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى . تاماقتىن كېيىن باشقىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ مەن بىلەن بىللە مېنىڭ ياتىقىمغا كىردى . ئۇ سوراپ تۇرۇۋالغاچقا ، نائىلاج كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئاخىرىدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم . بۇ ھەم پۇشايمان ، خورلۇق يېشى ، ھەم مىننەتدارلىق يېشى ئىدى .
— يىغلىماڭ ، سىڭلىم ،— دېدى پەرىزات ئېغىر خۇرسىنىپ ،— بۇ دۇنيادا كىمنىڭ دەردى يوق ؟ ھەتتا پۇچۇق كېسەك ، مايماق ئېشەكنىڭمۇ دەردى بار . سىزنىڭ دەردىڭىز مېنىڭ دەردىمگە ياماقمۇ بولالمايدىكەن . «غېرىبنىڭ دەردىگە غېرىب يېتەر» دېگەن گەپ بار . مەنمۇ غېرىب ، يۈرۈڭ مەن بىلەن .
مەن بار ـ يوق مۈلكۈمنى— كىيىم ـ كېچەك ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىكلىرىم قاچىلانغان سومكامنى ئالدىم ـ دە ، پەرىزاتقا

www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ ، ئۇ ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيگە كەلدىم . بۇ بىر خۇيزۇ دېھقان سالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئاشخانا ، تازىلىق ئۆيىدىن باشقا بىر كىچىك ، بىر چوڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىدى . ئۆي خۇددى يېڭى توي قىلغان ياشلارنىڭ ئۆيىدەك جابدۇلغانىدى ، تېلېۋىزور ، لازېر نۇرلىق پلاستىنكا قويغۇچى ئاپپاراتمۇ بار ئىدى . پەرىزات ماڭا بىر ئاچ-قۇچنى تۇتقۇزۇپ :

— مانا بۇ ئۆي تاكى ھەر ئىككىمىز ياتلىق بولۇپ ئايرىم - ئايرىم ئۆي تۇتقانغا قەدەر ئىككىمىزگە تەئەللۇق . بۇنىڭدىن كې-يىن ئىككىمىز ئاچا - سىڭىل ، ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالماي-مىز ، راھەت - پاراغەتتىمۇ ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ بىرگە بولى-مىز ،— دېدى .

— مېنىڭ يا پۇلۇم ، يا خىزمىتىم بولمىسا ،— دېدىم مەن خىجىللىق بىلەن ،— سىزگە ئېغىرىمنى سېلىۋەرسەم قانداق بو-لىدۇ ؟

— نادان قىز ، سىزدە ھازىرچە پۇل بولمىسا مەندە بار ، خىزمەتتىن غەم قىلماڭ ، ‹جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان › دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز ؟— دېدى پەرىزات قاقاقلاپ كۈلۈپ .

ئۇمىدجان ئاكا ، مانا شۇنىڭدىن بۇيان مەن پەرىزات بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمەن . بەلكىم سىلى «ئاشۇ پەرىزات سۆزلەپ بەرگەندەك ياشاۋاتامسىلەر ؟ » دەپ سورارلا . ياق ، ئاكا ، ئۇنداق ئەمەس ، ئەزىبىرايى خۇدا ئۇنداق ئەمەس . پەرىزاتمۇ ئۇنداق ئىش-لاردىن قول ئۈزگەن . بارا - بارا چۈشەندىمكى ، بىز ئولتۇرۇۋات-قان بىنادا ماڭا ئوخشايدىغان قىزلاردىن يەنە بىرنەچچىسى بار ئىكەن ، بۇلار ئارىسىدا خەنزۇ ، خۇيزۇ قىزلىرىمۇ ، ئۇيغۇر ، قازاق قىزلىرىمۇ بار . مۇنداق قىزلار بۇ شەھەرنىڭ باشقا جايلى-رىدىمۇ بار ئىكەن . بۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدى-كەن . بەزىلىرىنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىگە ئوخشايدىكەن . ئىسمىنى

مالى دەپ ئاتىۋالغان سەھرالىق خەنزۇ قىزى توي قىلىشقا پۇل جۇغلاش ئۈچۈن ؛ شياۋخۇڭ دېگەن خۇيزۇ قىز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ، ئوبدان يەپ ، ياخشى كىيىنىش ئۈچۈن ؛ مەكەن دېگەن قازاق قىز ئاتا - ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەچكە ، سىڭلىسى ۋە ئىنىسىنى داۋاملىق ئوقۇتۇش ئۈچۈن ؛ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئايپاشا دېگەن ئۇيغۇر قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغاچقا ، ئوقۇش پۇلى ۋە باشقا خىراجەتكە كېتىدىغان پۇللارنى غەملەش ئۈچۈن خانقىز بولۇپ ئىشلەيدىكەن . سىز «بۇ ئىش بىلەن قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولار» دەپ ئويلاۋاتقانسىز . بۇ دەسمايە كەتمەيدىغان ئەپلىك كەسىپ . ئادەتتە بىر ئاخشام بىرەرىگە ھەمراھ بولغاندا يۈز يۈەن چاي پۇلى بېرىدۇ . سېخىيراق خېرىدار بولۇپ قالسا ، ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەنمۇ بېرىۋېتىدۇ . كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم ، ئەرلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ ئەخمەق . ئۇ- لار ئاشۇ خانقىزلارنىڭ بىرەرى بىلەن ياخشىراق تونۇشۇپ قالسا ، پات - پات چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ ، ھېيت - بايراملاردا تېخى كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىدۇ ياكى بەش - ئالتە يۈز يۈەن بېرىۋېتىدۇ . مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا ، بىرەر يىلدا يەتتە - سەك- كىز مىڭ يۈەننى ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپ تاپقىلى بولىدۇ .

ئۈمىدجان ئاكا ، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم مانا شۇ . ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، مەن پەقەت ‹ئۈچكە ھەمراھ ›لا بولى- مەن ، باشقا ئىشنى قىلمايمەن . ئاشۇ ئۆزۈم سۆيگەن يىگىت بىلەن يېخىپيۈەن باغچىسىدا نادانلارچە بىللە بولۇپ سالغاندىن باشقا ، غەيرىي يىگىتلەر بىلەن زادىلا بىللە بولغىنىم يوق . بىراق ، ئۆزۈمنىڭ خانقىز بولغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن . مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ، مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىستىقبالى- نى ساقلاپ قالغان يىگىتىمۇ مېنى تاشلىۋەتتى . بىزنى پەقەت بىرەر ئاخشام كۆڭلىنى ئېچىۋېلىش ئۈچۈنلا بەزى ئەركەكلەرنىڭ ئىزدەشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتكۈل جەمئىيەت پەس كۆرى-

دۇ. ئاشۇنداق «ئۆچكە ھەمراھ» بولغۇچى خېلى كۆپ خانقىز تۇرمۇش قۇرۇش يولىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان. راست گەپنى دېسەم، مۇنداق خانقىزلار چىرايلىق، يىگىتلەرنىڭ ئوڭايلا كۆزى چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن تونۇشقۇسى، مۇھەببەتلەشكۈسى كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خانقىز بولغانلىقىنى بىلگەن ھامان خۇددى ئىبلىسقا يولۇقۇپ قالغاندەكلا قاچىدۇ، ھەتتا مۇھەببەتلەشكەن، ئۆمۈرلۈك بىللە بولىمىز دېيىشكەنلىرىمۇ تاشلىۋېتىدۇ.

ئۇمىدجان ئاكا، بۈگۈن مەن خۇددى پەرىزاتقا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى يازغۇچى، ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب، پەرىشتىلەر قوۋمىگە مەنسۇپ كىشى، بىزنى توغرا چۈشىنەر دەپ قارىغاچقا، ئەھۋالىمنى دەپ بەردىم. مەندىن نەپرەتلەنسىلىمۇ ئىختىيارلىرى، مەن بۇنىڭدىن ھەرگىز خاپا بولمايمەن، بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى، ئۆزۈم تاپقان بالا. ناۋادا توغرا چۈشىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى خالىسىلا، چاقىرغۇغا تېلېفون قىلارلا. سىلىنىڭ بىر ھېكايىدە مۇنداق يازغانلىقلىرى يادىمدا: «كىشىلەر ئۆزلىرىگە خاس ھايات يولىنى تاللىۋالىدۇ. ئۇلار تاللىغان قايسى خىل ھايات يولىغا نەپرەتلىنىش كېرەك؟ بەزىلەر ياغاچچى، بەزىلەر تامچى، ساتىراش، بەزىلەر خۇشامەتچى، تەخسىكەش، بەزىلەر دىۋانە ـ تىلەمچى. ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن شۇ يولنى تاللىغان ۋە شۇ يولغا مۇھەببەت باغلاپ، چىن دىل بىلەن بېرىلگەن. بۇلارنىڭ قايسىبىرىدىن نەپرەتلىنىش كېرەك؟ ئۇلار شۇ يولنى— ئاشۇ كەسىپنى تاللىغانىكەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ، شۇ كەسىپ ئۇلارغا قەدىرلىك. سەن نەپرەتلىنەمسەن ياكى ھېسداشلىق قىلامسەن، بۇ ئۇلارغا بەرىبىر.» ئەلۋەتتە، سىلى بۇلارنى بىر ۋاپاسىز— «شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرۈش»، مۇھەببەتتە «ھەممىنى كۆرۈش» يولىنى تاللىغان شاللاق قىز ھەققىدە سۆزلىگەندە دېگەن ۋە ئاخىرىدا: «سىزنىڭ ۋاپاسىزلىقىڭىز تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر، تەبىئىي خا-

راكتېرىڭىزدە بار بولغان نەرسە، شۇڭا رېئال ۋە تەبىئىي نەرسىدىن نەپرەتلىنىش ھاجەتسىز» دەپ خۇلاسە قىلغان. مېنىڭ خانقىز بولۇشۇم موھتاجلىق تۈپەيلىدىن بولغان. شۇڭا «ماڭا نەپرەتلەنمەيدۇ» دەپ ئىشىنىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: مۇقەددەس

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مۇقەددەسكە ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاپاسىز يىگىتكە ئاچچىقىم كەلدى. ئوغۇل بالا - ئەركەك دېگەنمۇ ئاشۇنداق نامەرد بولامدۇ؟ بىر قىز ئۆزىنى ساڭا ئاتىغان، بارلىق ئار - نومۇسقا چىداپ سېنى قوغدىسۇنۇ، سەن ئۇنى ئەرزىمەس سەۋەنلىكى ئۈچۈن تاشلىۋېتەمسەن؟ ئۇنداقتا سېنىڭ ئېشەكتىن نېمە پەرقىڭ؟

ئىنسان تۇرمۇشى مۇھەببەتتىن ئايرىلمايدۇ، مۇھەببەت ئىنسانلا مەۋجۇت ھەرقانداق جايدا بار. ئەمما مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟ بۇنى ئەستايىدىل ئويلانغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. شۇڭلاشقىمۇ، ئەسلىدە تولىمۇ شېرىن، لەززەتلىك بولغان مۇھەببەت بەزىلەرنى بىر ئۆمۈرلۈك قايغۇ - ھەسرەت، دەرد - ئەلەمگە قالدۇرۇۋاتىدۇ، ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇھەببەت، ئەخلاق مەسىلىلىرىدە ھەدېسىلا قىزلار، ئاياللارنى ئەيىبلەپ، ئەركەكلەرگە چاپان يېپىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. قىز - چوكانلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنىڭ بۇلغىنىشىدا ئەركەكلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بارمۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى زادىلا تىلغا ئالمايمىز. ئەڭ ئەقەللىيسى، ئايالىمىز قىز تۇغسا، گۇناھنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويىمىز. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەر جىنس بىلەن ئايال جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر بىز مۇھەببەتنى پسىخىكىدىكى بىر خىل رېئاللىق، ھادىسە دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئادەمدە يات جىنس بىلەن بىر گەۋدە بولۇش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، شۇ ئىستەك بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن ھېسسىيات مۇھەببەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقىتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىنسىي تەلەپ بىلەنلا چەكلەنسە، ھايۋانىي مۇھەببەت بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپتە تەڭ شەكىللەنسە، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر ـ بىرىگە بەخت تىلەش، ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتۈش ئارزۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسا، ۋاپا ـ ساداقەتنى دائىمىي ھەمراھ قىلسا، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت بولىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى «بىر گەۋدە بولۇش» تۇيغۇسىدۇر. خۇددى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ۋىلىيام جېمىس ئېيتقاندەك: «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت شەكىللەنسە، ئۇلار بىر جان ـ بىر تەن بولىدۇ. ناۋادا قارشى تەرەپ قازا قىلسا، يەنە بىرى ئۆزىنىمۇ ئۆلگەندەك ھېس قىلىدۇ. بىرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، يەنە بىرى ئوخشاشلا نومۇس قىلىدۇ. بىرى ھاقارەتلەنسە، يەنە بىرىمۇ ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەن ھېسابلايدۇ.» مۇقەددەسنىڭ سۆيگەن يىگىتىدە مانا شۇنداق ھېسسىيات بولغانمۇ؟ ياق دېسەم توغرا بولماس. مۇنداق ھېسسىيات ئۇنىڭدا مۇقەددەسنىڭ تېنىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنداق ھېسسىيات ئاشۇ باغ سەيلىسىدىن كېيىن بارا ـ بارا يوقالغان، مۇقەددەسنىڭ كېچىلىك بەزمىخانىدا خانقىز بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن بولسا، ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ئۇنداق ھېسسىياتنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلغان.

ھەي ئادەملەر، ئادەملەر، مەن سىلەرنى سۆيىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىلەردىكى ھايۋانىيلىقنىڭ ئىمكانقەدەر تېزرەك يوقىلىپ، ئادەمىيلىكنىڭ نۇرلىنىشى، جۇلالىشىنى تىلەيمەن.

***9***

كېچە خېلى ئۇبدانلا ياغقان يامغۇر تەبىئەت دۇنياسىنى چاڭ ـ توزانلاردىن تازىلاپ، ھاۋاغىمۇ پاكلىق ئاتا قىلغانىدى.

ئاسماندا بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، ماي قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئەتىگەندىلا ئەتراپنى قىزدۇرغانىدى. قورۇ ئىچىدىكى گۈل - گىياھلار بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتكەنىدى. يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان يېشىل يوپۇرماقلار گويا يېشىل ياقۇتتەك يالتىرايتتى، گۈل بەرگىلىرىدە توختاپ قالغان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ تېخى پارلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى جۇلالىق سەدەپتەك جىلۋىلىنەتتى. كاككۇك زوق بىلەن سايرايتتى.

مەن دېرىزە تۈۋىدە مۇشۇ شەھەرنىڭ باھارىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بۇ مەنزىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتىم. بىرنەچچەيلەن ناشتا ئۈچۈن ئۆيلىرىگە نان، سۈت ئەكىرىپ كېتىۋاتاتتى. بىرنەچچەيلەن گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ئاستا قەدەم بىلەن ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېشقەدەم قازاق يازغۇچى كۆڭلىگە يېڭى پىكىرلەر كەلدىمىكىن، يانچۇقىدىن ئەپچىل خاتىرىسىنى چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى يازدى. ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇيغۇر شائىر ئايال غۇچچىدە ئېچىلغان سېرىنگۈلنى قايرىپ پۇخادىن چىقىۋالماقچىدەك قايتا - قايتا پۇرىدى. ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئاستا - ئاستا ئايلىنىپ مەن تۇرغان دېرىزىگە يېقىنلاشقاندا مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

باھار كەلدى، چىمەن كۈلدى، چىمەندە گۈل تۈمەن كۈلدى،
نە گۈلكى، ھەممە جان كۈلدى، كۈلەر جانانە - جانانە.
باھار كەلدى، قۇياش كۈلدى، قۇياشلىق ئەلمۇ خۇش كۈلدى،
رەقىبلەر قان يۇتار ئەمدى، كۈنى ۋەيرانە - ۋەيرانە...

ئەنە ئاۋۇ ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان، ئېگىز بوي، ئورۇق، قارا قاش، قاڭشارلىق، كۆزلىرى سەل ئولتۇرۇشقان شائىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن كاككۇك ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتىدۇ.

بەلكىم ئۇ ياشلىقىنى ، ھازىرقىدەك باغلار قاراڭغۇلاشقان ، كاك-
كۇك زوق بىلەن سايرىغان مەۋسۇمدە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ
قالغان ، ئەمما باي ئاتا - ئانىسى بېرىشنى خالىمىغان قىزنى
ئېلىپ قېچىپ ، دەريا بويى— يارداڭلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى
ئەسلەۋاتامدىكىن...

ئاشۇلاردەك مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرىدىغان ئەدىپلەر بىر ئۆمۈر گۈزەللىك ، ياخشىلىق ، چىنلىقنى كۈيلەپ ئۆتكەن . ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان ئەسەرلىرى خەلق قەل-بىگە ئورناشقان ، ئۇلارنىڭ كۆلكىسىگە كۈلكە قوشقان ، دەردىگە دەرمان بولغان . ئۇلار ھاياتقا چىن مۇھەببەت باغلىغاچقىلا ، خەلق ، تارىخ ئالدىدا ۋىجدان ئازابىغا قالمايدىغان ئەسەرلەرنى يازالىغان . ھېلىھەم ئۇلارنىڭ ھەربىر تىنىقىدا گۈزەل ھاياتقا ، ھاياتنى ئەقىل - ئىدراكى ۋە قاداق باسقان قوللىرى بىلەن گۈللەندۈرۈۋاتقانلارغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەت ؛ ھاياتنى ، باش-قىلارنىڭ سائادىتىنى خاراب قىلىش كويىدىلا بولۇۋاتقانلارغا بولسا غەزەپ - نەپرەتنىڭ يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ . ئۇلارنى ھەر قېتىم ئۇچرىتىپ ، ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ سالام بەرگى-نىمدە ، يۈرىكىمنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمەتتە تېپچەكلەۋاتقاز-لىقىنى سېزىمەن ، ئۇلار بىلەن زاماندىش ، قورۇداش بولۇپ ياشا-ۋاتقانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن ، شۇنداقلا ھاياتنى ئاشۇلاردەك سۆ-يەلمىگەنلىكىمدىن خىجىل بولىمەن . كىشىلىك ھايات خۇددى بىر كىتاب ، دۆت - كالۋالار ئۇ كىتابنى شۇنداقلا ۋاراقلاپ ئۆتكۈزۈ-ۋېتىدۇ ، ئەقىللىقلەر بولسا كۆڭۈل قويۇپ تەپسىلىي ئوقۇيدۇ . ئۇ بىر دانە كىچىكلا شام ئەمەس ، بەلكى بىز قولىمىزدا ۋاقىتلىق كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان مەشئەل ، بىز ئۇنى تازا نۇرلاندۇرۇشىمىز ، تولۇق ياندۇرۇشىمىز ، ئاندىن كېيىنكى ئەۋلادقا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش ، ئۇنى چىن دىلدىن سۆيۈش كېرەك . بىزنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىمىزلا ھاياتـ

لىق ئۈچۈن كۆيسە ـ كۆيسە تۈگىمەيدىغان ماي بولالايدۇ . كۆپىنـ
چە ، بىز «ھاياتتىن كۆپ نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق ، ئۇنىڭ جاپاـ
سىنى كۆپ تارتتۇق» دەپ ئاغرىنىمىز ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ھاياتـ
نى گۈزەللەشتۈرۈشكە زادى قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىمىزنى
ھېسابلاپ كۆرمەيمىز ، ھاياتتىن ئېرىشكەنلىرىمىز ئاز بولغاچقىلا
ئۇنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى خىيالغا كەلتۈرمەيمىز . ئەمەلـ
يەتتە ، خۇددى رومىن روللان ئېيتقاندەك ، ھايات زادىلا توختاپ
قالمايدىغان رەھىمسىز جەڭ . ھەقىقىي ئادەم بولاي دېگەن كىشى
ھەر دائىم كۆرۈنمەس دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك .
ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىدىكى جان ئالالايدىغان كۈچ ، دۈشمەنىنىڭ
كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىستەك ، نادانلىق ، قاششاقلىق قاتارلىقلار
ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىدۇ . بىز شۇلارغا قارشى كۈرەش قىلمىـ
ساق ، ھاياتلىق بىزگە ئاتا قىلغان گۈزەللىك ، لەززەتتىن بەھرىـ
مەن بولالماي قالىمىز . مۇشۇنداق ئويلىغاندىلا ، مەن پات ـ پاتلا
«ھاياتنى قانچىلىك سۆيەلىدىم ؟ مىجەزىمدىكى ناچارلىقلارغا قارـ
شى قانداق كۈرەش قىلالىدىم ؟ ھاياتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قانچىـ
لىك ئەجىر سىڭدۈرەلىدىم ؟» دەپ ئۆزۈمدىن سورايمەن ۋە خىدـ
جىللىق ئىلكىدە يەرگە قارايمەن . راست ئەمەسمۇ ؟ مۇقەددەسـ
تەكلەرنىڭ چىرايلىق ئالتۇن قەپەسكە ئادىشىپ كىرىپ قېلىشىدا
مېنىڭ ۋە مەندەكلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ ؟ قانۇن ۋە ئەخلاق
ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ ؟ ئاشۇ
كېچىلىك بەزمىخانىلارغا بېرىپ ، مۇقەددەستەك قىزلارنى قونچاق
قىلىپ كۆڭۈل ئاچقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ، قىز بالىلىرى
بارلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇر ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھايات پەقەت
ئاشۇنداق ئويناش ـ كۈلۈش ، يەپ ـ ئىچىشلامدۇر ؟...
ھاياتنىڭ مەنىسى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا . سەن پەقەت
مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ باشقىلارغا ئاز ـ تولا پايدىسى بارلىقىنى ھېس
قىلىپ يەتكەندىلا ، ئاندىن ھاياتىڭنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بۇرچۇڭنى

www.uyghurkitap.com

بىلەلەيسەن . ھاياتلىقنى بىر ئويۇن دەپ بىلگەنلەر ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالمىغانلار ئەبەدىي قۇل بولىدۇ . چۈنكى ، ھاياتتا ئۆتۈپ كەتكىنى پەقەت بىر چۈش ، كەلگۈسىدىكىسى ئۈمىدتۇر .

ناشتىدىن كېيىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىدارىگە ماڭدىم . بۈگۈن كوچىلار ، كوچىلاردىكى ئادەملەر ئۆزگىچە تۇيۇلۇۋاتاتتى . ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ھەيۋەتلىك بىنالار ، سودا سارايلىرىغا ئالدىراش كىرىپ - چىقىۋاتاتتى . ئۇ يەر - بۇ يەردە غالتەكلىك ھارۋىلاردا قورۇق ، ھۆل مېۋە - چېۋە سېتىۋاتقانلار بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ خېرىدار چاقىراتتى . ئەپچىلگىنە سومكا كۆتۈرۈۋالغان بالىلار «بەش كويغا ئۈچ جۈپ» دەپ ، قولىدىكى پايپاقنى پۇلاڭلىتاتتى . يوپكا ، كۆڭلەك ، باشياغلىق كۆتۈرۈۋالغان ئاياللارمۇ يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنى توسۇۋېلىپ : «قارىڭە ، ئېلىپ قويۇڭ ، بالىلىرىڭىز خۇش بولۇپ قالىدۇ» دېيىشەتتى . ھەممە - ھەممە تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە ئىدى . ئۇلار ئارىسىدىكى بەزى ئالدامچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۆپىنچىسى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈۋاتاتتى . ئەلۋەتتە ، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە پاسكىنا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا پۇلنى دەپ رەزىللىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار — زەھەر سودىسى قىلىۋاتقانلار ، قايسىدۇر بىر قىز - چوكاننى ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشقا دالالەت قىلىۋاتقانلار ، بىرەرىنىڭ يانچۇقىغا كونۋېرتقا قاچىلانغان پۇلنى تىقىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئەمما بۇلار بەربىر ئاز ساندا ئىدى . ئاشۇ ئاددىي - ساددا كىيىنگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گەرچە ئاپتاپ ، بوران - چاپقۇندا يۈز - كۆزى قارايغان ، كىيىملىرى مەينەتلەشكەن بولسىمۇ ، پاك كۆڭۈل ، سەمىمىي يۈرەككە ئىگە ئىدى ، ھېچبولمىغاندا ، ئۇلار كۆپرەك پۇل تاپالمايۋاتقان ، كۈنلىرىنى سېرىقتالچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ ، ھېچ كىشىگە يامانلىق تىلى-

مەي ، ئورا كولىماي ، ھالال تەر ـ ئەجرىگە تايىنىپ ياشاۋاتقانلار ئىدى . چۈنكى مۇشۇ ئاددىي ئىنسانلار خارەزىملىك بۈيۈك ئالىم زەمەھشەرى ئېيتقاندەك ، مۇنداق ئەقىدىگە ئىشىنەتتى : «پېشا-نەڭنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن تەرلىشى قۇرۇق كىبىر ۋە مەغرۇر-لۇقتىن چىرايلىق . سېنىڭ بىر يۇتۇم سۇغا ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ ئىپپەت ۋە نومۇسۇڭنى ساقلىشىڭ ، دەريالارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇق-لۇق ، يۈزۈڭدە بىر تامچە سۇ كۆرۈنمەسلىكتىن ياخشىراق .»

ئەمما بىز ئەنە شۇ ئاددىي ئادەملەردىن يىرگىنىمىز . يېنى-دىن ئۆتكەندە سۈركىلىپ كەتسەك ، بۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرمەي ، ئۇلارغا غادىيىپ ـ ئالىيىپ قارايمىز ياكى چىرايىمىزنى پۈرۈش-تۇرۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئالىيجانابلىقى ، ئادەم كۆپ يەردە تۇكۇ-رۇشنىڭ ئەدەپسىزلىك ، مەدەنىيەتسىزلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ شالاققىدە تۈكۈرىمىز . ئاشۇلارنىڭ كۆكسىدە قىزىل يۈرەك ، تو-مۇرىدا قىزىل قان بارلىقىنى ئەسكە ئالمايمىز .

كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئەجەب ـ ھە ، نېمە ئۈچۈن مەن بۇلارنى بۇرۇن ئويلاپ باقمىدىم؟ ئۇلارنى بۇرۇن كۆرمىگەنمىدىم؟ ياق ، كۆرگەن . ھەر كۈنى كۆرگەن . ئەمما بىر ئىنسانغا ، ئەدىبكە خاس كۆزدە قارىمىغان . «پەقەت ھايات شۇن-داق ، بۇ ئالەمدە ئادەملەر بىر خىللا ياشمايدۇ» دەپلا قارىغان . بۈگۈن نېمىشقا باشقىچە قارىدىم؟ روشەنكى ، بۇ — پەرىزات ، مۇقەددەسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھايات ، جەمئىيەت توغرىسىدا شەكىللىنىۋاتقان يېڭى چۈشەنچىلەرنىڭ تە-سىرى ئىدى . «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ، كۆرمىگەن-نى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەنلەر نەقەدەر ئەقىللىق ، دانا ـ ھە ! ئېلېكترون ، ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان XX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن غەلىتە . ئاخشاملىرى رېستورانلاردا ، شىرە ـ شىرەلەرگە ئۈستى ـ ئۈس-تىلەپ تىزىلىپ كەتكەن تاماق ـ قورۇمىلار تۈزۈكرەك چوكا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەگمەيلا چوشقىلارنىڭ يالاقلىرىغا قاراپ ماڭىدۇ . بىرەر تەخسىـ
سى ، بىرەر بوتۇلكىسى نەچچە يۈز يۈەنگە كەلگەن قورۇما ، هاراقـ
لارنى يەپ - ئىچكەنلەر يوغان قورساقلىرىنى تومپايتىۋېلىپ
تانسا ، بەللىرىنى تولغاپ دىسكو ئويناشقا ياكى كېچىلىك بەزمىخاـ
نىلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىغا كىرىۋېلىپ «توقلۇققا شوخلۇق» قىلـ
لىشقا چۈشىدۇ . بۇ يەردە خەجلەنگەن پۇللار ئاشۇلارنىڭ هالال
تەر ئەجرىدىن كەلگەنمۇ ؟ ياق ، بۇ پۇللارنىڭ كۆپىنچىسى خەلقـ
نىڭ ، دۆلەتنىڭ پۇلى ، هارامدىن كەلگەن پۇل . ئاشۇ بىر قېپى
ئوتتۇز - قىرىق يۈەنلىك ئالىي تاماكا ، بىر بوتۇلكىسى بىرەر
مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان هاراقلارنى ئىچكەنلەر ئۇلارنى ئۆز پۇلىغا
ئالغان ئەمەس . ئۇلارنى ئۆز پۇلىغا ئالغانلار ئۆزلىرى چېكەلمەيـ
دۇ ، ئىچەلمەيدۇ . هالبۇكى ، بەزىلەر بولسا بىر بۇردا نان ئۈچۈن
كوچىلاردا «ھەق دوست» دەپ قول كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ . بۇلارـ
نىڭ قايسىبىرىگە نەپرەتلىنىش كېرەك ؟ ئاشۇ خەلقنىڭ قان -
تەرى بەدىلىگە كەلگەن نازۇنېمەتلەرنى بۇزۇپ چېچىۋاتقانلارغا ،
هوقۇق ، پۇل سودىسى قىلىپ ، هاجەتمەنلەرنى قاقتى - سوقتى
قىلىۋاتقانلارغا نەپرەتلىنىش كېرەكمۇ ياكى جان بېقىش كويىدا
قول سوزۇۋاتقان ئاجىز ، مېيىپ - مەجرۇهلارغا نەپرەتلىنىش
كېرەكمۇ ؟ هاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا نىشاندىن ئادىشىپ ،
هايات قاينىمىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن مۇقەددەستەكلەرگە نەپرەتلىـ
نىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى قونچاق ئورنىدا كۆرۈپ ، سەمىمىي
ياردەم قولىنى سۇنۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى
دەپسەندە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا نەپرەتلىنىش كېـ
رەكمۇ ؟...

ئاپتوبۇس ئالغا كېتىۋاتىدۇ ، مېنىڭ ئوي - خىياللىرىممۇ
سوزۇلۇۋاتىدۇ .

# *10*

ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ ژۇرنالنىڭ يېڭى سانلىرى ئۈچۈن ئەسەر تاللاۋاتاتتىم ، كۆزۈم تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە يۇمۇر ، لەتىپىگە چۈشۈپ قالدى . ئۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى :

«— سىز شېئىرنى ياقتۇرامسىز ؟— دەپ سوراپتۇ يىگىت .

— ياقتۇرىمەن ،— دەپتۇ قىز .

— سىزنىڭچە ، ۋېنگرىيە شائىرى فىدوپىنىڭ : ‹هايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت ، ھاياتىنىمۇ قىممەت مۇھەببەت ، لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن ، ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت › دېگەن شېئىرى قانداقراق ؟

— ياخشى ئىكەن ، ئەمما بىر مىسرانى ئۆزگەرتسە بولغۇدەك .

— قايسى مىسرانى ؟

— ئۈچىنچى مىسرانى .

— قانداق ئۆزگەرتسە بولار ؟

— ‹لېكىن كېچىمەن ئىككى قېرىدىن › دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك . »

يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى :

«كىنودىكى قىز قاچىدىغان ، يىگىت قوغلايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋېرىپ زېرىككەن يىگىت يېنىدىكى قىز دوستىدىن سوراپتۇ :

— ناۋادا مەن قاچسام سىز قوغلارسىزمۇ ؟

— ئائىلىڭىز تەرەپكە قاچسىڭىز قوغلايمەن ، ئۆيدىن تالاغا قاچسىڭىز قوغلىمايمەن ،— دەپتۇ قىز .

— نېمىشقا ؟

— سىز ئاشۇ پۇلدار ئائىلىڭىزدىن قاچسىڭىز، مەن يەنە نېمىدەپ سىزنى قوغلايتتىم؟»

ئۇچىنچى بىرىدە بولسا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«توماس مەلۇم مالىيە گۇرۇھىنىڭ باش لېدىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كاتىپى ئەيلىسكە:

— ئەيلىس، سىز ماڭا كاتىپ بولۇپ كۆپ جاپا تارتتىڭىز. ئەمدى سىزنى راھەتكە چىقىراي دەيمەن، ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالامسىز؟— دېدى.

— جان - دىل بىلەن خالايمەن،— دېدى ئەيلىس.

— بىراق سىز ئەمدىلا ئون سەككىز ياش ھەم بەك چىرايلىق، مەن بولسام سەكسەنگە كىرىپ قالدىم، مېنى قېرى دېمەمسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن، توقسان ياشقا كىرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى،— دېدى ئەيلىس.»

ئەخلاق مانا شۇ قەدەر بۇزۇلۇۋاتاتتى، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتمۇ «پۇل»نى ئاساس قىلىشقا ئۆتكەنىدى. «ئالتۇننى كۆرسە، پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار» دېگەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھايا — بەندە ئۇچۇن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئەكېلىدۇ» دېگەن نەسىھەتىمۇ، بۇيۇك پەدەر - بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ: «نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېشى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، مۇنداق ياش مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى تەبىئەت بەلگىلەيدۇ. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ئىشەنچلىك نىكاھ ئەمەستۇر··· دۇنيانىڭ راھىتى بايلىقتا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل تىنچلىقىدۇر.» دېگەندەك تەنبىھلىرىمۇ ئۇنتۇلۇۋاتاتتى.

مەن شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ مۇقەددەسكە چاقىرغۇ قىلدىم، ئۇ ھايال بولمايلا تېلېفون قايتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇقەددەسمۇسىز؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،ئۇمىدجان ئاكامۇ ؟
— بۈگۈن كەچقۇرۇن ئىشىڭىز بارمۇ ؟
— يوق .
— بەزمىخانىغا بارمىساڭلارمۇ بولامدۇ ؟
— بولىدۇ .
— مەن بىرەر ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشساق ، دەپ ئويلىغۇيدىم .
— ئەلۋەتتە بولىدۇ . بىراق ، سىلى مېنىڭ خېتىمنى كۆردىلىمۇ ؟ ئوقۇپ چىقتىلىمۇ ؟
— ئوقۇدۇم ، ئوقۇغاچقا سىزگە تېلېفون قىلدىم ـ دە .
— ئەمدى...
— قالغان گەپنى كۆرۈشكەندە دېيىشەرمىز . مۇمكىن بولسا ، پەرىزات ۋە باشقا تونۇش قىزلىرىڭىزدىن بىر ـ ئىككىنى ئېلىۋېلىڭ .
— ماقۇل . قەيەردە كۆرۈشەيلى ؟
— سائەت ئالتىدە ، «باغچا كوچىسى»دىكى «قىزىل ئەتىرگۈل» تېز تاماقخانىسىدا كۆرۈشەيلى . مەن شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن .

«قىزىل ئەتىرگۈل» تېز تاماقخانىسى ئانچە چوڭ بولمىغان بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە ئوبدانلا بېزەلگەن ، پاكىز ، ئازادە ، بولۇپمۇ تاماق ـ قورۇمىلىرىنىڭ ئالاھىدە تەملىكلىكى بىلەن داڭق چىقارغان ئاشخانا ئىدى . بىرنەچچە ئايرىم خانىلىرى بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانخانا ياساش ئادىتى بويىچە ئاستىغا گىلەم سېلىنغان ، تام ياقىلىتىپ كۆرپە سېلىنىپ ماھۇق ياستۇقلار قويۇلغان بولۇپ ، ئوتتۇرىدا پۇتى پاكار تاماق شىرەسى بار ئىدى . تاملىرىغا دۇتار ، تەمبۇر ، راۋابلار ئېسىلغان ، لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا قويۇش ئاپپاراتى ، تېلېۋىزور ، گارمون قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى . خالىغانلار ئۇيغۇر سازلىرى بىلەن ناخشا ـ

مۇزىكا قىلاتتى ، خالىغانلار پلاستىنكا قويۇپ ، جۇڭگو ، چەت ئەللەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايتتى . مەن مۇشۇنداق جابدۇتۇلغان بەشىنچى نومۇرلۇق خانىدا مۇقەددەسلەرنى ساقلىدىم . مۇنداق سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئۇلارغا قىيىن بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى . ئۇلار سافا ، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان ، ئاياغنى سېلىۋېتىپ كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش ئۇلارغا بەسى مۇشكۇل ئىدى ، ئەمما مەن قەستەنگە شۇنداق قىلدىم . مەن بۇنىڭ ئۇلارغا مىللىتىمىزنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . چۈنكى هاياتنىڭ چۈشەنمەك قىيىن چاقچاقلىرى بەزىدە ئادەمنى يېڭىلا ئۇچۇرما بولغان كەپتەردەك ئۇچۇرۇپ ئەرشكە ئاچىقىپ شادلاندۇرۇپ ، ئاندىن ئادەم ئەس - هوشىنى يوقاتقاندا بىردىنلا تېگى يوق هاڭغا تاشلىۋەتكەندەك ، بەزىدە باهار يامغۇرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان گۈل - گىياهلارنىڭ يىلتىزىغا كۈچ بېرىپ ئۇلارنى كۆكلەتكەنگە ئوخشاش ، باهار شامىلى بولۇپ ئەسلىدە پاك بولغان كۆڭۈلنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پۈۋلەپ يالقۇنغا ئايلاندۇرالايدۇ .

شۇڭا مەن بۇ سورۇنغا بىر جانجىگەر ناخشىچى دوستۇمنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم . بۇ ئېگىز بوي ، قارا ، قويۇق بۇدۇر چاچلىق ، ئۆزىنى توختاتقان ، ئاۋازى ياڭراق دوستۇم ئۆزىنىڭ چىن مۇهەببەت ، ئەدەپ - ئەخلاق ، ئاتا - ئانا توغرىسىدىكى ئادەمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىدىغان ناخشىلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مۆھتەرەم ئورۇنغا ئىگە ئىدى . ناخشا — يارقىن شېئىر ۋە شۇنىڭغا لايىق كامالى مۇزىكىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان يۈرەك كۈيى قانقان كۆڭۈلنى ئېرىتەلەيدۇ ، مۇزلۇق كۆڭۈلدە سۆيگۈ - مۇهەببەت ، مېهرى - شەپقەت گۈلخانىنى ياندۇرالايدۇ ، لايىغەزەللەرنى قەيسەرگە ، ئۈمىدسىزلەرنى ئۈمىد ئىگى-

سىگە — ھاياتىي كۈچى قايناق ئەزىمەتكە ئايلاندۇرالايدۇ…

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە مۇقەددەسلەر كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. گىرىم - پەردازسىز چىرايىدا بىلىنەرلىك خۇشاللىق قوشۇلغان ياشلىق گۈزەللىكى جىلۋىلىنەتتى. ئالدىنقى كۈنلەردە پۇشايمان - ئۆكۈنۈش تۈپەيلىدىنمۇ ياكى ئەندىشە، نومۇس تۈپەيلىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر سولغۇن، سېرىقراق كۆرۈنگەن مەڭزى مانا بۈگۈن سۆزۈلۈپ، يېڭىدىن قىزىللىق يۈگۈرۈشكە باشلىغان ئالمىغا، غەملىك كۆزى تىنىقلىقىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ئويناقلايدىغان بۇلاققا ئوخشاپ قالغانىدى. پەرىزات بولسا يەنىلا شوخ ئىدى.

— ئۈمىدجان ئاكا، ئەسلىدە مەن سىزنى، ئەخمەتجاننى ۋە سىز قەدىرلەيدىغان دوستلىرىڭىزنى بىر مېھمان قىلاي دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى پەرىزات سەمىمىيلىك بىلەن، — يەنىلا سىز چاقىقان كېلىپ بىزنى خىجىل قىلىپ قويدىڭىز.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! — دېدىم مەن.

— رەھمەت دەيسىزغۇ؟ — دېدى پەرىزات بىر خىل ھەيرانلىق بىلەن، — مەن مېھمان قىلاي دېسەم مېھمان بولغىنىڭىز يوقمۇ ياكى مېنىڭ پۇلۇمنى…

— ئۇنداق ئويلاپ كەتمەڭ، پەرىزات. مېھمان بولۇشقا ئالدى بىلەن مەن تەييار. دېمەكچىمەنكى، ئۆتكەندە ئۆزىڭىز دېگەندەك بىز ئاكا - سىڭىللارمىز، قېرىنداش ئوتتۇرىسىدا تۈزۈتنىڭ، سەن مېھمان قىلدىڭ، مەن قىلالمىدىم دەپ خىجىل بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ ناۋاتتەك گەپ بولدى، — دېدى پەرىزات قايتا ئېچىلىپ، — ئەمما سىز چوڭ سودىگەر، خوجايىن ئەمەس. سىز ۋە سىزگە ئوخشايدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ مۇنداق چوڭ شەھەردە ئاز - تولا مائاشقا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمىكىڭلارمۇ قىيىن.

www.uyghurkitap.com

مۇنداق چوڭ شەھەردە كۈن نۇرى بىلەن ھاۋادىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى «پۇل» دەيدۇ. ئائىلىنى بېقىش كېرەك، بالىلارنى ئوقۇتۇش كېرەك، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم دېگەندەك ئىشلاردىمۇ ئادەمگەرچىلىك قىلىش كېرەك. مەن بىلىمەن، بىرەر تويغا بارسىڭىز ئادەتتە بىرەر يۈز يۈەن قويمىسىڭىز بولمايدۇ. ناۋادا بىر ئاي ئىچىدە ئاشۇنداق تويدىن يەتتە ـ سەككىزى بولسا، قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ سىزغۇ يازغۇچى، ئانچە ـ مۇنچە ئەسەر يېزىپ تۇرىسىز. ئەمما تەرەققىي تاپقان جايلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ بۇ ئارقىدا قالغان يۇرتتىكى قەلەم ھەققىنى پەقەت چاي، تاماكا پۇلى دېيىشكىلا بولىدۇ. تېخى شۇ پۇلنىمۇ ۋاقتىدا ئالالمايسىز. ئاشۇ ئالىي ئىنژېنىر، پروفېسسور دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئىش ھەققى بەزىدە بىر ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتقۇچىنىڭ بىر ئايدا تاپقان پۇلىغا يەتمەيدۇ. شۇڭا سىزنى قىيناپ قويمايلى دېمەكچىمەن.

مەن پەرىزاتقا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا، كۆزىدە زادىلا مەنسىتمەسلىك، كۆرەڭلىك ئىپادىسى يوق ئىدى. ئەگەر شۇنداق ئىپادە بولغان بولسا، مەن باشقىچىرەك گەپ قىلماقچىدىم. شۇڭا:

— سۆزىڭىزنى رەت قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەمما سىلەردەك قەدىرلىك تۇغقانلارنى بىر ـ ئىككى نۆۋەت مېھمان قىلىشقا قۇربىم يېتىدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ. «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» ئەمەسمۇ؟— دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ،— بىز مۇنداق قىلايلى، ھەركىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاماق، قورۇمىنى بۇيرۇسۇن. ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلمايلى.

— بۇ بولىدىغان چارىكەن،— دېدى مۇقەددەس دەرھاللا مېنى قوللاپ،— بىر شىرە تاماق ـ قورۇمىنى بۇيرۇتۇۋېلىپ بۇزۇپ ـ چاچقاننىڭ راستتىنلا زۆرۈرىيىتى يوق. لوقمان ھېكىممۇ «يۈز نەسىھەت»تە: «ئاز يېيىش ۋە ئاز سۆزلەشنى ئادەت

قىل» دېگەن. «ئاز بولسا، ساز بولىدۇ» ئەمەسمۇ؟
تاماق - قورۇملار ھەركىمنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بۇيرۇ-تۇلدى.
— نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلىمىغان-دۇق؟— دېدى مۇقەددەس،— «سانى بار، ساپاسى يوق» دېگەن-دەكلا ئىش قىلىپ كەپتۇق. قارىساڭ شىرەدىكى تاماق - قورۇما بىر دۆۋە. ئاخىرىدا قورساقنىڭ يەنىلا يېرىمى توق، يېرىمى ئاچ. ئادەم ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمىگەن.
— «جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىمايدۇ» ئەمەسمۇ؟— دېدى پەرىزات،— بۇرۇن ئىسراپ بولامدۇ - بولمامدۇ، كارىمىز نېمىتى؟ چۈنكى ئۇ پۇل بىزنىڭ ئەمەس، ئاشۇ بىزنى «كۆكۈل ئاچىدىغان قونچاق» دەپ بىلىدىغانلارنىڭ پۇلى ئىدى - دە.
شۇ ئەسنادا مېنىڭ ناخشىچى دوستۇم سالام بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە:
— كەچۈرگەيسىلەر، كېچىكىپ قالدىم،— دېدى.
مۇقەددەس دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن:
— بۇنى كېچىكىپ قېلىش دېگىلى بولماس، ھېكىمجان ئا-كا،— دېدى سەمىمىي تۇردە،— بىزمۇ تېخى بايىلا كەلدۇق. قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە. سىلىنى بۇرۇن تېلېۋىزوردىلا كۆرگەند-دۇق، بۈگۈن رەسمىي كۆرگەنلىكىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز.
سالام - سەھەت قىلىشىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن:
— قېنى، ئاداش، ئۆزۈڭلەرنىڭ نېمە يېڭىلىقلار بار؟— دېدىم مەن ھېكىمجانغا،— بىز بۈگۈن بۇرۇنقى ئادەتنى بۇزۇپ، ئۆزد-مىز خالىغان تاماق - قورۇمىنى بۇيرۇتتۇق.
— ھېكىمجان ئاكىمىزنىڭ مانتا يېگۈسى بارمىكىن،— دېدى پەرىزات.
— ئاچچىقسۇ - لازىسى بىلەن - ھە،— دېدىم مەن.
بۇ چاقچاقنى ھەممەيلەن چۈشەندى بولغاي، كۈلۈشۈپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تى . ھېكىمجانمۇ كۈلگىنىچە :

— چىشىڭنىڭ باردا گۆش يە ، تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن ھالۇغا ئۆتمەيدۇ چىشىڭ ، دېگەن ناخشا بار ئەمەسمۇ ،— دېدى .

تاماق ـ قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى . گەرچە ھەركىم ئۆزى خالىغاننى بۇيرۇتقان بولسىمۇ ، ئەمما بۇيرۇتمىلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئورتاق ئىدى .

بىرەر قۇر تاماق يېيىلگەندىن كېيىن :

— قانداق ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئىچمىلىك ئىچمىزمۇ ؟— دەپ سورىدىم مەن .

— ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماقنى يېدۇق ، شۇ تاتلىق ئاغزىمىزنى ئاچچىقلاشتۇرۇپ نېمە قىلارمىز ؟ ئەڭ ياخشىسى ئىچمىسەك ، مۇمكىن بولغاندا ھېكىمجان ئاكىمىزنىڭ بىرەر ـ ئىككى ناخشىسىنى ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىساق ،— دېدى مۇقەددەس .

— شۇ ھاراق ـ شاراب دېگەن نەرسىدىن جاق تويدىغۇ كىشى ،— دېدى پەرىزات ،— مەن مۇقەددەسنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن . بۈگۈنكىدەك مۇنداق ياخشى سورۇندا ھاراق ـ شارابنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟

مەن ھەممەيلەنگە قارىدىم .

— مەنغۇ ئەزەلدىن ھاراق ـ شاراب دېگەننى ئاغزىمغا يولاتمايمەن ،— دېدى ھېكىمجان ،— بۇنى ھەم كەسپىم بەلگىلىگەن . سىلەر ئاڭلاشنى خالىساڭلار ناخشا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن قولۇم كۆكسۇمدە .

ھېكىمجان دەسلەپ دۇتار بىلەن «دېھقان قوشاقچى» دەپ ئاتالغان تىلى چۇچۇك شائىرنىڭ تېكىستىگە ئىشلەنگەن «ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ ، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى .

ناخشا ئاخىرلاشقاندا :

— بىزدە «ئانا ئايىغىدا جەننەت بار» دېگەن ماقالنى بىلمەيدى-

غانلار يوق . ئوخشاشلا ئاتا ئايغىدىمۇ سەككىز جەننەت بار ،— دېدى مۇقەددەس هاياجان ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن ،— بىر ئادەم «مې-نىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ هەقلىق ئادىمىم كىم؟» دەپ سورى-غاندا ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قايتا - قايتا :«ئاناڭ ، ئاندىن قالسا ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن . بۈيۈك ئەدىب رىزا ئۇددىن ئىبنى فەخرۇددىنمۇ :«قانچىلىك بەختكە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشمەڭ ، ئاتا - ئانىڭىزنى هەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ ، ئۇلارنى ئىتائەتمەن بولۇپ هۆرمەت قىلىڭ ، نەسىهەتىنى ئاڭلاڭ ، رازىلى-قىنى ئېلىڭ ، موهتاجلىقلىرى ۋە قايغۇ - هەسرەتلىرىنى تۈگى-تىشكە تىرىشىڭ...» دېگەن . ئەمما بىزچۇ؟ ئاتا - ئانىنى بەزىدە قاڭغىر قاقشىتىۋاتىمىز ، ئۇنتۇۋاتىمىز ، خورلاۋاتىمىز . بايىقى ناخشىدا دېيىلگەندەك ، ئاي - يىللاپ يوقلىمايۋاتىمىز ، رازى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىرەر پارچە خەت يېزىپ بولسىمۇ تەشنا-لىقتا پۇچۇلانغان كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلمەيۋاتىمىز .

هەممەيلەن جىمىپ كەتتى . ناخشىمۇ ، مۇقەددەسنىڭ سۆزى-مۇ هەممەيلەننىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلغانىدى .

راست ، «ئاچلىقتا قالساڭمۇ ، ئاتا - ئاناڭنى تاشلىما» دېگەن-دەك ، ئاتا - ئانىنى هۆرمەتلەش ، باشتا كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى . ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ موهتاج بولغان كۈنلى-رى— قېرىلىق چاغلىرى بولىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇلارنى تېخىمۇ هۆرمەتلەش كېرەك ئىدى . ئەمما بىز زادى نېمە قىلىۋاتىمىز؟ ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلى-دىنمۇ ياكى هەدېسىلا ئانا سۈتى بىلەن ئەمەس ، سوسكىدا كالا سۈتى بىلەن بېقىلغانلىقىمىز تۈپەيلىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ئەقلىمىز بۇلغىنىپ كەتكەچكە ، ئاتا - ئانىمىزنى— بىزنى قاتارغا قوشىمىز دەپ ياشلىق ماغدۇرىنى يوقىتىپ ، بېلى يادەك ئېگىلگەن ، كۆز-لىرى خىرەلەشكەن ، چاچلىرى ئاقىرىپ شالاڭلاشقان ، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ئاتا - ئانىمىزنى كۆڭۈلدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويغا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ندۇق . ئاتا ـ ئانا چۇمۇلىدەك يىغقاننى توخۇدەك چىچىپ سورۇ-
ۋاتاتتۇق . «ئاتاڭغا نىمە قىلساڭ ، بالاڭدىن شۇنى كۆرسەن»
دىگەن ھىكمەتنى ئۇنتۇغاندۇق...
ھىكمەتجان ئەمدى يەنە بىر يىڭى ناخشىنى باشلىدى :

ئۆمۈرنىڭ قىممىتى نەدە ؟
ھالال ئەمگەك ـ ھالال تەردە .
ھاياتقا — چىن گۈزەللىككە ،
ساداقەتمەن ئايال ـ ئەردە .
ئۆمۈرنىڭ قىممىتى نەدە ؟
ۋاپاغا ئاشنا يەردە .
ئۆمۈرنى ئەڭ سۆباتلىقلار
بىزەيدۇ مەڭگۈگە زەردە .

ناخشىدىكى مارش ئاھاڭلىرىغا يىقىنراق كىلىدىغان ئاساسىي
كۈي ، خەلق ناخشىلىرىدىكىگە ئوخشاش دولقۇنسىمان رىتىم ۋە
ھىكمەتجاننىڭ جۇشقۇن ، جاراڭلىق ، ئەمما مۇڭلۇق ئاۋازى قوشۇ-
لۇپ يۈرەكلىرىمىزنى تىترەتتى .
ئۆمۈرنىڭ قىممىتى ، ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ قىممىتىدۇر .
ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەپتە . بۇ گۈزەل
ئەدەپ ـ ئەخلاق بولسا ياخشىلىق ، ئالىيجانابلىق ۋە ئاقىل ـ
دانالىقتا ئىپادىلىنىدۇ . بۈيۈك پەيلاسوپ ئىبنى مۇھەممەد نەسەفى
ئىيتقاندەك : «كامىل ئىنساندا تۆت نەرسە— ياخشى سۆز ، ياخشى
كەسىپ ، ياخشى خۇلق ۋە مەرىپەت كامالغا يەتكەن بولىدۇ .
ئۇنىڭ تىلى پاك ، دىلى پاك ۋە نىيىتى پاك بولىدۇ .»
ناخشا داۋام قىلىۋاتاتتى :

ئۆزىنى سۆيمىگەن ئىنسان
قالۇر غەپلەتتە ، كۇلپەتتە .
ئۇنىڭ كۆڭلى ئىچەلمەس سۇ
بەخت ، نۇسرەت ، مۇھەببەتتە .
ئۆزۇڭنى سۆي ھامان ئىنسان
كۆيۇن بارچىگە شەپقەتتە .
ئۇنىڭسىز بولمىغاي قەدرىڭ
ئۆمۇر سۇرسەڭمۇ جەننەتتە .

ناخشا ئاخىرلىشۋىدى ، ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدۇق .

— ھېكىمجان ئاكامغا رەھمەت !— دېدى مۇقەددەس قىزغىنلىق بىلەن ،— ھېكىمجان ئاكىمىزدەك چولپان بىلەن تونۇشتۇرغان ئۇمىدجان ئاكامغىمۇ رەھمەت . تولىستوي ئېيتقاندەك ، ئادەم چىرايلىق بولغانلىقى ئۇچۇنلا سۆيۇملۇك بولمايدۇ ، بەلكى سۆيۇملۇك بولغاچقا چىرايلىق بولىدۇ . «كىشىلەرگە سۆيۇملۇك بولۇشنى ھەركىم ئارزۇ قىلىدۇ ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتنى ھەركىم سۆيىدۇ ،— دەيدۇ ئىبنى فەخرۇددىن ،— لېكىن سۆيۇملۇك بولۇش ئۇچۇن بىرلا يول بار ، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر . » بىراق «باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش» ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس . بۇنىڭ ئۇچۇن ئادەم بايىقى ناخشىدا ئېيتىلغاندەك ئۆز قەدرىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنى سۆيۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك .

— مېنىڭ بۇگۇنكى بىر مەقسىتىممۇ سىلەر بىلەن مۇشۇ ھەقتە پىكىرلىشىش ،— دېدىم مەن ھەممەيلەننى تاماق - قورۇمىلاردىن ئالىغاچ ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ ،— ئەجدادلىرىمىز «ئابرۇيۇڭنى ياش چېغىڭدىن ساقلا» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان . ئابرۇي ئۆزىنى بىلىش ، ئۆزىنى سۆيۇش بىلەن

زىچ مۇناسىۋەتلىك . ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە نام ـ ئابرۇي خۇددى بىر تۈپ دەرەخنىڭ غولى ۋە شېخىغا ئوخشايدۇ . شاخلارنىڭ باراقسان بولۇش ـ بولالماسلىقى غولدا هاياتىي كۈچنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا باغلىق . ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئەمەلىي سۆز ـ هەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ ، نام ـ ئابرۇيىمۇ ئەمەلىي سۆز ـ هەرىكىتىدە كۆرۈلىدۇ . ئەخلاق ـ پەزىلەت ئارقىلىق نام ـ ئابىرۇي تاپقىلى بولىدۇ ، ئىززەت ـ ئابرۇي ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ . شۇڭا بوۋىلار «ئابرۇيىنى ئالتۇنغا ئال ، جاننى كېپەككە سات » دېگەن . بۇنىڭدىكى مەنە ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە ، ئەقىل ، كۈچۈڭنى ئىشلەت ، قۇلدەك ئىشلە ، بەگدەك يە دېگەندىن ئىبارەت . سىلەرمۇ بەلكىم بىر ئۆمۈر خانقىز بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمايدىغانسىلەر ؟ چۈنكى ئاي ـ يىللار ئۆتىدۇ ، ئادەمـ دىن ياشلىق گۈزەللىكى كۆچىدۇ ، ئۇنى ئۆمۈرنىڭ خازان پەسلى كۈتىدۇ .

— سۆزىڭىزغۇ بەرهەق ، ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى پەـ رىزات ،— بىراق بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە ئىش كېلىدۇ ؟ بىز سودا ـ سېتىق دېگەندىن خەۋەرسىز ، باشقىچە هۈنەر ، ئىقتىدارىـ مىزمۇ يوق تۇرسا .

— ئادەم بۇ دۇنياغا هەممىنى بىلىدىغان ، هەممە ئىش قولىـ دىن كېلىدىغان بولۇپ تۇغۇلمايدۇ ، هەممىنى تۇرىلىپ چوڭ بولغانسېرى ئۆگىنىدۇ .

— شۇنداق ،— دەپ سۆزۈمگە قوشۇلدى هېكىمجان ۋە چايـ دىن بىر ئوتلىۋېلىپ داۋام قىلدى ،— گەپ ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى قىلالماسلىقىدا ئەمەس ، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنى قىلىشنى خالاش ـ خالىماسلىقى ، چىدام ـ سۇباتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا . شۇڭا بوۋىلار «غەيرىتىڭ بولسا يۇلتۇز سانايسەن» دېگەن .

— لېكىن بىز نېمىمۇ قىلالارمىز ، ئۇمىدجان ئاكا ؟ — دېدى مۇقەددەس ئوڭايسىزلىنىپ .

— بۇ، سىز، پەرىزات دەيدىغان گەپ ئەمەس، سىڭلىم، — دېدىم مەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — شىلەردە مول بىلىم بار، بۇ ئۇچۇر دەۋرى، بازار ئىگىلىكى دەۋرى، قىلالايلى دېسەكلا ئىش جىق. بىز چوڭ ئىشلارنى ھازىرچە تىلغا ئالماي، ئاددىي، كىشىلەر ئادەتتە كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشلارنىلا دەپ تۇرايلى. بايا پەرىزات «ئالىي ئىنژېنېر، پروفېسسور دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئىش ھەققى بەزىدە بىر ئەسكى - تۇسكىلەرنى يىغىپ ساتقۇچىنىڭ بىر ئايدا تاپقان پۇلىغا يەتمەيدۇ» دېدى. مەن بۇنىڭغا ھەرگىز ئەجەبلەنمەيمەن، راست شۇنداق. لېكىن كۆپ كىشىلەر ئاشۇلارنى ياراتمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى «پاسكىنا، مەينەت ئىش» دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ھالال، پاك ئىش. ئاشۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى سەت بولسىمۇ، قەلبى پاك. يېقىندا مۇنداق بىر ئىش بولدى: قوشنىمىزنىڭ قىزى ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى كىچىككىنە بىر سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ يۆگەپ، دالاندىكى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغانىكەن، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇ نەرسە پولغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆي خىزمەتچىسى ئۆي تازىلىغاندا، ئۇنى ئېچىپ قاراپ باقماي، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ شۆپۈكى بولسا كېرەك دەپ، ئەخلەتلەر بىلەن بىللە ئاچىقىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەسكى - تۇسكىلەرنى يىغقۇچى ئەخلەت ساندۇقىنى مالتىلىغاندا، ئاشۇ ئالتۇن جابدۇقلار قولىغا چىققانىكەن، ئۇ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر قوشنىمىزغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئاشۇ ئالتۇن جابدۇقلار كەم بولغاندىمۇ تۆت مىڭ يۈەنگە يارايدىكەن. بىز مانا شۇنداق پاك، ھالال ئادەمنى قانداقمۇ ئالىيجاناب دېيەلمەيمىز؟! ئۇلارنى قانداقمۇ ئۆكلەپ قويغان قوي كاللىسىدەك ھىجىيىپلا تۇرۇپ، خۇشامەت بىلەن جان باقىدىغان، ئالدىغا كەلگەن پايدا - مەنپەئەتنى ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي ھاپ قىلىۋېتىدىغان پارىخور، خىيانەتچى «ئالىيجانابلار» بىلەن سېلىشتۇرالايمىز؟

— گەپ نىيەتنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىكى، قىلمىشلاتقان ئىشنىڭ ھالال ـ ھاراملىقىدا، — دېدى ھېكىمجان، — بىز كوچا تازىلىغۇچىلارنىمۇ كۆزگە ئىلمايمىز. ئەمما ئاشۇلار بولمىسا، شەھەرنى ئەخلەت بېسىپ كەتمەمدۇ؟ خېلى كۆپلەر ساتىراشلارنى ياراتمايمىز، ئەمما ئاشۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بولمىسا، ئەرلەرنى ساقال ـ بۇرۇت بېسىپ، چېچى ئۆسۈپ، دەرۋىشلەردەك بولۇپ قالامدۇ؟ قىزلار چاچلىرىنى قانداقمۇ خىلمۇخىل پاسوندا ياسىتىپ، ياشلىق گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ؟ ئۇلار پاخمىباش جەددالاردەك بولۇپ قالامدۇ؟

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى.

شۇ تاپتا، ماڭا ئايان ئىدىكى، مۇقەددەسلىكىمۇ، پەرىزاتنىڭمۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ساددا، بېشىدىن ھاياتنىڭ تۇزۇكرەك ئىسسىق ـ سوغۇقى ئۆتمىگەن، پەقەت پۇل تېپىش ئوڭاي ئىكەن دەپلا ھازىرقى «ئۇچكە ھەمراھ بولغۇچى خانقىز»لار قاتارىغا كىرىپ قالغان قىزنىڭ كاللىسىدىمۇ جىددىي كۆرەش كېتىۋاتاتتى.

دۇنيادا ياخشى ئىشنى قىلماق قىيىن، يامان ئىشنى قىلماق ئاسان، ياخشى ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىزدىمىسەڭ تاپالمايسەن، يامان ئىش بولسا ئەتراپىڭدا ئايلىنىپلا يۈرىدۇ، سېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. لېكىن يامانىنىڭ يولى تار، ياخشىنىڭ كەڭ، ياخشىنىڭ يولى يەتتە، يامانىنىڭ كالتە.

ئادەم ھاياتلىقىنىڭ ئاچال يولىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەڭ تەس كېلىدىغىنى تاللاش. خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك، ئالدىڭدا بارسا كېلەر، بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس، بارسا كەلمەس دېگەندەك يوللار تۇرغاندا، سەن قايسىسىنى تاللايسەن؟ ئېنىقكى، كۆپلەر بارسا كېلەر يولىنى تاللايدۇ. لېكىن بۇ تاللاشنىڭ نەتىجىسى «ئاتنى چىقمىغان ئەردىن، ئاتنى چىققان دۆڭ ياخشى»، دېگەندەكلا بولىدۇ. بارسا كەلمەس دېگەن يولنى تاللىغانلارنىڭ

بىھېساب جاپا ـ رىيازەت چېكىدىغانلىقى ئېنىق . ئەمما ئۇنىڭدا جاسارەت ، چىدام بولسا ، ئۇ ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ھالەتتىمۇ داڭق چىقىرىپ ، ئابىرۇي قازىنىپ ، ئەل ئارىسىدا ئەبەدىيگە تەرىپلىنىدۇ .

— دانىشمەن كۆڭزىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار : «كەسپىي ئورۇننىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەي ، كەسپىي ئورۇنغا خاس قابىلىيەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەش كېرەك . ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەي ، بەلكى ئۆزىدە باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئەرزىگۈدەك قابىلىيەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەك » ،— دېدى مۇقەددەس جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ،— سىلەر دېگەندەك ، ھازىرقى دەۋردە قىلاي دېسەڭ ھەققىقەتەن ئىش كۆپ . ئەمما بىزدە خېلى كۆپ ئىشنى قىلالىغۇدەك قابىلىيەت يوق .

— بوۋىلار «كۆز قورقاق ، قول باتۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ،— دېدىم مەن رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە ،— قابىلىيەتنى ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ . گەپ جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىقتا .

— توغرا دېدىڭىز ، ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى پەرىزات روھلىنىپ ،— راست گەپنى قىلساق ، بىز بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلاشمىدۇق ئەمەس ، ئويلاشتۇق ، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدۇق ، ھازىرقى ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشتىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمىدۇق .

— بۇ سەمىمىي گەپ ، زور ئىلگىرىلەش ،— دېدىم مەن ،— شۇنداقلا بۇ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى . مەن سىلەر قىلىۋاتقان ئىشنى تامامەن ناچار ئىش ، دەپ قارىمايمەن . بىر تەرەپتىن ، مۇنداق ئىشنى تېخى ھەممىلا ئادەم توغرا چۈشىنىدىغان ، ئۇنىمۇ بىر خىل كەسىپ دەپ قارايدىغان مۇھىت شەكىللەنگىنى يوق ، شۇڭا مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر ئۇنى نومۇسلۇق ئىش دەپ قارايدۇ ؛ يەنە

بىر تەرەپتىن ، سىز زادى باشقىلار خالىغانچە ئوينىتىدىغان قونچاق بولماقچىمۇ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانى بويىچە ، باشقىلارغا بېقىنمايدىغان ، ئۆز ئەركىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىگە ، ئىززەت - ئابرۇيىڭىزنى قوغدايدىغان غورۇرلۇق ئىنسان بولماقچىمۇ؟ مانا مۇشۇ ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - زىياننى ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەندىلا ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر .

قىزلار بىر - بىرىگە قاراشتى . مەن ئۇلارغا دىققەت قىلدىم . مۇقەددەس ۋە پەرىزاتنىڭ كۆزىدە ئىشەنچ ھەم كەلگۈسىدىكى بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسى چاقنىغاندەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى قىز بولسا بايا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەندەك ، بىرخىل ھەيرانلىق بىلەن مۇقەددەس ۋە پەرىزاتقا قارىشاتتى .

— ماقۇل ، ئۈمىدجان ئاكا ، بىز بۇ ئىش ھەققىدە تازا ياخشى ئويلىنايلى ،— دېدى مۇقەددەس ،— بىراق بىز بۇ يەردە بىرەر ئىش قىلايلى دېسەك ، نوپۇسىمىز بۇ يەردە ئەمەس ، باشقا تونۇش - بىلىشلىرىمىزمۇ يوق . بەزى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشتە چوقۇم قىيىنىلىپ قالىمىز .

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ،— دېدىم مەن قەتئىي تۇردە ،— بۇنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلاي .

## *11*

ئىككى كۈندىن بۇيان «مۇقەددەسلەر زادى نېمە ئىش قىلسا بولار؟» دېگەن خىيال كاللامدىن كەتمىدى . توغرا ، ئىش دېگەنغۇ تولا . مەسىلەن ، بىرەر ئاشخانا ، رېستوران ، مېھمانخانىغا بېرىپ مۇلازىم ، كۈتكۈچى بولسىمۇ بولىدۇ . مۇلازىم ، كۈتكۈچى قوبۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلمىز دەيدىغان ئېلانلار كۈندە دېگۈدەك تېلېۋىزورلاردىمۇ بېرى-
لىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنى مۇقەددەسلەر خالامدۇ؟ يەنە كېلىپ،
مۇنداق ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ بىر - ئىككى يىل
ئۆتۈپ، ئاشۇ رېستوران، مېھمانخانىلار تىجارەتنى ياخشى يۈرۈش-
تۈرەلمەي تاقىلىپ قالسا، مۇقەددەسلەر نەگە بارىدۇ؟ بىرەر
دۇكان ئېچىپ، ھاراق، تاماكا دېگەندەك كۈندىلىك لازىمەتلىك-
لەرنى سېلىپ، ئاممىۋى تېلېفون ئورناتسىچۇ؟ بۇنىڭدا پەقەت
بىرەر ئادەمنىڭلا ئىشى ھەل بولىدۇ، كۆپ ئادەمنى ئورۇنلاشتۇر-
غىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق دۇكاننىڭ كىرىمى ئاز بولغاچقا،
بىرەرلا ئادەمنى باقالايدۇ. چوڭراق تۈرلۈك ماللار ياكى
يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى ئاچسىچۇ؟ بۇنىڭغا خېلى كۆپ دەسمايە
كېتىدۇ، ئىجارىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق
دۇكانلارغا مال ئەكېلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئەركەكتىن ئىككى-
ئۈچى بولمىسا بولمايدۇ. مۇنداق ئىشەنچلىك ئەركەكنى نەدىن
تېپىش كېرەك؟

ئەتىگەندىن بۇيان «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ ئىككىنچى
تومىنى ئوقۇۋاتقاندىمۇ مۇشۇ خىيال ماڭا ئاراملىق بەرمىدى.
ئەسلىدىغۇ بۇ رومانىنى بۇرۇنمۇ ئوقۇغانىدىم، بىردەملىككە بول-
سىمۇ ئاشۇ خىيالدىن ئازاد بولارمەن دېگەن نىيەتتە قايتا ئوقۇغان
بولسامۇ، يەنىلا ئاشۇ خىيالدىن قۇتۇلۇشۇمغا يۆلەك بولالمىدى.
دەرۋەقە، «سەن ياخشى— مەن ياخشى، تونۇر قىزىق، نان ياخ-
شى» دېگەندەك، قىلىمەن دېگەن ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغان
ياخشى. زەمەخشەرى ئېيتقاندەك، ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان،
تۈرلۈك ۋەج - سەۋەب كۆرسەتكۈچى ئادەم مەرد ۋە ھىممەتلىك
ئىنسان بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بويىچە
ئېيتقاندا، يالغان سۆزلەش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىسىگە
ۋاپا قىلماسلىق مۇناپىقنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدۇر. دېمەك، مەن
ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىم، مۇقەددەسلەرگە قىلغان لەۋزىمدە تۇرۇشۇم

كېرەك ئىدى . ئەمما ئۇيان ئويلاپمۇ ، بۇيان ئويلاپمۇ ، ئۇلار قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ، ئالاھىدە كۆپ دەسمايە كەتمەيدىغان ، بىراقلا ئاشۇ بىرنەچچە قىزنى تەڭ ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان ئىشنى ئويلاپ تاپالمايۋاتاتتىم .

قۇياش شەھەرنىڭ غەربىدىكى تاغقا باش قويدى ، ئاسماننى شەپەق قىزغۇچ رەڭدە بويىدى . لەرزان شامال ئۇرۇۋېدى ، قورۇدىكى سېرىنگۈللەر خۇشال سىلكىنىپ ، قورۇنى ۋە ئۆيئىچىنى بىردىنلا سېرىنگۈلنىڭ خۇش ھىدى قاپلىدى . قەيەردىدۇر كاككۇك زوق بىلەن چاڭىلداپ سايرىۋەتتى :

كاككۇك… كاككۇك… كا… كا… كاككۇك…

شۇنداق ، كاككۇك ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىگە ۋاپانى يار قىلىپ سايراۋاتىدۇ . ئۇ ئاشۇ سايرىشى بىلەن ئۆز ئاشىقىنى ئىزدەۋاتىدۇ . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇشۇ «كاككۇك» دەپ سايراۋاتقىنى زەينەپ ئىمىش ، ئۇنىڭ ئاشىقى كاككۇك شور دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىمىش ، ئۇ «زەينەپ ، زەينەپ !… » دەپ سايرارمىش . ئۇلار ھەر يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا— قىزىلگۈللەر راسا ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغاندا ، بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن ئىككى ياقتىن يولغا چىقارمىش . دەل شور دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا— بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىپ ، پىراق-ھىجران ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ۋىسال شارابىدىن قانغۇدەك ئىچىشكە بىرنەچچە دەقىقە قالغاندا ، خۇشاللىقى تۇپەيلىدىن «كاككۇك» ، «زەينەپ» دەپ سايراپ سالارمىش - دە ، بىر - بىرىگە سوۋغا ئۈچۈن چىشلەپ كەلگەن قىزىلگۈلى شور دەرياغا چۈشۈپ كېتەرمىش . ئۇلار قۇرۇق قول كۆرۈشۈشتىن خىجىل بولۇپ ئارقىسىغا قايتارمىش…

بۇ رىۋايەت راستمۇ - يالغانمۇ ، بۇنىسى نامەلۇم ، ئەمما ئاشۇ كاككۇكنىڭ ھەر يىلى باھاردا سايراپ كېلىۋاتقانلىقى ، ئۇلارنى ئەدىبلەرنىڭ ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقانلىقى راست . ئاشۇ كىچىككىنە قۇش جېنىدا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىش ، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن شۇنچە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ، ئۈمىد بىلەن ياشاۋاتقان يەردە ، ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئىگىسى بولغان ئىنسان مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىش يولىدا جاپا ـ مۇشكۈللەرگە يولۇققاندا ئۈمىدسىزلەنسە ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالمىسا ئۆمۈرلۈك لەنەتكەردى بولۇپ قالماسمۇ ؟...

شۇ چاغدا خىيالىمنى بۇزۇپ تېلېفون جىرىڭلىدى . مەن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئۈمىدجان ئاداش ،— قارشى تەرەپتىن ئەخمەتجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ،— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

— نېمە قىلاتتىم ، «توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ ، ئۆچكە يۇمغاقسۇت» دېگەندەك ، كىتاب ئوقۇپ ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن ،— دېدىم مەن .

— خىيال سۈرۈپ ئويلىنىۋەرمەي ، دەرھال بىزنىڭكىگە كەلگىن ، ئويلىرىڭنى ئويلىشىپ بېرىمىز ،— دېدى ئەخمەتجان ،— بايا بىرنەچچە بۇرادەر تېلېفون قىپتۇ ، تەييارلان ، شېكەردەك شەنبىنى ئازادە ئۆيۈڭدە ئۆتكۈزىمىز ، دەيدۇ . شۇڭا دەرھاللا ساڭا تېلېفون قىلىشىم ، سەن بولمىساڭ ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ .

«ماقۇل» دېمەي ئىلاجىم بولمىدى .

مەن بارغاندا ، قالغان ئۈچ بۇرادەر يىغىلىپ بولغانىدى . ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى ئەسقەر ، مەلۇم نازارەت مەمۇرىي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاسىم ، «ئالتۇن تۇپراق» يېشىل يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ دېرىكتورى مۇراتجانلار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلەيدىغان ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئويۇن ـ تاماشىنىمۇ ۋايىغا

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزىدىغان، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق، ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بۇرادەرلەر ئىدى. قاسىمنىڭ يېشى مەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قالغانلار مەندىن بىر - ئىككى ياش ئەتراپىدا كىچىك ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن «خېلى كۈنلەر بولدى، دىدارلىشالمىدۇق» دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىسەنكىن، بۇرادەر، — دېدى قاسىم قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — ئىككى - ئۈچ ئايدىن بۇيان گېزىت - ژۇرناللاردا ئىسمىڭنى كۆرمەيمىز. بىزدىغۇ باشقىچە ئوي بولمايدۇ، ئەمما يىراق - يىراقلاردىكى چوقۇنغۇچىلىرىڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ جۇمۇ! ئانىسى قىچا يېغى بىلەن تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان بولماقتا ئېغىز ئالدۇرغان بەزىلەر «ئۇمىد دېگەن يازغۇچۇڭ ئۆلۈپتۇ، تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ» دەپ پىتنە - پاساتمۇ تارقىتىدۇ.

— قاسىمكام راست دەيدۇ، — دېدى ئەسقەر، — مۇنداق ئىشلار دائىملا بولۇپ تۇرىدۇ. بىرەر ناخشىچى، ئۇسسۇلچى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىر - ئىككى ئاي كۆرۈنمەي قالسا، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ مۇبارەك ئىسمى گېزىت - ژۇرناللاردىن بىرەر - ئىككى ئاي يوقىلىپ كەتسە، ئۇلار كاسسىسىغا ئۇرۇۋپلا گەپ تېپىپ، قاسىمكام دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا ئۇنى-بۇنى يېزىپ ئېلان قىلىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇمىدجان ئاكا.

— چوڭراق نەرسىگە تۇتۇش قىلدىڭمۇ يا؟

— شۇنداق قارىسام، ئۇمىدنىڭ كۆزىدە بىر مۇڭ، چىرايىدا ھارغىنلىق بار، شۇنىڭغا قارىغاندا بىرەر قىزغا كۆيۈپ، پۇچىلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك، — دېدى مۇراتجان چاقچاق قىلىپ.

— سەن پاكارنىڭ ئەقلىڭ جايىدا جۇمۇ، نەق گەپنى قىلدىڭ، — دېدى ئەخمەتجان مەن ئەكەلگەن كالا پاچىقىنى توغراۋېتىپ گەپكە ئارىلىشىپ، — ئۇمىد يېقىندا شۇنداق بىر قىزنى

تېپىۋالدىكى ، هاي… هاي ، مەن مۇشۇ چاغقىچە ئۇنداق ساھىبجا-
مالنى كۆرمىگەنمەن ، بەلكىم مۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرمەسمەن .

— تېخى مۇنداق ئىشمۇ بار دەڭلار . هەي ئۇ-
مىد ، شۇڭا جىمىپ كېتىپتىكەنسەن - دە !— دېدى قاسىم ماڭا ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك سەپسېلىپ قاراپ ،— سەن ئاغىنىدارچى-
لىقتا يارىماي قېلىۋاتامسەن - قانداق ؟ قارىغىنا ، سېنىڭ مۇشۇن-
داق چوڭ ئىشىنىمۇ بىزدىن يوشۇرۇپ يۈرگىنىڭنى !

مەن بۇ گەپلەرگە ئىپادە بىلدۈرمەي ، پەقەت كۈلۈپلا قوي-
دۇم . مېنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىگۈم ، بۇگۈنكىدەك پۇخادىن چىققۇ-
دەك كۆڭۈل ئاچىمىز دەۋاتقاندا ، مۇقەددەسلەرنىڭ ئىشى توغرى-
سىدا سۆزلەپ ، بۇرادەرلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغۇم يوق ئىدى .

ئاز - تولا تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەخمەتجان رومكىغا «ئىلى پادىشاھى»دىن تولدۇرۇپ قويۇپ ، قەدەھنى كۆ-
تۈرۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى :

— مەن ساھىبخانىلىق سالاھىيىتىم بىلەن جاكارلاپ ئۆتەي-
كى ، سورۇنىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن ئىدارىدىكى خىزمەت توغرىسىدا ، مۇشۇ سورۇندا يوق ئادەم توغرىسىدا سۆز-
لەشكە رۇخسەت يوق . ئۇنىڭدىن باشقا چاقچاق ، لەتىپە ، يۇمۇرلار بولسا ، ھەتتا سەل بەدىئىيرەك بولسىمۇ سۆزلەشكە بولىدۇ . ئەمدى-
سە خوشە !

شاراب - مەي تولدۇرۇلغان قەدەھ ئۈچ مەرتەم ئايلاندۇرۇل-
غاندىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ كۆزى خۇمارلىششقا باشلىدى . چاشقانغىمۇ ئازغىنە ئىچۈرۈپ قويسا ، «ھەي ، قېنى سەن مۇشۇك دېگەن لاتا» دېگۈزەلەيدىغان «ئىلى پادىشاھى» قېنىق يېشىل رەڭ بوتۇلكا ئىچىدە جىم تۇرغىنى بىلەن ئاشقازانغا كىرگەندىن كې-
يىن ، بەدەننى قىزىتىپ ، تومۇردىكى قاننى ئۇرغۇتۇپ ، مۆرد-
مەسنى گەپتان - زۇۋاندازغا ، كالاپاينى چاققانغا ، قورقۇنچاقنى قاپ يۈرەككە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى . بۇ ھال مۇشۇ سورۇندىمۇ ئۆز

ئىپادىسىنى تاپتى . ئادەتتە ئالدىراپ سۆز قىلمايدىغان ئەسقەر لەتىپە باشلىدى :

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئېرىدىن كۆڭلى ئاغرىغان بىر چوكان روھى چۈشكۈن ھالدا دېڭىز ساھىلىدا كېتىۋاتسا ، يېرىمى قۇمغا كۆمۈلگەن بىر بوتۇلكا ئۇچراپتۇ . چوكان بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن ، بوتۇلكىدىن قاپقارا ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپتۇ . خېلىدىن كېيىن ئىس - تۈتەك ئارىسىدا بىر ئالۋاستى كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ چوكانغا :

— سەن مېنى قاماقتىن قۇتۇلدۇردۇڭ . ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ تىلىكىڭنى ئورۇنداپ بېرىمەن . بىراق شۇنى بىلىپ قالغىنكى ، سەن نېمىنى تىلىسەڭ ، ئېرىڭمۇ شۇ نەرسەڭنىڭ ئىككى باراۋىرىدە ئاشۇ نەرسىگە ئېرىشىدۇ ،— دەپتۇ .

— نېمىشقا ئەمدى ؟— دەپتۇ چوكان ،— ئۇ دۆيۈز مېنى تاشلىۋېتىپ ، ئۆزىنى باشقا چوكان قوينىغا ئاتقان تۇرسا ؟

— كىتابتا شۇنداق يېزىلغان ،— دەپتۇ ئالۋاستى . چوكان ئۇنىڭدىن يۈز ئامېرىكا دوللىرى تىلەپتۇ . شۇئانلا ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز ئامېرىكا دوللىرى ، يىراقتىكى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئىككى يۈز ئامېرىكا دوللىرى پەيدا بوپتۇ . چوكان ئىككىنچى رەتتە ئالماس كۆزلۈك ئېسىل مېدالىئون تەلەپ قىلغانىكەن ، دەرھاللا ئالدىدا دېڭىزنىدەك ئېسىل مېدالىئون پەيدا بوپتۇ . يىراقتىكى ئېرىنىڭ ئالدىدا بولسا ئۇنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئېسىل مېدالىئون پەيدا بوپتۇ .

— ئالۋاستى ، مەن نېمىنى تەلەپ قىلسام ، ئېرىم راستىنلا ئىككى باراۋەر ئارتۇق نەرسىگە ئېرىشەمدۇ ؟— دەپ سوراپتۇ چوكان .

— شۇنداق ،— دەپتۇ ئالۋاستى .

— ئۇنداق بولسا ،— دەپتۇ چوكان ،— مېنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قوي ! »

بۇ لەتىپىگە ھېچكىم كۈلمىدى .

— ئەسقەر ئەپەندى ، لەتىپەڭگىزۇ بولىدىكەن ، لېكىن ھېچ-كىمنى كۈلدۈرەلمىدىڭ ، شۇڭا ماۋۇ بىر رومكا ھاراقنى ئىچىسەن ،— دېدى ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى . ئەسقەر ھاراقنى سەل غۇدۇراپىراق ئىچىۋەتتى .

— قاسىمكا ، ئەمدى نۆۋەت سېنىڭ ،— دېدى ئەخمەتجان .

قاسىم يۇمۇر باشلىدى :

«كاماندىروپكىدىن كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەن ئوبلوموف ئۆيگە كىرىپلا تاماق قىلىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئايالى لىدىيەنى قۇچاقلاپ كارىۋاتقا سۆرەپتۇ .

— ۋاي تەنتەك ، بولمايدۇ ، قولۇم خېمىردا ،— دەپتۇ لىدى-يە . ئەمما ئېرى زادىلا ئۇنىماپتۇ . ئاخىر لىدىيە ‹مەن تاماقنى تەييارلاپ بولغىچە تالاغا چىقىپ كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىپ كى-رىڭ › دەپ ئېرىگە يىگىرمە رۇبلى بېرىپتۇ . سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئېرى ئاردىن ئون - يىگىرمە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا قايتىپ كىرىپتۇ .

— نېمانداق بالدۇرلا قايتىپ كىردىڭىز ؟ كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلمىدىڭىزمۇ ؟— دەپ سوراپتۇ لىدىيە .

— كۆڭلۈمنى خۇش قىلدىم ،— دەپتۇ ئېرى ،— ئىشىك ئالدىغا چىقسام قوشنىڭ ناتاشا ئۇچراپ قالدى . ‹نەگە ماڭ-دىڭىز ؟ › دېدى ، مەقسەتنى ئېيتسام ، ‹ياخشى گەپكەن ، بىزنىڭ ئۆيگىلا كىرىڭ › دېدى . كىردىم ، كۆڭلۈمنى خۇش قىلدىم - دە ، قايتىپ چىقتىم .

— يىگىرمە رۇبلى قېنى ؟

— ناتاشاغا بەردىم .

— ۋاي ئەخمەق ، ئۇنىڭ ئېرى دائىملا مەن بىلەن ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋېلىپ ، ماڭا ھېچ نەرسە بەرمەيتتى ،— دەپتۇ لىدىيە .»

www.uyghurkitap.com

هەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتۇق .

مەن مۇشۇ چاغقىچە مۇنداق كۈلكىنى كۆرمىگەنىدىم . گويا ئۆينىڭ تورۇسى تېشىلىپ كېتەمدىكىن دەپ قالدىم . كۈلۈۋېرىپ ، ئەسقەر گىلەم ئۈستىدە قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ ، بىر نەرسىنىڭ قەغىشىنى قىلغان كىچىك بالىدەك تېپچەكلەپ ـ دومىلاپ كەتتى .

— يا··· يا··· ياشاپ··· كەت ، قاسىم ،— دېدى مۇراتجان مىنىڭ تەستە كۈلكىدىن ئۆزىنى باسالماي .

بوتۈلكىدىن ئۇچى قۇرۇقدىلىپ تۆتىنچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا ، هەممەيلەن خېلىلا قىزىپ قالغاندۇق . قاسىم بىردىنلا :

— بايا ئەخمەتجان ئۇمىدنى ئاجايىپ گۈزەل بىر ساھىبجامالنى تېپىۋالدى ، دېۋېدى . بۇغۇ بەك بەلەن ئىش بوپتۇ . دېگىنە ئۇمىد ، ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن ؟— دەپ سوراپ قالدى .

— نېمە قىلاتتى ؟ توي قىلىدۇ ، بويتاقلىقنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . هېلىمۇ ئۇمىد ئانارگۈلنىڭ قارىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تۇتتى ، ئالتە يىل بولدى ئەمەسمۇ ، ئالتە يىل ،— دېدى مۇراتجان .

— خاتا ئويلاپ قالماڭلار ،— دېدىم مەن دەرھاللا ،— بايا ئەخمەتجان چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويدى . ئۇ مېنىڭ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قالغان بىر تونۇشۇم ئىدى ، يېقىندا يەنە تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قالدۇق .

— قەيەردە ؟

— كېچىلىك بەزمىخانىدا .

— نېمە ، نېمە ؟ سەنمۇ كېچىلىك بەزمىخانىغا باردىڭمۇ ؟— قاسىم تېخىمۇ هەيران قالدى .

— باردىم .

— مۇنداق دە ، ئۇمىد ، مۇنداقمۇ هۇنىرىم بار دېگىن ، ئۇ قىز نېمە ئىش قىلىدىكەن ؟

— ئاشۇ بەزمىخانىدا «ئۈچكە ھەمراھ بولغۇچى» ئىكەن .
قاسىم ئېغىر تىندى ، تاماكا تۈتاشتۇردى ، ئەخمەتجاندىن بىر رومكا ھاراق قۇيۇشنى ئۆتۈندى . ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇياق ـ بۇياققا چۆرگىلەتتى ، گويا ئاجا- يىپ بىر نەرسە باردەك ، رومكىنىڭ ئىچىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى ، ئاندىن بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ ، ئاغزىغا بىر چوكا قورۇما سالدى . تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ ، ئالدىرىماي سۆز باشلىدى :
— ئاشۇ كېچىلىك بەزمىخانا دېگەنگە ، ئۆزۈم ئىشخانا مۇدىرى بولغاچقا ، بەزى ـ بەزىدە خۇددى بوينۇمدىن باغلىغاندەك مەجبۇ- ري بارىمەن ، بۇ پەقەت خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈن . شۇڭا بەزمى- خانا دېگەننى چۈشىنىمەن ، ئۇ يەردىكى «ئۈچكە ھەمراھ بولغۇ- چى» خانقىزلارنىمۇ چۈشىنىمەن . ئۇلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تامامەن بۇزۇلغانلار دەپ بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمىسىمۇ ، ئەمما قىزىل كۆزلەر دېيىشكە بولىدۇ ، پېشىڭ تېگىپ كەتتىمۇ ، بول- دى ، سەندىن بىر ـ ئىككى يۈز يۈەن ئۈندۈرۈۋالمىغىچە بولدى قىلمايدۇ . پۇللا بېرىمەن دېسەڭ ، ھەممىنى قىلىشقا تەييار . بۇرادەر ئۇمىد ، سەن يازغۇچى ، ھەممىمىز ھۆرمەيلەيدىغان ئا- دەم . كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەپ قوياي ، سېنىڭ ئۇ يەرگە بارغى- نىڭ ، يەنە كېلىپ شۇ يەردىن بىر قىز تېپىۋالغىنىڭ ياخشى بولماپتۇ . راست ، كېچىلىك بەزمىخانىدىكى ئاشۇ قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ، تىرناقتا توختىغۇدەك قىزلار . ئەممائىچكى گۈزەللىك ، ئەخلاق جەھەتتىچۇ ؟ بىز ، سەندەكلەرگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا يارىمايدىغان قىزلار . ئۇلار پەقەت پۇل بېرىپ ، بىرەر ئاخشامغىلا كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا يارايدۇ .
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ، قاسىم ،— دېدى مۇراتجان مېنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك ،— كېچىلىك بەزمى- خانا ۋە ئۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىلا سەن دېگەندەك ئەسكى

ئەمەس . ئاشۇ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتا ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ ، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ باشقىچە يولىنى تاپالماي شۇ يەرگە بېرىپ قالغانلار . گەپ — سەن بىزنىڭ ئۇلار بىلەن قايسى خىل مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزدا . ئۇلارنىڭ كۆپلىرى پەقەت يەپ - ئىچىش ، تانسا ئويناشتا ھەمراھ بولىدۇ ، باشقا ھەرقانداق تەلەپنى رەت قىلىدۇ ، ئۇلار خۇددى پاكىستاننىڭ «كىشىلىك دۇنيا» دېگەن كىنوسىدىكى مەشھۇر سوتچىنىڭ سابىق سۆيگىنىدەكلا پاك قىزلار . مەنمۇ خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كېچىلىك بەزمىخانىلارغا بارىمەن . ئەگەر كېچىلىك بەزمىخانا بارسا بولمايدىغان جاي بولسا ، نېمە ئۈچۈن مەملىكەت ، دۇنيانىڭ ھەممە چوڭ شەھەرلىرىدە شۇنچە جىق قۇرۇلىدۇ ؟ ئۇ بىر كۆڭۈل ئاچىدىغان جاي ، ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۇ يەرنى باشقىچە مەقسەتتە ئىزدەيدۇ . يېقىندا مەن ئاشۇنداق كېچىلىك بەزمىخانىلاردا ئىشلەيدىغان قىزلاردىن ئالتىنى شىركەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى تەربىيە كۆرگەن ، مەلۇماتلىق ،ئىقتىدارلىق قىزلار بار . ئەمەلىيەتتە ، بىزنىڭ ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ سىڭىللىرىدەك كۆرۈپ ، ئىمكان يارىتىپ ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇش ، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىشىدىگە ، بىرەر توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار .

— ھەرنېمە دېگەنبىلەن ، ئۇمىد كېچىلىك بەزمىخانىدىن تاپقان قىز بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ ،— دېدى قاسىم .

— مەن ئۇ گەپنى چاقچاق قىلىپ دەپ قويغانىدىم ،— دېدى ئەخمەتجان ،— سىلەر ئۇ گەپنى راستىقا چىقاردىڭلارغۇ ؟ ئۇ قىز ئۇمىدجاننىڭ كونا تونۇشى ئىكەن ، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى ، خالاس .

مۇشۇنداق ھاراق ئىچىپ ، ئاز - تولا قىزىپ قالغان چاغدا ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن مۇقەددەسلەرنىڭ ئىشى توغرىسىدا پاراڭلاش-

قۇم ، تالاش ـ تارتىش قىلغۇم كەلمىدى . شۇڭا ئىپادە بىلدۈرمە-
دىم .

ئۇلتۇرۇش ئاخىرلىشىپ بۇرادەرلەر تارقىغاندىن كېيىن :

— مېنىڭ مۇقەددەسلەرگە ياردەم قىلغۇم بار . مۇراتجان
ئېيتقاندەك ، بىزنىڭ ئۇلارنى ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاشقا يېتەك-
لەش مەجبۇرىيىتىمىز بار ،— دېدىم مەن ئەخمەتجانغا ،—
قاسىمغا ئوخشاشلار كىچىكلىك بەزمىخانىلارغا بېرىپ ئاشۇ قىزلار
بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇيۇ ، يەنە ئۇلارنى پەس كۆرىدۇ . ئاشۇلار
بىزنىڭ سىڭلىمىز ـ قېرىندىشىمىز ئەمەسمۇ ؟ ناۋادا ، بىزمۇ
ئۇلارنى پەس كۆرسەك ، ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق ، ئۇلار
تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەمدۇ ؟ ئەمما مەن ئۇلارنىڭ قانداق
ئىش قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالمىدىم . سېنىڭ بۇ ھەقتە
بىلىدىغانلىرىڭ كۆپ ، ئويلاپ كۆرسەڭ .

— ماقۇل ،— دېدى ئەخمەتجان .

# *12*

«ئادەمنى بەختلىك قىلىدىغان نەرسە پۇل ـ بايلىق ئەمەس ،
ئەخلاق ـ پەزىلەت ،— دەيدۇ بۇيۇك مۇزىكانت بىتخوۋېن ،— بۇ
مېنىڭ ئەمەلىي تەجرىبەم . مېنى مۇشكۇل ئىچىدە قوللىغان نەر-
سە ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ساقلاپ قال-
غان نەرسىمۇ سەنئەتتىن باشقا ، يەنىلا ئەخلاق ـ پەزىلەت .»
تاگورنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاق جەھەتتىكى ئىلگىرى-
لەش ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلاشتىن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئوي-
لاشقا ئۆزگىرىشتە ئىپادىلىنىدۇ .

يۇقىرىقىلار ئۇلۇغلارنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرى

ئىدى . بىز قانداق قارايمىز ؟ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقاندا ،
پەقەت ئەنئەنىلەرگە ، شەكىلگە ئېسىلىۋالىمىز . بىرەرى دوپپا
كىيگەن بولسا ئەدەپلىك ، دوپپا كىيمىگەن بولسا ئەدەپسىز دەي-
مىز . ئەلۋەتتە ، دوپپا چىرايلىق ، يارىشىملىق نەرسە ، ئۇنى كىي-
گەن ياخشى . بىراق ئۇ ئەدەپلىك ياكى ئەدەپسىزلىكنىڭ سىمۋو-
لىمۇ ؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغاندا ۋە باقىي ئالەمگە ماڭغاندا
دوپپىسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويىمىز . ئادەم ئاتا
بىلەن ھاۋا ئانا تۆرەلگەندە دوپپىسى ، رومىلى بارمىدى ؟ بىز
ئادەتتە رومال ئارتمىغان ، چۈمپەردە تارتمىغان ئاياللارنى ئەدەپ-
سىز ، بىھايا دەيمىز ، ئەمما ئىنساننىڭ ئالەمدىكى بارچە گۈزەل-
لىكلەردىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى
گۈزەللىكنى نامايان قىلىش ، باشقىلارنىڭ ئۇ گۈزەللىكتىن توغ-
را نىيەتتە بەھرىلىنىش ئەركىنلىكى بارلىقىنىمۇ ئويلاپ قويماي-
مىز ، ھەتتا «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە
سەۋەب بولغان ئايالنىڭ ساندۇقتا ، ساندۇق ئىچىدىكى قىرىق
قەۋەتلىك ئەينەك ساندۇق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ، پۇرسەت بولسىلا
باشقا ئەرلەر بىلەن ناشايان مۇناسىۋەتتە بولۇپ ، قىرىق ئۆزۈك
يىغقانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ قويمايمىز . بىز ئەرلەر ئۆزىمىز بەز-
مىخانىلارغا ۋە قانداقتۇر سورۇنلارغا بېرىپ ، كۆڭۈل خۇشى
قىلغان قىزلارنى ئەدەپسىز دەيمىزيۇ ، «ئۆزۈم بۇ يەرگە نېمىدەپ
كەلدىم ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قىزلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدىم ؟
ئۇلارنى كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا زورلىدىم ؟ مۇشۇ چاغدا ئۆزۈم-
نىڭ ئايالى ، ھەدە - سىڭىللىرى ، قىزىم نېمە ئىش قىلىۋاتقان-
دۇر ؟ » دەپ ئۆزىمىزدىن سوراپ كۆرمەيمىز . «خۇرجۇننىڭ ئال-
دىنى كۆرۈپ ، ئارقىسىنى كۆرمەسلىك» دېگەن مۇشۇمىكىن ؟

ئەتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، دېرىزىنى ئېچىپ سىرىنگۈل-
لەرگە قاراپ ، خۇش ھىدىنى ھىدلاپ ، كاككۇكنىڭ يېقىملىق
ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ خىيال سۈرگىنىمدە ، كاللامغا ئەنە شۇنداق

ئۆزۈممۇ مۇكەممەلرەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان پىكىر كېلە-
ۋالدى . ئاخىر بىردىنلا ئاخشامقى سورۇندىكى قاسىمنىڭ كېچە-
لىك بەزمىخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلارنى «قىزىل كۆزلەر» ،
«پۇللا بېرىمەن دېسەڭ ، ھەممىنى قىلىشقا تەييار» ، «ئۇلار پە-
قەت پۇل بېرىپ ، بىرەر ئاخشامغىلا كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا يارايـ
دۇ» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىغاندەك بولدى . بۇ قاسىمنىڭلا
ئەمەس ، جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىق ئەرلەرنىڭ قارىشى ئىدى .
ناۋادا ، ئاياللار پىكىر قىلىدىغان بولسا ، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەم سۆز-
لەرنى قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . مۇقەددەس ھەقىقەتەن ئاشۇن-
داق قىزمۇ ؟ ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆزلىرىدىن سەبىيلىكى چىقىپ
تۇرغان قىزلارمۇ ئاشۇنداق ئەدەپسىز ، بىز پەس كۆرۈشكە لايىق
قىزلارمۇ ؟...

بۇ سوئاللارغا قەلبىم «ياق !» دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئەمەلد-
يەتتە ئۆزىمىز بىھايا ، ئەدەپسىز ، پەس . ئۇلارنى ئاشۇ كويغا
ئۆگەتكەن ئۆزىمىز . شۇنداق بولمىسا ، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ «پەس»
قىزلارنى بىللە ئولتۇرۇشقا ، بىللە ھاراق - شاراب ئىچىش ، تانسا
ئويناشقا چاقىرىمىز ؟ نېمە ئۈچۈن بارلىق چىقىملىرىنى تۆلىگەن-
دىن سىرت ، يەنە ئۇلارغا تاپان ھەققى ئۈچۈن بىرەر يۈز يۈەن ،
سېخىيلىقىمىز تۇتۇپ كەتسە بىرنەچچە يۈز يۈەن بېرىمىز ؟ بۇ
ماھىيەتتە ، ئۇلارنى پاتقاققا تېخىمۇ پېتىشقا زورلىغانلىقىمىز ئە-
مەسمۇ ؟...

تېلېفون جىرىڭلىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئۈمىد ئاداش ، ياخشى تۇرۇۋې-
سەنمۇ ؟— بۇ ئەخمەتجاننىڭ ئاۋازى ئىدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئەخمەتجان ، ئەتىگەنلىكىڭ خەير-
لىك بولسۇن !— دېدىم مەن .

— ئاخشام بىر گەپنى قىلىۋېدىڭ ،— دېدى ئەخمەتجان ،—
مەن ئويلاپ قويدۇم . ھەقىچان ناشتا قىلمىغانسەن ، كەلسەڭ ،

www.uyghurkitap.com

بىللە ناشتا قىلغاچ ، شۇ ھەقتە پاراڭلاشساق ھەم بۇگۇنكى ناۋاتـ
ـتەك يەكشەنبىنى قانداق ئۆتكۇزۇشنىڭ پىلانىنى تۇزسەك .

تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرىغا چۆمگەن شەھەر .
تاكسىدا كېتىۋېتىپ ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن نەزەر سالـ
ـدىم . يوللارغا سۇ چېچىش ماشىنىسى بىلەن تەكشى سۇ چېچىلغاـ
ـنىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تەكشى ئۆسكەن قارىغاي ،
چوڭ يوپۇرماقلىق رىدە دەرەخلىرى ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ياپيېـ
ـشىل چىمەن ۋە گۇللەر تاڭ قۇياشىغا سالام بېرىۋاتقاندەك لەرزان
تەۋرىنەتتى . چاسا ـ دوقمۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۇللۇكلەرگە
ئورنىتىلغان فونتانلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى
قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك ۋالىلداپ ، گۇلچاچقۇدەك تەرەپ ـ
تەرەپكە چېچىلاتتى . ھەيۋەتلىك بىنالار بىر ـ بىرى بىلەن بوي
تالاشقاندەك ، مەغرۇر ھالدا كۆككە بوي سوزغانىدى . ئاشۇ بىناـ
لارنىڭ ئارىلىرىدىن ناگان ـ ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان قارلىق
بوغدا چوققىسى گويا مۇشۇ شەھەرگە پاسىبان قاراۋۇلدەك تاڭ
قۇياشى نۇرىغا چۆمۈلۈپ ۋالىلداپ تۇراتتى . يېشىللىققا چۆمگەلـ
ـگەن قىزىلتاغ شەھەرنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىۋاتقان مېھرىـ
ـبان ئانىدەك كۆرۈنەتتى . بۇ شەھەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ زوقى
كەلگۇدەك گۇزەللىككە تولۇۋاتاتتى .
مەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، ئەخمەتجان ناشتىلىق تەييارـ
ـلاپ ، ھەتتا گۆش پىشۇرۇپمۇ ئۇلگۇرگەنىكەن . بىز گۆشنى يەپ ،
شورپىغا تەييار چۆپ سېلىپ ئىچىپ ناشتا قىلدۇق . شۇندىلا :
— قېنى دېگىنە ، ئەخمەتجان ، قانداق ئويلاندىڭ ؟— دېدىم
مەن .
— بۇ ئۆيدە ھازىر ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ، شۇڭا
كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلىشايلى ، — دېدى ئەخمەتجان ، —
ئۇمىدجان ئاكا ، ئالدى بىلەن مەن سەندىن سورىۋالاي ، سېنىڭ

مۇقەددەسكە كۆڭلۈڭ زادى قانداقراق؟
— ئەخمەتجان ئۇكا، مەن ھازىر مۇقەددەسنى ئۆزۈمنىڭ
سىڭلىسى ئورنىدا كۆرىمەن. ئۇ بىر ئاداشقان، ئادىشىپ ئاشۇ
«ئۆچكە ھەمراھ بولغۇچى» دېگەن چىرايلىق قەپەسكە كىرىپ
قالغان تۇمۇچۇق. مېنىڭ پەقەت ئۇنى كىشىلەر پەس كۆرىدىغان
قەپەستىن قۇتۇلدۇرغۇم، ئەركىن قۇشقا، ئىززەت - ھۆرمەتكە
سازاۋەر، ھالال ئەمگىكى بىلەن ئۆز قەدرىنى تاپىدىغان قىزغا
ئايلاندۇرۇش ئويۇم بار، خالاس، — دېدىم ھاياجان بىلەن، —
ئەلۋەتتە، بۇ يالغۇز ئاشۇ بىر مۇقەددەسنىڭلا ئىشى بولغان بولسا،
ھەل قىلىش بەك ئوڭاي بولاتتى. يەنە پەرىزاتمۇ بار، ئۇلار بىلەن
بىللە بولۇۋاتقان بىرنەچچە سەبىي قىزمۇ بار. شۇڭا سەندىن
مەسلىھەت سوراپ ئولتۇرۇپتىمەن.
— ئەمىسە مەن توغرا ئويلاپتىمەن، — دېدى ئەخمەتجان ماڭا
چاي قۇيۇۋېتىپ، — بىزدە ھازىر ئورگانلار ئىسلاھاتى بولۇۋاتىد-
دۇ، كان - كارخانىلارمۇ ئادەم قىسقارتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن ئە-
مەس. خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكتىكى چوڭراق، ئىقتىسادىي
ئۈنۈمى ياخشىراق كارخانا، شىركەتلەرمۇ كۆپ ئەمەس، ئۇلار يەنە
بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ بەزى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن
كۆپرەك بەھرىلىنىش ئۈچۈن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنى ئالدىنراق ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆ-
زىگە تۇشلۇق دەردى بار، مۇنداق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ
ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ، بىرەر تىجارەت بىلەن
شۇغۇللانغىنى ياخشىكەن. مەن ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆر-
سەم، ھازىرقى بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ساتىراشلىق - پەر-
دازچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانسا بولغۇدەك. بۇ كەسىپنىڭ
تەرەققىيات ئىستىقبالى بار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، كۆپ
دەسمايە كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلارنىڭ شۇغۇللىنىشىغا

باب كېلىدۇ . دۇنيادا ئەر ـ ئاياللارلا بولىدىكەن ، بۇ كەسىپ ئۆلمەيدۇ . ئادەتتە بىز ئەرلەر چېچىمىزنى بەش ـ ئالتە يۈەنگە ياستىمىز . ھازىر ساتىراشخانىلار ئاياللاردىن ئاشمايدىغان بولۇپ كەتتى . چاچنى بۇدۇر قىلدۇرۇش ، خىلمۇخىل رەڭلەردە بويى- تىش ئەۋج ئالدى . توي قىلىدىغان قىز ۋە ئۇنىڭ قولدىشىنىڭ گىرىمى تۆت ـ بەش يۈز يۈەن ، توي دېگەن كۈندىلا بار ، گىرىم قىلىشنى ئالدىن زاكاز قىلىدىغان گەپ .

ھەي ، نېمىشقا مېنىڭ ئەقلىمگە كەلمىگەندۇر ؟ ئەخمەتجان- نىڭ دېگەنلىرى تامامەن ئورۇنلۇق ئىدى . ناۋادا ئۇلار ساتىراش- لىق ـ پەردازلىق دۇكىنىنىڭ يېنىغىلا گۈل دۇكىنى ئاچسا ، ئىش تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمامدۇ ؟ ھەر خىل بايراملاردا ، بولۇپمۇ ھازىر ياۋروپالىقلاردىن ئۆگىنىپ ، يىلدىن ـ يىلغا ئەۋج ئېلىۋاتقان «ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى» دېگەندەك چاغلاردا ، بىر تال قىزىلگۈل يىگىرمە بەش — ئوتتۇز يۈەنگە چىقىدۇ ، بىر توي ماشىنىسى ئۈچ ـ تۆت يۈز يۈەنگە بېزىلىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئۇلار ئالدى بىلەن تەربىيىلىنىشى كېرەكقۇ دەيمەن ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ،— دېدى ئەخمەتجان ،— ھازىر مۇنداق تەربىيىلەش ئورنىدىن شەھىرىمىزدە بىرنەچچىسى بار . ئەگەر يۇقىرى تېخنىكا ئۆگىنىمىز دېسە ، دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەر- گە بېرىپ ئۆگىنىپ كەلسىمۇ بولىدۇ .

— تەربىيىلىنىشكە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر ؟

— نورمال تەربىيىلىنىشكە ئۈچ ئايچە ۋاقىت كېتىدۇ . مۇ- ئەييەن ھۈنەر ـ تېخنىكىنى ئۆگىنىپ ، دۇكاننى ئېچىۋېلىپ ، ئاندىن بىر ـ ئىككىدىن بىلىم ئاشۇرسىمۇ ياكى يۇقىرى تېخنىكى- لىق ئۇستىدىن بىرەرنى تەكلىپ قىلىپ ، ئىش ئورنىدا — ئەمەلىيەت داۋامىدا تەربىيىلەنسىمۇ بولىدۇ .

— بۇگۈن سېنىڭ باشقا ئىشىڭ بارمۇ ، ئەخمەتجان ؟— دەپ سورىدىم مەن . بۇ سوئالىم ئەخمەتجانغا تۇيۇقسىز ۋە ئورۇنسىز-

دەك تۈيۈلدىمۇ ، قانداق ، ئۇ ماڭا قاراپلا قالدى . خېلىدىن كې-
يىن :
— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭا ؟— دېدى .
— ئەگەر زۆرۈر ئىشىڭ بولمىسا ، بىز مۇقەددەس ، پەرىزات-
نى چاقىرتىپ ، بۇ ئويىمىزنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ كۆرسەك
دەيمەن . ئۇلار ئۆزى نېمە دەيدىكىن ،— دېدىم مەن .
— باشقا ئىشىم يوق . بۈگۈنكى يەكشەنبە— دەم ئېلىش كۈ-
نى ، هازىر ساياهەت مەزگىلى باشلانمىغاچقا ، ئادەتتىكى كۈنلەردى-
مۇ بوش - بىكارمەن . بىراق ، ئۇلارنى چاقىرساق نەگە بارساق
بولار ؟ مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمىزمۇ ؟
— ئاشخانا - رېستورانلارغا بېرىشنىڭ هاجىتى يوق .
ئەڭ ياخشى جاي— مۇشۇ ئۆي ،— دېدىم مەن قانداقتۇر بىر
خۇشاللىق بىلەن ،— هەر ئىككىمىز بويتاق ، سىرتتىن تاماق
يەپ ، ئۆزىمىز ئېتىپ يەپمۇ جاق تويدۇق . لازىمەتلىكلەرنى تەي-
يارلىساق ، ئاشۇ قىزلار بىزگە بىر تاماق قىلىپ بەرسە قانداق ؟
— شۇنداق بولسىغۇ بەك ئوبدان بولاتتى ، بىراق ئاشۇ قىزلار
تاماق قىلىشنى بىلەرمۇ ؟
— پەرىزات بىلمىگەندىمۇ ، مۇقەددەس بىلىدۇ .
— ئۇنداقتا مەن ئۇلارغا چاقىرغۇ قىلىۋېتەي .
— نېمانچە ئالدىراپ ؟— دېدىم مەن ،— سەل تۇرۇپ ، بىز
بۇ ئۆيۈڭنى يىغىشتۇرۇپ ، لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بولغاندا
تېلېفون قىلساڭمۇ بولار ؟
— هەي ئۇمىد ئاكا ، هەي ئۇمىد ئاكا ، بەكمۇ ساددا سەن
جۇمۇ !— دېدى ئەخمەتجان ،— سەن ئۇلارنى هازىرلا يۈگۈرۈپ
كېلىدۇ دەپ ئويلامسەن ؟ ئۇلار ئاخشام بەزمىخانىغا بارمىغان
تەقدىردىمۇ ، جەزمەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ، ئاندىن يېرىم كېچىگە-
چە ۋاتىلداشتى . بەلكىم هازىر هۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقاندۇر .
ئۇلار قىز بالا ئەمەسمۇ ، ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ - تارىنىشقىمۇ

خېلى ۋاقىت كېتىدۇ .
ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن . مۇقەددەسلەر ئىككى سائەتلەر-دىن كېيىن كەلدى . ئاشخىچە ئەخمەتجان بىلەن ئىككىمىز ئۆينى يىغىشتۇردۇق ، ساقال - بۇرۇتلارنى ئالدۇق . ئىمكان بولسا جۇۋاۋا ياكى چۆچۈرە ئېتىپ يېيىش مەقسىتىدە ، ئۆيدە گۆش بولسىمۇ ، بازارغا چىقىپ يېڭى گۆش ، پىياز ، دورا - دەرمان قاتارلىقلارنى ئەكىردۇق .
مەن دېگەندەك ، پەرىزاتنىڭ قورۇما قورۇشقا خېلى ئېپى بار ئىكەن ، مۇقەددەس ھەممە تاماقنى قىلالايدىكەن . بىز چۆچۈرىگە تۇتۇش قىلدۇق . مەن گۆش ، پىيازنى تۇجۇپلەپ توغراپ ، سو-قۇلغان قارىمۇچ ، زىرىدىن مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلدىم . مۇقەددەس خېمىر يۇغۇرۇپ ، يېيىپ كېسىپ جىلتا تەييارلىدى . چۆچۈرە تۈگىلىپ بولغىچە ، قازانغا ئۇستىخانلارنى سېلىپ خېلى ئۇزاق قايناتتۇق .
— مېنىڭ سىلەرگە شۇنداق مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ ،— دېدى بىزنىڭ ئىشىمىزغا خېلىدىن بېرى جىمىدە قاراپ تۇرغان پەرىزات كۈلۈپ ،— مانا سىلەرنى خۇدا قوشقان قوشماقلار دېسە بولىدۇ .
مۇقەددەس شۇ ھامان ئانار چېچىكىدەك قىزاردى - دە :
— جۆيلۈمىسەڭچۇ ، پەرىزات . مەن قانداقچە ئۇمىدجان ئاكى-نىڭ خىلى بولاي ،— دېدى .
— جۆيلۈگىنىم يوق ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن ،— دېدى پەرىزات ۋە خۇرسىنىپ بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ،— مېنىڭ مۇشۇ تەقدىر دېگەننىڭ ئادەمنى شۇنچە ئانى تېپىپ كول-دۇرلاتقىنىغا ئاچچىقىم بار . بۇ دۇنيادا ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، ۋاپادار ئادەملەر شۇنچە كۆپ ئىكەنۇ ، نېمە ئۈچۈن تەقدىر بىزنى شۇنداقلارغا ئۇچراشتۇرماي ، ئاشۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەننىڭ قەدىر - قىممىتىنى ، ۋاپا - ساداقەت دېگەننى بىلمەيدىغان قادىر-

دەك ، مۇقەددەسكە ۋاپاسىزلىق قىلغان يىگىتتەك ئادەملەرگە يولۇقتۇرۇپ قويىدۇ؟ بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلگەن قەلبىمىزدە ئۆمۈرلۈك ساقايماس يارا پەيدا قىلىدۇ؟

— بولدى ، ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ چېچىلماڭ ، سىڭلىم ،— دېدىم مەن ،— خەلقىمىزدە : «تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي ، تەدبىرگە تايىنىپ ياشا» دېگەن ھېكمەت بار . مېنىڭچە ، تەقدىردىن خاپا بولۇشنىڭ ، ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ قارىغان ئاشۇ كىشىلەردىن خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق . بىز «ئەقىللىك ئۆزىنى ئەيىبلەر ، نادان ئۆزگىنى» دېگەن ماقالنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك . ئاشۇ چاغلاردا ، سىلەر سەبىي ، ياش ئىدىڭلار ، تۇرمۇش تەجرىبەڭلەر كەمچىل ئىدى ، شۇڭا سىلەر ئوڭايلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەن . چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ ، «كۆڭۈل كۆرمىسە ، كۆز دېگەن تامنىڭ تۆشۈكى» دېگەندەك ، ئۇ چاغلاردا كۆڭۈل كۆزۈڭلار ئېچىلمىغان بولغاچقا ، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى كۆرەلمەي ، چاۋاك چېلىشقا تەڭلەنگەن قولغا سىلەرمۇ قولۇڭلارنى ئۇرۇپ سالغان . سىڭلىم ، راستچىل ئادەم ئۆزىنى بىلىدۇ ، ئۆزگىنىمۇ بىلىدۇ ، ئۆز سەۋەنلىكىگە قاتتىق ، ئۆزگىلەرنى كەچۈرۈشكە ماھىر بولىدۇ . خۇددى بۈيۈكلەر ئېيتقاندەك ، كىمىكى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرەلىسە ، ئۆزىدىكى سەۋەنلىكنى كۆرەلىسە ، بۇ ئۇلۇغلۇق نىشانى ۋە ئالىي ھىممەتلىكنىڭ ئالامىتىدۇر .

— ئۈمىدجان ئاكىنىڭ دېگەنلىرى سەممىمىي گەپلەر ،— دېدى مۇقەددەس ،— پەرىزات ، «ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟» دېگەندەك ، ئۆزىمىز باشتا تەنتەكلىك قىلغان . بولدىلا ، ئۆتكەنگە سالاۋات . ھېلىمۇ ئالغا قارىساق كېچىكمەسمىز .

— پاھ ، تۇگكەن چۆچۈرىلىرىڭدەك چىرايلىق گەپ قىلدىڭ ، سىڭلىم ،— دېدى پەرىزات بىر تال چۆچۈرىنى قولىغا ئېلىپ

ئويناپ تۇرۇپ ،— قايسىدۇر بىر شائىر : «گۇناھكار گۇناھىدىن كەچمەكتىن ئەلا ، مۇكاپات بولمىغاي جاھاندا ئەسلا !» دەپ يازغانىكەن . بىز باشقىلارنى كەچۈرگەنىكەنمىز ، بىزنىمۇ باشقىلار كەچۈرەر .

— ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ ،— دېدىم مەن ،— گەرچە ساختىلىق ، رەزىللىك بار بولسىمۇ ، بۇ دۇنيا يەنىلا مېھىر ۋە مۇھەببەتكە تولغان . ياخشىلار — چىن ئىنسانىي پەزىلەتلىك كىشىلەر يەنىلا كۆپ . تەڭرىم «يارىلىشىڭنى مەن ياراتتىم ، يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن » دېگەن . يازغۇچى زىۋېگ ئېيتقاندەك «تاسادىپىيلىقنى تەقدىر بىلەن ئوخشاش » دەپ قاراش گۇدەك چاغلاردىكى سەبىي قاراشتىنلا ئىبارەت . كامالەتكە يەتكەندە ھاياتلىق ئىزلىرىنى ئۆزىڭىز قالدۇرىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىپ قالىسىز . تەقدىر گويا يىغىلىپ ـ تارقىلىپ تۇرىدىغان رەڭدار بۇلۇتقا ئوخشايدۇ . ئادەملەر قانداقتۇر ياخشى بىر نەرسىگە ئېرىشكەندە تەقدىرگە تەشەككۇر بىلدۈرمەيدۇ ، ئەمما قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىسە ياكى ئېرىشكەن نەرسىسىنى يوقىتىپ قويسا ، ھامان تەقدىردىن ئاغرىنىدۇ . بۇ ياخشى ئەمەس . تەقدىرنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئادەم ئۆچۈن ئېيتقاندا ، ئىشەنچ تەقدىرنىڭ خوجايىنىدۇر . شۇڭا ئادەم كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققان چاغدا ، ئاشۇ تاش يۈرەك تەقدىرنى كۆلدۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك . ئۇ سىزنى ھاقارەتلەشكە كەلگەنىكەن ، مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىڭىز كېرەك .

ئۆيىنى چۆچۈرىگە سېلىنىغان ئاشكۆكنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى ، ئىغىزلارغا دەرھاللا سېرىقسۇ كەلدى . چۆچۈرە ئۇزاق قاينىتىلغان ئۇستىخانلار شورپىسىغا سېلىنىپ ، تۇز ـ تەمى ئوبدان تەڭشەلگەچكە ، ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى . ئادەتتە تاماقنى كۆپ يېمەيدىغان مەن جېنىمدا ئىككى چىنە ئىچىۋەتتىم .

— بىلمەيتىكەنمەن ، مۇقەددەس ، قولۇڭ ھەقىقەتەن تاتلىق

ئىكەن جۇمۇ !— دېدى پەرىزات مەمنۇنلۇق بىلەن .
— شۇنى ئۇنتۇپ قالما ، پەرىزات ، قىيمىنى ئۇمىدجان ئاكا تەييارلىغان . كۆڭلى تاتلىق ئادەملەرنىڭ قولىمۇ تاتلىق بولسا كېرەك ،— دېدى مۇقەددەس .
— مەنمۇ ، ھە ، ھېلىقى نېمىتى ؟ ھە ، ھە ، «قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەن تەرزدە گەپ قىلىۋېدىم ، سەن ئاشكارىلىۋەتتىڭ ،— دېدى پەرىزات كۈلۈپ .
— چۆچۈرە ئىچمىگىلى ، بولۇپمۇ ئۆيدە قىلىنغان چۆچۈرە ئىچمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بوپتىكەن ، ھەقىقەتەن تامىقىمدا قال-دى ،— دېدى ئەخمەتجان ،— ھەدېسىلا رېستورانغا چاپىمىز ، قارىساڭ شىرەدە خىلمۇ خىل قورۇما ، ئەمما ئېغىزغا تېتىغۇدەك نەرسە يوق . نەچچە يۈز يۈەننى خەجلەپ بولۇپ ، يەنە قورساقنىڭ يېرىمى ئاچ ، بىرەر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ يېرىم تەخسە لەڭمەن يەيدىغان گەپ .
— بۇ تاماق تېتىغان بولسا ، پات - پات كېلىپ تاماق قىلىپ بېرەيلى ،— دېدى پەرىزات ،— بىراق سىز قورقمىسىڭىزلا .
— مېنى ئۇنچىۋالامۇ توخۇ يۈرەك كۆرمەڭ ، پەرى-زات ،— دېدى ئەخمەتجان چاقچاقنىڭ تېگىگە يېتىپ ،— سىلەر يولۋاس ئەمەسقۇ قورقىدىغانغا . بىراق سىلەردەك گۈزەل قىزلار-نى ئىشقا سېلىشقا ئادەم خىجىل بولىدىكەن .
پەرىزات كۈلۈۋەتتى ، ئاندىن :
— ئەتە - ئۆگۈن چىرايلىقراق قىزغا ئۆيلىنىپ قالسىڭىز ، چىرايلىق قىزنى ئىشقا سالماي دەپ ، ئۇنىڭ يېنىغىمۇ بارمامسىز نېمە ؟— دېدى .
— ۋاي سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭزە ،— دېدى مۇقەددەس ۋىللىدە قىزىرىپ .
— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغدا ، مەكتەپ بويىد-چە چىرايلىق ھېسابلىنىدىغان بىر قىز ئۆلۈپ قېلىۋېدى ، بىر

ئوغۇل بالىنىڭ «شۇنداق چىرايلىق قىزمۇ ئۆلۈپ قالامدۇ؟» دېگەنلىكى ھېلىھەم يادىمدا،— دېدى پەرىزات تاماقتىن بوشىغان قاچىلارنى يىغىشتۇرغاچ،— بۈگۈن ئەخمەتجاندىن «سىلەردەك گۈزەل قىزلارنى ئىشقا سېلىشقا ئادەم خىجىل بولىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاۋاتىمەن. شۇنىڭغا قاراپ...

— بولدى قىلە، پەرىزات،— دېدى مۇقەددەس ئۇنىڭ سۆزىنى داۋام قىلىشىنى توسۇپ،— يۇر، قاچا - قۇچىلارنى يۇيىۋېتەيلى.

ئۇلار قازان - قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن مەن ئەخمەتجان بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتىمىزنى ئۇلارغا ئېيتتىم، ئاخىرىدا:

— بىز سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردە نېمە بارلىقىنى بىلمەيمىز. ناۋادا، بۇ ئىشنى خالىمىساڭلار، يەنە مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ،— دېدىم.

— بۇ بەلەن مەسلىھەت بوپتۇ، بىز قىزلارغا لايىقكەن،— دېدى مۇقەددەس،— ئەمما، دەسمايىدە قىيىنىلىپ قالارمىزمۇ؟

— بۇ جەھەتتە بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز - دە،— دېدىم مەن.

— پۇل دېگەن مەندە خېلى بار،— دېدى پەرىزات،— ئەمما، خېلى كۆپ رەسمىيەتلەرني ئۆتەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى قانداق قىلارمىز؟

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ. بۇ يولنى مەن خېلى كۆپ ماڭغان، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا تونۇش - بىلىشلىرىم بار، ھەل قىلالايمەن،— دېدى ئەخمەتجان.

— ئەمىسە سىزگە تەشەككۈر،— دېدى پەرىزات.

— سىلەر مۇشۇنداق قىلىشقا رازىمۇ؟— دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە رازى،— دېدى مۇقەددەس.

— سىززە، بىزنى ھازىرقى ئىشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسمىكىن دەپ ئويلامسىز، ئۇممىدجان ئاكا؟— دېدى پەرىزات.

— يوقسۇ ، سىڭلىم ، ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق ،— دېدىم مەن دەرھاللا ،— دېمەكچى بولغىنىم «سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردە باشقىچە پىلان بارمۇ ، يوق؟ بۇنىڭدىنمۇ ئەپلىكرەك ئامال - چارە بارمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت .

— مەن مۇشۇ مەسلىھەتكە قوشۇلىمەن . مېنىڭچىمۇ مۇشۇ كەسىپنىڭ ئىستىقبالى بار . ئەل ئارىسىدا «ساتىراش ئۆلمىسە ، يىگىت قېرىماس» دېگەن گەپ بار ،— دېدى پەرىزات ،— ھازىر ساتىراشخانىلار قىزلاردىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى . ساتىراشلىق - پەردازچىلىقتا قىلاي دېسە ، تېخنىكا - ھۈنىرىنى ئىگىلىسە ئىش جىق .

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئەتىلا ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشەي ،— دېدى ئەخمەتجان ۋە پەرىزاتقا قاراپ داۋام قىلدى ،— سىلەر جەمئىي نەچچە ئادەم بولالايسىلەر ، قانچە ئادەم ساتىراشلىقنى ، قانچە ئادەم پەردازچىلىقنى ئۆگىنىدۇ ، مەسلىھەت قىلىپ ، ماڭا جاۋابىنى بېرىۋېتىڭلار .

— شۇنداق ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك ،— دېدىم مەن .

# ئىككىنچى قىسىم

# ياش ئارىلاشقان كۆلكە

قىزىلگۈلگە تىكەن ھەمراھدۇر ،
شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك .
كۈلكە ـ يىغا ئەمەس يېگانە ،
بىللە ھامان قوشماق مېغىزدەك .
پۇشمان ، ئەسلەش ، شادلىق كەلسە تەڭ ،
ئادەم يىغا ئارىلاش كۈلىدۇ .
شۇ كۈلۈشتە ئىنسان ئۆمرىنىڭ
ئىزنالىرى ئايان بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# *1*

تاغمۇتاغلاردىن ئېگىز ،
ئارغىبۇلاقنىڭ تاغلىرى .
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى ، يارىيارەي…

ئاپتوبۇس ئارغىبۇلاق تاغلىرى ئارىسىدىكى جىلغىغا ياسالغان ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى .

بىر ئەسلىسەم ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقانچە ۋاقىت ئۆتكەندەك ؛ يەنە بىر ئەسلىسەم ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغاندەك . بىر چاغلاردا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان كەلگىنىمدە ، مانا مۇشۇ تاغ ئارىسىدىن ئۆتكەن ، توپا - چاڭ دەستىدىن ئاپتوبۇسنىڭ بارلىق دېرىزىسى مەھكەم ئېتىلگەن ، بىز ئاپتوبۇس ئىچىدە تازا بۇرۇقتۇرما بولغان . جىلغىدىن تۆت - بەش سائەتتە ئاران چىقىپ بولغاندا ، ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ، ھەممەيلەن دېگۈدەك «ئۇھ…» دېيىشكەن . مانا بۈگۈنچۇ ؟ بۇ جىلغىدىن بىر سائەتكە يەتمەيلا چىقىپ بولدۇق . بۇرۇنقى توپا - چاڭ ، بۇرۇقتۇرمىلىق دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ، يول سىلىق ، يان تەرەپلەرگە سېمونتتىن ئىشلەنگەن ئالا - بۇلا رېشاتكىلار ئورنىتىلغان . شۇ دەم ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە قولى گۈل تاشيول ياسىغۇچىلارغا تەشەككۇر تۇيغۇسى ئۆركەشلەيدۇ .

ئاپتوبۇس ئارغىبۇلاق تېغى ئارىسىدىن چىقىپ ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا كۆمۈش بازىرىغا بېرىپ توختىدى . بۇ بازارمۇ ئۆزگەرگەن .بۇرۇن بىرنەچچە ئاھالە ، كىچىككىنە قاتناش بېكىتى

ئورۇنلاشقان ئۆتەڭ ئىدى ، مانا ئەمدى رەسمىي بازار تۈسىنى ئالغان ، نۇرغۇن ئاشخانا ، سودا دۇكانلىرى ، مېھمانسارايلار… سېلىنغان ، دەل ـ دەرەخلەر تىكىلىپ بوستانلاشتۇرۇلغان .

مەن شىلدىرلاپ سۇزۇك بۇلاق سۈيى ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا بېرىپ قېرى سۆگەت تۈۋىدە ئولتۇردۇم . ئېرىق ئاستىدىكى ئۇششاق رەڭدار تاشلار قۇياش نۇرى ئاستىدا ۋاللىدىشاتتى . ئېرىق بويىدىكى يالپۇز ، ئەمەنلەردىن تارقىلىۋاتقان ھىد دىماغنى غىدىقلايتتى . ئېچىلغان مامكاپ گۈللىرى يىراقتىن قارىماققا سېرىق كەھرىۋادەك جۇلالايتتى .

مەن يانچۇقۇمدىن ئىككى پارچە خەتنى ئالدىم . بۇلار گۈلنار بىلەن گۈلنازنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇقەددەسكە يازغان خەتلىرى بولۇپ ، ئەتىگەن مەن يولغا چىققاندا ، مۇقەددەس ماڭا ئەكېلىپ بەرگەنىدى .

ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە قوش ئۇزىتىش بولدى . مۇقەددەسلەر بۈگۈندىن باشلاپ ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان «گۈزەل مەلىكە» ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بولغانىدى . مەن بۈگۈن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەنلەرگە كاماندىروپكىغا ماڭماقچىدىم . شۇڭا دوستلار جەم بولۇپ بۇ خۇشاللىقنى قۇتلۇقلىغانىدۇق . ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ، مەن مۇقەددەس ، گۈلنار ، گۈلناز بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى ئاچىقىپ ، مۇقەددەستىن سورىدىم :

— مۇقەددەس ، گۈلنار بىلەن گۈلنازنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

— ئىككى يىلدىن سەل ئاشتى ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشەلمىدىم ،— دېدى مۇقەددەس خورسىنىپ ،— مەن مەكتەپتىكى چاغدا

خەت يېزىشىپ تۇرغان .

— ئاشۇ خەتلەردىن يېنىڭىزدا ساقلىنىپ قالغانلىرى بارمۇ ؟

— بىرنەچچە پارچىسى بار .

— مەن بۇ قېتىمقى كاماندىروپكا پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئىمكان بار ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەم دېگەن ئۈمىدتىمەن .

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپلا ،— دېدى مۇقەددەس خۇشاللىق بىلەن ،— مېنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭداشقۇم بار . بەلكىم ئۇلار مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلمىگەچكە خەت يازمىدى ، «راھەت - پاراغەت كۆ-رۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتتى» دەپ تىللاپ يۈرىدىغاندۇر . مېنىڭ ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىم ، ئۇلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكىنىم يوق ، ئۇلار بىلەن دائىملا خىيالەن مۇڭدىشىمەن . گۈلنازنى ئاق رومال ئارتىپ ، جايىنامازدا تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغان ، گۈلنارنى سەھرانىڭ توپىلىق يولىدا بالىلارنى ئىزلەپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يىغلاپمۇ كېتىمەن .

— ئەتە ئەتىگەندە مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ خەت-لەردىن بىر - ئىككى پارچىنى ماڭا ئەكېلىپ بېرەلەمسىز ؟— دېدىم مەن ،— بەلكىم ئۇ خەتلەرنىڭ مېنىڭ گۈلناز بىلەن گۈل-نارنى ئىزدەپ تېپىشىمغا ياردىمى تېگىپ قالار .

ئەتىگەن مۇقەددەس بۇ خەتلەرنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگەن ۋە : «بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ئاخىرقى رەت يازغان خەتلىرى ئىكەن ، شۇ-نىڭدىن كېيىن مېنىڭ جاۋاب خەت يازماسلىقىم تۈپەيلى ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى» دېگەنىدى .

مەن گۈلنازنىڭ خېتىنى ئاچتىم :

سۆيۈملۈك دوستۇم مۇقەددەس !

مەن سېنى ئاللانىڭ بەركاتى بىلەن ھەممە جەھەتتە ياخشى تۇرغاندۇر دەپ ئويلايمەن ۋە شۇنداق بولۇشىنى تىلەي-

مەن !

ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى ، ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم ، مېنى كەچۈر ! بەلكىم «بىر پارچە خەت يازغۇدەك ۋاقتىڭمۇ چىقمىدىمۇ » دەپ مەندىن خاپا بولارسەن ، راست ، ۋاقىت چىقىرالمىدىم . «نېمە ئۈچۈن ؟ » دەمسەن . سەۋەبىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ماجالىم يوق . شۇ تاپتا كۆزۈم چاناقلىرى ياشقا تولغان ، ئۇ خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە تەييار . بەلكىم شۇ تاپتا سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ ، سېنى قۇچاقلاپ ، تاڭ - سەھەردە سايرىغان دەمدەردەك بۇقۇلداپ راسا بىر يىغلىۋالسام ، بىرئاز يەڭگىللەپ قالغان بولاتتىم . تەقدىر مېنى كولدۇرلاتتىمۇ ياكى پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇمىدىكىن ، ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى . مانا تۇنۇگۇن قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ تۈگەتتۇق . تۇنۇگۇن گۈلنار نەزىرگە ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىكەن ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ شۇنداق يىغلاپتىمەنكى ، نەزىرگە كەلگەن ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى ، بەلكىم بەزىلەر مېنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ «گۈلناز ھاجىمنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرسە بولغۇدەك» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم . يەنە بەزىلەر «بىچارىنىڭ ئېرىگە بەك كۆڭلى بار ئىكەن» دېيىشتى . مەن ئېلىشىپمۇ قالمىدىم ، راستتىنلا ئېرىمگە بەك كۆڭلۈم بارلىقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق يىغلاپ كەتمىدىم (ئېرىمگە قانچىلىك كۆڭلۈم بارلىقى ، بۇرۇنقى خەتلىرىمدە يازغان بولغاچقا ، ساڭا ئايان ) . ئۇنداقتا ، نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئېزىلىپ يىغلىدىم ؟ بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن . مېنىڭ يىغلىشىم ئۆزۈم بىرەربىنى خالاپ ، ياخشى كۆرۈپ ئاندىن توي قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ؟ تەق-

دىرنىڭ كاجلىقى تۇپەيلى سىلەر بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ تۆلىگەن بەدەللىرىم تۇپەيلى بولسىمۇ تۆت يىلچە بىر ياستۇققا باش قويغان، بىر بالامنىڭ ئاتىسى بولغان ئەر بىلەن چاچلار ئاقىرىپ قېرىغانغا قەدەر بىللە ياشىيالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشلارغا كىرىپ بىر بالا بىلەن تۇل بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ بىرەر ھۈنەر ـ تېخنىكا ئىگىلىيەلمەي، ئۆينىڭ قولى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ زامانغا لايىق ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ، ئەركىن ـ ئازادە ھالدا تالا ـ تۈزدە يۈرەلمىگەنلىكىم، كىنو ـ تىياتىرلارغا بارالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ بوسۇغىدىن شۇنداقلا سىرتقا ئاتلىغان ھامان قارا چۈمپەردە تارتىپ، ئاللا ئۆزى بەخش ئەتكەن ساپ ھاۋا، قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟...

ئاھ، سۆيۈملۈك مۇقەددەس! ھايات دېگەن مانا شۇنداق تولىمۇ غەلىتە ئىكەن. ئادەمنىڭ ھاياتىدا، بەزىدە ئاجايىپ جىددىي، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلمىگەن، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولىدىكەن. مەن ئاشۇ مەرھۇم ئېرىم بىلەن گەرچە ئۆزۈم خالاپ، ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، ئاتا ـ ئانامنىڭ زورى، ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللەنگەن ئادەت كۈچىنىڭ ئادەم كۆتۈرۈپ بولالمايدىغان بېسىمى تۇپەيلىدىن توي قىلغان بولسامۇ، ئۇنىڭغا زادى ـ زادىلا ئۆلۈم تىلىمىگەنىدىم. ھەتتا ئۇ تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان چاغدىمۇ، ئۇنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن ئۇنى دوختۇرخانىدا بېشىدا تۈنەپ توققۇز كېچە ـ كۈندۈز باقتىم. توققۇزىنچى كۈنى كېچىسى تاڭغا يېقىن مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ ئىلىنىشىپ قاپتۇ. بىر چاغدا «خارتتىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ

دوختۇرلارنى چاقىردىم . ئۇلار دەرھاللا كىرىپ تەكشۈردى ، ئوكسىگېن بېرىپ ، سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈپ كۆردى ۋە ئا- خىر باشلىرىنى سالدى ، ئېرىڭىز جان ئۈزۈپتۇ ، دېدى . مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم . مەن بىلەن ئازغىنا كەم تۆت يىل بىر ياستۇققا باش قويغان يىگىت مەن بىلەن ، بۇ دۇنيا بىلەن ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىزلا خوشلاشتى . ماڭا ياكى بالىسى- غا بىرەر ۋەسىيەتمۇ قالدۇرمىدى .

قەدىرلىك مۇقەددەس ، مەن مانا مۇشۇنداق بىتەلەي - شور پېشانە ئىكەنمەن . مەن گۇلدەك ياشلىقىمنى نېمە ئۈ- چۈن ، نېمىگە قۇربان قىلدىم ؟ ئەمدىكى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيمەن . مەندەك بىر ياش تۇل خوتۇن ، يەنە كېلىپ ئالىلىقاچان ھەج قىلىپ ھاجى خېنىم بولغان تۇل خوتۇن ئۈچۈن بۇ شەھەردە ياشىماقنىڭ نەقەدەر قىيىن ئى- كەنلىكىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن . مەن خۇددى «ئۆي» دېگەن كىچىك قەپەسكە سولانغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانات - پەيلىرىمۇ قىرقىلغان بىر قۇشمەن ، خالاس . مەھەل- لىمىزدىلا بولىدىغان توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغلارغا چوڭ ياشتىكى ھاجى خېنىملار بىلەن بىللە بارغاندىن باشقا ، ھويلا دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس . زۆ- رۈرلۈك تۈپەيلىدىن بىرەر رەت چىقىپ قالىدىغان بولسام ، قېيناتام ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىكنىڭلا ئەمەس ، مېنى كۆرگەنلا قولۇم - قوشنىلارنىڭمۇ سېسىق گەپلىرى ئۈس- تۈمگە مۆلدۈردەك قۇيۇلىدۇ . قەدىرلىك دوستۇم ، ئالىمە- تۇل بەرنات دېگەن ئايال ئالىم مۇنداق دېگەنىكەن : « قېينا- نىلار ، سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن ۋە سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشى ۋە سۆيۈشىگە ئۈندەڭلار . بۇ ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان ئەقىلدۇر . بەزىبىر قېينا- نىلار كېلىنلىرىنى ھەر ۋاقىت خورلايدۇ ، ئۇلارنىڭ قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىدىن ، ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئەيىب تېپىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئوغۇللىرىغا چېقىپ يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ . ئۇلارنى زەخمەت چەكتۇرىدۇ . شۇنداق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ھېچبىر ئورۇنسىز ، بىر ئائىلىنىڭ بەختى نابۇت بولىدۇ ، ئارىغا دۇشمەنلىك چۈشىدۇ ، ھاياتنى ئاچچىق بې-سىپ ، بارلىق نەرسىلەرنىڭ لەززىتى قالمايدۇ... ئۇلار بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنا ئۆمرىدە چېچەك ئېچىشقا ، مېۋە بې-رىشكە تەييار بولغان ياشلارنىڭ ھاياتىغا زەھەر قوشۇپ ، راھىتىنى بۇزىدۇ . مۇنداق ئەقىلسىز خوتۇنلارغا ھايات ۋاق-تىدا ھېچكىم ھۆرمەت قىلمايدۇ ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلا-رنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ . چۈنكى ئۇلار ئەسلەيدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى قۇرۇتۇپ كېتىدۇ .» مېنىڭ بىچارە ھاجى قېينا-ناممۇ مانا شۇنداقلارنىڭ بىرى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىغا كۆيۈ-نۈشنى بىلىدۇ يۇ ، مېنىڭمۇ ئاتا - ئانامنىڭ كۆز قارىچۇقى-دەك كۆرۈپ ئۆستۈرگەن قىزى ئىكەنلىكىمنى زادىلا ئەسكە ئالمايدۇ . «ھەسىنىكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىقمۇ ؟» دېگەن-دەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ ، كېلىن بولۇپ مۇشۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن باشلاپ ھۆرمەتلەپ كەلگىنىمنى بىلمەيدۇ . بەلكىم سەندە گۇناھ يوقمۇ ؟دەپ ئويلارسەن . خام سۈت ئەمگەن بەندە ئىكەنمەن ، ئۆزۈمنى سەۋەنلىك - گۇناھ-لاردىن يىراق دېيەلمەيمەن ، ئەمما ئىمكانىنىڭ بارىچە بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ ، قېينانامغا ۋە شۇ ئۆيدىكى ھەم-مەيلەنگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قولدەك ئىشلىدىم ، خور-لۇق تارتساممۇ غىڭ - پىڭ قىلمىدىم ، ئەمما يەنىلا ياخشى بولالمىدىم . توي قىلغان تۆت يىل جەريانىدا ، ئەڭ خۇشال ئۆتكەن چاغلىرىم ھەج قىلىش داۋامىدىكى كۈنلەر بولدى ، خالاس . ئەمدىلىكتە ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ ماڭا ھېمات بو-لۇپ كەلگەن ئېرىم قازا قىلدى . مانا مۇشۇ قىرىق كۈندىن

بېرى ، ماڭا بۇ ئۆي دوزاختا ئايلاندى . يىل نەزىرسىنى تۇگەتكەنگە قەدەر نېمە كۈنلەرنى كۆرىمەن ، بۇنى پەقەت ئاللا ئۆزى بىلىدۇ...

— هاي ... ،ئاپتوبۇسقا چىقىڭلار ، ماڭىمىز ،— دەپ توۋلىغان ئاۋاز مېنى خەتنى ئوقۇشتىن توختاتتى .

# *2*

ئاھ ، كۈلكە !

يۈرەكنىڭ چوڭقۇرىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمىي كۈلكە !

باغ كۈلكە ئاۋازىغا تولدى . بۇ باغقا مېنىڭ مۇشۇ جانجان شەھىرىمدىكى بىر بۆلۈك چوڭ ۋە كىچىك دوستلىرىم يىغىلغانىدى . ئۇلار چاقچاقلىشاتتى ، قىزىق ـ قىزىق لەتىپە ، يۇمۇرلارنى سۆزلىشەتتى ، كۈلىشەتتى . ھەممەيلەن بىرلىكتە قاقاقلىشىپ كۈلگەندە ، شۇ كۈلكە تەسىرىدىن ئۆرۈك شاخلىرى سىلكىنگەندەك بولاتتى ۋە بىرنەچچە تال پىشقان ئۆرۈك داستىخانغا چۈشەتتى .

سورۇن تازا باغجانلىغان قېرى ئۆرۈك دەرىخى ئاستىغا راسلانغانىدى . داستىخانغا قىزىرىپ پىشقان گىردە ، گۆشگىردە ، بىرنەچچە تەخسىدە ناۋات ، ئۆرۈك ، گىلاس ، جىنەستە ، پارنىكلاردا پىشقان قوغۇن ، تاۋۇز تىزىلغانىدى .

شەھەرگە تۆت كىلومېتىرچە كېلىدىغان ، ئاتمىش مو يەرنى ئىگىلىگەن بۇ باغ ئاساسەن ئۆرۈكلۈك بولۇپ ، يەتتە ـ سەككىز تۈپچە گىلاس ، جىنەستە بار ئىدى . بىزدىن سەللا نېرىدا — باغ تېمى تۈۋىگە ئېسىلغان قازاندا شورپا قايناۋاتاتتى . خېلى چوڭ كاۋاپدانغا ئۆرۈك ئوتۇنىدا ئوت يېقىلغان ، بىرنەچچە يىگىت توغ-

www.uyghurkitap.com

ـرىلىپ پىياز ، قارىمۇچ ، زىرە ، تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ دۇملەنگەن
گۆشنى زىخلارغا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . چوڭ بىر ئىدىشتا قايماقلىق
قېتىق ۋە توڭلاتقۇدا تەييارلانغان مۇز بىلەن دوغ قىلىنغانىدى .

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان دوستلار بىلەن بىللە شەھەرنى ئايـ
لاندىم ، ئۆيلەردە ، رېستورانلاردا بولدۇم . بۇ شەھەر ۋە بۇ شەـ
ھەردە ياشاۋاتقان ئادەملەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانىدى . شەھەر
گۈزەل ھۆسىنگە تولغانىدى . يوللار كېڭەيتىلگەن ، بۇرۇنقى ئاـ
كاتسىيلەرنىڭ ئورنىغا چىنار ، چوڭ يوپۇرماقلىق سىدە دەرەخـ
لىرى قويۇلغان ، ماشىنىلار يولى بىلەن پىيادىلەر يولى ئوتتۇردـ
سىدىكى گۈللۈكلەرگە خىلمۇخىل گۈللەر تىكىلگەن ، رەت ـ
رەت كۆركەم بىنالار سېلىنغانىدى . خەلق باغچىسى ئالدىدىكى
چوڭ مەيداندا كۆلچەكلەر ، فونتانلار ، گۈللۈكلەر ياسىلىپ ،
ھەقىقىي سەيلىگاھ — ئارامگاھقا ئايلانغانىدى . ئۇلۇغ بوۋىلىردـ
مىز مەھمۇت قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئادەمنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلمەس قەبرىگاھلىرى قايتىدىن ياسىلىپ ، ئۇلارنىڭ
بەھەيۋەت ھەيكەللىرى ئورنىتىلغانىدى . مەن بۇ يەرلەردە زىيارەتـ
تە بولغان چاغلىرىمدا ، ئانا تىلىمىزنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئىسپاتلاش
ئۈچۈن تاغ ـ داۋانلار ، دەريالاردىن ئۆتۈپ ، بىپايان داللاردا
ئاتلىق كېتىۋاتقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ زەبەردەس قامىتىنى
كۆرگەندەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەقىل كىمدە بولسا ،
بولۇر ئۇ ئېسىل ؛ بىلىم كىمدە بولسا ، بولۇر ئۇ خان بىل»
دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . بىر نۆۋەت مۇقەددەسكە
يېزىلغان خەتتىكى ئادرېس بويىچە گۈلنازنى ئىزدەپ بارغان بولـ
ساممۇ ، «بۇ ئۆيدە ئۇنداق ئىسىملىك ئادەم يوق» دېگەن جاۋابنى
ئاڭلاپ قايتتىم . شۇڭا ئۇنى ئىزدەشنى ئىشلىرىم سەل سېلىككەن
چاغقا قالدۇرغانىدىم .

بۈگۈن مېنى بۇ باغقا قەدىناس دوستلىرىم ۋە بىر قىسىم
ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى شەھەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى ، رېستوـ

رانلارنىڭ هاراق بۇسلىرى ، تاماكا ئىسلىرىدىن بىر كۈنلۈك بولـ
ـسىمۇ ئازاد قىلىش مەقسىتىدە ئاچىققانىدى .

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى پاكىز قىردۇرـ
غان ، ئاقپىشماق ، يۈزىدە ئاندا ـ ساندا چېچەك ئىزى بار يىگىتۋېـ
شى :

— ئاغىنىلەر ، بۈگۈن بۇ يەردە هاراق ـ شاراب ئىچىشكە
بولمايدۇ ، خەيرلىك ئولتۇرۇشىمىزغا ئاشۇ شەيتان ئويۇنىنى ئاـ
رىلاشتۇرمايمىز . ناخشا ئېيتىمىز ، ساز قىلىمىز ، لەتىپە ، يۇمۇر
سۆزلەيمىز ، شائىر ۋە شائىرچاقلار يېڭى شېئىرلىرىنى ئوقۇيدۇ .
قانداق ، شۇنداق قىلساق بولامدۇ ؟— دېدى . بۇ پىكىرگە هەممەيـ
لەن بىردەك قوشۇلدۇق .

ئالدى بىلەن مۇهەممەد دۇتارنى تەڭشەپ ناخشا باشلىدى .
بۇ پاكار بوي ، دوغىلاق ، كۆزلىرى چوڭ ۋە ئويناپ تۇرىدىغان
يىگىت مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى . ئۇ چالـ
غۇلارغا هېرىسمەن بولۇپ ، دۇتار ، راۋاب ، ئىسكىرىپكا چالالايتـ
تى ، نەيگە هەقىقىي ماهىر ئىدى . ئاۋازىمۇ ساز بولۇپ ، خېلى
مەنمەن دېگەن كەسپىي ناخشىچىلارنى بېسىپ چۈشەتتى .

مۇهەممەد تۆت ـ بەشچە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن خەلق ناخشىـ
سىنى ئېيتقاندىن كېيىن «ئەمدى بىرپەس پاراڭلىشۋېلىڭلار ،
مەن بىر تال موخوركا ئوراپ چېكىۋالاي» دەپ ، دۇتارنى قويۇپ ،
يانچۇقىدىن قەغەز ، موخوركا چىقىرىپ ، سولداتچە — نەيچە قىـ
لىپ يۆگەپ ، قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ چېكىشكە باشلىدى .

— مۇهەممەد ئاكا ، هازىرغىچە موخوركا چېكىپ يۈـ
رەمسىز ؟— دەپ چاقچاق قىلدى ياشلاردىن بىرى ،— ئۇنداق
بېخىللىق قىلماڭ ، پاپىرۇس چېكىڭ ، پاپىرۇس . پاكىستاندىن
كىرگۈزۈلگەن پاپىرۇسلارمۇ قىممەت ئەمەسقۇ ؟

— مېنىڭ شۇ پاپىرۇس دېگەن بىلەن خۇشۇم يوق . موخورـ
كا سۈيگە چىلانغان قەغەزلەردىن ياسالغان ئاشۇ پاپىرۇس مەيدىنى

چىڭتىپ ، بەلغەم قىلىۋېتىدۇ ،— دېدى مۇھەممەد ۋە موخوركى-
سىنى شورىۋېلىپ داۋام قىلدى ،— موخوركا ساپ بولسا ، مەيدى-
نى بوشىتىدۇ ، دېگەن يەرگە بارىدۇ ، جېنى بار . سىلەردەك
خىمىيىۋى ئوغۇت كۆچىدە چوڭ بولغان باللار بىرەر نەرسىگە
يۆلىنىپ تۇرۇپ چەكمىسەڭلار ، قاتتىق بىر شورىغاندا ئارقاڭلارغا
تاراڭڭىدە ئۈچۈپ كېتىسىلەر .

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى ۋە بىرى :

— سىز قانداق چوڭ بولغان ؟— دەپ سورىدى .

— بىز ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئون ئۈچ بوكۇ - بوكىياڭلىق
ئاق قوناق زاغرىسىنى يەپ چوڭ بولغان ، يىلىك تولغان ،— دېدى
مۇھەممەد ،— سىلەر لازا ، ئاچچىقسۇ ، لەڭپۇڭ ، راڭپىزا دېگەن-
دەك جاننى خورىتىدىغان نەرسىلەرگە ئامراق . شۇڭا ئاغزىڭلاردا
گەپ چوڭ ، ئەمما سۆڭەك يۇمشاق بولغاچقا ، پۇتۇڭلار تىترەپ
تۇرىدۇ . جېنى بار ھاراقتىن ئىككى - ئۈچ رومكا ئىچىتىڭلارمۇ ،
بولدى ، كۆزۈڭلار كەچ قالغان تۇخۇمچىنىڭ جىنچىرىغىدەك پى-
لىلداپ قالىدۇ .

— كېچىسى شالداما بىلەن ياستۇق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ .

— توي قىلىپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ، خوتۇن
ئاجرىشىمەن دەپ جار سالىدۇ…

— يەنە تېخى جان ئاچچىقىدا پىۋىنى ئىچىۋېرىپ ھەرەم
خادىمىگە ئوخشاپ قالىدۇ…

بۇ چاقچاققا ھەممەيلەن كۈلۈشتى .

— ئەمدى نۆۋەت شائىرلارغا ،— دېدى يىگىتۆبشى .

كۆپچىلىك شېئىر ئوقۇشقا ئالدى بىلەن مېنى تەكلىپ قىلى-
دى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، كۆپچىلىككە تەزىم بەجا كەلتۈ-
رۈپ :

— بىزنىڭ ئارىمىزدا يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر شا-
ئىر بار ، مەن ئۇنى يۇرتدىشىم ، ساۋاقدىشىم ، شۇنداقلا قەلەمدى-

شىم سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيمەن،— دېدىم مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدە ئولتۇرغان، چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن، ئاشۇ ئاق چاچلىق بېشىغا بادامدوپپىسى خويمۇ ياراشقان، كۆك كۆزلۈك، ئاق يۈزى گەپ قىلار - قىلمايلا قىزلارنىڭكىدەك ۋىلىلىدە قىزىرى-دىغان، گېزىتخانىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدىغان شائىرنى ئىما قىلىپ،— مېنى يىراقتىن مېھمان بولۇپ كەلدى دەپ ھۆرمەت قىلغىنىڭلارغا كۆپ تەشەككۈر. ئەمما «خويمۇ سەنەم سالغۇم بار، پۈتۈم قوپال، قولۇم گال» دېگەندەك، شېئىر يېزىشتا مەن ئۇ شائىرغا يەتمەيمەن. شۇڭا بىز «ياندىكى موللام بار موللام، يىراقتىكى موللام — داموللام» دېگەندەك ئىش قىلماي، ئالدى بىلەن ئاشۇ شائىرنى تەكلىپ قىلساق.

ھەممەيلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. بولۇپمۇ ئۇ مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا، ئالقىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى:

دىلبىرىم قوي كۆزىدىن سۇ ئىچمەن،
دىلىدىن دىلىمغا نۇر - يورۇق ئېلىپ.
جاھالەت ھامىيلىرى چاڭ توزۇتسا،
سانجىيمەن قوۋۇرغامنى پىچاق قىلىپ.
چۈنكى مەن ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
مۇھەببەت پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

رەقىبىنىڭ مۇشتى ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن.
چېقىلسا قىلچە ئىززەت - ھۆرمىتىمگە،
ھەتتاكى ئەۋلىياغا يانالايمەن.
چۈنكى مەن ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
غۇرۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم...

مانا بۇ ھەقىقىي شېئىر ئىدى، شائىرنىڭ ھايات ۋە گۈزەل-

لىك ، مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك ، ئادالەت ۋە ئىنسانىي غۇرۇر، ئېتىقاد ۋە ئەقىدە كۆز قارىشى مۇكەممەل ئىپادىلەنگەنىدى . پاك-لىق ۋە گۈزەللىكنىڭ نەمۇنىسى ، غايە ۋە ئەقىدىنىڭ سىمۋولى ، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە گۈزەل ھايات قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بولغان ئادەم روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق ئەر-كىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشكەندىلا ، ئاندىن ئۆزىنى تولۇق نامايان قىلالايدىغانلىقى روشەن يورۇتۇلغانىدى . بۇنىڭ ئاساسىنىڭ ئادەم-نىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە دۇنيانى تونۇشى ، كىشىلىك ئىززىتى ۋە ئىجتىمائىي بۇرچىنى ھېس قىلىشى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەت كۆرسىتىلگەنىدى . ئادەم پەقەت شۇندىلا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەركىن — ھۆر ، پاك ، ئالىيجاناب ، قۇدرەتلىك بولالايدۇ .

نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەكەللۇپ بىلەن :

— بىر شېئىر يېزىشقا تۇتۇش قىلىۋېدىم ، تېخى پۈتمىدى ، ھازىرچە پۈتكەن كۇپلېتىنى ئوقۇپ بېرەي ، تولۇقلىشىمغا ياردە-مىڭلار تېگىپ قالار ،— دېدىم مەن ۋە مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇ-دۇم :

سالام قەشقەر — جەننەت ئۇچۇن ئەندازگۇل دىيار ،
بۇگۇن كەلدىم قۇچىقىڭغا ۋىسالغا يېتىپ .
يۈرەك ئويناپ ، چاقناپ كەتتى جۇپ كۆزۈم مېنىڭ ،
قۇياشمۇ سەن ، تولۇن ئايمۇ تۆرغان نۇر چېچىپ ؟ !
گۈزەللىكنىڭ سۇلتانىمۇ ئالدىڭدا خىجىل ،
يۈيۈنۈپسەن تاڭ نۇرىدا گۇلدەك ئېچىلىپ .

تەزىمدىمەن ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ ،
تەزىمدىمەن خۇددى مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ .
باغاشلىدىڭ مېنى ئاتەش باغرىڭغا بېسىپ ،
شادلىقتا ، ئاھ ، كەتمەيدىكەن يۈرەك يېرىلىپ .

جۇپ كۆزدە ياش ، باغرىڭغا مەن سىمابتەك ئېرىپ ،
كەتتىم گويا قۇمغا سىڭگەن سۇدەكلا سىڭىپ .

ھۆرلەر مەپتۇن پېشانەمگە سۆيدۇك يېنىشلاپ ،
دوستلار مانا «خۇش كېلىپسەن »دېدى قۇچاقلاپ .
سەبىيلىكىم ، ياشلىقىمغا قايتتىم ، ئانجان ،
كەڭ باغرىڭدا پاقلان بولۇپ يايراپ ئويناقلاپ .
قۇربىم يەتسە ، كۆتۈرسەم مەن سېنى بېشىمدا ،
مەنزىلىڭگە يەتكۈزسەم تېز يۈدۈپ - ھاپاشلاپ .
......

مېنىڭ بۇ مىسرالىرىمغىمۇ كۆپچىلىك ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولسا كېرەك ، قىزغىن چاۋاك چالدى . بىرقانچەيلەن : «ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئالاھىدە ياخشى چىققان ، ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت ئۆزگىچە ئىپادىلەنگەن ، ھەممە ئادەم شۇنداق تونۇشقا كەلسە ئانا يۇرت جەزمەن جەننەتكە ئەنداز بولىدۇ »دېيىشتى .

ئولتۇرۇش دىگەرگىچە داۋاملاشتى . بىز قايتىشقا تەرەددۇت قىلغاندا ، بىر ياش يىگىت ئاق چاچلىق شائىرنىڭ قېشىغا كەلدى .

— بىرنەچچە شېئىر يېزىۋېدىم ، كۆرۈپ باقسىڭىز ،— دېدى ئۇ ۋە بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى تەڭلىدى ،— ھە راست ، يەنە مۇنۇ شېئىرلارمۇ بار ، بۇنى قوشنامنىڭ قىزى گۈلناز يازغانىكەن ، كۆرسەم خېلىلا ياخشىدەك قىلىدۇ ، بۇلارنىمۇ كۆرۈپ باقسىڭىز .

مەن ئاق چاچلىق شائىرنىڭ قولىدىن گۈلنازنىڭ شېئىرلىرىنى ئالدىم ، مەقسىتىم پوچېركىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى .

پوچېركا مۇقەددەسكە يېزىلغان سالام خەتنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى ، گۈلنازنىڭ مەن ئىزدەۋاتقان گۈلناز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن بولساممۇ ، تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھېلىقى يىگىتتىن سورىدىم .

— گۈلناز دېگەن بۇ قىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟
— ئۇ بىر تەتۈر پېشانە چوكان ،— دېدى ياش يىگىت ،— ئاتا ـ ئانىسى ئالىي مەكتەپكە بارغىلى قويمىدى ، ئۇلار ئۇنى بىر زەرگەر يىگىتكە مەجبۇرەن ياتلىق قىلىشتى . ئەمما ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ يىگىت ئۆلۈپ كەتتى . ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان گۈلناز ئاچا ئېرىنىڭ يىل نەزىرسىنى تۆگەتكەندىن كېيىن ئاتا- ئانىسىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلگەن . تۆت ياشتىن سەل ئاشقان بىر ئوغلى بار ئىدى ، ئۇنىمۇ قېيناتا ـ قېينانىسى ئېلىپ قالدى . گۈلناز ئاچا كۈنلىرىنى كىتاب ئوقۇش ، ئۇنى ـ بۇنى يېزىش ، دوپپا تىكىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ .
— گۈلناز بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ ؟ ئۇنىڭ مەندە ئۇرۇمچىدىكى دوستى ئەۋەتكەن ئامانىتى بار ئىدى ،— دېدىم مەن .
— گۈلناز ئاچا ئادەتتە تالا ـ تۈزگە چىقمايدۇ . مەنمۇ كەچقۇرۇن سەگىدەش ئۇچۇن ئۆگزىگە چىققاندا ، ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈپ ، سۆزلىشىپ قالىمەن . ئەلۋەتتە ، بىزنى سىراج تام ئايرىپ تۇرىدۇ . بىلىشىمچە ، ئۇ پەيشەنبە كۈنى تەييارلىغان دوپپىلىرىنى دۇكانغا ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن بازارغا چىقىدۇ .
— مۇشۇ پەيشەنبە كۈنى گۈلنازنى مېنىڭ ياتقىمغا باشلاپ كەلسىڭىز ، مۇمكىن بولارمۇ ؟
— بۇ ۋەزىپىنى جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن ،— دېدى ياش يىگىت .

## *3*

ئىشىك چېكىلىۋېدى ، مەن قولۇمدىكى گېزىتنى شىرەگە قويۇپ ، ئالدىراپ بېرىپلا ئىشىكنى ئاچتىم . ئىشىك ئالدىدا ئۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

لۈشكۈنكى باغ سەيلىسىدە تونۇشقان ۋە گۈلناز بىلەن كۆرۈشتۈ-رۈشنى ئۆتۈنگەن ياش يىگىت بىلەن چۈمپەردىلىك بىر ئايال تۇراتتى . ياش يىگىت مەن بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ :

— مانا ، گۈلناز ئاچامنى باشلاپ كەلدىم ، ئۈمىدجان ئاكا ،— دېدى .

مەن كۆز ئالدىمدا تۇرغان مۇشۇ چۈمپەردىلىك ئايالنىڭ ئاشۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەن دوپپا ، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ، چاچلىرىنى ئۆششاق ئۆرۈگەن ، كۆزلىرىدە شادلىق ۋە ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان شوخ گۈلناز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدىم .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئۈمىدجان ئاكا ،— دېدى گۈلناز ماڭا چۈمپەردە ئاستىدىن قارىغاندىن كېيىن . بۇ تىترەك ئاۋاز ماڭا بوغۇزىغا كۈلكە ياكى يىغا پەريادى كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلدى . ئۇ ئالتە يىلدىن كېيىن ئۇچراشقانلىقىمىزدىن خۇشال بولۇپ ، ھاياجان ئىچىدە كۈلمەكچىمىكىن ياكى ئاشۇ ئۇچرىششتىن كېيىنكى ھايات قايىنىمىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ئەسلەپ يىغلىماقچىمىكىن ؟

— قېنى ، ئاۋۋال ياتاققا كىرىڭلار ،— دېدىم مەن .

ئۇلار ياتاققا كىرگەندىن كېيىن قايتىدىن دۇئا قىلىپ ، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتۇق . مەن بىر تەخسىگە چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان گىردىنى ئوشتۇپ ، دوست - بۇرادەرلەر «زېرىككەندە يەرسەن» دەپ ئەكېلىپ قويغان يەل - يېمىشلارنى تىزدىم ، ئىستاكانغا چاي قۇيدۇم .

— قېنى لايىقىڭلاردا بولمىسىمۇ ، ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار ،— دېدىم مەن .

— بىرىڭلار ئاكام ، بىرىڭلار ئۇكام ، يات ئادەم بولمىغاندىكىن چۈمپەردەمنى ئېلىۋەتسەم ئەيىبكە بۇيرۇماسسىلەر ؟— دېدى گۈلناز . مەن ياش يىگىتكە قارىدىم . ئۇ :

— ئېلىۋېتىڭ ، ئاچا ، بىردەمگە بولسىمۇ ئەركىن نەپەسلى-

نىڭ ، بۇ سىزنىڭ ئەركىڭىز ،— دېدى .
گۈلناز يۈزىدىن چۈمپەردىنى ئالدى . ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن ئىدى ، ياش تولغان كۆزلىرى مۆڭلۈق ئاھۇ كۆزىدەك روھسىز ئىدى . بۇرۇنقى ئۇششاق قىلىپ تال ـ تال ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئىككى تال قىلىپلا ئۆرۈلگەنىدى .
— مەن سىزگە مۇقەددەسنىڭ سالىمىنى ئەكەلدىم ،— دېدىم ۋە چامادانىمدىن مۇقەددەسنىڭ سالام خېتىنى چىقىرىپ گۈلنازغا تەڭلىدىم ،— ئۇ دوستىڭىز ساق ـ سالامەت . بۇرۇن نېمە ئۈچۈن سىزگە جاۋاب يازالمىغانلىقىنى بەلكىم بۇ خەتتە ئېيتقاندۇر . سىز گۈلنار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرامسىز ؟
— كۆرۈشۈپ تۇرىمەن ، ئەمما بەزىدە ئايدا بىر ، بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىر . ئۇ شەھەرگە كىرسىلا مەن بىلەن كۆرۈشمەي قالمايدۇ ، بەزىدە بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالىدۇ . ئەمما كېچىچە كىرپىك قاقماي مۆڭدىشىپ چىقىمىز ،— دېدى گۈلناز .
مەن چامادانىمدىن ئىككى تال ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ :
— مانا بۇنىڭ بىرى مۇقەددەسنىڭ سىزگە ، بىرى گۈلنارغا ئەۋەتكەن سوۋغىتى . مەن گۈلنارنىمۇ يوقلىماقچىدىم . سىزدە ئۇنىڭ ئادرېسى باردۇر ؟— دېدىم ۋە ئۈزۈكنىڭ بىرىنى گۈلنازغا سۇندۇم .
— رەھمەت !— دەپ ئۈزۈكنى ئالدى گۈلناز ،— ناۋادا سىلى گۈلنار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسىلا ، مەن باشلاپ چىقسام بولىدۇ .
— بىللە چىقالامسىز ؟
— مەن ئۆتكەن يىلى يازدىمۇ گۈلنارنىڭ قېشىغا چىقىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كىرگەن . گۈلنارنىڭ قېشىغا بارىمەن دېسەم ئاتا ـ ئانام قارشى تۇرمايدۇ . بىللە چىقسام سىلى بىلەنمۇ كۆپرەك مۆڭدىششقا پۇرسەت بولىدۇ .
— بۇ بەك ياخشى بولدى ،— دېدىم مەن ،— قاچان چىقساق

ئەپلىك بولار ؟
— ئەتە كەچقۇرۇن چىقساق بولىدۇ ، شەنبە ، يەكشەنبە كۈن-لىرى ئوقۇغۇچىلار دەم ئالىدۇ ئەمەسمۇ ؟
— ئۇنداقتا ، مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە مۇشۇ مېھمانخانا ئالدىدا سىزنى ساقلاپ تۇراي .
بىز يەنە بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن گۈلناز :
— ئۇمىدجان ئاكا ، سىلى بىلەن قانچە كۆپ مۇڭداشساممۇ گېپىم تۈگىمەيدۇ . يەنە پاراڭلىشىشقا پۇرسەت چىقار . بۈگۈنچە ، سىلىگە مۇنۇ خاتىرىنى قالدۇرىمەن ، ئوقۇپ كۆرسىلە . مېنىڭ بەزى ئىشلىرىم بار ئىدى ، ئەمدى قايتاي ،— دېدى .
— بولىدۇ ، سىڭلىم ،— دېدىم مەن ۋە ياش يىگىتكە قارى-دىم ،— سىزگە كۆپ رەھمەت ، ئىنىم ، ئاۋارە قىلدىم . بوش ۋاقتىڭىز چىقسا كېلىپ تۇرۇڭ . مەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن-مۇ خەت يېزىڭ ، ژۇرنالغا ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرۇڭ .
گۈلناز قايتقاندىن كېيىن ، مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ ئىشلەيدى-غان دوستۇمغا ئەتە سائەت تۆتتە يېزىغا چىقىدىغانلىقىم ، بىر ماشىنا ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدا تېلېفون بېرىپ قويۇپ ، گۈل-نازنىڭ خاتىرىسىنى ئاچتىم . بۇ بىر كۈندىلىك خاتىرە بولسىمۇ ، ۋاراقلاپ كۆرۈپ ھېس قىلدىمكى ، ئۇ خاتىرىنى سۈۋارى يازماپ-تۇ ، بەلكى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يازغانىدى :

1992 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست
بۈگۈن مەكتەپكە چىقىۋېدىم ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى بېرىشتى . مېنىڭ بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى ، مېنىڭ يۈزۈم يورۇق بولغان-دى . ئۇستازلىرىم ، ساۋاقداشلىرىم مېنى تەبرىكلەشتى . يۈرىكىم ھاياجاندا گۈپۈلدەيتتى ، تومۇرلىرىمدىكى قانمۇ تاغ سۈيىدەك

ئوخچۇپ ـ ئوخچۇپ ئېقىۋاتاتتى .

لېكىن ئۆيگە كېلىشىم بىلەن مېنىڭ خۇشاللىقىم كۆپۈككە ئايلاندى . ئانام ئۇقتۇرۇشنى قولۇمدىن ئېلىپ يىرتىپ ـ يىرتىپ ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتتى ، «ئەمدى سېنىڭ ئوقۇيدىغان مەك- تىپىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ »دېدى .

مېنىڭ ئانام بىلەن زاكونلاشقۇم ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىت- كۇم يوق ئىدى . چۇنكى ئانا بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۇچۇن ھەممىدىن ئۇلۇغ . ئانا بولمىسا بۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەت ، مېھىر ـ شەپقەت بولمايدۇ ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ .ئانا بۇ دۇنيا ئۇچۇن مەڭگۈلۈك قۇياش ۋە سولماس باھار . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ، جەننەت ئانىنىڭ قەدىمى ئاستىدىدۇر ، جەننەتنىڭ خۇشبۇيلۇقى بەش يۈز يىللىق يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىغا ئازار يەتكۈزگەنلەر ۋە رەھىم ـ شەپقەتنى ئاغرىتىپ قىلغانلارغا يېتىپ بارمايدۇ . بىراق ، مەن شۇنى ئويلاپ قالدىم : «مېنىڭ ئانام ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئانا ئەمەسمىدۇر ؟ ئۇنىڭ باغرى تاشمىدۇر ؟ ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىم ، بەخت ـ سائادىتىمنى ئويلىمامدىغاندۇر ؟ » مەن بۇ سوئاللارغا «ھەئە ، شۇنداق » دېيەلەيمەن . ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقى ، ماڭا بەخت ـ سائادەت تىلەيدىغانلىقى ئېنىق . لېكىن ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى قارىشى مېنىڭ قارىشىم بىلەن ئوخشاش ئەمەس . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئاتا ـ ئانىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق ، ئەرنى پىرىم خۇدا دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىش ، ئۆيدە ئولتۇرۇش ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىقلارلا ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بەلگىسى ، خاتىرجەملىكنىڭ ئىپادىسى . ئوقۇيمەن ، ئەركىنرەك بولىمەن ، خىزمەت قىلىمەن دېگەنلىك شەيتاننىڭ كەينىگە كىر- گەنلىك ، ئار ـ نومۇسنى ئۇنتۇغانلىق . «قىز بالا — ئۆينىڭ ئادىمى » دەيدىغان ئەنئەنىۋى خۇراپىي قاراش تۇپەيلىدىن ئۇلار

ئەلە ـ مەھەللىنىڭ كوت ـ كوت گەپلىرىدىن قورقىدۇ . يۈز ـ ئابرۇينى دەپ ، قىزلار ئون يەتتە ـ ئون سەككىزگە توشار ـ توشمايلا ، ئۇلارنى ياتلىق قىلىشقا ئالدىرايدۇ . «بىر ـ بىرىگە قىزىقىش ۋە بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت بولمىغان قىز ـ يىگىتنى نىكاھ بىلەن جەم قىلىپ قويۇش — بىر ـ بىرىگە دۇشمەن بولغان ئىككى ئادەمنى بىر ئۆيگە قاماپ قويغانغا ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر» دېگەندەك سۆزلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ .

مۇشۇنىڭ بىلەن قانات ـ قۇيرۇقلىرىم باغلاندىمۇ ؟ مەن ئەمدى ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلالمامدىمەن ؟ مېنى كەڭ قۇچاق ئېچىپ تۇرغان ئۇتۇق پەرىسى بىلەن دىدارلىشالمامدىمەن ؟ ۋىسال شارابىنى ئىچەلمەمدىمەن ؟

1992ـ يىل 5 ـ سېنتەبىر

بۈگۈن مۇقەددەسنى ئاستانىگە ئۇزاتتۇق .

ئاخشام گۈلنار ، مۇقەددەس ۋە مەن بىزنىڭ ئۆيدە ئۇزاق مۇڭداشقاندۇق . بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاشۇ دوستلىرىم ، ئۇستازلىرىم ئاتا ـ ئانامغا ، بولۇپمۇ ئانامغا كۆپ خىزمەت ئىشلەپ باقتى ، نەسىھەت قىلدى ، يالۋۇردى . لېكىن ئانام «ياق !» دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي ، بۇتتەك ئولتۇرۇۋالدى ، مېنىڭ يالۋۇرۇپ يىغلاشلىرىمغىمۇ قۇلاق سالمىدى ، كۆڭلى ئېرىمىدى .

ئاخشام تەڭقىسلىقتا قالغان گۈلنار بىلەن مۇقەددەسمۇ نائىلاج ماڭا تەسەللى بەردى .

— «زامان ساڭا باقمىسا ، سەن زامانغا باق » دېگەن گەپ بار ، دوستۇم ،— دېدى گۈلنار كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئەمما يەنە ئېسەدەپ تۇرۇپ ،— سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يالغۇز قىزى ، ئۇلارنىڭ سەندىن ئايرىلغۇسى يوق ، سەنسىز ئاشۇ ئىككى بىچارىگىمۇ قىيىن . شۇڭا ئۇلار سېنىڭ رايىڭغا بېقىشنى خالىمىدى ،

www.uyghurkitap.com

سەن ئۇلارنىڭ رايىغا باقمىن ، ئۇلار كۆزىنى ياشلاپ قالمىسۇن . «ئادەم گۇلدەك نازۇك ، تاشتىن قاتتىق» دېگەندەك ، ئۇلار ساڭا قاتتىقلىق قىلغان بولسىمۇ ، بەربىر سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ ، ئۇلار-نىڭ گۇلدەك نازۇك كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمىگىن . مەنغۇ يېنىڭ-دىلا ، سېنى پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن . مۇقەددەسمۇ خەت يېزىپ تۇرىدۇ .

— شۇنداق ،— دېدى مۇقەددەسمۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ،— دۇنيادا ئاتا - ئانىدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق ، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تونۇلغان ئۆلىما ۋە پەيلاسوپ مۇھەممەد ئەل غەززالى : «بىلگىنكى ، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۇلۇغ سائادەتتۇر» دېگەنىكەن . رىزا ئۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن-مۇ : «ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھۆرمەت قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر . ئاتا - ئانىلىرىغا ھۆر-مەت قىلغۇچىلار دۇنيادا بەختلىك ۋە ئاخىرەتتە ساۋابلىق بولىدۇ» دېگەن . كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، دوستۇم . كىم بىلىدۇ ، سېنى بىز كۆرۈپ يەتمىگەن بىر بەخت كۈتۈۋاتامدۇ تېخى ! مەنمۇ پات-پات خەت يېزىپ تۇرىمەن .

تەسەللىلەر شۇنداق يوللۇق بولسىمۇ ، يەنىلا شۇ نەرسە كال-لامدىن ئۆتمەيتتى :پۈتكۈل دۇنيا ئېلېكترون ، ئۈچۈر دەۋرىگە قەدەم قويغان چاغدىمۇ ، مەن يەنىلا كونا ئادەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەسمۇ ؟ ئادەم ئۈچ ۋاخ ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇلىشال-مىسا ئىككى ۋاخ تاماق يېسىمۇ ، بەتتە پولۇ ، گۆش ، سۈت تاپالمىسا ، زاغرا نان بىلەن قايناق سۇ ئىچسىمۇ كۈن ئۆتكۈزىدۇ . ئەمما ئەقىل - پاراسەتتە كامالىغا يېتىپ ، ئەل ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلالمىسا ، ئادەم ئۆزىنى قانداقمۇ ئادەم دېيەلەيدۇ ؟ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور بەختسىزلىك ئۆز ئەركىدىن مەھ-رۇم بولۇشتۇر . ناۋادا مەن ياتلىق بولسام ، ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەجرىم بىلەن ئۆزۈمنى باقالماي ، ئەرنىڭ قولىغا قاراپ ، «بەر-

سەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلمەن » دېگەن هالغا چۈشۈپ قالسام ، بۇنىڭ قۇلدىن نېمە پەرقى بار ؟ نادانلىق — ئادەمنىڭ پۈت ـ قولىغا سېلىنغان كويزا ـ كىشەن . ئىنسان مەدەنىيەت ئۆگەنمى ـ سە ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمىسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قانداقلارچە چۈشىنەلەيدۇ ۋە نامايان قىلالايدۇ ؟ !...

قاتار تىزىلغان ئاپتوبۇسلار ئاساسەن ئوقۇشقا ماڭغان ئوقۇ ـ غۇچىلار بىلەن تولدى . بىز مۇقەددەس بىلەن قۇچاقلىشىپ ـ يىغلىشىپ خوشلاشتۇق .

مېنى بىر خىل خورلۇق هېسى قورشىۋالدى .

1992 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر

مانا مېنىڭ تويۇم بولغىلى بەش كۈن بولدى ، مېنىڭ قىز ـ لىق هاياتىم ئاخىرلاشتى .

قىزىق ئىش . ئۆتمۈش زامان توغرىسىدىكى هېكايە ـ چۆ ـ چەكلەردە ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئارا كۆرۈشمەي ـ سۆزلەش ـ مەي توي قىلىشىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم . مېنىڭ توي قىلىشىم ـ مۇ شۇنداق بولدى . مەن ئۆزۈم تەگكەن بۇ زەرگەر يىگىتنى بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم . مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە توي خېتى ئېلىشقىمۇ بارمىدىم . پەقەت ئانام ماڭا «ئەتە تويۇڭ بولىدۇ» دېگەندە ، مەن هەيرانلىق بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ : «بۇ قانداق گەپ ؟ مەن ئۇ يىگىتنى كۆرۈپمۇ باقمىسام ، خۇي ـ پەيلىنى بىلمىسەم ، هەتتا توي خېتىمۇ ئالمىغان تۇرسام ، قانداق توي قىلىمەن ؟ » دەپ سورىغىنىمدا ، ئانام مۇنداق دېدى : «ئۇ يىگىتنى كۆرۈشۈڭ ـ نىڭ ، خۇي ـ پەيلىنى بىلىشىڭنىڭ هاجىتى يوق . بىز كۆرگەن ، ئەسلى ـ تەكتىنى سۈرۈشتە قىلغان . ئۇ ياخشى ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ زەرگەر ـ هۈنەرۋەن . هۈ ـ نەرۋەن ئاچ قالمايدۇ ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى باقالايدۇ . جاڭزا دېگەننى بىر ئون كۈن بۇرۇن ئېلىپ بولغان . مۇشۇ ئاي ـ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ كۇنلەردە پۇل بولسا نېمىنى قىلغىلى بولمايدۇ؟ جاڭزا كەسكۇچى غوجامنىڭ ئۆيىگە بىر جۇپ ئالتۇن ھالقا بىلەن ئۇزۇك-تىن بىر جۇپ سۇغۇتىلغانىدى، جاڭزا ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ كەلدى .» توۋا دەيمەن، توۋا. مۇشۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەنە؟ خەقلەر بىر جۇپ قىز - يىگىتنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنىمۇ پۇلنىڭ كۇچى بىلەن ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە ئاچ كۆز بو-لۇپ كەتكەنمىدۇر؟ بۇنداق ئادەملەر جازاغا تارتىلمامدىغاندۇر؟

مەن ئەركىنلىكتىن ئايرىلىش دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تويۇم بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ چۇشەندىم، ئۇلۇشكۇن ئاخشام ئۇخلاش ئالدىدا، مەن ماڭا ئەر بولغۇچىغا:

— سىلى مۇشۇ تويدىن رازىمۇ؟— دېدىم.

— رازى،— دېدى ئۇ ھېچقانداق ئويلىنىپ تۇرمايلا،— ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ ئۆتەررەك رازى.

— سىلى مەن بىلەن ئۆزلىرى خالاپ توي قىلدىمۇ؟

— خالاش - خالىماسلىقنىڭ نېمە پەرقى بار؟ بىزنىڭ ئەج-دادلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق توي قىلىپ كەلگەنغۇ؟ ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، شۇ.

— سىلى مېنىڭدىن باشقا قىز بالىنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن. ھەر كۇنى دۇكانغا ئالتۇن جابدۇق سوقتۇ-رۇش ئۇچۇن جۇۋانلار، چوكانلار، قىزلار كېلىپ تۇرىدۇ. ئەمما مەن ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس.

— چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە، يۇرەكلىرى سېلىپ باق-قانمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— سىلىدە كۆڭۇل دېگەن نەرسە بارمۇ؟

— كۆڭۇل دېگەن نېمە ئۇ؟

— مەسىلەن، «ئاۋۇ نەرسە بەلەن ئىكەن، مېنىڭ بولسا بوپتىكەن، ماۋۇ قىز بالا چىرايلىق ئىكەن، شۇنىڭغا ئۆيلەنسەم

بوپتىكەن» دېگەندەك ئۇيدا بولغانمۇ؟
— ياق. ماڭا ھەممە نەرسىنى ئاتا - ئانام تەييارلاپ بېرىدۇ، مەن ھەشقاللا دەيمەن، خالاس.
مانا مۇشۇ كىشى مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ. مەن مۇشۇ يىگىت بىلەن بىر ئۆيدە ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشىشىم كېرەك.
نىكاھمۇ قىزىق بولدى، قىز - يىگىت ئورنىدا ئاتىلىرىمىز نىكاھنى تۈگەتتى. نىكاھ — مېھىر - مۇھەببەت ئەلچىسى، ئۇ قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدا مېھىر - مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، نىكاھ ئارقىلىق قىز - يىگىت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىۋېدىم. ئەمما، نىكاھتا سورىلىدىغان سوئاللارغىمۇ بىز ئۆز ئاغزىمىز بىلەن جاۋاب بەرمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا مېھىر - مۇھەببەت بولمايدىغاندەك قىلاتتى.
— مەن قانداقراق ئىكەنمەن؟— دەپ سورىدىم ئېرىمدىن.
— ئاتا - ئانام سىلىنى ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپلىك دې-گەن. ئۇلارنىڭ ماختىغىنىدىنمۇ بەلەن ئىكەنلا،— دېدى ئۇ.
— سىلى مېنى ياخشى كۆرەملا؟
— ياخشى كۆرۈش قانداق بولىدۇ؟ سىلى ياخشى كۆرىدىغانغا چىمەنلىكتىكى گۈل، قەپەستىكى تورغاي ئەمەسقۇ؟ سىلى مېنىڭ خوتۇنۇم، شۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى. ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ يەنە سورىدىم:
— سىلى كىتاب ئوقۇملا؟
— مەن خەت ئوقۇش، خەت يېزىشنى بىلمەيمەن.
— «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانمۇ؟
— توي - تۆكۈنلەردە ئوقۇلغان ناخشىلاردىن ئاڭلىغان.
— ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەملا؟
— ياق. پەقەت بىر نۆۋەت دۇكانغا كەلگەن بىر موللامنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاتام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «مۇھەببەت دېگىنى ئەخلاق-
سىز بالىلارنىڭ كوچا - كويلاردا شەرئەت يولىدىن چىقىپ،
ئەدەبسىزلەرچە ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈشىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس. ئۇ ئۇياتسىزلىق» دېگىنى يادىمدا.

شۇندىلا ئېرىمگە بۇ ھەقتە سۆزلەشنىڭ تامغا گەپ قىلىش
بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. قايسىدۇر بىر كىتابتىن
«مۇھەببەت ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇ تولمىسا كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ»
دېگەن سۆزنى ئوقۇغانىدىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا كەمتۈك — ھىلال
ئايچىلىك مۇھەببەتمۇ يوق ئىدى. تەقدىرنىڭ بۇ ئويۇنىغا كۈلەي-
مىكىن ياكى يىغلايمىكىن؟

1993 - يىل 8 - مارت

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىۋېدىم، مەن ئۈچۈن
چوڭ ئىككى خۇشاللىق بولدى. بىرى، مۇقەددەستىن خەت كەل-
گەنىكەن، خەتكە قوشۇپ «سەككىزىنچى مارت» بايرىمىڭغا مۇبا-
رەك دەپ بىر ئاتكىرىتكىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئاتكىرىتكا تولىمۇ چىراي-
لىق بولۇپ، بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ سۈرىتى ۋە «باي-
رىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن!» دېگەن خەنزۇچە خەت بار ئىدى.
ئۇنى ئاچقاندا يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭغا مۇقەددەس:
«سۆيۈملۈك دوستۇم گۈلناز، ‹سەككىزىنچى مارت› خانىم -
قىزلار بايرىمى، شۇنداقلا يېڭى باھار يېتىپ كەلگەندە، بەختىڭ
ئاشۇ چىرايلىق گۈلدەك ئېچىلسۇن!» دەپ يازغانىدى. يەنە بى-
رى، سائەت ئوندىن سەل ئاشقاندا گۈلنار كىرىپ كەلدى. بىز
پاراڭلاشقاچ ئانام بازاردىن سېتىۋېلىپ كىرگەن كۆكنى ئادالاپ،
سوقۇپ، چۈشتە يېگىلىق دەپ كۆك چۆچۈرىسى قىلىپ يېدۇق.
ئاندىن ئانام دۇكانغا — تۇماق - دوپپىچىلىق قىلىدىغان ئاتامغا
تاماق ئەكەتتى. گۈلنار ئىككىمىز مەنزەر ئۆيگە چىقىۋېلىپ مۇڭ-
داشتۇق. ھەر قېتىم مۇقەددەستىن خەت كەلگەن ۋە گۈلنار

بىلەن مۇڭداشقان چاغلاردا ، بۇرۇقتۇرما بولغان سۇنۇق كۆڭلۈم
سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتى ، شۇنداقلا كۆزۈمگە ياش ،
لېۋىمگە تەبەسسۇم ئۇلىشاتتى . دوستلىرىمنىڭ خۇشاللىقلىرىغا
شېرىك بولۇپ كۈلگۈم كەلسە ، ئۆزۈمنىڭ قەپەستىكى تۇمۇچۇق-
تەك تەتۈر پېشانىلىكىمدىن يىغلىغۇم كېلەتتى ، مۇشۇنداق چاغ-
لاردا كۈلكە يىغا بىلەن ، يىغا كۈلكە بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى .
بەزىدە چىرايىمدا كۈلكە جىلۋىلەنسىمۇ ، يۈرىكىم - قەلبىمدە
ھەسرەتلىك ياش ئەتىياز ئەگىزلىرىدەك يامرايتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ
ياش دوستلىرىمنىڭ ، شۇنداقلا ئاشۇلارغا ئوخشاش تۇمەنلىگەن
ياشلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھەسەت قىلغانلىقىمدىن ئەمەس ، ئۆزۈم-
نىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئاشۇ سەپتىن ئايرىلىپ قېلىپ ، ھايات-
نىڭ ئالتۇندىن ياسالغان تۇرمىسىدىكى مەھبۇسقا ئايلىنىپ قال-
غانلىقىمدىن تۆكۈلەتتى .

ھاۋا ئوچۇق ئىدى . مەنزەر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچى-
گە كۈن نۇرى ئوبدانلا چۈشۈپ تۇراتتى ، شۇنداقلا قارىمۇقارشى
تامدىكى دېرىزە ئېچىلغان بولغاچقا ، ئۆيدىن ئەتىيازنىڭ سالقىن
شامىلى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . دېرىزىدىن قارىغاندا ، يېقىن -
يىراقلاردىكى ئېگىز بىنالار ، بىنالارنىڭ بۇرجەكلىرىگە قادالغان ،
لەپىلدەۋاتقان رەڭدار بايراقلار كۆرۈنەتتى . ئەنە ، بىر توپ كەپتەر
ئۇچۇپ كەلدى . كەپتەرلەر بىردە تارقىلىپ ، بىردە غۇژمەك بولۇ-
شاتتى . بىر كۆك كەپتەر توپ ئالدىدا ئۇچۇپ ، بىردىنلا ئېگىز
ئۆرلەپ موللاق ئاتاتتى . مەن ئاشۇ كەپتەرلەرگە قاراپ :

— ئادەممۇ ئاشۇ كەپتەردەك ئەركىن بولسا ، نەقەدەر ياخ-
شى ،— دېدىم .

— شۇنداق . ئەمما ، دوستۇم ، شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى ،
ئاشۇ ئەركىن كەپتەرلەرنىڭمۇ كۆشەندىسى بار ، بىرەر قۇغۇنەك
ياكى لاچىن كېلىپ قالسا ، ئۇلارنىڭمۇ ھالىغا ۋاي ،— دېدى
گۈلنار ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا — كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى

بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى ،— ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ ، تەبى-
ئەت دۇنياسىدىمۇ مۇتلەق ئەركىنلىك بولمايدۇ ، ئەركىنلىك پە-
قەت نىسپىي بولىدۇ .

— نىسپىي بولسىمۇ بولمىغاندىن ياخشى ـ دە ! مانا مەندە
شۇ نىسپىي ئەركىنلىكمۇ يوق .

گۈلنار دەرھاللا سۆز قاتمىدى . ئۇنىڭ ئويلىنىۋاتقانلىقى ،
مۇۋاپىق سۆزلەرنى تېپىپ سۆزلەشكە تىرىشىۋاتقانلىقى ئېنىق
ئىدى .

— بۇ سۆزۈڭ تازا جايىدا بولماي قالدى ، گۈلناز ،— دېدى
گۈلنار سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن ،— نۇرغۇن ئىشتا ئەركىنلى-
كىڭ بولماي ، ئۆز خاھىشىڭ ، ئارزۇيۇڭ بويىچە ئىش قىلالمىغان-
لىقىڭ راست . ئەمما نىسپىي ئەركىنلىك يەنىلا سەندە بار . مەسى-
لەن ، مانا بۈگۈن بۇ ئۆيگە كەلدىڭ ، ھازىر بولسا مەن بىلەن
پاراڭلىشىۋاتىسەن ، دېرىزىدىن سىرتقا ، ئاشۇ كەپتەرلەرگە
دەخلى ـ تەرۇزسىز قاراۋاتىسەن ، باھارنىڭ قۇياشى ، ھاۋاسىدىن
بەھرىلىنىۋاتىسەن . بىر تەرەپتىن ئەركىنلىككە ئىنتىلىسەنۇ ،
ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈڭدە مۇئەييەن ئەركىنلىك بارلىقى-
نى ، بۇنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنمەي-
سەن . سەن مۇھەببەتلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، زادىلا كۆرمىگەن ،
بىلمىگەن بىر ئەرگە مەجبۇرەن ياتلىق قىلىنىدىڭ . گەرچە ئاراڭ-
لاردا مۇھەببەت بولمىسىمۇ تۆت ـ بەش ئايدىن بېرى بىر ئۆيدە
ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشاۋاتىسەن . توغرا ، ئېرىڭ ساۋاتسىز ،
كۆپ نەرسىگە كاللا ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ ، مەسىلىلەرگە ئەقىل
كۆزىدە قارىمايدۇ . سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرۋايەت خۇددى ياغاچ
ۋە لايدا ياسالغان ئىككى ھەيكەلنى بىر يەرگە ئەكېلىپ قويغاندەك
جىسمانىي جەھەتتىلا قوشۇلۇپ ، روھىي جەھەتتە ئىككى دۇنيا
بولۇپ ياشىماقچىمۇ ؟ سەن ئۇنىڭمۇ ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە ئىن-
سان بالىسى ، سەۋر بىلەن پىكىرلەشسە ھامان بەزى نەرسىلەرنى

چۈشىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟
— ئويلاپ باقمىدىم ،— دېدىم مەن ،— بۇ ئارقىلىق سەن زادى نېمە دېمەكچى بولىسەن؟
— مەن دېمەكچىمەنكى ، مۇھەببەتلىشىش بەزىدە نىكاھتىن ئىلگىرى ، بەزىدە نىكاھتىن كېيىن بولىدۇ . مۇھەببەتنىڭ ھەممىسىنىڭلا نەتىجىسىنىڭ نىكاھ بولۇشى ناتايىن . نىكاھتىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭمۇ مۇھەببەتسىز بولۇشى ناتايىن . مۇھەببەتنى يارىتىشنى بىلىش كېرەك . سەن ئېرىڭگە ئۇمۇ بىر ئىنسان دېگەن نەزەردە قاراپ باقتىڭمۇ؟ ئۇ ھەيكەل ئەمەس ، ئادەم ئىكەن ، ئوبدان نەزەردە باقساڭ ، ئۇنىڭدىمۇ ئۆزگىچىلىكلەر ، سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلەر بارلىقىنى كۆرەلەيسەن . مەسىلەن ، سېنىڭ ئېرىڭ ئىشچان ، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلەيدۇ . ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ، سېنىڭ دىلىڭغا ئازار بەرمەيدۇ ، يات قىز - چوكانلارغا يامان غەرەزدە كۆز تاشلىمايدۇ ، ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىدۇ . بۇ ياخشى پەزىلەت ئەمەسمۇ؟ بىر ئايال بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەرنى كۈتۈش ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ، بالا تۇغۇش ، بالا تەربىيىلەشلا ئەمەس ، بەلكى ئېرىگە ياخشى مەسلىھەتچى ، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قوللىغۇچى ، سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ئەقىل - چارە كۆرسەتكۈچى بولۇشتۇر . سەن شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمىدىڭ . سەن مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كۆرسەڭ بولغۇدەك ...

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن خاتىرىنى ياپتىم ۋە :
— مەرھەمەت ،— دېدىم .
ياتاقتا ئاق چاچلىق شائىر قاتارلىق بىرنەچچەيلەن كىرىپ كەلدى .
— بۇرادەر ، تۇخۇم باسقان توخۇ كاتەكتىن چىقمىغاندەك ، تۈنۈگۈندىن بىرى سايەڭنىمۇ كۆرسەتمىدىڭغا؟— دەپ چاقچاق قىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دى ئاقپىشماق چاقچاقچى يىگىت .

— بويتاقچىلىقتا ياشاۋېرىپ ھاجى خېنىم مىجەز بولۇپ قالمىغانلا ؟— دېدى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ كەتكەن پاكارراق ، يۇمىلاق يۈز ، قاچانلا قارىساڭ چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان شائىر دوستۇم يالقۇن ،— يۇرسىلە ، ئاغىنىلەر بىلەن بىللە بىزنىڭ ئۆيگە . بالىلىرىمىنىڭ ئانىسى بۈگۈن «ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالغاندۇر ، ئۆزگىچىرەك بولسۇن» دەپ قىزىل بۇداچ چۆچۈرىسى تەييارلاپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز .

## *4*

قىزىل بۇداچ چۆچۈرىسى ئىچىش بىلەن چۈشتە باشلانغان سورۇن دەسلەپتە سالقىن مېھمانخانىدا ، ئاندىن ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىدا داۋاملىشىپ ، كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا ئاياغلاشتى . قارا پاقلان سويۇلۇپ شورپا ۋە كاۋاپ قىلىندى ، قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشىدە قىلىنغان تونۇر كاۋىپى تاماقتا قالدى . بولۇپمۇ گۈل تەشتىكىدە ئۆستۇرۇلگەن كۆك پىياز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن قايماق چۆپى كۆڭۈلنى يايرىتىۋەتتى . كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى ، ناۋات قوشۇلۇپ مەخسۇس ياسالغان مۇسەللەس چىرايلارنى ئوبدانلا قىزارتتى .

مەن ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ ، ياتاق ئىچىنى سەل دىمىقتەك ھېس قىلدىم ـ دە ، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ بالكونغا چىقتىم . يەتتىنچى قەۋەتتىكى بۇ بالكوندىن قارىغاندا ، پۈتۈن شەھەر گويا نۇر قوينىدا تەۋرىنىۋاتقاندەك ، كوچىلاردا كېتىۋاتقان ماشىنىلار نۇر ئېقىنىدەك كۆرۈنەتتى . كۈلكە ـ چاقچاقلارنىڭ ، راۋاب ،

دۇتار ، ساتارنىڭ ئاۋازلىرى ؛ دوغچى ، كاۋاپچىلارنىڭ ، ئاشخانا تاڭجاڭلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى ئاڭلىناتتى .

مەيىن شامالدا سەگىدەپ ، بۇ سېھىرلىك مەنزىرىگە نەزەر سالغىنىمدا ، شائىر ئەبەيدۇللانىڭ مۇنۇ مىسرالىرى يادىمغا كەلـ-دى :

ئەمەستۇر لاپ ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە ،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقىنىڭ بىر گۇلى كەچتە .
بادامدوپپا ، چىمەندوپپا ، ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا ،
ياقار ھەركىم لېۋىگە لەب سائادەت دىلبىرى كەچتە .
سادا بەرسە راۋاب تارى ، قىلار بۇلبۇل غەزەلخانلىق ،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەربىرى كەچتە .
چېلىشتىن شان يارانقان كۈن ئۇچۇن تىللاردا ئالقىشلار ،
ۋىسال ئاسماندا ئوينار مۇھەببەت كەپتىرى كەچتە .
ئىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئىجاد ئاتلىق جانان ئىستەر ،
تولار ھېكمەت نۇرى بىرلە كۆڭۈلنىڭ دەپتىرى كەچتە .
ئۆيى يوقمۇ دېمە رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى ،
بېرەر سۇلتان ھۇزۇرىنى ساماۋار كەۋسىرى كەچتە .
ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن ، كۆرۈپ كەت بۇ مەئىشەتنى ،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھېچ يېرى كەچتە .
......

شۇنداق ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ مۇتـ-لەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ، مەرىپەت ھېرىسمەنلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەزىزانە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمىي شە-ھەردە مەھمۇت قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، نەۋائىي قاتارلىق مەرىپەت چولپانلىرى ياشىغان . خۇددى كاتتا كلاسسىك شائىرلىد-رىمىز ماختىغاندەك ، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلگەن ، لالىزارى جەننەتتىن تۈمەن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولغان ، ئالدىدا روكنابات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈيى ۋە مۇسەللا گۈلشىنى چاغلىقلا بىر نەرسە بولۇپ قالغان، توپىسى ئىپار، سۈيى ئابىكەۋسەر، تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجان، تىكەنلىرىدىنمۇ گۈل پۇرىقى كېلىدىغان، ۋەيرانلىرىمۇ سۇلايمان دۆلىتىگە تەڭ بولغان بۇ شەھەر ھەقىقىي نەۋباھار تۈسىنى ئالغاندى. گويا بۇ شەھەردە ھەممىلا ئادەم شائىردەك، ئەدەبىيات ھېرىسمەنىدەك، سىز ئاشۇ شاپاق دوپپا، كۆرۈمسىز تۇماق كىيىۋالغان بىرەرىنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ قالسىڭىزمۇ نەۋائىي، مەشرەپنىڭ بىرەر ـ ئىككى غەزىلىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن مۇڭداشسىڭىزمۇ، ئۇلار يانچۇقىدىن ياكى پۇل ساندۇقىدىن دەپتىرىنى ئېلىپ، پاساھەتلىك يېزىلغان بىر ـ ئىككى شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەلەيتتى. بىراق مانا مۇشۇ شەھەردە خۇراپىيلىق، نادانلىق، قاششاقلىقمۇ تەڭ مەۋجۇت ئىدى ۋە ئۇلار ئۆز كۈچىنى خېلىلا كۆرسىتىۋاتاتتى، خۇسۇمەت، ھەسەتچىلىك، پىتنىخورلۇق، خۇشامەتچىلىكمۇ ئەۋج ئالغاندى. ھوقۇق ۋە پۇل سودىسى قانۇن ـ مىزانلارنى، ئېسىل ئەخلاقنى بۇزۇۋاتاتتى، گۈزەللىك ۋە ئېسىللىك شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتاتتى.

«ھايات شۇنداق، كۈن ۋە تۈننى يورۇتىدىغان قۇياش بىلەن ئاينىڭمۇ يۈزىدە داغ بار. لېكىن شۇ تۈپەيلى بىز قۇياش ۋە ئاينى قارغىيالمايمىز،— دەپ ئويلىدىم مەن،— گەپ ئادەمنىڭ ئۆزىدە، ئەقىل ـ پەم بىلەن ئىش كۆرۈش ـ كۆرەلمەسلىكىدە. ‹مەن ئەگرى ئەمەس، يول ئەگرى› دەيدىغان يىلاننى دوراش ئەخمىقانىلىك، قاراڭغۇنى قارغىغاندىن كۆرە، چىراغ ياققان ئاقىلانىلىك.»

مەن ئوبدانلا سەگىپ قالغاندىم، مۇسەللەسنىڭ تەسىرىمۇ خېلىلا يوقالغاندى. شۇڭا بالكوندىن ياتاققا قايتىپ كىرىپ، گۈلنازنىڭ خاتىرىسىنى ئاچتىم:

1993 ـ يىل 27 ـ ئىيۇن

مانا ، ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگىلى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا
بىرھەپتە بولۇپ قالدى . بىرنەچچە كۈنـدىن بۇيان ئۆيـدىن ئۇ-
رۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنا پەتىچىلەر — زەمزەم سۈيى
ئىچكىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . ئەمدى مېنىڭ ئىس-
مىم «ھاجى گۈلناز خېنىم» بولدى ، ئەمما كـىشىلەر بەزىدە
«گۈلناز ھاجـىم» ، بەزىدە «ھاجى خېنىم» دەپ چاقىرىدۇ . بۇ
ئىسىمنى ئاڭلىسام غەلىتە تۇيۇلۇپ كۈلگۈم كېلىدۇ . ھەج قىلىپ
ھاجى بولۇشنى ھەربىر مۇسۇلمان ئارزۇلايدۇ . بۇنى بۇ قېتىم
ھەج قىلىش داۋامىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم . چۈنكى
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر
ئارىسىدا يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بوۋاي ـ مومايلارمۇ ، يىگ-
گىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغۇل ـ قىزلارمۇ بار ئىدى . دەسلەپ-
تە ئون توققۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالار ـ ئالمايلا ھەج قىلىش
ماڭا غەلىتىرەك تۇيۇلدى . ئەمما مەككىگە بېرىپ ئەمەلىيەتنى
كۆرگەندىن كېيىن بۇ غەلىتىلىكمۇ يوقالدى . چۈنكى ھەج قىلغۇ-
چىلار ئارىسىدا مەندەك ياشتىكلەر كۆپ مىڭ ئىدى .

ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئازغىنا كەم ئىككى ئايلىق ھەج سەپىرى-
دە مېنىڭ كۆڭلۈم ، كۆزۈم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى ، مۇشۇ
كۈنلەرنى ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشال چاغلارنىڭ بىرى دېسەم ھەر-
گىز ئارتۇق كەتمەيدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانىنى راۋاج تاپمىغان
بىر دۆلەت بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئەمەلىيەتنى كۆ-
رۈپ ھەيرانۇھەس قالدىم . بۇ يەردە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئۆز
قۇدرىتىنى نامايان قىلغان ، خەلق تىرىشىپ يېڭى پەن ـ مەدەنى-
يەت ئۆگەنگەن . چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىنگلىز
تىلىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەن ، باللارنىڭ كۆپلىرى ئەنگلىيە ،
ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئوقۇيدىكەن . ھۆكۈمەت
بىـرتۇتاش ھەقسىز مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ ،
مائارىپ خىراجىتى دۆلەتنىڭ خامچوت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنى-

كەن . ئۇلارنىڭ 1990ـ يىلى تۈزۈلگەن «بەشىنچى بەش يىللىق پىلان»ىدا ، مائارىپ خىراجىتى ئومۇمىي خىراجەتنىڭ ئوتتۇز بەش پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن . ھۆكۈمەت «باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى باكالاۋرلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك» دەپ بېكىتكەن . ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەقسىز بولۇپلا قالماستىن ، ياتاق ، قاتناش ، داۋالاش چىقىملىرىنىمۇ دۆلەت كۆتۈرىدىكەن . ئوقۇغۇچىلار كېسەللىك سەۋەبىدىن چەت ئەلگە چىقىپ داۋالىنىشقا توغرا كەلسە ، ھەممە خىراجەتنى دۆلەت چىقىرىدىكەن . بۇ — مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ، پۈتۈن خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەڭ ياخشى تەدبىر ، يارىتىلغان ئەڭ ياخشى ئىمكان ـ شارائىت ئەمەسمۇ ؟

قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەڭ چوڭ پۇل مۇئامىلە ۋە سودا مەركىزى بولغان جىددە شەھىرىدىكى تەنتەربىيە ، كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋە زامانىۋىلىقىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم . تۆت ـ بەش يۇلتۇزلۇق رېستورانلار ، مېھمانخانىلار بەھەيۋەت ، كۆركەم ئىكەن . ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھەج قىلغۇچى مۇسۇلمان مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ ، مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھەرلىرىگە بارىدىكەن .

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ، دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى مەركىزى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە مۇسۇلمانلارغا شارائىت يار بەرسە ئۆمرىدە بىر قېتىم تاۋاپ قىلىش پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە مۇسۇلمانلار ھەر قېتىملىق نامىزىدا يۈز كەلتۈرىدىغان بەيتۇللا جايلاشقانىكەن . شەھەرنىڭ مەركىزىگە بىرلا ۋاقىتتا توققۇز يۈز مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيالايدىغان ھەم ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان «مەس-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىتى ھەرەم» ئورۇنلاشقان بولۇپ ، مەسچىتى ھەرەمنىڭ ئوتتۇ-
رىســـىدا كەئبە— «بەيتۇللا» ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدى-
كەن . ئۇنىڭ تاملىرى قوڭۇر كۇل رەڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان ،
ئۇلى مەرمەر تاش بىلەن مۇستەھكەملەنگەن بولۇپ ، سۈرلۈك ھەم
ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن . ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكى قوش قاناتلىق
ئىشىكى ئىككى يۈز سەكسەن ئالتە كىلوگرام ساپ ئالتۇندا نەپىس
ياسالغانىكەن . بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى
كەشتىلەنگەن يىپەك يوپۇق يېپىلغانىكەن . يوپۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا
ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر يۈز يىگىرمە كىلوگرام كۈمۈش
يىپ بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى كەشتىلەنگەنىكەن . كەئب-
بەنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە بىر قارا تاش بولۇپ ، مۇسۇل-
مانلار ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان «مۇئەللەق تىل-
سىم تاش» دەپ ئاتايدىكەن . زەمزەم قۇدۇقمۇ مۇشۇ تەرەپتە
ئىكەن . بۇ شەھەردە مەككە ئۇنىۋېرسىتېتى ، قانۇن پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتى ، مەدەنىيەت كۇلۇبلىرى ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار
بار ئىكەن .

بىز بۇ شەھەردە قېيناتامىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدۇق . ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئايالى مېنى جىق يەرلەرگە ئاپىرىپ ئويناتتى . ئادەملەرنىڭ سۆز - گەپلىرى ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى شۇنداق سىلىق ، ئەدەپلىك ئىدى ، قوپاللىق ، توڭلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى ، ھەممىلا يەردە مېھرىبانلىق جۇلالىناتتى . كاتتا بايلارنىڭ تۆي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىمۇ ئاددىي ئۆتكۈزۈلەتتى ، ئىسراپچىلىق بولمايتتى . ئىنساپ ، دىيانەت ، مەغپىرەت گۇللىرى خۇشبۇي چېچىپ تۇراتتى . تولىمۇ ھەيرانمەن ، بىزنىڭ يۇرتلاردا بىرەرى ئالەمدىن ئۆتسە ، گاللىرىمىز ، كۆز ياشلىرىمىز قۇرۇپ كەتسىمۇ داد - پەرياد قىلىپ يىغلايمىز ، جامائەت قانچە يىغلىسا شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايمىز ، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگىچىلەرگە ئۆشرە - زاكات دېگەننى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىمكانىنىڭ بارىچە كۆپرەك بېرىشكە تىرىشىمىز . ئىقتىسادىي ئەھ- ۋالىمىزنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ئۈچ ، يەتتە ، قىرىق نەزىرسىنى قىلىمىز ، قىرىق كۈنگىچە ھەر پەيشەنبە كۈنى يەنە كىچىكرەك نەزىر قىلىمىز . ساقال ـ بۇرۇت ئالدۇرماي ، باش ـ كۆزنى يۇيۇپ ـ تارىماي ، قىرىق نەزىرسى تۈگىگەنگە قەدەر قارىلىق تۇتىمىز . مانا بۇ يەردە بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىكەن . مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ ، كېپەنلەپ ، شۇ مەھەللىدىكى بىرقانچە كىشى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يېقىن جايدىكى مەس- چىتكە نامازغا ئۇلگۇرتۇپ ئېلىپ بېرىپ ، ئىمامنى خەۋەرلەندۈ- رۈپ قويىدىكەن . ئىمام ناماز تۈگىگەندىن كېيىن مەسچىتتىكى مۇسۇلمانلارغا بىر مېيىتنىڭ بارلىقىنى ، جامائەتنىڭ مېيىت نا- مىزىنى چۈشۈرۈشكە خالىس قاتنىشىپ بېرىشىنى جاكارلايدىكەن ، باشقا مەسچىتتىكىلەر تەكلىپ قىلىنمايدىكەن . مەيلى مەسچىتتى- كى ئىمام ، ياكى ناماز چۈشۈرگۈچى بولسۇن ، خالىس ئىش قىلىدىكەن ، ھەق تەلەپ قىلمايدىكەن . لىپاپقا پۇل قاچىلاپ ئۇلارغا بېرىدىغان ئىشلار قەتئىي كۆرۈلمەيدىكەن . مېيىت ئىگى- لىرىنىڭ ئاق باغلاپ قاتتىق يىغا ـ زار قىلىشى مەنئى قىلىنىدى- كەن . مېيىت ئۈزىتىلىپ ئۈچىنچى كۈنى خالىس خەتمىقۇرئان قىلىنىپ ياغ پۇرىتىلىدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تامام بولىدىكەن .

بۇ يەرلىكلەر ئاق رەڭنى پاكلىق ۋە ديانەتلىكنىڭ ، يېشىل رەڭنى ھاياتلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچقا ، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىشكە ، ئۆيلەرنى ئاق ھاك ياكى ئاق مەرمەر تاشلار ۋە يېشىل رەڭلىك نەرسىلەر بىلەن بېزەشكە ئامراق ئىكەن . سۇنىڭ شۇنچە قىسلىقىغا قارىماي ھويلا ـ ئارام ۋە ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىپ ، دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلغانىكەن ، كۆچەتلەرنى سۇندۇ- رۇش ۋە گۈل ـ گىياھلارنى ئۈزۈشنى ناھايىتى ئېغىر ئالىدىكەن .

هەج ـ تاۋاپنىڭ بارلىق پەرز ، سۈننەت ۋە ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ ئانا يۇرتىمىزغا قايتىۋاتقاندا ، مېنىڭ كاللامدا يېڭى خىياللار پەيدا بولدى : سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلام دۆلىتى ، يەنە كېلىپ «قۇرئان كەرىم» ئاساسىي قانۇن بولغان پادىشاھلىق دۆلىتى بولسىمۇ ، ئىلىم ـ پەننى زادىلا چەتكە قاقمايدىكەن . ئادەملىرى پەن ـ مەدەنىيەت ئىگىلەشكە ھېرىسمەن ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق قارىشى ناھايىتى روشەن بولۇپ ، بىزنىڭ يۇرتتىكى چالا مولاملارغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىنى قارىقويۇقلا يامان دەۋەرمەيدىكەن . مەسىلەن ، بىزدە يالاڭۋاش يۇرگەنلەرنى «كاپىر» دەيدىغانلار ئاز ئەمەس . ئەمما بۇ يەردە ھەج ـ تاۋاپ جەريانىدا باش جەزمەن يالاڭۋاش بولۇشى كېرەك ئىكەن . ئاياللار سىرتتا چۈمبەللىك يۈرسىمۇ ، ئۆي ئىچىدە پاكىز يويۇنۇپ ـ تارىنىپ ، زامانىۋى ياسىنىپ ، ئالىي ئەتىر ، ئىپار ـ ئەنبەرلەرنى ئىشلىتىپ ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدىكەن . مەملىكەتتە ئون بىر قىزلار ئىنستىتۇتى بار ئىكەن ، دۆلەت پەن تەتقىقات مەركىزى— «پادىشاھ ئابدۇلئەزىز پەن ـ تېخنىكا شەھىرى»گە پادىشاھ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىكەن . ياشلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان «دۆلەتلىك ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش باش ئورگىنى»غا پادىشاھ فەھدىنىڭ چوڭ ئوغلى شاھزادە فەيسال بىننى رەئىس ئىكەن . بۇ ئورگان ئۇچۇن دۆلەت ھەر يىلى بىرقانچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ بېرىدىكەن . دېمەك ، خەلق پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمىگەندە روناقلىق ، تەرەققىيات ، بەختىيار تۇرمۇش بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن . مېنىڭ نادان ، ئاشۇ چالا مولىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئاتا ـ ئانىلىرىم ، ئاكا ـ ھەدىلىرىم بۇ ھەقىقەتنى زادى قاچان تونۇپ يېتەر ؟ بىز دىمۇ پاكىستانلىق ئالىم ئابدۇسالامغا ئوخشاش ، ھەرقايسى پەن

ساھەلىرىدە دۇنياغا تونۇلغان ئالىملار قاچان يېتىشىپ چىقار؟ بىز قاچانغىچە پەقەت شېئىر مىللىتى، ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى بولۇپ ئۆتەرمىز؟ مۇشۇنىڭ بىلەنلا دۇنيادىكى راۋاج تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكىلى بولامدۇ؟ ماڭا ئوخشاش قانچىلىغان ئەسلىدە زور ئىستىقباللىق قىزلار قاچانغىچە نادانلىق، زامانغا زادىلا ياراشمايدىغان كونا ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ قۇربانى بولارمىز؟ بىزدىمىغۇ بىلىمگە، بىلىم ئەھلىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش تەكىتلىنىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ قاچان بارلىق پۇقرانىڭ ئاڭلىق ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلىنار؟ بۇ ئەللەردە قىز - يىگىتنىڭ تويىغا ئەدەبىيات - سەنئەت - تەنتەربىيە ساھەلىرىدىكى چولپانلاردىن بىرەرى قاتنىشىپ قالسا ئالاھىدە چوڭ ئىش ھېسابلىنىدىكەن. بىزدە بولسا، چوڭراق باشلىق قاتناشسا گۇلقەقەلىرىمىز ئېچىلىپ، پاتىپاراق بولۇپ، ئۇنى تۆرگە باشلايمىز. چولپانلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيمىز، بۇ ھالەت قاچان ئۆزگىرەر؟*

1994 - يىل 3 - ئىيۇن

مانا، كۆزۈمنىڭ يورۇغىنىغا ئون ئىككى كۈن بولۇپ قالدى. پاقلاندەك ئوغۇل بوۋاق بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتىدۇ، مەن ئەمدى ئانا. كۆزۈمنىڭ يورۇشى بىلەن قېيناتام ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەن توغرۇلۇق قىلىشىدىغان «تۇغماس بايتال» دېگەندەك كوت - كوت گەپلىرىمۇ تۈگىدى. تۇغۇتۇمدىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى قائىدە بويىچە ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنگەنىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان، ئېرىم ئىككى - ئۈچ نۆۋەت كەلدى. قېيناتا - قېينانام بالا تۇغۇلۇپ تۆتىنچى كۈنى يوقلاپ كېلىپ، بالىغا ئابدۇسالام دەپ ئات قويۇپ بېرىپ كەتتى. مەن شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسىنى كۆردۈم. ئىككى قېي-

* بۇ يەردىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا دائىر مەلۇماتلار «ھەج قىلىش ساۋاتلىرى» دىن ئېلىندى.

ناكام ۋە بىر قېيناچامنىڭ تېخىچە بىرلا قىز بالىسىدىن باشقا بالىسى يوق ئىدى . قېيناتام ئابدۇسالامنى قولىغا ئېلىپ خېلىغىچە ئەركىلەتتى ، «مىراسخورۇم» دېدى ، قېيناناممۇ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، پېشانىسىگە سۆيدى ، «ئاللا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن ، غوجام» دەپ ئاللادىن تىلىدى .

توي قىلىپ بىرەر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بويۇمدا قالماسلىقى ماڭا خېلى ئېغىر ھاقارەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسا ، ئاتا ـ ئانامغىمۇ خېلى زور بېسىم بولغانىدى . شۇڭا بىز ھەج ـ تاۋاپ قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ، ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنى ئودىخان پادىشاھىمغا ئەۋەتتى . بۇ يەردە ئاغزى كىچىكلا بىر ئورا بار ئىكەن . تۇغمىغان ئاياللار ئاشۇ ئورىغا قولىنى سېلىپ ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى يېيىشى كېرەك ئىكەن ، شۇنداق قىلسا تۇغىدىكەن . ئورىدىن ئۇششاق تاشمۇ ، قۇرت ـ قوڭغۇزمۇ ، ئوت ـ چۆپمۇ چىقىدىكەن ، قولغا چىققانلىكى نەرسىگە شەك كەلتۈرمەي ، ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يېيىش كېرەك ئىكەن . قىزىق ، ماڭا ھەرھالدا ئوبدان نەرسە — بىر تال كۆممىقوناق چىقتى .

ھاياتتا ئاجايىپ تاسادىپىيلىقلار ، توغرا كېلىپ قېلىشلار ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . مىسىردىكى ئەلئېھراملارنىڭ سىرىنى پەن ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يېشەلمەيۋاتىمىزغۇ ؟ ھىندىستاننىڭ «قانلىق قىساس» كىنوسىدا گاڭگا ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن رەقىبلەر بىلەن ئېلىشقاندا ، كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ تامامەن ھوشسىزلىنىدۇ . مانا شۇ كۈنى «ئەرلەر بايرىمى» بولۇپ ، ئاياللار گاڭگالارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ، ئاللادىن ئەرلىرىگە ئامانلىق تىلىشىدۇ . گاڭگانىڭ ئانىسىنىڭ تەلىپى بىلەن گاڭگانى ياخشى كۆرىدىغان قىزمۇ ئاللادىن گاڭگاغا ئامانلىق تىلەيدۇ . گاڭگا ھوشىغا كېلىدۇ . بۇ قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچنىڭ قۇدرىتى ئەمەس ، بەلكى بىر توغرا كېلىپ قېلىش . شۇنىڭغا ئوخشاشلا مېنى ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدۇرىدىغان ئىش بولدى. ئاشۇ كۆممقـوناقنى يەپ، ئىككى ئايلاردىن كېيىن مېنىڭمۇ بويۇمدا قالدى.

مانا، ئەمدى مەن ئانا. مەن ئۆزۈمنىڭ ئانىلىق بۇرچىنى زادى قانچىلىك ئورۇندىيالايمەن؟ مەن ئەمدى هاياتنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن قىسمەتلىرىگە تەن بەرگەن هالدا، پەقەت مۇشۇ مەسىلىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئانا هەقىقەتەن ئۇلۇغ. خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك، قۇياش بولمىسا ئالەم قاراڭغۇلۇق - زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ، باهار بولمىسا گۈللەر ئېچىلمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئانا بولمىسا هاياتلىق بولمايدۇ، بەخت - سائادەت، سۆيگۈ - مۇهەببەت بولمايدۇ، يـازغۇچى، شـائىر، ئـالىم، داهــىي، قەهرىمان… بولمايدۇ. ئانا غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنىڭ، مېهىر - شەپقەتنىڭ، سۆيگۈ - مۇهەببەتنىڭ بۇلىقى، كىشىنى هاياتلىققا ئىنتىلدۈرگۈچى قۇدرەت، هاياتلىقنى گۈمران قىلىدىغان ئەزرائىلنى يىراق قوغلىغۇچى ئەزىمەت. هەممە ئانا ئۆز پەرزەنتىنى سۆيىدۇ، بىراق سۆيۈشنىڭ ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. مېنىڭ ئاناممۇ مېنى سۆيەتتى، ماڭا بەخت تىلەيتتى. بىراق ئۇ «قىزىم مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمىسىلا بەختلىك بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. هەقىقىي سۆيۈشنى، هەقىقىي بەختىمنىڭ ئەركىنلىك، ئەركىن سۆيگۈ - مۇهەببەت، ئەركىن هالال ئەمگەكتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ بۈيۈك ئارزۇ قۇشۇمنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى قىرقىپ تاشلاپ، كۆزىنىڭ يورۇقىدا مېنى ياتلىق قىلىپ، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى هەممىدىن ئەۋزەل كۆرگەنىدى. بۇنى «مېنى سۆيگەنلىك» دەپ قارىغانىدى. بالىنىڭ ئاتا-ئانىنى سۆيۈشىمۇ ئاتا - ئانىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىق، ئۇلار نېمە دېسە خوپ، خوش دەپ تۇرۇشلا ئەمەس ئىدى. مەن بۇنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ يەنىلا شۇنداق قىلدىم. ئاتا - ئانام ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يې-

تىش ئۈچۈن دەۋرىمىزگە ياراشمايدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ زەنجىر - كىشەنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . قىز بولغانلىقىم ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىممۇ ؟ ياق . بىزدە نۇرغۇن يىگىتلەرمۇ ئاتا - ئانىغا بويسۇنۇشنى پەرز دەپ بىلىدۇ . بۇنى پۈتۈنلەي يامان دېگىلى بولامدۇ ؟ ياق . بىر ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى ئەڭ ئېسىل پەزىلەت . لېكىن مۇنداق ھۆرمەتلەش قۇلچىلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك . قۇلچىلىق — ئۆزىنىڭ ھۆرلۈك - ئەركىنلىكى بولماسلىق — مۇستەقىل ئويلاش ، پىكىر قىلىش ، ياشاش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى بولماسلىق مۇشۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور بەختسىزلىك . مۇشۇنى ئاتا - ئانىلىرىمىز ، بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ، بالىلىرىمىز چۈشەنگەندىلا ، بىزدە ئاندىن چوڭ تەرەققىيات بولىدۇ . ئاتا - ئانا بالىلار ئۈچۈن بىر باشپاناھ . ئەمما بۇ باشپاناھلىق ئەبەدىيلىك ئەمەس . شۇڭا ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىشى كېرەك ، ئۇلارنى پارنىكتىكى گۈل ، قەپەستىكى بۇلبۇل قىلىپ قويماسلىقى كېرەك . مۇشۇ جەھەتتە ، بىز جۇڭگولۇقلار ھەقىقەتەن ئارقىدا . بىز قازداشلىقنى بەك چوڭ كۆرىمىز ، بالا - چاقىلارغا ھەممىلا يەردە چاپان ياپىمىز . شۇنىڭ بىلەن بالىلارنى ئاخۇنۇم جىجىققا* ئايلاندۇرۇپ قويىمىز - دە ، ئۇلار قانۇنلۇق يېشىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى يوق ، ئانام قاچان «يەم بېرەركىن» دەپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان كەپتەر باچكىلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بالىلىرىمىز ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرسە ، بىز مىڭلاپ ئاتا - ئانا مەكتەپ دەرۋازىسىغا توپلىشىۋالىمىز ، ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ تولا يول مېڭىپ ، كەشىمىزنىڭ چەمى تېشىلىدۇ . بۇ بىر بىچارىلىك . بىزدىكى نامراتلىقنىڭ يەنە

* ئاخۇنۇم جىجىق — قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن ئادەم بولۇپ ، ئالدىغا سىزىق سىزىپ قويسىلا ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيدىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر يىلتىزى .

چەت ئەللىكلەر ، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكىلەر بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل ياشاشقا ئۆگىتىدىكەن . ھەرقانچە باي بولسىمۇ ، بالىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى ئو- رۇندىغاندىن باشقا ، ئۇلارنىڭ بەتخەجلىك قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدىكەن . بالىلار ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ، ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت خۇددى يات ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكىلا ئوخشايدى- كەن ، بالىلار ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشىشى كېرەك ئىكەن . بالىلار قانچىكى مۇستەقىل ياشىسا ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىسە ، ئاتا - ئانىلار شۇنچە خۇشال بولىدىكەن . بىزمۇ قاچان شۇنداق بولارمىز - ھە ؟ بىز پەرزەنتلەرگە جان ئاتا قىلىپلا قالماي ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇلارغا روھ ئاتا قىلىشىمىز— ئۇلارنى مۇستەقىل ھالدا ئويلىيالايدىغان ، ئىشلىيەلەيدىغان ، نەتىجە يارى- تالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك .

## *5*

ئىككى ياقىسى تىك ، بوككىدە سۇۋادانلار بىلەن ئورالغان ئاسفالت يول . ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ساناتانىڭ كۆزنەكلىرىدىن كىرگەن غۇر - غۇر شامال ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . يول ياقىلىرىدىكى ئېتىزلاردا بولۇق ئۆسكەن بۇغدايلار راسا تاختا بولۇپ ، ساغىرىشقا باشلىغان . بىر گەزچە ئۆسكەن كۆممىقوناق- لارنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس يەلپۈنىدۇ . كېۋەز- لىكلەردە ئەر - ئاياللار كېۋەز تۈپلىرى تۈۋىگە توپا يۆلەۋاتىدۇ . ناگان - ناگاندا قوغۇن - تاۋۇزلۇقلار ، ئۆرۈكلۈك باغلار ئۇچراپ

تۆرىدۇ . يېشىل بوستانلار ئارىسىدىن خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئايئاق تاملىرى ، دېرىزە ئەينەكلەردىن قايتقان كۈن نۇرى ۋال - ۋۇل كۆرۈنۈپ قالىدۇ . بەزى - بەزىدە ئىتلارنىڭ هاۋشىشى ، قىويلارنىڭ سىوزۇپ مەرەشلىرى ، موزايلارنىڭ قىسقا - قىسقا مۆرەشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى ئاڭلىنىدۇ .

يېزا — قارا تىل بىلەن ئېيتقاندا سەهرا ، ئاجايىپ بىر دۇنيا ، باغرى كەڭ ، سېخىي ، ئەپۇچان مېهرىبان دۇنيا ، خۇددى ئۆزىنى ياشنىتىۋاتقان دېهقانغا ئوخشاش مېهرى ئىللىق ، مىننەتسىز ، ئادەم ئۇچۇن هېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان ، جاپا تارتسا زارلانمايدىغان ، خۇشاللىق كۆرسە خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدىغان ، هالاللىق بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە يار قىلغانلارغا كۈتكىنىدىن ئارتۇقراق نازۇنېمەت بېرىدىغان پاك بىر دۇنيا . كىچىكىمدە سەهرادا بولغانلىقىم ، غۇبارسىز قەلبىمگە ئۇنىڭ ئاشۇ ئىللىق سېيماسى ئورنىشىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن ، ئاتا - ئانامنى ئويلىساملا كۆز ئالدىمغا سەهرا كېلەتتى ؛ سەهرانى ئويلىساملا ئاتا - ئانام كۆز ئالدىمدا ئايان بولاتتى . كۆزۈم بىردىنلا نەملەشتى . ئىچ - ئىچىمىدىن بىر يىغا ئېقىنى شاۋقۇنلۇق دەريا سۈيىدەك دەۋرەپ كېلىپ كۆزۈمگە يىغىلدى . مېنىڭ شۇ تاپتا ئېسەدەپ ياكى هۆڭرەپ يىغلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى يېنىمدا گۈلناز ۋە ماشا ناتونۇش شوپۇر يىگىت بار ئىدى . لېكىن دەۋرەپ كېلىپ كۆز چاناقلىرىمغا يىغىلغان ياشنى توختىتىپ قالالمىدىم ، يېپىدىن ئىختىيارسىز ئايرىلغان مارجاندەك ، بىرنەچچە تامچە ياش مەڭزىمگە سىرغىدى .

— ئۇمىدجان ئاكا ، يىغلاۋاتامدىلا ؟— دېدى گۈلناز .

— ياق ، سىڭلىم ،— دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ ،— ئۆزۈمچە ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ…

— بىلىمەن ، شۇ تاپتا ئۆتكەنكى بىرەر هەسرەت خىياللىرىغا

كەلدى بولغاي .

مەن بۇ گەپكە جاۋاب بەرمەي ، گۈلنازدىن سورىدىم :

— گۈلناز ، سىز سەھرانى ياخشى كۆرەمسىز ؟

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟

— كۆڭلىڭىزنى بىلىپ باقاي دەيمەن .

— بۇ بىر قىيىن سوئال بولدى . نېمە دەي ، ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن . مەن شەھەردە ئۆستۈم . كىچىكىمدىن «سەھرايى قىيامەت» دېگەن سۆزنى خېلى كۆپ ئاڭلىدىم . شۇڭا كاللامغا «سەھرانىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى كۆپ» دېگەن ئاڭ ئورناشقان . كېيىن چوڭ بولدۇم ، مەكتەپتە ئوقۇدۇم . سەھرا ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ـ ھېكايىلەرنى كۆردۈم . بىرنەچچە رەت سەھراغىمۇ چىقتىم . كاللامغا ئورناشقان ئاڭنىڭ نىسپىيلىقىنى ھېس قىلدىم . مېنىڭچە ، بۇ دۇنيانى گۈزەل دېيىشكە توغرا كەلسە ، ئۇ ئاشۇ سەھرالارنىڭ گۈزەللىكى بىلەن گۈزەل ئىكەن .

— مانا بۇ ئاخىرقى سۆزىڭىز جايىدا بولدى ،— دېدىم مەن ئۇيغا پاتقان ھالدا ،— دۇرۇس ، سەھرادا جاپا ـ مۇشەققەت كۆپ . ئەمما سىز بىلەمسىز ، ئەنە شۇ جاپا ـ مۇشەققەت مىليون ـ مىليارد ئادەمگە توقلۇق ، شوخلۇق ، راھەت ـ پاراغەت كەلتۈردۇ . ھەقىقەتەن ئاشۇ سەھرالارسىز بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ، ئاۋاتلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . سەھرا مۇقەددەس . مېنىڭ بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئەنە شۇ سەھرادا ئۆتكەن . ئۇ تولىمۇ جاپالىق يىللار ئىدى . «كاپىتالىزمنىڭ ئاق ئۈنىدىن ، سوتسىيالىزمنىڭ كېپەكلىرى ياخشى» دەيدىغان «سول»چىل تەلۋىلەر ئالەمنى مالەم قىلغان ئاشۇ يىللاردا ، ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرى دۈشمەن قىلىپ قويۇلغاچقا ، ئادەملەر ئارىسىدا «مېھىر ـ شەپقەت» دېگەن يوقىلىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدى . يەرلەر تېرىقسىز قالغان . تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر قوشۇلۇپ ، ئۆيلەردىكى تاغار ، كاتلار ـ ساندۇقلار قۇرۇقدالغاند-

ـدى . بىر نان ئون بەش يۈەنگە چىققانىدى . ئەمما ئادەتتىكى بىر
كادىرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران ئوتتۇز - قىرىق يۈەن
ئىدى . شەھەرلەردە ئاھالىلەر ئاشلىق پونكىتلىرىدىن نورما ئاش-
لىقنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ئۆچىرەتتە تۇراتتى .
شۇنداق مىڭ بىر جاپا تارتسا ، ئاران تۆت - بەش جىڭ ئاشلىق
ئالاتتى - دە ، يەنە ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى... ئاشۇ
يىللاردا ، ئەگەر سەھرا مېنى ئۇجمە ، غورا - ئۆرۈك ، خىلمۇخىل
جىگدىلىرى بىلەن باقمىغان بولسا ، ئاشۇ قورسىقى كەڭ دېھقانلار
بېشىمنى سىلىمىغان بولسا ، بەلكىم بۇگۈنكى كۈندە مېنى كۆرەل-
مىگەن بولاتتىڭلار . ئائىلىدە ئانام بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق .
ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەن ، ئاكام ھەربىي سەپكە كەتكەن ، ھەدىلىرىم
توي قىلىپ ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن . شۇڭا ھەممە
ئېغىرچىلىق بىچارە ئانامنىڭ بېشىغا قالغانىدى . مەن «ئانا ،
نان ، قورساق ئاچتى» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيتتىم . ئەنە شۇن-
داق چاغلاردا ، ئانام ماڭا ھېچبولمىغاندا يانچۇقىدىن بىرەر -
ئىككى تال گۆلە - قاق ، چىلان ، يېمىش جىگدە ، غورا ياكى
ئۆرۈك ، بىرەر تال ئالما ، ئامۇت ، شاپتۇل ياكى توغاچ چىقىرىپ
بېرەتتى . ئەتىياز كېلىشى بىلەن يالپۇز ، لويلا ، ئەمەن ، كۆك
تېرىپ كېلىپ چۆچۈرە ، موندەك قىلىپ بېرەتتى . ئاشلىقنى
تېجەش ، ئەمما ئىمكان بار قورساقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ، يېگىلى
بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى كۆپرەك ئىشلىتەتتى... شۇڭا مېنىڭ
قەلبىمگە ئانام ، ئانام بىلەن قوشۇلۇپ سەھرا سىڭىپ كەتكەن .
شۇنچە يىللاردىن بېرى ھاياتىمدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان ، بې-
شىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمما
تاغ سۈيىدەك پاك ، ئويناق بالىلىق چاغلىرىم ئۆتكەن باغرى كەڭ
ئانا سەھرايىم ۋە مۆمىن ، ياۋاش ، ئىشچان ئانامنىڭ مېنى بې-
قىش ، ئوقۇتۇش ئۈچۈن چەككەن رىيازەتلىرى ھېلىھەم يادىمدىن
كۆتۈرۈلگىنى يوق . مانا ئەمدى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەنكى ، مېنى

ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلىغان كۈچ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مېنى ئۆز باغرىدا ئەللەيلىتىپ چوڭ قىلغان، ئاتام، ئانام، ئاكا ــ ئىنى، ھەدە ــ سىڭىللىرىمنىمۇ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئانا سەھرا مېھرى، ئانامنىڭ، يۇرتداشلىرىمنىڭ شوخ كۆلكىسى، مۇڭلۇق يىغىسى ئىدى. ئەنە شۇ يىللار مېنىڭ قەلبىمدە يالقۇنلۇق مۇھەببەت ــ نەپرەت تۇيغۇسى ئويغاتقان، مۇشۇ تۇيغۇ مېنى ئانا يۇرتقا، ئانا يۇرتنىڭ ئوغۇل ــ قىزلىرىغا، گۈل ــ چىمەنلىرى، باغ ــ تاغلىرى، دەريا ــ بۇلاقلىرىغا بىر ئەدىب كۆزىدە قاراشقا ئۈگەتكەنىدى. ئۆتكەن ھەپتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھرايىمغا چىقىپ، ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ، دۇئا ــ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن يالغۇز توغراققا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئويلاندىم. ئاخىر چىقارغان خۇلاسەم شۇ بولدىكى: بىزدەك دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەتتە، يېزا ــ سەھرانىڭ مېھرىدىن، ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلغاندا ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدىكەن، شائىر ــ يازغۇچىلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىكەن...

— مەن بىر ئېغىز گەپ قىلسام بولامدۇ؟— دېدى ياش شوپۇر يىگىت.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئىنىم، نېمىشقا بولمايدىكەن؟!— دېدىم مەن.

— سىلەر يازغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى، ئەسىرى بىلەن ئۆزى زادىلا ئوخشاشمايدىكەن،— دېدى شوپۇر يىگىت،— ئۆتكەندە ۋالىي بىللە بىلەن مۇشۇ ناھىيىگە چىققاندۇق. ھاكىم يېزىلارنى تەكشۈرۈشكە كېتىۋاتقاندا، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، ۋالىيغا مۇنداق بىر گەپنى قىلىپ بەردى: ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ناھىيىگە بىر يازغۇچى تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەپتۇ. ناھىيە

ئۇنى ياخشى كۆتۈۋاپتۇ . ناھىيە دېگەنگە بىر ئاتىقى چىققان يازغۇ-
چىنىڭ كېلىشى ، ئەلۋەتتە ، چوڭ ئىش . چۈنكى خەلقىمىز بىلىم-
لىك كىشىلەرگە ، بولۇپمۇ يازغۇچى دېگەنگە ئالاھىدە ھۆرمەت
قىلىدۇ . مېنىڭمۇ يادىمدا ، قايسىدۇر بىر كىتابتا «يازغۇچى ،
شائىر دېگەن پەرىشتە سۈپەت ئادەملەر» دېيىلگەنىكەن . ئەخمەت-
جان قاسىمى ئۇستازىمىز «بىر مىللەتنى سۈتكە ئوخشاتساق ،
بىلىملىك كىشىلەر شۇ سۈتنىڭ قايمىقى ، ئەگەر سۈت قايماقتىن
ئايرىلىپ قالسا كۆك سۈتكە — تەمسىز ، لەززەتسىز نەرسىگە
ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەنىكەن . شۇڭا يازغۇچى - شائىر دېسە ،
مېنىڭمۇ جېنىم يايراپ كېتىدۇ . ئەمما ھېلىقى يازغۇچى بۇ
ناھىيىدە ئىككى ئاي تۇرۇپتۇ ، ياتاق ، تاماق ، تاماشا بىكاردىن
بوپتۇ . ھۆكۈمەت بىر ماشىنا ئاجرىتىپ ، نېمە لازىم دېسە شۇنى
تەق قىلىپ بېرىپتۇ . يازغىنى بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر بوپتۇ .
سىلەر ھەققىدە يەنە مەخسۇس كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ
بېرىمەن دەپ بەش - ئالتە تۈمەن پۇل ئاپتۇ . مۇشۇنداق ئىنساپ-
سىزلىقمۇ بولامدۇ ؟
— مۇنداق ئىنساپسىزلار ھەممە يەردە بار ، ئىنىم ،— دېدىم
مەن غەزەپ بىلەن ،— دۇنيادا ئالىم ، مۇتەخەسسىس ، يازغۇچى ،
شائىر بولماق ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس . ئەمما چىن ئادەم بولماق
تەس . بەزىلەر بارلىقىم خەلق ئۈچۈن دەيدۇيۇ ، ئەمەلىيەتتە خەل-
قىنىڭ قان ، يىلىكىنى شورايدۇ ؛ بەزىلەر مەن ئىشچىنىڭ ، دېھ-
قاننىڭ پەرزەنتىمەن دەپ داۋراڭ سالىدۇيۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ
ئىشچى ئاتىسى ، دېھقان ئانىسىنى كۆرسە تەتۈر قارىۋالىدۇ . ئەنە
شۇنداق كاززاپلار يازغۇچى ، شائىرلار ئارىسىدىمۇ يوق ئەمەس .
شۇ سەۋەبتىن يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ، ئەدەبىياتنىڭ خەلق قەل-
بىدىكى ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ .
— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس ، ئۈمىدجان ئاكا ،— دېدى گۈلناز يى-
راقلارغا كۆز تىككەن ھالدا ھاياجان بىلەن ،— خەلق يەنىلا ئەدەبى-

ياتنى سۆيدۇ ، يازغۇچى ، شائىرلارنى قەدىرلەيدۇ .
— ئەلۋەتتە شۇنداق ،— دېدى شوپۇر يىگىت ،— خەلقىمىز بەك نادان ئەمەس ، ئاق ـ قارىنى پەرق قىلالايدۇ . زۇنۇن قادىرى ، ئەھمەد زىيائى ، تېيىپجان ئېلىيوف ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، زوردۇن سابىر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنى ھۆرمەتتە تىلغا ئالىدۇ .
ئالاھازەل بىر سائەتتىن ئارتۇقراق يول ماڭغاندىن كېيىن ، يول بويىدىكى بۇككىدە سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بۇلاق تۇۋىگە كېلىپ ، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىدۇق . بۇلاق سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ، مۇزدەك سوغۇق ئىدى . ھەممىمىز بۇلاق سۈيىدە يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيۇپ ، بىرنەچچە ئوچۇمدىن بۇلاق سۈيىنى ئىچتۇق . سۇنىڭ ئېسىللىقىدىن ھاياجانلانغان شوپۇر يىگىت ماشىنىنىڭ سۈيىنىمۇ ئالماشتۇرۇۋالدى . بۇلاق بويىدىكى سالقىن ھاۋا جاننىڭ ئارامى ئىدى . مەن بۇ ھاۋانى كۆپرەك سۈمۈرۈۋالماقچى بولغاندەك ، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم . گۈلناز بۇلاققا تىكىلىپ قاراپ :
— ھەممە نەرسە ، بولۇپمۇ ئادەملەر مۇشۇ بۇلاق سۈيىدەك غۇبارسىز ـ پاك ، غەرەزسىز ، مىننەتسىز بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە !— دېدى .
— لېكىن ، بىز ئادەملەر مۇشۇنداق پاكىز بۇلاق سۈيىنىمۇ بۇلغايمىز ،— دېدىم مەن ،— ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ ئېسىل نەرسە ، شۇنداقلا ئەڭ پاسكىنا نەرسە . بىزنى زىيادە شەخسىيەتچىلىك ، مەنپەئەتپەرەسلىك پاسكىنا قىلىپ قويىدۇ . بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت ئادەمگەرچىلىك مۇناسىۋىتىدىن پۇل ، مەنپەئەت ، ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان دەۋردە ئەخلاق تېز بۇزۇلىدۇ . ئەخلاق بۇزۇلغاندىكەن ، ئادەم بۇزۇلىدۇ ، ئۇنىڭ كۆزىگە پۇل ، راھەتتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ .
— بۇ تولىمۇ دۇرۇس گەپ بولدى ،— دېدى شوپۇر يى-

گىت ،— مەن سىلەرگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي ، ئۇمىدجان ئاكام يازغۇچى بولغاندىكىن ، بۇ ۋەقە بىرەر ئەسىرىگە كېرەك بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس . مېنىڭ ئاكام شەھەردە ئاشخانا ئاچـ ـدۇ . بۇ ئاشخانا چوڭ ئەمەس ، شۇنداقلا بەك كىچىكمۇ ئەمەس . ئادەتتە ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم بىمالال ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلەيـ ـدۇ . ئۈچ ئايرىم خانىسىمۇ بار . بۇ ئايرىم خانىلاردا دوست ـ بۇرادەرلەر ، قىز ـ يىگىتلەر ئولتۇرۇش قىلىشىدۇ ، ناخشا ئېيـ ـتىپ ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ . ئاشخانىدا ئاكامنىڭ ئايالى پۇل يىغىدۇ . ئۇ كۈن بويى ئاشخانىدا بولغاچقا ، بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ . بىر كۈنى كەچـ ـقۇرۇن بارسام ، ئۇ ماڭا قايناپلا سۆزلەپ كەتتى . «زادى نېمە بولدى ؟ » دەپ سورىسام ، ئۇ : «ئۇكام ، ئاكىڭىزغا نەچچە رەت مۇشۇ ئايرىم خانىلارنى بۇزۇۋېتەيلى دېسەم ئۇنىمىدى . بۇ ئايرىم خانىلارغا بەزىدە ئەرلەر ، بەزىدە ئەر ـ ئاياللار كىرىپ ئولتۇرۇ- شىدۇ . ئەر ـ ئايالنىڭ بىر يەردە ئولتۇرۇپ ھاراق ـ پاراق ئىچكىنى بىر بولمىغۇر ئىش ، چوڭ ئەدەبسىزلىك . بۈگۈن چۈشـ ـتىن كېيىن خېلى چوڭ ياشتىكى ئۈچ ئەر بىلەن ئۈچ قىز كىرىپ ئۇدۇلۇمدىكى ئايرىم خانىدا ئولتۇردى . قىزلار گىرىم ـ پەرداز دېگەننى بولۇشىغا قىلىشىپتۇ . چاچلىرى رەڭگارەڭ ، كىيىملىرى ھەررەڭ ـ سەررەڭ . ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ ، بىرنەچچە خىل قورۇما بۇيرۇتتى ، ئاندىن ھاراق ئىچىشتى . ئايرىم خانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپمۇ قويمىدى ، ھەر خىل بېزەپ چاقچاقلارنى قىـ ـلىشتى . شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى ، ئاخىر قوغلاپ چىقاردىم . قېنى بۇ ئادەملەردىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ؟ ئاشۇ چوڭلارنىڭ نومۇس قىلماي باللىرىدەك قىزلار بىلەن ئولتۇرغىنىغا يۈزى قىزارماـ ـدىغاندۇر ؟ ھەممە گەپ ئاشۇ يۈزنى ياپماي ، ھەررەڭ ـ سەررەڭ كىيىنىپ يۈرگەن ، خېلى نومۇسلۇق يەرلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرگەن ئېزىتقۇ قىزلاردا» دېدى . مەن : «خاپا بولماڭ ، چېچىلـ

www.uyghurkitap.com

ماڭ ، ئاچا ، ئۇلار باشقا يامان ئىش قىلمىغاندىن كېيىن ، ھاراق ئىچسە ئۆزىنىڭ پۇلى ، بىزەپ سۆزلەرنى قىلغان بولسا ، ئۆزىنىڭ ئاغزى ، بۇنچىلىق بىلەن ئۇلارنى ئەسكى دېگىلى بولماس » دېدىم . ئاچام : «ئاشۇ يۈزىنى ياپماس خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇق . سەت يۇمۇرلارنى ئەرلەرغۇ دېسۇن ، ئاشۇ قىزلارمۇ دەۋاتـ-مامدۇ ؟ دۆيۈزلەر... » دەپ يىغلىۋەتتى . يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بارسام ، ئاچام بىردەم خاپا بولۇپ ، بىردەم كۈلۈپ - تېلىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . «نېمە بولدى ؟ » دەپ سورىسام ، مۇنداق دېدى : «ئۇكام ، مەن بۈگۈن بىر قىزىق ئىش كۆردۈم . ئۆتكەن كۈنى سىزگە يۈزىنى ياپماس قىزلار ھەققىدە دەپ بەرگەن سۆزلىـ-رىمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم . بايا ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى ھاجەتخانىغا كىرگەنىدىم . ئارقامدىنلا كېيىم - كېچەكلىرى مەينەت ، تور رومال بىلەن يۈزىنى ياپقان ئىككى تىلەمچى ئايال كىرىپ كەلدى . ئۇلار ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئۇچىسىدىكى كونا كىيىملىرىنى سېلىپ ، سومكىلىرىدىن زامانىۋى مودا كىيىملەرنى چىقىرىپ ئالماشتۇردى . يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، چاچلىرىنى تاراپ - تۈزەشتۈرۈپ ، گىرىم - پەرداز قىلىشتى ، ئاندىن كۈندۈزى قانـ-چىلىك پۇل تاپقانلىقلىرىنى سوراشتى . بىرى ئاتمىش يۈەن ، بىرى يەتمىش بەش يۈەن تېپىپتىمەن ، دېيىشتى . ئاخىرىدا : ‹ئەمدى كېچىلىك بازاردا ئىككى - ئۈچتىن ئەركەكنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالساق ، كەم بولغاندىمۇ يۈز ئەللىك يۈەندىن تاپىمىز › دەپ تاراقشىپ چىقىپ كەتتى . بۇ ھالنى كۆرۈپ مىڭ بىر تۇۋا دېدىم . خەق مانا مۇنداق ھۈنەرنىمۇ قىلىدىكەن : كۈندۈزى ئەسكى كىيىنىپ ، روياچ ھالەتتە تىلەيدىكەن . كەچتە ياسىنىپ چىقىپ ئەرلەرنى ئوۋلايدىكەن . تۇۋا ، تۇۋا ، خۇداغا شۈكرى . يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرگەنلەردىن خاپا بولمىسام بولغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم... »

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلناز جىمىپ كەتتى . ئۇ بۇلاق سۈيىنىڭ

جىمىرلاشلىرىغا قاراپ جىممىدە ئولتۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىيال ـ ئويلارمۇ ئاشۇ بۇلاق سۇيىنىڭ جىمىرلاشلىرىدەك بىر ـ بىرىگە چەمبەرسىمان گىرەلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى .

— كىشىلەر لوقمان ھەكىمدىن : «ئۆزلىرى كۆرگەن ئىللەتلەر ۋە ئەيىبلەردىن قايسىلىرىغا داۋا تاپالمىدىلا ؟ »دەپ سورىغاندا ، لوقمان ھەكىم : «مەن بارچە ئىللەتلەرگە ھېكمەت تۇپەيلى داۋا تاپتىم ، ئەمما بەتپېئىللىق ئىللىتىنى داۋالىيالمىدىم » دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن ، — دېدى گۇلناز ئاخىر خورسىنىپ ، — ئادەمدىكى ئىنساپ ، ديانەت ، تەۋپىق ، شۇكرى ـ قانائەت يوقالغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇيدۇ ـ دە ، تويماس ئاچ كۆزگە ئايلىنىدۇ . خۇددى بىر شائىر : «ئۆز ئۆيىدە پۇۋلەپ ئىچەر دوغىنىمۇ ، باشقا يەردە يالماپ يۇتار چوغىنىمۇ » دەپ يازغىنىدەك ھالەتكە ئۆتىدۇ ...

كۈن غەربىي تاغقا باش قويغان ، كۆجۈم مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن تۈتۈن ئۆرلەشكە باشلىغانىدى . بىز ماشىنىغا چىقىپ يولنى داۋام قىلدۇق .

## *6*

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، دوستۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام .

ئۇلار قۇچاقلىشىپ ، بىر ـ بىرىنىڭ مەڭزىلىرىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى . بىر ـ بىردىن قىسقىچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن :

— گۇلناز ، ئەجەب كەچ بولغاندا كېلىپ قاپسەنغۇ ؟ سېنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟ — دەپ سورىدى گۇلنار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شامال ئەمەس ، «سانتانا» ئۇچۇرۇپ كەلدى ، — دېدى گۈلناز ئۆزگىچە ھاياجان بىلەن ، — قېنى ئويلاپ باقە ، مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق كەچتە كەلگەندىمەن ؟

— يەنە ئاتا ـ ئاناڭ ئۆزۈڭ تونۇمايدىغان بىرەرىگە ياتلىق قىلىمىز دېسە قېچىپ كەلمىگەنسەن ؟

— ئەھۋال شۇنداق بولسا ئۆزۈمنى باغرىڭغا ئېتىپلا يىغلاپ كەتمەي ، مۇشۇنداق خۇشال ھالدا ساڭا گەپ قىلىپ تۇرارمىدىم ؟ مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بىر خىزىرنى باشلاپ كەلدىم .

— ۋاي ، نېمە دەيدىغانسەن ، يەنە مېھمان بارمىدى ؟ ئۇ سېنىڭ سۆيگەن يىگىتىڭمۇ ؟

— ئاۋۋال مېھماننى ئۆيۈڭگە باشلىمامسەن .

گۈلنار شوخ كېيىكتەك تاقلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى . ئىشىكتىن چۈشكەن نۇر خىرەرەك بولغاچقا ، شوپۇر بىلەن مېنى كۆردىيۇ ، ئەمما تونۇيالمىدى .

— ئىشىك ئالدىدا ساقلىتىپ بەك سەت ئىش قىلىپتىمەن ، كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا . قېنى ، مەرھەمەت ، ئۆيگە كىرىشسىلە ،— دېدى گۈلنار .

بىز ئۆيگە كىردۇق . مەن دىۋانغا ئولتۇرۇپ ، دۇئا قىلىپ بولۇپ ئەھۋال سوراي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ، گۈلنار :

— ۋاي ، ئۇمىدجان ئاكامكەنغۇ !— دېگىنىچە گويا مەن بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچىدەك ، ئالدىمغا تېزلا كەلدى ، ئەمما يېنىمدىكى ناتونۇش يىگىتتىن قورۇنغاندەك بولۇپ شاپپىدە توختىدى ،— قەدەملىرىگە مۇبارەك ! ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپلا ، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي !

— قانداق ؟ راستتىنلا خىزىرنى باشلاپ كەپتىمەنمۇ ؟— دېدى گۈلناز گۈلنارغا .

— راست ، راست شۇنداقكەن ، ساڭا رەھمەت !— دېدى گۈلنار ۋە جىددىي ھالدا چاي تەييارلاشقا كىرىشتى .

بۇ كەڭرەك بىر ئىھىزلىق ئۆي بولۇپ ، تۆر تامغا ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئانار گۈللۈك گىلەم تارتىلىپ ، سول تەرىپىگە بىر كىشىلىك چوڭراق سىم كارىۋات قويۇلغان ، كارىۋاتقا يوتقان ـ كۆرپە يىغىلىپ ، كەشتىلەنگەن ياپقۇچ يېپىلغان ، ياپقۇچ ئۈستىگە ئەتىرگۇل كەشتىلەنگەن ئىككى جۈپ ياستۇق تىزىلغان- دى . ئوڭ تەرەپكە بولسا يالغۇز كىشىلىك تۆت دىۋان ، ئوتتۇرىغا تاماق شىرەسى قويۇلغانىدى . سىم كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تامغا يۆلەپ ئەينەكلىك كىيىم ئىشكاپى قويۇلغان ، ئىشىك تەرەپ- تىكى دېرىزە تۈۋىگە شىرە ، شىرە يېنىغا چاقچانراق كىتاب ئىشكا- پى قويۇلغانىدى . شىرە ئۈستىگە چىرايلىق گۈللۈك سۇلياۋ داس- تىخان سېلىنغانىدى . ئۆي ئىچى گەرچە بىسات كۆپ بولمىسىمۇ ، رەتلىك ، پاكىز ئىدى . ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلايتتى .

گۈلنار شىرەگە ئاق نان ، قەنت ـ ناۋات ، ياڭاق ، بادام ، ئۆرۈك مېغىزى تىزدى . قوغۇن ـ تاۋۇز پىچىپ كەلدى . يېڭىلا پىشقان توغاچ ئۆرۈكنىمۇ يۇيۇپ ئەكەلدى ، ئاندىن :

— «كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا» دېگەن گەپ بار ، قېنى ئەمسە ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار ، چايمۇ ھازىرلا قايناپدۇ ، — دېدى خىجىل بولغاندەك ، — بۇ يەر بازار ـ شەھەرگە يىراق ، ھەدېگەندىلا لازىم بولغان نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ . لايىقىڭلاردا كۈتەلمەيدىغان بولدۇم .

— ئۇنداق دېمەڭ ، سىڭلىم ، — دېدىم مەن ، — مانا مۇشۇ شىرەدىكى نەرسىلەر مىننەتسىز سەھرانىڭ ھالال نېمەتلىرى . ياخشى دوستلار بىلەن ئولتۇرۇپ بىللە يېيىلگەن مۇشۇنداق تاماق لەززەتلىك بولىدۇ ، تەنگە سىڭىدۇ .

— ئەمدى مەن قايناي ، — دېدى شوپۇر يىگىت چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ، — ئۈمىدجان ئاكا ، سىلىنى ئالغىلى قاچان چىقسام بولىدۇ ؟

— ۋاي ، نېمانچە ئالدىراپ ؟ — دېدى گۈلنارمۇ ئورنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ،— ھازىرلا تاماق تەييار قىلىمەن . مۇنداق قۇرۇقلا قايت-
سىڭىز ماڭا سەت بولمامدۇ ؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، ئاچا . ئەتىگەنلىككىچە بىرەر
جىددىي ئىش چىقىپ قالسا دەخىل يەتكۈزۈپ قويماي . بۇدو
چىققاندا جەزمەن ئۆز قولىڭىز بىلەن ئەتكەن تاماقنى يېمەي قاي-
تىپ كەتمەيمەن . ئۇمىدجان ئاكامنى ياخشى كۈتسىڭىزلا مەن
خۇشال بولىمەن ،— دېدى شوپۇر يىگىت .

— ئۇنىڭدا گەپ يوق ،— دېدى گۈلنار ،— ئۇمىدجان ئاكام-
نى شەھەرلەردىكىدەك رېستورانلارغا ، تانسىخانىلارغا ئاپىرالمى-
ساممۇ ، كۆڭلى خالىغاننى تەييارلاپ بېرىپ ، باغلارغا ، قوغۇن-
لۇقلارغا ، بۇغدايلىقلارغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرىمەن .

— ئۇنداق بولسا ، ئىنىم ، مەن سىزنى توسۇماي ، ھېلىمۇ
كۆپ ئاۋارە قىلدىم . سىزگە رەھمەت ،— دېدىم مەن ۋە سەل
ئويلىنىۋالدىم ،— سەھرا مەشرىپىنى كۆرمىگىلى خېلى يىللار
بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەڭ مۇھىمى ، بۇ قىزلار بىلەن
سېلىشىدىغان نۇرغۇن پاراڭلىرىم بار . ئەتە كىرىپ كېتەلمەس-
مەن . ئۆگۈنلۈككە— شەنبە كۈنى دەل چۈشكە ئۇلگۇرۇپ چىقسى-
ڭىز ، بايا دېگىنىڭىزدەك ، گۈلنار ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تاماق-
نى يەپ بىللە قايتساق قانداق ؟

— بەلەن گەپ بولدى ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ،— دېدى
شوپۇر يىگىت .

بىز شوپۇر يىگىتنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن
كېيىن :

— ئۇمىدجان ئاكا ، كۆڭۈللىرى قانداق تاماق تارتىدۇ ؟ گۈل-
ناز ئىككىمىز ھەش - پەش دېگۈچىلا تەييارلايمىز ، تارتىنماي
دەۋەرسىلە ،— دېدى گۈلنار .

— شۇ تاپتا مېنىڭ كۆڭلۈم سىلەر بىلەن پاراڭلىشىشتىن
باشقا ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ ،— دېدىم مەن ،— شىرەدە شۇنچە

مول نېمەت تۇرۇپتۇ . كەچتە بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەرنى يې-
يىشمۇ سالامەتلىككە زىيانلىق .
تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ، بىز ئاخىر پاراڭغا چۈشتۇق .
مەن ئالدى بىلەن گۈلنارغا مۇقەددەسنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم ،
سوۋغىسىنى بەردىم ، مۇقەددەسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىچە
سۆزلەپ بەردىم .

— ئۇ بىزگە نېمىشقا خەت يازمىدىكىن دېسەك ، ئەسلى
ئەھۋال مۇنداق ئىكەن ـ دە ،— دېدى گۈلنار ئېچىنغان ھال-
دا ،— ئۇ بىچارىگە ھەقىقەتەن ئۇۋال بوپتۇ . ئۇنى ياخشى كۆرد-
مەن دېگەن يىگىت ھەقىقەتەن يۈزسىز ، ۋىجدانسىز ئىكەن .

— ھەيرانمەن ، خۇدا نېمىشقا ئاشۇنداق ۋىجدانسىزلارنى ،
باشقىلارنىڭ بەختىنى گويا يولدا ئۇچراپ قالغان خەسنى دەسسى-
گەندەكلا چەيلىۋېتىپ ، يەنە تېخى كۆرەڭلىك بىلەن مەيدە كېرىپ
يۈرىدىغانلارنى جازالىمايدىغاندۇر ؟— دېدى گۈلناز ئاچچىقى بى-
لەن .

— ھەي… بۇ دۇنيا بىر قارىساڭ شۇنداق گۈزەل ، شۇنداق
سۆيۈملۈك ، يەنە بىر قارىساڭ شۇنداق رەزىل ، شۇنداق ۋەھ-
شىي ،— دېدى گۈلنار ئويلانغان ھالدا ،— دۇنيانىڭ بۇ رەزىللى-
كى ، ۋەھشىيلىكى ، ئەمەلىيەتتە ، ئادەملەرنىڭ رەزىللىكى ۋە
ۋەھشىيلىكى . بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۆتكەن بىر ھەكىم : «ئىنسان
ئۇچۇن ئەڭ قەبىھ ھېسابلانغان تۆت ئەيىب مەنسەپدارنىڭ ئاچچىقى
يامانلىقى ، ئالىمنىڭ يالغانچىلىقى ، دۆلەتمەننىڭ پىخسىقلىقى ،
خوتۇن كىشىنىڭ پاھىشىلىكىدىن ئىبارەت» دېگەنىكەن . ئەرلەر-
نىڭ شەھۋەتخورلۇقى ، ۋىجدانسىزلىقى ، ۋاپاسىزلىقى نېمە ئۇچۇن
چوڭ ئەيىب بولمايدىكەن ؟ ! ئاللا ھەممىمىزنى تەڭ ـ باراۋەر
ياراتقان تۇرسا ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا زورلۇق قىلىشى ، ئۇلارنى
خارلىشى ، خالىغانچە دەپسەندە قىلىشى چوڭ ئەيىب بولما-
دىكەن ؟ !

— بۇلار ، ئەلۋەتتە ، چوڭ ئەيىب ،— دېدىم مەن ،— ھېلىقى تۆت ئەيىب ئاشۇ ھەكىمنىڭ ئەينى چاغدىكى قارىشى ، دەۋر ـ زامان ، ماكان چەكلىمىسى ئاستىدا چىقارغان يەكۈنى . ماھىيەتتە ، ئىنسان ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ئەيىب ، بۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن ۋە دېيىلمىگەن نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . خەلقىمىزدە : «ئوغلۇڭ ئۆسسە ، ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا بول ؛ قىزىڭ ئۆسسە ، قىلىقلىقلار بىلەن (قوشنا بول)» دېگەن گەپ بار . بۇ سۆزدە ئادەم ئۈچۈن ئىلىم ـ بىلىملىك ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن . ئەمما بىز دېچۇ ؟ ھازىر ئەدەپ ـ ئەخلاق بۇزۇلغان . شۇڭا ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتلارنى تەكىتلەپ ئولتۇرۇۋاتىمىز . مېنىڭچە ، ھەممە تۈزىلىدۇ ، ھايات ـ تۇرمۇش ، دۇنيا بەرىبىر گۈزەل ، ئۇ مەڭگۈ گۈزەل بولىدۇ . سىلەر ياش ، بەختىڭلار ئالدىڭلاردا ، مۇقەددەسنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ ، گۈلنازنىڭمۇ بەختى ئېچىلىدۇ . قارىسام ، سىز — گۈلنار بەختلىكتەك قىلىسىز ، سىزنىڭ بەختىڭىز يەنىمۇ زور بولىدۇ .

— مېنى بەختلىك دېگەنلىرىڭىزگە رەھمەت ، ئۈمىدجان ئاكا ، — دېدى گۈلنار ،— مەن ھازىر راست بەختلىك . لېكىن مېنىڭمۇ بەختسىز كۈنلىرىم بولغان . ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ، ئۆزۈمنىڭ ئەينى چاغلاردىكى نادانلىقىدىن كۈلگۈم كېلىدۇ .

— شۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز ؟

— راست گەپنى قىلسام ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئۇ كۈنلەرنى ئېغىزغا ئېلىش ماڭا بەك ئېغىر ،— دېدى گۈلنار ھەسرەت بىلەن ،— لېكىن سىلىگە سۆزلەپ بېرىشتىن قاچمايمەن . سۆزلەش مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىشلىرىڭىزگە ، شۇنداقلا كەلگۈسى ھاياتىمغا پايدىلىق بولغاچقا ، مەن چىن كۆڭۈلدىن سۆزلەشنى خالايمەن .

مەسىلە ئايدىڭ ، مەن قىز قەلبىدىكى پاجىئە يارىلىرىغا تۇز

سەپكەندىم . گۈلنارنىڭ كۆزلىرىدىكى سۈزۈك ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندىم . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەسرەت ، مۇھەببەت ، ئۈمىد ئۇچقۇنى تەڭ يانغانىدى .

— قېنى ، ئۈمىدجان ئاكا ، گۈلناز ، ئۈششاق - چۈششەكلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار ،— دېدى گۈلنار پىيالىلەرگە چەينەكتىن چاي قۇيۇۋېتىپ . ئۆزى سوۋۇغان چېيىدىن بىر ئوتلىۋېلىپ ، ئاندىن كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە كىرىشتى :

— مەن ھايات يولىدا ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ، تۈنجى مۇھەببىتىمدە قەدەمنى خاتا باسقانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە ، گەرچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، يۇقىرى مەلۇماتلىق ، خېلى ئەقىللىق بولدۇم دېگىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە تولىمۇ نادان ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم . ئادەم پولاتتىن ياسالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە چىدايدىكەن . بىراق خۆراپاتلىق ، نادانلىق ، بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان خورلۇققا چىدىمىقى قىيىن ئىكەن . مەن ئاشۇنداق خورلۇققا قالغان چاغدا — مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە ، قاسىم دېگەن يىگىت بىلەن توي قىلدىم . ئۇ بەش - ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ، ئۆز يۇرتىغا قايتقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئاتا - ئانىسىدىن قالغان ھويلىسى خېلى كەڭ ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى . ئادەتتە يوللاردا ئۇچرىشىپ قالساق ، ئۇ يولنىڭ چېتىغىراق چىقىپ تۇرۇپ ، مەن بىلەن ئىللىق چىراي سالاملىشاتتى . ئەمما بىز گەپ قىلىشمايتتۇق . مەن ئۇنىڭ يېنىدىن سەل يىراقلاشقاندىن كېيىن ، ئارقا تەرىپىمدىن كەلگەن ھەسرەتلىك خۇرسىنىش ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم . شۇ چاغلاردا دۇتارنى چالا - بۇلا بولسىمۇ چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىم ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلىقىم ، شۇ تۈپەيلى يېزا كاتتىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا قاتناشقانلىقىم مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

بېشىمغا بالا بولغانىدى . يېزىدىكىلەر — ئۆزلىرى ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، ئەمما نادان كىشىلەر مېنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا «داپشاق ، شاللاق ، ھاياسىز» دەپ تىللىشاتتى ، بەزى «قولى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق»دېگەن تۈلكىنىڭ ھالىغا قالغان يىگىتلەر «شەرمەندە ، بۇزۇق»دەپ ھاقارەتلەيتتى . مەن سورۇنغا قاتناشقان بەزى كاتتىلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە دارتىملاپ «قانجۇق ، مىدە ئېشەك»دەيتتى ، ئۇچرىشىپ قالغاندا تۈكۈرۈپ قويۇپ ئۆتۈشۈپ كېتىشەتتى . مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ، «مەن پاك ، ھېچقانداق ھاياسىزلىق قىلغىنىم يوق» دەپ جاكارلىشىمغا ئامال يوق ئىدى . مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، كەنت مەمۇرىيىتىنىڭ ھويلىسىدا قويغان كىنونى كۆرۈپ قايتىۋاتقاندا ، قاسىم مېنى دالدىغىراق تارتىپ : «سىزگە ئۇۋال بولۇۋاتىدۇ . مېنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىم بار . بىراق مەن سىزنىڭ پاكلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . مېنىڭ سىزگە كۆيۈپ يۈرگىنىمگە خېلى ئۇزاق بولدى . ئەمما سىزگە ئوچۇق ئېيتالمىدىم . مېنى ياراتسىڭىز ، خالىسىڭىز ، ئىككىمىز توي قىلساق»دېدى . مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا بىردىنلا غۇززىدە يىغا ئولاشتى . ئاشۇ كۈنلەردە ، ماڭا ئاشۇنچىلىك سۆزنىڭ ئۆزى زور تەسەللى ئىدى . روھىي بېسىم ئاستىدا مۇجۇلغان يۈرەككە ئاشۇ سۆزنىڭ ئۆزى ئاجايىپ شىپالىق مەلھەم ئىدى . ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ رومان ، كىنولاردا تەسۋىرلەنگەندەك رومانتىك ئەمەسلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتكەن مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەللى بولمايتتى . شۇڭا مەن بېشىمنى قاسىمنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ، بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتىم . ئۇ دەسلەپ سەل ئېسەنكىرەپ قالدى . بىرئازدىن كېيىن چاچلىرىمنى سىيلاپ تۇرۇپ : «يىغلىماڭ ، گۈلنار ، مەن بىر يېتىم بالا ، مال - مۈلكۈم ، پۇل - دۇنيايىم يوق . ئەمما سىزگە كۆيگەن ، سىزنى سۆيىدىغان يۈرىكىملا بار . مەن سىزگە پەقەت شۇ يۈرىكىمنىلا بېرەلەيمەن .

سىزنى ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇپ ئەرشكە ئاچىقالمايمەن ، پەقەت ساپ مۇھەببىتىمنىڭ گۈلشەنىدە ۋاپا سۈيى بىلەن پەرۋىشلەپ ، بۇلبۇل- گويادەك يايرىتالايمەن »دېدى . مەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكى- دىن چىققان سۆزلەر ئەمەس ، بەلكى قايسىدۇر كىتابلاردىن تې- رىپ ـ تۆشەپ يادلىۋالغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي . «مېنى سۆيسە ، كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەيدىغانلا بولسا ، مەن هازىر- قى خورلۇقلاردىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا ، بولدى ، قاسىمغا ياتلىق بولاي »دەپ ئويلىدىم ـ دە ، ئۇنىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بىلدۈردۈم . بەلكىم ، يىگىتلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئاسان ئى- شىنىپ كېتىش — ساددا قىزلارنىڭ ئەڭ زور ئاجىزلىقى بولسا كېرەك . قىزلار گەرچە چوڭ بولدۇق ، هاياتنىڭ تەمىنى تېتىپ ، تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق دېگەنبىلەن ئۇلار يەنىلا نادان ئىكەن . ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنىلا سۆيگۈ ، هايات ئالدىدا خۇددى باهار كۈن- لىرى گۈللۈك چىمەن ئۈستىدە يېتىپ ، بەھۇزۇر ئۇچۇپ سايراپ يۈرگەن تورغايلارغا قاراپ ، رەڭدار بۇلۇتلارغا تەلپۈنگەن بوۋاقـقا ئوخـشاشلا سادداا ئىكەن . هايات ئاجايىپ نەرسە . ئۇ ئادەمنى هەر دائىم بوۋاق بالىدەك ئەركىلىتىپ ، سۆيۈپلا تۇرمايدىكەن . ئەگەر سەن قەدىمىڭنى خاتا باسساڭ ، ئۇ شۇ هامان ئاچچىق كاچىتى بىلەن يۈزۈڭدىن ئوت ياندۇرىدىكەن ، كۆزۈڭدىن هەسرەت ياشلى- رىنى ئاققۇزىدىكەن . مەن توي قىلىپ ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتكەن- دىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ سۆيگۈدىكى تۇنجى قەدىمىمنى خاتا باسقان- لىقىمنى سېزىشكە باشلىدىم . قاسىم مەن ئويلىغاندەك سادداا ، ئاق كۆڭۈل ، ئەخلاقلىق يىگىت ئەمەس ئىكەن . ئۇ هەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېگەننى چۈشەنمەيدىكەن . ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشى قانداقتۇر ماڭا چىن يۈرىكىدىن كۆيگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئادەمدە بولىدىغان ئەقەللىي هېسداشلىق ، شۇنداق- لا ئۆيلەنمىگەن يىگىتتە بولىدىغان قىزلارغا قىزىقىش — فىزىئولوگىيىلىك تەلەپتىن بولغانىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ دەسـلەپكى

www.uyghurkitap.com

جىنسـىي تەلەپلىرىنى قاندۇرغان — يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىت
ئۆز مەھبۇبىنىڭ قىزلارغا خاس ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىنى كۆرۈپ
بولغاندىن كېيىنلا ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى : ئۇ بىر قىمارۋاز
ئىكەن . ئىككى ـ ئۈچ كۈندە قىمارۋازلارنى ئۆيگە جەم قىلاتتى .
ئۇلار خۇپتەن ۋاقتىدىن تارتىپ ، ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە قىمار
ئوينايتتى ، مەن كېچە ـ كېچىلەپ ئۇلارغا چاي دەملەش ، تاماق
قىلىش بىلەن ئاۋارە بولاتتىم ، دەم ئالالمايتتىم ، دەرس تەييارلى-
يالمايتتىم ، تاپشۇرۇقلارنى كۆرەلمەيتتىم . چىرايلىق گەپلەر بى-
لەن نەسىھەت قىلسام ، ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ماڭا ھۆرپى-
يىپ ـ چالۋاقاپ شالىنى چاچاتتى . «خوتۇن خەق دېگەننىڭ چېچى
ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا . سەن تېخى ماڭا نەسىھەت قىلغۇدەك بول-
دۇڭمۇ ؟ ماڭ ، ئىشىڭنى قىل... »دەپ ۋارقىرايتتى . سەل چىڭ-
راق تۇرسام ، قاپلاندەك ئېتىلىپ ئالدىمغا كېلىپ دېۋەيلەپ چاچ-
لىرىمنى يۇگەپ تۇتۇۋېلىپ ، دومىلىتىپ يۇرۇپ ، كىگىز پىشۇر-
غاندەك تېپەتتى . ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ماڭا تاشلىۋې-
تىپ ، كۈن بويى دېگۈدەك ئىت ، خوراز بىلەن ھەپىلىشەتتى ،
ئىت تالاشتۇراتتى ، خوراز سوقۇشتۇراتتى . ھەيران ئىدىم ، ئىت-
باز ، خورازباز دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن . قاسىم قانداق چاغدا
نە ـ نەلەردە داڭدار ئىت ، ئېسىل خوراز بارئىكەن دېسە ، شۇ
يەرگە چاپاتتى ، خوتەن ، ئاقسۇ ، تۇرپان ، غۇلجىلارغا بېرىپ ، بىر
ئىتنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ، بىر خورازنى سەككىز ـ ئون
مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ كېلەتتى . ئۆزىمىزنىڭ ئىچىش ـ يېيى-
شىگە يوق بولسىمۇ ، بىر ئامالىنى قىلىپ ئىتنى سۈت ، يېڭى
پاقلان گۆشى بىلەن باقاتتى . ئاشۇ ئىتى بىر ـ ئىككى قېتىملىق
ئىت تالاشتۇرۇشتا داڭدار چىقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن تالاشتۇرۇشقا
ئىت چىقماي قالسا ، ئىتنى بوياپ باشقا تۈسكە كىرگۈزۈپ تالاشقا
سالاتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئىت تالاشتۇرۇش قىمار ئىدى . ئىتبازلار
«ئۇتۇپ چىقىدۇ» دەپ قارىغان ئىتلىرىغا ئىككى ـ ئۈچ يۈز

يۇەندىن تارتىپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ يۇەنگىچە دو تىكەتتى . قايسى ئىت ئۇتتۇۋالسا ، ئۇنىڭ ئىگىسى نۇرغۇن پۇلغا ، كەم دېگەندىمۇ ئەللىك ـ ئاتمىش مىڭ يۇەنگە ئىگە بولاتتى . خوراز سوقۇشتۇرۇشمۇ شۇنداق ئىدى . قاسىم خورازلىرىنى باشقىلار بىلمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن باقاتتى ، ئۆگىتەتتى . راستىنىلا ھەيران قالارلىق ئىش ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ، ئۇ خورازلىرىغا بىردىن تۇخۇم بېرەتتى ؛ خورازنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ كارنىيىنى سىقسا ، خوراز ئاغزىنى ماككىدە ئاچاتتى ، ئۇ ئاقلانغان تۇخۇمنى چاققانلىق بىلەن خورازنىڭ ئاغزىغا سىلىپلا گېلىنى قويۇۋەتسە خوراز تۇخۇمنى غۇرتتىدە يۇتىۋېتەتتى . يەنە تېخى ئون تال بادام مېغىزى ، ئون تال ئۆرۈك مېغىزى بېرەتتى . خورازلارنىڭ پۇتىغا خېلى ئېغىر نەرسىنى تېڭىپ ، ئۇلار ئامراق نەرسىلەرنى ئېگىزرەك ئېسىپ قويۇپ ئۇزۇۋۇن ـ ئۇزۇۋۇن سەكرىتەتتى . بەزىدە خورازلارنىڭ بىخىرىنى ، بەزىدە كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇراتتى . مۇنداق تەربىيىلەنگەن خورازلار سوقۇشتۇرۇشتا ئەلۋەتتە ئۇتۇپ چىقاتتى . ئىت تالاشتۇرۇش ، خوراز سوقۇشتۇرۇشتا ئۇتقان پۇللارنى دەسمايە قىلىپ قىمار ئويناتتى . ئۇتتۇرۇۋەتكەن چاغلاردا دەردىنى مەندىن ئالاتتى ، ئۇتقان چاغلىرىدا بولسا شەھەرگە بېرىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئولپەتلىرى بىلەن نەچچە كۈنلەپ تاماشا قىلاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ تاماشا قىلىش كۈندۈزى رېستورانلاردا تاماق يېيىش ، ئاخشاملىرى قايسىدۇر بىر جەزىخورنىڭ ئۆيىدە قىمار ئويناش ، جەزىخورنىڭ دەللال خوتۇنى تېپىپ كەلگەن ئاققۇن سەتەڭلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش ئىدى .

مانا مۇشۇنداق ھالەتتە ، ئۇمىدجان ئاكا ، ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۇم . «ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ ، قاراقچىغا ئۇچراپتۇ » دېگەندەك ، قاسىمغا ياتلىق بولمىغان چاغلاردا مېنى چۈشەنمىگەنلەرنىڭ ھاقارەتلىرى بىلەن روھىي جەھەتتە خورلۇققا ئۇچرىغان بولسام ،

قاسىمغا تەگكەندىن كېيىن ھەم جىسمانىي خورلۇققا ، ھەم روھىي خورلۇققا ئۇچرىدىم . كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق ، چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق ، «نەگە باراي دەۋاغا ، ئۆزۈم تاپقان بالاغا »دېگەندەك مىڭ بىر تولغىنىپ ، مىڭ بىر ئۆرتەندىم . خۇداغا : «ئەي ، ھەممىگە قادىر ئاللا ، مېنىڭ بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۆرەلگىنىم گۇناھمۇ ؟ مېنى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا جازالامەسەن ؟ ياكى مېنىڭ — سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن ئۆزۈم سەزمىگەن باشقا گۇناھلىرىم بارمۇ ؟ مەن ساڭا تۈمەنمىڭ ھەمدۇسانا ئېيتاي ، مەندەك ئاجىز بەندەڭنى كەچۈرگىن ، يۈزمىڭ تۇۋا قىلاي ، مېنى بۇ خورلۇق ۋە ئازابلاردىن ئازاد قىلغىن !... » دەپ نالە قىلدىم . مېنىڭ بۇ ئاھلىرىم خۇداغا يەتتىمۇ ياكى قاسىمنىڭ پەيمانى توشتىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇ ئاخىر لايىق جازاسىنى يېدى . ئۇ قاتناشقان بىر قېتىملىق قىماردا چىققان جەڭگى- جېدەلدە بىر ئادەم ئۆلگەن ، ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلانغانلىقى ئۈچۈن قانۇن ئورگانلىرى قاسىم قاتارلىق بەش ئادەمنى قولغا ئالدى . تەكشۈرۈش - ئېنىقلاش ئارقىلىق قاسىم ئاساسلىق جىنايەتچى بولغاچقا ئۇن ئىككى يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى . مەن شۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ، مۇشۇ كولىبەمگە كېلىۋالدىم...

— بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر ھەكىم «قانداق كىشى جازاغا لايىق ؟ »دېگەن سوئالغا : «ھېچقانداق ئادەم جازاغا لايىق ئەمەس . جازاغا لايىق نەرسىلەر ۋەھشىي ھايۋانلار ، ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان يىلان - چايانغا ئوخشاش گېزەندىلەردۇر . ئەمما ، شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە گېزەندىلەرنىڭ تەبىئىتى بولىدۇ . مۇنداق ئادەملەر قىلغان زىيانلىرىغا بېقىپ جازالىنىدۇ . ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى ھەتتا ئادەم دېيىشمۇ ئارتۇقچىدۇر »دېگەنىكەن ، — دېدى گۈلناز ئاچچىقى بىلەن ، — ئاشۇ قاسىم دېگىنىڭ ئادەم

ئەمەس ، راستىنلا ھايۋان ئىكەن . سەندەك بىر گۈزەلگە ئېرىشە-
سۇنۇ ، يەنە تېخى ئايغىڭدا باش قويماي ، سېنى خورلىغان .
ئەجەب بۇ ھەقتە بۇرۇن ماڭا ئېغىز ئاچماپتىكەنسەنا ؟ شۇ چاغلاردا
دېگەن بولساڭ ، مەن ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەتتىم — تىللاپ
پوسكايىتىپ ، ساڭا ئۆرە قارىيالمايدىغان قىلىۋېتەتتىم ياكى بولمى-
سا ئاجراشتۇرۇپ ، دەردلەردىن خالاس قىلاتتىم . ئۆزۈڭمۇ بەك
بوشاڭ ، سەن باغرى يۇمشاقلىق قىلغان .

مەن گۈلنازنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم . گۈلناز
ھەيرانلىق بىلەن گۈلنارغا قارىدى .

— ئەجەب كۈلۈپ كەتتىلىغۇ ، ئۇمىدجان ئاكا ، خاتا گەپ
قىلىپ قويدۇممۇ ؟— دېدى گۈلناز .

— ياق ، سىڭلىم ، خاتا گەپ قىلمىدىڭىز ،— دېدىم مەن
كۈلكىدىن توختاپ ،— بىراق ، بەك ساددىلىق قىلدىڭىز . دەپ
بېقىڭا ، ئاتا - ئانىڭىز سىزنى ئوقۇشقا بارغىلى قويمىغان ، ناتو-
نۇش كىشىگە ياتلىق قىلماقچى بولغان چاغلاردا سىز قانچىلىك
قارشىلىق كۆرسىتەلىگەن ؟ قانچىلىك ئامال قىلالىغان ؟ سىز شۇ
چاغدا بوشاڭمىدىڭىز ؟ بوشاڭ ئەمەستىڭىز . ئەمما نېمە ئۈچۈن
تەقدىرگە تەن بەردىڭىز ؟ بۇ يەردىكى گەپ بوشاڭلىق ، باغرى
يۇمشاقلىقتا ئەمەس ، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ، قارشى
تۇرغان تەقدىردىمۇ ئاسانلىقچە يەڭگىلى بولمايدىغان زور ئىجتىما-
ئىي كۈچنىڭ بارلىقىدا ، زامان - زامانلاردىن بۇيان شەكىللەنگەن
شۈكرى - قانائەتچانلىقتا ، يەنە يۈز - ئابرۇي قارىشىنىڭ كۈچ-
لۈكلۈكىدە ، «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە ، قول سۇنسا يەڭ ئىچى-
دە »دېگەن قاراشنىڭ ھېلىھەم بىزنى چىڭ چۈشەپ تۇرۇۋاتقانلى-
قىدا .

قىزلار مەمنۇنلۇق بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ باش لىڭشى-
تىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# *7*

مېنى يىراقتىن — خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ناخشا ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى :

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە .
يارىمنى خىيال قىلسام
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە .

ئاھ !... نېمىدېگەن ئېسىل ناخشا ـ ھە ! بۇ ناخشا — ئەتىگەندە ئۆكۈزلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن دەريا بويىغا بارغان يىگىت سۇ ئالغىلى چىققان يارىنى كۆرۈپ ، ئۇدۇللا گەپ قىلالماي ئېيتىۋاتقان ناخشىمىكىن ؟ ياكى پادىلىرىنى يايلاققا ئېلىپ ماڭغان پادىچى يىگىت بىرنەچچە قوي ـ ئۆچكىسىنى قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن چىققان — خېلىدىن بېرى ئوتىدا كۆيۈپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ئېيتىۋاتامدىكىن ؟ بەلكىم شۇ تاپتا ئاشۇ يىگىتنىڭ يۈرىكى ئاتەشكە ئايلانغاندۇر ، ئۈمىد ، مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن قىزغا تەشنالىق ئىچىدە مۆلدۈرلەپ قاراۋاتقاندۇر . قىزمۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ ، قىياقتەك قاشلىرىنى ئوينىتىپ ، يىگىتكە نازلىق قاراۋاتقاندۇر...

كىچىكىمدىن ياز كۈنلىرى ئۆگزىدە يېتىشقا ئامراق ئىدىم . ئاخشاممۇ تەلەپ قىلىپ بۇ ئۆگزىگە چىقىپ ياتقانىدىم . شۇ تاپتا شەرق تەرەپ ئوتقاشتەك قىزىرىپ ، كۈن ئاستا ئۆرلەشكە باشلىغانىدى . يېقىنلا جايدىن دەريانىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىناتتى . دەريا تەرەپتىن سوققان سالقىن شامال كۆڭلۈمنى سەگىتسە ، ئۆزى بىلەن

بىللە ئەكەلگەن خۇش پۇراقلار مەستخۇش قىلاتتى . مانا ئەمدى نەينىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى . نەينى قوغۇنلۇق ساتمىسىدىكى يىگىت چېلىۋاتامدىكىن ياكى سۇ ياقىلاپ ماڭغان يىگىت چېلىۋا-تامدىكىن ؟

مەن ئۆگزىدىن پەم بىلەن چۈشۈپ ، ئالدىرىماي مېڭىپ ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتىم ـ دە ، ئېرىقتىكى مۇزدەك سۇدا يۇز ـ كۆزۈمنى يۇدۇم . ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم . شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئويناق سۇغا قاراپ ئولتۇرغىنىمدا ، يېنىمغا خىزىردەك پاكىز قېرىغان بىر بوۋاي كەلدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئوغلۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئاتا .

بىز خۇددى ئاتا ـ بالىدەك قىزغىن كۆرۈشتۇق ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق . بوۋاي مېنىڭ يېنىمدا يەكتىز بولۇپ ئولتۇر-دى .

— ئوغلۇم ، بۇرۇن بۇ ياقلاردا كۆرگەندەك قىلمايمەن ، شە-ھەردىن چىققان ئوخشىمامىلا ؟— دېدى بوۋاي .

— شۇنداق ، ئاتا ، سەھرانى كۆرەي دەپ…

— خوپ ئىش قىلىپلا ، ئوغلۇم . سەھرا باغرى كەڭ ، مېھرى ئىللىق جاي ،— دېدى بوۋاي پەخىرلىك رەۋىشتە ،— بولۇپمۇ مۇشۇنداق ياز كۈنلىرى جەننەت دېسىلە ، جەننەت . بىزنىڭ بۇ مەھەللىمىزنىڭ ھاۋاسى پاك ، سۈيى پاك ، توپىسى پاك . بىرەر ئاي تۇرسىلا بىرنەچچە يىللارغىچە سىلىگە كېسەل دېگەن مەرەز يولىمايدۇ .

— بەرھەق ، بوۋا . سەھرا ھەممىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، يۆلەكچىسى ، ھىمايىچىسى . ئۇنىڭدىن ئايرىلساق ، بىزنى پالاكەت باسىدۇ .

— بىراقزە ، بىزنىڭ بەزى كاتتىلىرىمىز شۇ ھىمايىچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمەت قىلماي، بىئەدەپلىك قىلىۋاتىدۇ.
— قانداقسىغا دەيلا، بوۋا؟
— ئۇ ئوغۇلغا ھامىلىدار تۇرسا، «قىز تۇغىسەن» دەيدۇ، مەن بۇغدايغا لايىق دېسە، «كۆپ پاختا بېرىسەن» دەيدۇ. شۇنداق قىلالمىسا، جەرىمانە ـ پەرمانە بىلەن باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.
— مۇنداق ھالەتمۇ ئۆزگىرىدۇ، بوۋا، بۇ ئالەمدە نېمە ئۆز-گەرمىگەن؟!
— بەرھەق، بەرھەق، بۇنىڭغا ئىمانىمىز كامىل. ھېلىھەم ھېلىقى كوممۇنا دېگەن چاغلاردىكىدىن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگەر-دى. ھۆكۈمەت ئادىل، سىياسەت ئادىل. پەقەت شۇ تۆۋەندىكى كاتتىلار ئۆز سەنىمىگە داپ چېلىپ...
— داپ ھامان ئۆز پەدىسىگە چۈشىدۇ، بوۋا.
— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي.
بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، مەن ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردۈم. ئۇ خوشلىشىپ ئۇزاپ كەتكەندىن كې-يىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قالدىم. راست، بىزدە بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يېزىلاردا يەنە نۇرغۇن ئىشلار پىلانلىق ئىگىلىك ۋاقتىدىكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. دېھقانلار ئۆزلىرى ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىگە ئەھۋالغا قاراپ نېمە تېرىش مەسىلىسىدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالمايۋاتاتتى. ئۇلار شال تېرىشقا لايىق يەرگە بۇغداي ـ كېۋەز تېرىشقا؛ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشقا لايىق يەرگە شال تېرىشقا مەجبۇرلىنىۋا-تاتتى. دېھقانلارنىڭ، كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى، پارتىيە ـ ھۆ-كۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئەمەس، ئۆز پايدىسىنى، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىمدا يۇقىرىغا ئۆرلىشىنى ئويلايدىغان بەزى يەرلىك كاتتىلار يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەندىكىلەرنى جەرىمانە بىلەن قورقۇتۇپ، دېھقانلارنى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

چامغۇر ، كاۋا توغراپ ، چۇرۇچ سېلىپ ، ئۇزۇپ تاشلاپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاش ۋە قايماق ، كۆك پىياز سېلىپ پىشۇرۇلغان هورنان بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن :

— ئۇمىدجان ئاكا ، چۈشتە نېمە تاماق يېگۈلىرى بار ؟— دەپ سورىدى گۈلنار مەندىن .

— كاۋا مانتىسى ، قايماق چۆپى ياكى سويما توغراپ ، غورا سېلىپ قورۇما قورۇپ ، كەسكەن لەڭمەن قىلىپ بەرسىڭىز ناھايىتى خۇشال بولىمەن ،— دېدىم مەن .

— مۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ ، ئۇمىدجان ئاكا ، ئاتايىن بىر كەلگەنلىرىدە . ئاخشام ئالغاچ چىققان گۆشۈڭلارمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ . ئۇ بۇگۈندىن ئۆتسە پۇراپ قېلىشى مۇمكىن ،— دېدى گۈلنار .

— ئاشۇ گۆشلۈك قورۇمىلاردىن شەھەردە جاق تويغانمەن ، سىڭلىم . ئەگەر گۆشنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا ، ئۇنى قوشنىلارغا بېرىۋېتىڭ . ماڭا يايىقى سەھرا تاماقلىرى ياقىدۇ ،— دېدىم مەن .

شۇ چاغ يانفون جىرىڭلاپ قالدى . مەن يانفوننى قولۇمغا ئالدىم :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئۇمىدجان ئاكا ، ياخشى تۇرۇۋاتامىلا ؟ تەنلىرى سالامەتمۇ ؟

— ناھايىتى ياخشى . سىلەرنىڭ ئوقۇشۇڭلار قانداق ؟

— ھەممىمىز ناھايىتى خۇشال ، تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمىز .

— تىرىشىڭلار ، سىڭىللىرىم . مەن ھازىر گۈلناز بىلەن گۈلنارنىڭ ئۆيىدە . ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈڭ .

مۇقەددەس جىمىپ كەتتى . بىر ئازدىن كېيىن :

— ئۇمىدجان ئاكا ، ئۇلار ئالدىدا ناھايىتى خىجىلمەن . ئەمما… بوپتۇ ، كۆرۈشەي ،— دېدى .

گۈلنار بىلەن گۈلناز يانفوننى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ مۇقەددەس بىلەن سۆزلەشتى، يىغلاشتى، بىر ـ بىرىگە ئامانلىق ئۈتۈق تىلەشتى.

— سىلىگە رەھمەت، ئۈمىدجان ئاكا. سىلى بولمىغان بولسىلا، بۇ دوستىمىزنى بەلكىم نەچچە يىللارغىچە تاپالماس ئىدۇق، — دېدى گۈلناز مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ.

— ھايات ئۈمىدلىك كىشىلەرگە ھامان كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە گۈلناز ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ، چۈشلۈك تاماقنىڭ تەرەددۇتلىرىنى قىلغاچ، بولىدىغان مەشرەپ توغرىسىدا ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى، — دېدى گۈلنار ۋە ماڭا بىر خاتىرىنى تەڭلىدى، — سىلى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالمىسىلا، بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ كۆرسىلە.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. مەن دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان شىرە يېنىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇپ، گۈلنار بەرگەن خاتىرىنى ئاچتىم. بۇ گۈلنارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەن. خاتىرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە گۈلنارنىڭ مۇشۇ مەھەللىگە كېلىپ، يېڭىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشقان چاغلىرى، ھېسسىياتى، خىيال ـ ئويلىرى يېزىلغانىدى. «ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش — خەلقىمنى مەنىۋى جەھەتتىن داۋالاشتەك ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، — دەپ يازغانىدى گۈلنار، — خەلقىمىزنى تۆمۈردەك پەنجىسى بىلەن قىسىۋاتقان، ئۇلارنىڭ باشقىلاردەك تېز سۈرئەتتە روناق تېپىپ، نامراتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا زور دەرىجىدە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان نەرسە — مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىق. نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەت خەلقنى مۇشۇ ھالغا — ساۋاتسىز، پەن ـ تېخنىكىدىن خەۋەرسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ساۋاتسىزلىق زور بالا ـ قازا. مۇشۇنداق چەت ـ ياقا يېزىلاردا ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار مەكتەپ

يوقلۇقى ، مەكتەپ بولسىمۇ ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقى ، شۇنداقلا خىر-لىي كۆپ ئادەملىرىمىزدىكى دېھقانىنىڭ بالىسى ھەرقانچە ئوقۇغىنى بىلەنمۇ يەنىلا بەرىبىر دېھقان ، ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق ، دېگەن-دەك قاراشلارنىڭ تۇپەيلىدىن ساۋاتسىز قالغان . ئازاد بولغىلى شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ ، مۇشۇ مەھەللىدىن ھازىرغا قەدەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىرەر بالا يوق ئىكەن . ئەھۋال مۇشۇ ھالدا داۋاملىشىۋەرسە قانداق بولىدۇ ؟ قانداقمۇ زامانىۋىلاشتۇ-رۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ ؟ مەن چوقۇم تىرىشىپ شەرەپلىك بۇرچۇمنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن . »

مەن خاتىرىنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇدۇم :

1995 - يىل 3 - ئاپرېل

بۇ يەردىكىلەر ماڭا «ئۆزى گۈزەل ، مېھرى سوغۇق »دەپ ئات قويۇشتى . مەن بۇنىڭدىن خۇشالمەن . مەن ئاخىرى ئاشۇ «مېھرى سوغۇقلۇقۇم » بىلەن كەينىمدىن شاپاشلىغانلاردىن قۇتۇلۇپ ، ئۇ-لارنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇلىرىغا چەك قويۇپ ، خېلى ئەركىن - ئــازادە بــولۇپ قــالدىم . قــىز بولۇپ پاك ياشىماق نېمىدېگــەن قــىيىن - ھە ؟ كۈلسەڭ «شاللاق »دېگەن ؛ يىغلىساڭ «تاۋى نازۇك » ، «نازلاۋاتىدۇ »دېگەن ؛ قوپاللىراق تەگسەڭ «مۇزقاپاق » دېگەن . ئەيتاۋۇر ، ئوڭ دەسسىسەڭمۇ ، تەتۈر دەسسىسەڭمۇ بول-مىغان . شۇڭا كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشمايدىغان ، دەرستىن بو-شىغاندىكى ۋاقىتلىرىمنى خىيال سۈرۈش ، كىتاب - ژۇرنال كۆرۈش ، خاتىرە يېزىش بىلەن ياتىقىمدا يالغۇز ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم . تۈنۈگۈن مۇقەددەستىن خەت كەلدى . خەتتە بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ . بۈرۈن بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغانىدى . ئاشۇ دوستۇمغا ئاللا مۇھەببەتتە بەخت ئاتا قىل-غاي . مۇھەببەت دېگەن ئۇلۇغ نەرسە ، جىبراننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئۇ ئاللانىڭ ئىنسانغا قىلغان ئەڭ چوڭ شاپائىتى .

بىراق ، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئەنە شۇ شاپائەتتىن ئەركىن بەھرى-مەن بولالمايمىز . مۇھەببەتلىشىش دېگەن بۇ يەردە ئاساسەن يوق . ئوغلى ئون بەش ـ ئون ئالتىلەرگە كىرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى كۆڭلىگە پۈككەن قىزلىق بىرەر ئائىلىگە بارىدۇ ـ دە ، «بالىلار چوڭ بوپتۇ ، بېشىنى قوشۇپ قويايلى» دەپ ئۆزئارا پۈتۈ-شۈپلا توي قىلىشىۋېرىدۇ . قىزىق ، قانۇندا ئون سەككىز ياشقا توشۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ، بۇ يەردە ئون بەش ـ ئون ئالتىگە تولغان قىزلارنىمۇ ياتلىق قىلىشىۋېرىدۇ . ئۇلارنىڭ توي خېتىنى قانداق ئالىدىغانلىقىدىن ھەيرانمەن . ئۆتكەندە ، بىر خانىمدىن مۇنداق قىزىق گەپنى ئاڭلىدىم : ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بىر جۈپ قىز ـ يىگىت يېزىلىق ھۆكۈمەتكە توي خېتى ئالغىلى بارغانىكەن ، توي خېتى كېسىدىغان كادىر : «تېخى يېشىڭلار كى-چىك ئىكەن ، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن كېلىڭلار » دەپتۇ . شۇ چاغدا ھېلىقى قىز : «ۋاي ـ ۋۇي ، ئەپەندىم . بوپتۇ ، بىرنەچچە كويچەن خەجلەپ باجلىتىپ قويايلى دەپ كەلسەك ، كىچىككىنە قىزىل قەغەزلىرىنى ئەجەبمۇ ئەتىۋارلاپ كەتتىلىغۇ ؟ بىزنى يې-شىڭلار كىچىككەن دەيلىيۇ ، ئۆتكەندە شاڭجاڭنىڭ ئىنىسى ئون ئۈچ ياشلىق قىزغا باسقۇنچىلىق قىلسا ، ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ-تىكەن دەپ گەپنى ياساپ ، توي خېتى بېرىپ توي قىلدۇرۇپلا ئىشنى تامام قىلىشتىلىغۇ ؟ سىلىچۇ ، توي خېتى بەرمىگەن بىلەن بۇ يىگىت بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى . يۈرۈك ، يىگىتىم ، كېتەيلى ، ئىككى يىلدىن كېيىن بىر ـ ئىككى بالىمىزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ توي خېتى ئالارمىز »دەپ ، يىگىتنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىپ كېتىپتۇ . ھېلىقى كادىر نائىلاج ، ئۇلارنى چاقىرىۋېلىپ توي خېتى بېرىپ-تۇ .

سەھرادا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ ھەم كۈلكىسىنى كەلتۈرىدى-غان ، ھەم ئوغىسىنى قاينىتىدىغان ئىشلار تولا .

بۇگۇن چۈشتىن كېيىن ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇ-
رۇش بولدى . ئەلۋەتتە ، بۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايالىنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بىلەن بولغان ئولتۇرۇش بولغاچقا ، سورۇندا مەكتەپ
مۇدىرىدىن باشقا ئەركەك زاتى يوق ئىدى . بىرەرقۇر تاماق يېيىل-
گەندىن كېيىن خانىملار دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇشتى ، ئۇسسۇل
ئويناشتى ، ئاخىرى مېنىمۇ دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئوقۇپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى . مۇنداق تەلەپنى جاھىللىق
بىلەن رەت قىلىشنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەچ-
كە ، «ئەمسە مېنى مەسخىرە قىلماڭلار» دېدىم - دە ، تېكىستىنى
ئۆزۈم قۇراشتۇرۇپ ، خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنغان مۇنۇ ناخشى-
نى ئېيتتىم :

سالامەتمەن ، باياشاتمەن ،
دىلدا قىلچە زارىم يوق .
نە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم يېرىم ،
ياندا سۆيگەن يارىم يوق .
باغقا باقسام گۇللەر كۈلمەس ،
خۇشبۇي پۇراق - ئىپار تۆكمەس .
مەنمۇ گۈلدەك بىھوش ، مۇڭلۇق ،
بۇلبۇلۇم يوق - يارىم يوق .

خانىملار ئۆزۈندىن بۇيان بۇ سەھرادا مۇنداق مۇڭلۇق ناخ-
شىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى ، غەيرىي تۇيۇلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى
ناخشا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە راستتىنلا يارىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئەيتا-
ۋۇر تىمتاس بولۇپ كەتتى . باشقىلار ناخشا ئېيتقاندا بولۇپ
تۇرىدىغان كۇسۇرلاشلارمۇ ، پىخىلداپ كۈلۈشلەرمۇ ، بىر - بىرى-
نى نوقۇپ ، چىمدىشىپ ، قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ شەيتانلىق
قىلىشلارمۇ بولمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆككە باقسام ئايمۇ تەنها ،
جىلۋە قىلماس ، چاچماس زىيا .
مەنمۇ يالغۇز ئايدەك گويا ،
جورا - جۈپتۈم ، يارىم يوق .
گۈلگە بېقىپ مۈڭلىنىمەن ،
ئايغا بېقىپ تولغىنىمەن .
ئۆتەرمەنمۇ مەڭگۈ تەنها ،
دىلدارىم يوق ، يارىم يوق...

ناخشام تۈگىشى بىلەن ھەممەيلەن چاۋاك چېلىپ بارىكالللا ئېيتىشتى . مەكتەپ مۇدىرىمۇ : «مۇنداق ھۈنىرىمۇ بار دەڭ ، گۈلنار خانىم . ئەگەر بۇ ھۈنىرىڭىزنى بۇرۇنراق ئاشكارا قىلغان بولسىڭىز ، سەنئەت كۆرىكىدە سەھنىگە سىزنىلا چىقىرىپ قويۇپ ، بىرىنچىلىكنى ئۆزىمىز ئالماسمىدۇق» دېدى .

1995 - يىل 18 - ئاۋغۇست

مۇدىرنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا نېمە ئۈچۈن دۇتار چالغان ، نېمە ئۈچۈن ناخشا ئېيتقان ، نېمە ئۈچۈن ئۇسسۇل ئوينىغان بولار ئىدىم ؟ بۇ ئىش ئاخىر كېلىپ بېشىمغا بالا بولدى . ئەمدى پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا يوق .

مېنىڭ «ھۈنىرىم»قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ ، ئاخىر يېزا كاتتىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئۇلار بىر نۆۋەت مېنى ئۆز ئولتۇرۇشلىرىغا چاقىردى . مېنى مەكتەپ مۇدىرى باشلاپ باردى . ئۇلار دۇتار چالدۇردى ، ناخشا ئېيتقۇزدى ، ئۇسسۇل ئويناتتى . شۇنىڭدىن بۇيان ئىككى كۈندە بىر چاقىرىدىغان بولۇۋالدى . «راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە ، يالغان گەپ يەتتە تاغدىن ئاشار»دېگەندەك ، مېنىڭ «كاتتىلار»بىلەن ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولىدىغانلىقىم پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇستۇمگە

هاقارەت مۆلدۈرى يېغىشقا باشلىدى . «شاللاق ، بۇزۇق ، ئەسكى كەش ، سېسىق شاپاق··· » دېگەندەك سۆزلەر قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدىغان بولدى .

توغرا ، مېنىڭ كۈنلىرىم «كاتتىلار» بىلەن ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ . بۇنى مەن ئۆزۈم خالايمەنمۇ ؟ ئۇلار ھەرگىز مېنىڭ رايىمغا باقمايدۇ ، مەيلىمنى سوراپمۇ قويمايدۇ . مەن ئۇ سورۇنلارغا خۇددى بويىنىدىن باغلاپ سۆرەلگەن ئىتتەكلا بارىمەن . سورۇنلاردا ھىجىيىشقا ، يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈشكە ، ناخشا ئېيتىش ، دۇتار چېلىش ، ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇرمەن . نېمىشقا ؟ چۈنكى مېنىڭ ياشىغۇم ، ياشاپ ئۆز ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇم ، مۇشۇنداق چەت - ياقا جايلاردىكى سەبىي گۆدەكلەر قەلبىگە بىلىم ئۇرۇقىنى ، مەرىپەت نۇرىنى چاچقۇم ، ئۇلارنىڭ نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ئۆز ھەسسەمنى قوشقۇم بار . مېنىڭ تەقدىرىم ئاشۇ چوڭ - كىچىك كاتتىلارنىڭ قولىدا . ناۋادا ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ زەردىسىنى قايىنىتىپ قويسام ، ئۇلار بىرلا پۈۋلەپ ، مېنى خۇددى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەكلا ، ھەممە - ھەممىدىن مەھرۇم قىلىۋېتەلەيدۇ . شۇڭا ئۇنداق سورۇنلارغا نائىلاج بارىمەن . ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ ئۇ سورۇنلاردا كۆڭلۈم خۇش بولۇپ ، گۈلقەقەلىرىم ئېچىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇ يەردە يېگەن - ئىچكىنىم زەھەر بولىدۇ . كۈلگەن ، ناخشا ئېيتقان ، ئۇسسۇل ئوينىغان چاغلىرىمدا ، ئۇلارنىڭ ھاراقنىڭ كۈچىدە پۇرلەشكەن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ماڭا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەنلىكلىرىنى ، قاش - كۆزلىرىنى يىگىتسىراپ كەتكەن خوتۇنلاردەك ئوينىتىپ ، ئاغزىنى تەمشىپ شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزغىنىنى كۆرگىنىمدە ، ئىچىمگە قان - زەرداب توشۇپ كېتىدۇ . بەزىدە بىلمىگەن ھالىغا تانسا ئوينايمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ . تانسا ئوينىغاندا ، بەزىلىرى مېنى ئۆزىگە چىڭ تارتىپ ، ھارامدىن سەمرىگەن قورسىقىنى قورسىقىمغا تاقايدۇ ، بەزىلىرى

هاياسىزلىق بىلەن ساغرامنى سىيلايدۇ . مۇنداق چاغلاردا پۈتۈن
بەدىنىم تىكەنلىشىپ ، ئاشۇ ئادەمىي هايۋانلارغا نىسبەتەن قەلبىم-
دە غەزەپ تاشقىنلايدۇ . بىراق ، سىلىق هەرىكەتلەر بىلەن ئۆزۈم-
نى قاچۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلالمايمەن .

مەن ئەركىن تۇمۇچۇق ، كاككۇك بولۇشنى ، ئەركىن كۇ-
لۇشنى ، خۇشال سايراشنى خالايتتىم . شۇڭا ئادەم سىقىلىدىغان
شەهەرنى ئەمەس ، كەڭ سەهرانى — تەبىئەتنىڭ ئازادىلىكى ئەڭ
بەلەن ئىپادىلىنىدىغان جاينى تاللىغانىدىم . بىراق ، بۇ كەڭ زې-
مىندىمۇ ئۆز كۆمۈچىگىلا چوغ تارتىدىغان ، بىرنەچچە يىللىق
ئەمەلدارلىقنى خەلققە چاكار بولۇپ ئىشلەپ ، ئۇلارغا بەخت ـ
ئامەت يارىتىش پۇرسىتى دەپ قارىماي ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇ-
رۇپ ، يېنىنى توملاشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايدىغانلار بولغىنى-
كەن . ئەگەر ئاغزى كۆيمىسە مانتىنى قاسقىنى ، سامسىنى تونۇ-
رى بىلەن يۇتۇۋېلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر خۇدانىڭ
جازاسىدىن قورقمامدىغاندۇر ؟ هارامنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناه ئىكەن-
لىكىنى بىلمەمدىغاندۇر ؟ ئاخىر ئەل قارغىشىغا ئۇچرايدىغانلى-
قىنى ، ئاشۇ قارغىش قاينىمىغا غەرق بولسا ، ئەبەدىي باش كۆتۈ-
رەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەمدىغاندۇر ؟

مەن بۇ خورلۇقلارغىمۇ چىدار ئىدىم . چۈنكى ئارزۇ ـ
ئىستەكلىرىم ماڭا سۇبات بېرىپ ، غەيرەت بېغىشلاپ تۇراتتى .
ئاخىر بۇنىڭدىنمۇ زور خورلۇق مېنى بېسىۋالدى . نادان سەهرا
خەلقى ئارىسىدا شەرمەندە گەپلەر تارقالدى . هەتتا «گۈلنار گۈ-
زەل چىرايىنى ، ۋىجدانىنى ، قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇسىنى پۇلغا
ساتتى» ، «گۈزەل چىرايىنى دەسمايە قىلىپ ، باشقىلارنى تاپتىن
چىقاردى» ، «ئۇ پوكۇنچىنىڭ ئوينىشىكەن...»دېگەندەك ئىغۋا-
لارمۇ كۆپەيدى . بۇنىڭ بىلەن ئەلە ـ مەهەللە ، بولۇپمۇ چوڭراق
ياشتىكىلەر ماڭا تامامەن يات كۆزدە قارايدىغان ، هەتتا كىچىك
ئوقۇغۇچىلىرىممۇ ماڭا كۆرمىگەن ـ بىلمەيدىغاندەك قارايدىغان

بولۇپ قالدى . «قول يارىسى كېتەر ، تىل يارىسى كەتمەس » دېگەندەك ، قىزلىق ئىپپىتىم ، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلىدىغان بۇ گەپلەر يۈرىكىمگە زىختەك قادالدى...

1997 ـ يىل 13 ـ دېكابىر

ھەممە ئادەم ھاياتنى گۈزەل دېيىشىدۇ . بەلكىم ھايات تەلەيلىكلەر ، بەختلىكلەر ئۈچۈن گۈزەل بولسا كېرەك . مەندەك بىتەلەيلەرگە ئۇ گۈزەل تۇيۇلمايدۇ . مەن قاسىم بىلەن تونۇشۇپلا توي قىلىپ ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغىدىم ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا يەنە ئۇ ئۆز گۈزەللىكىدىن قالدى . مانا ئەمدى بەلەن بولدى . قاسىم ئۆز قىلمىشلىرىغا لايىق جازاغا تارتىلدى . مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنسەممۇ ، يەنە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن . چۈنكى ، مەن ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش تۈپەيلى ، يېزا كاتتىلىرىنىڭ خورلۇقلىرىدىن ، ساددا ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئەھۋالنى بىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئاھانەتلىرىنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇم ، شۇنداقلا ئادەملەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش ، مۇھەببەتسىز ھاياتنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم . گەرچە تۆلىگەن بەدەل چوڭ بولسىمۇ ، يەنى مەن قىزلىق ئالىمىدىن ئايرىلىپ ، چوكانلىق دۇنياسىغا قەدەم قويغان — يىگىرمە تۆت يېشىمدا تول چوكانغا ئايلانغان بولساممۇ ، ھازىر ئۆزۈمنى ئەركىن ـ ئازادە سېزىمەن . ھايات ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ شەپقەتلىك ھەم رەھىمسىز ئۇستاز مېنى ئەمدى خېلىلا سەگەك ، ئەقىللىق قىلىپ قويدى . ھايات مېنى ئەگرى ـ توقاي يوللىدا ھالىمدىن كەتكۈزۈپ ، شىددەتلىك قاينىمىدا پىرقىرىتىپ قورقۇتۇپ ، ئۆزى توغرىسىدا بىرقەدەر ئوبيېكتىپ قاراشقا ئىگە قىلدى . ھايات ئىنتايىن كەڭ سەھنە ئىكەن ، ئۇ گۈزەللىك ، ئالىيجانابلىق ، ياخشىلىق ۋە زەئىپلىك ، سەتلىك ، رەزىللىك ، رەھىمسىزلىك ، پەسكەشلىك بىلەن تولغانىكەن . ئۇنىڭ گۈزەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باھارى، ئەلۋەك يازىمۇ، كۈز، قىش - زىمىستانىمۇ، گۈزەل باغ، كۆركەم دالا، زۇمرەت سۇلىرىمۇ، شۇنداقلا سىپسىق كۆلچەك، زەيكەش، ئېگىز داۋان، تېيىلغاق يول، چوڭقۇر ھاڭلىردىمۇ بار ئىكەن. سەن بۇ سەھنىدە پەخەس، زېرەك، سالماق، ئىدىتلىق بولمىساڭ ھەرخىل بالا - قازاغا دۇچار بولىدىكەنسەن، ئۇ سېنى — ئاجىز قولۋاقنى شىددەتلىك قاينىمىغا غەرق قىلىۋېتىدىكەن. يالغۇز دەرەخنى بوران ئاسانلا سۇندۇرۇۋەتكەندەك، ھايات سەھنىسىدە سەن يالغۇز قالساڭ، ئۇ سېنى ئوڭايلا يىقىتىدىكەن، ھاڭغا چۆرۈپ تاشلايدىكەن.

ئاھ، يۇرىكىم، نېمانچە تېپچەكلەيسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ ئەمدى ئەركىن بولغانلىقىڭدىن خۇشال بولۇپ، پەر قېقىپ پەرۋاز قىلماقچى بولامسەن ياكى قانداقتۇر ئۈمىد بىلەن پەقەتلا ئۆزۈڭ كۆرەلەيدىغان مەشئەلگە قاراپ ئۇچماق بولامسەن؟ سەن كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەستىن، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزۈڭدە پەيدا بولغان سۆيگۈ ئۇچقۇنىنى ئەمدى دالا گۈلخانلىرىدەك ئۇلغايتماقچى بولامسەن؟... توغرا، ۋاقىت كۆپ نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن، لېكىن چىن مۇھەببەتنى ئۇنتۇلدۇرالمايدىكەن. ۋاقىت ئۆتسە ئالتۇنمۇ، ئالماسمۇ خورايدىكەن، شامال - بورانلار يالاپ، قورام تاشلارنىمۇ ئۇپرىتىدىكەن، يامغۇر سۇلىرى تاغ - چوققىلارنى يالاپ ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسىرى مۇھەببەت — چىن مۇھەببەت كۈچىيىدىكەنكى، ھەرگىز ئاجىزلاپ قالمايدىكەن.

بايا زېرىكىپ ئولتۇرۇپ، بۇرۇن مۇقەددەستىن كەلگەن خەتلەرنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ باشلىرىدا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دېگەنىكەن: «گۈلنار، مەن ئۈمىدجان ئاكىنى پات - پات ئەسلەپ، گېزىت - ژۇرناللاردا يېڭى ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇرىمەن. سەنچۇ؟ سەن تولۇق ئوت-

تۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدىكى چاغلاردا ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق ئىدىڭ . گەرچە بىزلەرگە دېمىگىنىڭ ـ چاندۇرمىغىنىڭ بىلەن ، ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتىڭ . كىتابىنى يوتقانغا تىقىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىكى سۈرەتنى يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ سۆيەتتىڭ . بىز ئۇمىدجان ئاكىنى كۆرگەن ھېلىقى كۈنى سەن يەنىلا چاندۇرمىدىڭ . لېكىن مەن دىققەت قىلغانىدىم ، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە مۇھەببەت نۇرى چاقنىغان ، سەن خۇددى خوتەن ئاھۇسىدەك ئۇمىد بىلەن ئۇمىدجان ئاكىغا تىكىلگەن ، لەۋلىرىڭ پەقەت ئۆزۈڭلا بىلىدىغان لەززەت بىلەن مىدىرلاپ كەتكەنىدى . شۇ كۈنى ئاخشىمى بىز تەسىراتلىرىمىز ھەققىدە سۆزلەشكەندە ، سەن خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئانارداەك قىزىرىپ تۇرۇپ : « قىز بالا ئەنە شۇنداق يىگىت بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولسا ، قانچىلىك بەختلىك بولار ئىدى ـ ھە » دېگەنىدىڭ . ھازىرغۇ سېنىڭ ئېرىڭ بار ، ئەمما يۈرىكىڭدە ئۇمىدجان ئاكىنى سۆيەمسەن ؟ » شۇ چاغدا مەن مۇقەددەسنىڭ بۇ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرغانىدىم . بۈگۈن بۇ قۇرلارنى قايتا ئوقۇۋېدىم ، يۈرىكىم ئۆزگىچە ، تېز ـ تېز سوقۇپ كەتتى . بەلكىم ، ياشلىق باھارىغا يېتىدىن قەدەم قويغاندا ، پاك قىزغا خاس يۈرىكىمدە بىخلانغان شۇ مۇھەببەت ئۆلۈپ قالمىغان بولسا كېرەك ، ھازىرمۇ يۈرىكىمنىڭ تېپىچەكلىشى ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك . لېكىن نېمە ئىلاج ؟ توغرا ، مەنغۇ ئۇمىدجان ئاكىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم ، ھەردەم كۆڭلۈمدە ئەسلەپ ، كونا ـ يېڭى ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ تۇردۇم . بىراق ، ئۇمىدجان ئاكا بىزنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇر . ئۇ بىزنى پەقەت بىرلا كۆرگەن ، بىزنى پەقەت بىر ئوقۇرمەن چاغلايدۇ ، خالاس . بىزدەك ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان ، ئۇنى سۆيىدىغان ، ئۇنىڭغا سۆيگۈ خەتلىرى يازىدىغان قىزلار جەزمەن تولا . مەركىزىي شەھەرنىڭ ساھىبجامالىرىمۇ ئۇنى جىم قويمايدىغاندۇر . ئۇنىڭ ئۇستى-

گە ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇمىدجان ئاكىمۇ قايتا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندۇر. بىزدەك يىراق سەھرادىكى قىزلار-نىڭ ئۇمىدجان ئاكىغا ئىنتىلىشىمىز ئېگىز ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەكچى بولغاندەك بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇھەببەت دېگەن بەرىبىر مۇھەببەت. ئۇنى قەپەسكە قۇش قىلىپ سولىۋالغىلى، خەنجەر ـ شەمشەر بىلەن بوغۇزلىۋەتكىلى، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، كەلكۈندە ئاققۇزۇۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ پۇلغا، مەرتىۋە ـ ئەمەلگە باقمايدىغان ئەركىن نەرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن لازىمى پەقەت سەمىمىي، ۋاپادار ئادەم. مانا بۇ — ئۇمىدجان ئاكىنىڭ مۇھەببەتنى چۈشەندۈرۈشى. ئۇ بىر ھېكايىسىدە مۇنداق يازغانىدى: «مۇھەببەت، تۈپ ماھىيىتى-دىن ئالغاندا، ئەركىن نەرسىدۇر. ئۇ تەڭسىزلىك، زورلاۋانلىق، ئەركىنسىزلىككە ئۆچ. مۇھەببەت يەككە ـ يېگانە ھالدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۆرۈشۈش بولۇپ قالماس-تىن، بەلكى يەنە ئەركىنلىكنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى. مۇھەببەت، جىبراننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللانىڭ زۇننارىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئەركىنلىك چەم-بىرىكى. بارلىق كۈچلەر ئىچىدە، پەقەت مۇھەببەتنىڭ كۈچىلا ئەڭ چەكلىمىسىز ۋە توسالغۇسىز كۈچتۇر. خۇددى روسسېل ئېيتقاندەك، مۇھەببەت پەقەت ئەركىن ھالەتتىلا مەغرۇر چىنار-دەك بۈك ـ باراقسان بولۇپ شاخلىيالايدۇ. ئۇ تۇرمۇشنىڭ سىر-لىق قاتلاملىرىدىكى گۈزەللىك بىلەن ئالىيجانابلىق، ئىدراك بى-لەن ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ نامايەندىسى.» ھەممە ئادەم مۇھەببەتنى مانا مۇشۇنداق چۈشەنسە نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! مېنىڭ خورلانغان، پۇچىلانغان يۈرىكىم سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مېھرىدىن سۇ ئىچىپ قايتا ياشىرارمۇ؟ مەندەك چەيلەنگەن، سولاشقان گۈل-نى يەنە قايسىدۇر بىر بۇلبۇل سۆيەرمۇ؟...

سىرتتىن گۈلنارلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن خاتىرىنى يىپىپ قويۇپ ، دېۋانغا بېرىپ ، چاي ئىچكەن بولۇپ ئولتۇردۇم .
— مەن مەكتەپ ۋە مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەر بىلەن سۆزلەشتىم : پەقەت شەھەردىن چىققان مېھمىنىم بار ئىدى ، دېدىم ، سىلىنىڭ ئىسىملىرىنى چىقارمىدىم . ئۇلار مەشرەپنى چۈشتىن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى ،— دېدى گۈلنار ئىشىكتىن كىرىپلا ۋە شىرە ئۈستىدىكى خاتىرىگە قاراپ قويدى .
— بۇ يەردىن مەشرەپكە قاتنىشىپ چوڭ هاسىلات بىلەن قايتىدىغان بولدۇم ،— دېدىم مەن خۇشال هالدا ،— لېكىنزە سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم ، گۈلنار .
— بۇنى قانداقمۇ ئاۋارىچىلىك دېگىلى بولسۇن ، ئۇمىدجان ئاكا ، بۇ يەردە مەشرەپ پات ـ پاتلا بولۇپ تۇرىدۇ ، جىق هەشەم كەتمەيدۇ . مەشرەپنى قىزىتىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرى بۇ مەھەللىدە خېلى بار ،— دېدى گۈلنار قىزغىنلىق بىلەن .
قىزلار تاماققا تۇتۇش قىلدى . مەن ئايلىنىپ كىرەي دەپ سىرتقا ماڭدىم .

## *8*

شوخ دەريا .
ياپيېشىل چىمەنلىك .
مەن سەل چارچىغان كاللامغا ئاراملىق بېرەي دەپ ، دەريا لېۋىدە سۇغا قاراپ ئولتۇردۇم . لېكىن كاللامدىن گۈلنارنىڭ خاتىرىسىنىڭ مەن ئوقۇغان ئاخىرقى بەتلىرىدىكى سۆزلەر نېرى كەتمىدى . هەي··· بىچارە قىزلار··· كۆز ئالدىمدا مۇقەددەس ، گۈلنار ، گۈلناز···لار پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان هالەتتە

خورلۇققا ئۇچرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇزۇن يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم، دىنىي ئەسەبىيلىك تەسىرىدە شەكىللەنگەن، زامانغا لايىقلىشالمىغان ئەنئەنىۋى قاراش، شۇنداقلا ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، مەنپەئەتپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىكنىڭ ئەدەپ كېتىشى. يەنچۇ؟ قىزلارنىڭ ئۆزىدىكى بوشاڭلىق، قۇلچىلىق، يەنى يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك - ھۆرلۈكىنى چىرماپ تۇرغان زەنجىر - كىشەنلەرنى چېقىۋېتىشكە جۈرئەت قىلمايدۇ. ئەركىنلىك، مۇھەببەتنى بوغقۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ. «پۇچىلانغان يۈرىكىم مۇھەببەت مېھرىدىن سۇ ئىچىپ ياشىرارمۇ؟ سولاشقان گۈلنى يەنە قايسىدۇر بىر بۇلبۇل سۆيەرمۇ؟» دەپ نالە قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئەقەللىيسى، ئۆزلىرى بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇيۇ، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشنى بىلمەيدۇ. ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتا ئۇنى نومۇس دەپ بىلگەن قىز قانداقمۇ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ توغرا، مۇھەببەت خانلىقىنى قىلىچ - نەيزە بىلەن قورغىلى ۋە سورىغىلى بولمايدۇ. مۇھەببەت پۇلنىڭ قۇلىمۇ، بايلىق، ئەمەل - مەرتىۋىنىڭ سايىسىمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ ھېچبىر شەپىسىز راۋاجلىنىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. سەن ئۇنى بىخلىتىشنىڭ، ئىپادىلىشنىڭ، ئاندىن مېھىر - شەپقەت، ۋاپا سۆيىدە پەرۋىشلىنىشنىڭ كېرەك...

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، پادىلار ئوتلاۋاتقان تەرەپكە باردىم. يىگىرمە تۆت - يىگىرمە بەش ياشلاردىكى پادىچى يىگىت ئېگىزرەك ئۆسكەن يۇلغۇن تۈۋىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە قارىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن سالاملاشتى. مەن قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟

— كارنېگىنىڭ «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئا-
جىزلىقلار»دېگەن كىتابى .
— سىز كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەنمۇ ؟
— ھېرىسمەن .
— قانداق كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇيسىز ؟
— بىزنىڭ بۇ چەت يېزىمىزدا كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتى
يوق ، نېمە تېپىلسا شۇنى ئوقۇۋېرىمەن . مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا
ئەدەبىي كىتابلار بىلەن پەلسەپىۋى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇغان-
دىم .
— كارنېگىنىڭ قولىڭىزدىكى كىتابى قانداقراقكەن ؟
— كەلسىلە ، ئاكا ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى ،— دېدى پادى-
چى يىگىت مېنى يۇلغۇن تۈۋىگە سېلىپ قـويغان چاپىنى ئۈس-
تىگــە — بايا ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ .
— ئۇ سىزنىڭ شاھلىق تەختىڭىز ، مەن تارتىۋالسام قانداق
بولىدۇ ؟— دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ ، — سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ ،
مەن يېنىڭىزدا سول قول ۋەزىر بولۇپ ئولتۇراي .
— بايرۇننىڭ پادىچىنىڭ شاھلىق تەختى توغرىسىدىكى شې-
ئىرىنى ئوقۇپتىكەنلا ـ دە . ئۇ تولىمۇ ياخشى شېئىر ، مەنمۇ
شۇنداق ياخشى كۆرىمەن ،— دېدى پادىچى يىگىت خۇشخۇيلۇق
بىلەن ۋە مەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قـىل-
دى ،— سىلى بۇ كىتاب ھەققىدە سوراپ قالدىلا ، مەن بۇ كىتابنى
ياقتۇرىمەن ، هازىر ئۈچىنچى رەت ئوقۇشۇم . مەكتەپتىكى چاغدا
«ئادەمنىڭ دانالىقى ئۆزىنى بىلىشتە»دېگەن سۆزنى خېلى كۆپ
ئاڭلىغاندىم . ئەمما تېگىگە يەتمىگەن — ھەقىقىي مەنىسىنى
چۈشەنمىگەنىكەنمەن . مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاشۇ
سۆزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . گەپنىڭ پوسكاللىسى-
نى ئېيتسام ، بىز ئۆزىمىزنى پەقەتلا چۈشەنمەي ، ھەتتا ئۆزىمىز-
نى چۈشىنىشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي ياشايدىكەنمىز . شۇڭا

بىزنىڭ كۆزىمىز پارقىراپ تۇرغىنىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قارىغۇ ئىكەنمىز ، خېلى يوغان كاللىمىز بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قۇرۇق قاپاق ئىكەن ، كاللا ئىچىدىكى مېڭىمىز ئىشلىمەيدىكەن ، ئەقلىمىز تولىمۇ كەم ئىكەن . شۇڭا ھەق ـ ناھەقنى ، گۈزەل ـ سەتلىكنى ، ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ماھىيىتىدىن ئايرىيالمايدىكەنمىز . مانا قاراڭ ، بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتىمىز شۇنچە گۈزەل ، خۇددى باغنىڭ ئۆزى . ئەمما ئادەملىرىمىز ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ، نادان ، قاششاق ، كۆڭلى ـ كۆكسى تار . گەپ بىلمىسىزلىكتە ، ئۆزىنى ، باشقىلارنى چۈشەنمەسلىكتە . بىزنىڭ بۇ يەر چەت ـ خىلۋەت ، ئاز ـ تولا ئوقۇغانلار بەك ئاز ؛ شەھەر ، بازار دېگەننى كۆرمىگەنلەر جىق . بېكىنمە ھالەت قېرىنداشلىرىمىزنى جاھاننىڭ نۇرغۇن يېڭىلىقلىرىدىن مەھرۇم قىلغان . شۇڭا قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغا ئوخشاش ، جاھان دېگەن مۇشۇ دەپ قارايدۇ ، ئۆزلىرىنى چۈشەپ ، مىدىر ـ سىدىر قىلالماس قىلىپ قويغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ . ئاسماندا پەرۋاز قىلغان بۈركۈتنى كۆرسە ئۇنىڭغا زوقلىنىدۇيۇ ، مەنمۇ بۈركۈتتەك ئەركىن ئۇچۇپ باقسام دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ . مەن نەۋائىي ھەزرەتنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن :

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ئىمىش ،
ئېل ساڭا مۇشفىق ، مېھرىبان بولماس ئىمىش .
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىلگۈل بۇتسە ،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش .

بولۇپمۇ ئاخىرقى «ئالتۇن قەپەس ئىچىگە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈلگەن بىلەنمۇ ، ئۇ بۇلبۇلغا تىكەنچىلىكمۇ ئۇۋا بولالماس» دېگەن ئىككى مىسرا ماڭا بەك يارايدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ بۇلبۇلغا باغ ، كەكلىككە تاغ ياخشى ، قۇللۇق ۋە مەھكۇملۇقتىن ھەتتا قۇشلارمۇ

بىزار . بىزدىكى نادانلىق ، بىلىمسىزلىك ، قاششاقلىق بىز ئۈ-
چۈن قەپەس . بىراق بىزدە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئامراق . ئۇلار باشقى-
لار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن قەپەس ، تاقاقنىڭ قۇلۇپى
چېقىلىپ ، ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئايرى-
لىشنى خالىمايدۇ . قەپەس ۋە تاقاقتىن قۇتۇلغانلىرىمۇ قايتىدىن
ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا بەندە بولۇشنى خالايدۇ . كونا ،
يارىماس ئادەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇشقا ئۆزىنى ياۋاش قوزىدەكلا
تۇتۇپ بېرىدۇ . ھايات ، ياشلىق ، مۇھەببەت دېگەننى چۈشەنمەي-
دۇ . ئائىلە دېگەن نېمە؟ ئۇ جەننەت ھەم دوزاخ ؛ ئائىلە چىن
مۇھەببەت ئاساسىدا قۇرۇلسا ، ئۇ جەننەت ؛ ناۋادا زورلۇق بىلەن
قۇرۇلسا ، ئۇ دوزاخ . دوزاختا ئۆگەنگەنلەر جەننەتكە كىرىشنى
خالىغانلارغا ئاسانلىقچە يول قويمايدۇ ، دوزاخ ئازابىنى تارتىۋات-
قانلارنى بەختلىك ، دەيدۇ ؛ دوزاختىن قۇتۇلۇپ ، جەننەتكە يول
ئالاي دېگەنلەرنى ئاسىي ، شاللاق ، بۇزۇق ، پەسكەش ، دەيدۇ .
چىن مۇھەببەتلەشكەنلەرنى قارغىشىدۇ . ئۆرپ - ئادەت ، ئەنئەنە ،
ئەخلاق ، دىن توغرىسىدا شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ سۆزلەشكەن
كىشىلەر ھەقىقىي يارامىلىق ئەنئەنە ، ئەخلاقنىڭ ، مۇھەببەت دىنى-
نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ .

— سىز مۇھەببەتنىڭ ئۆز دىنى بار دەپ قارامسىز ؟

— ئەلۋەتتە . مۇھەببەت پەقەت ئۆز دىنىغىلا ئېتىقاد قىلىدۇ .
ئەمما بىزنىڭ نادانلىرىمىز ئاللا مۇھەببەت ئۈچۈن ، ئۆزلىرى
ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇننى چۈشەنمەيدۇ . شۇ سەۋەبتىن مۇ-
ھەببەتسىز ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش ئۇلارنىڭ قەلبىنى زېدە قىلىپ ،
ئۆزلىرىنى رەھىمسىز تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دومىلىتىپ يۈرۈپ
پايخان قىلىسىمۇ شۈكرى - قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ . ھەتتا
بەزىلىرى ساداقەت ، ۋاپا ، پاكلىق ھەققىدە مەدداھقا ئوخشاش
تىنماي كاپشىغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە بولسا ھوقۇق ، بايلىق ۋە
ئاللا ياراتقان ھۆسن - جامالىنى دەسمايە قىلىپ ، قاراڭغۇ

بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بۇزۇقچىلىق ـ زىناخورلۇق قىلىشىدۇ . پاك قىز ـ يىگىتلەرنى بولسا ، ئەنە شۇنداقلار پەرىشتە قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بەكرەك ئەيىبلەيدۇ ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىددىن ئەنسىرەپ ، ئەركىنرەك ياشاشقا ئىنتىلگەن ، چىن مۇھەببەتلەشكەنلەرنى ئەزۋەيلەپ قارغىشىدۇ . ئۇلاردا نېمە گۇناھ ؟ ئۆز بەختى ئۈچۈن تىرىشقانلىقىمۇ ؟ ئاق ـ قارىنى ئازراق بولسىمۇ پەرق ئېتىپ ، هايات ، مۇھەببەتنى چۈشىنىپ ، مۇھەببەتلىك ياشاشنى خالىغانلىقىمۇ ؟...

چۈش بولۇپ قالغانىدى ، بىز قايتتۇق .

مەن گۈلنارنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە يەنىلا خىيالغا چۆمدۇم .

بىزدە ئويغىنىش ، ئەنە شۇ پادىچى يىگىتتىكىدەك ئويغىنىش بولۇۋاتىدۇ . بۇ بىر قۇتلۇق ئىش . ئەنە شۇ ئويغانغانلارنىڭ هەربىرى ئون ، يۈز كىشىنى ئويغىتالىسا ، هەممەيلەن ئۆزىنى ، ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممىتىنى هەم باشقىلارنىمۇ ئىززەتلەش ـ هۆرمەتلەشنى بىلەلىسە نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ هە ؟ ! «هەرقانداق كىشىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىما ، هەتتا هەربىر ئاجىز چۈمۈلىگىمۇ هاقارەت كۆزى بىلەن باقما . ئېھتىمال ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئايانچلىق بولسىمۇ ، ۋۇجۇدى ئادەمىيلىك خىسلىتى بىلەن لىپمۇلىقتۇر »دەيدۇ مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار . بۇ نەقەدەر ئاقىلانە سۆز ـ هە ؟ ! ئىنسان ئىكەنمىز ، بىزدە ئاللا بەرگەن ئېسىل پەزىلەتلەر بار ، شۇنداقلا هايات مۇساپىسىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدا يۇقتۇرۇۋالغان كىر ـ داغلىرىمىز ، ئىللەتلىرىمىزمۇ بار . بىرىمىز ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ، بىرىمىز هېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان غاپىل ، بىرىمىز ئەرشىئالادىكى پەرىشتە ، بىرىمىز يەردىكى ئەخلەت ـ خەس ئەمەس . ئەڭ ياخشى پەزىلەت ئۆز قەدرىنى بىلمەكتۇر . ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن كىشى ئۆزگىلەرنىڭ قەدرىنىمۇ بىلمەيدۇ . ئاتا ـ بوۋىلار ئېيتقاندەك ، ئەڭ ئېغىر

دەرد — نادانلىق . ئاخشام گۈلناز سۆزلەپ بەرگەن بىر ۋەقە تولىمۇ كۈلكىلىك : ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدە پېنسىيىگە چىققان بىر ئىشچى بولۇپ ، ئۇ مىلىچمال سودىسى قىلىدىكەن ، ئۈچ قىزى ، بىر ئوغلى بار ئىكەن . بۇ ئوغۇل تۇزۇك ئوقۇمىغانىكەن ، تاماكا چېكىدىكەن ، هاراق ئىچىدىكەن ، قىمارمۇ ئوينايدىكەن ، هەتتا لۈكچەكلىك قىلىپ ، نەچچە قېتىم قاش - قاپاقلىرىمۇ يېرىلغانىكەن . ئۆتكەن يىلى ئىككى ئايچە يوقىلىپ كېتىپتۇ . ئۆيگە كەلگەندە بولسا «قارى »گە ئايلىنىپتۇ . ئاتا - ئانا بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپتۇ . بىراق ئۇ شۇ قەدەر خۇراپىي هالغا ئۆتۈپتىكى ، ئاتىسى قىلىۋاتقان سودىنىمۇ هارام ، ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى- مۇ هارام ، دەيدىكەن . ئاتا - ئانىسى ، هەدىلىرىگە «هەممە قىلغان ئىشىڭ هارام »دەپ ، هۇرپىيىدىكەن ، دوق قىلىدىكەن . ئۇ ئاتى- سى مىڭ جاپادا تېپىپ بانكىغا قويغان پۇلدىن ئەللىك مىڭ يۈەن ئېلىپ بىر ماشىنا سېتىۋېلىپ كىراكەشلىك قىلىدىكەن . ئاغرىپ دوختۇرخانىدا ئىككى قېتىم ياتقانىكەن ، ئاتا - ئانىسى بىر قېتىم- دا ئوتتۇز مىڭ ، يەنە بىر قېتىمدا ئون ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بىلەن داۋالىتىپتۇ . لېكىن ئۇ ئوغۇل ئاتا - ئانىسىنى ئاشۇ ماشىنىسىغا بىر قېتىممۇ سالماپتۇ . باشقىلار سورىسا ، «ئۇلار- نىڭ قىلغان - ئەتكىنى هارام »دەيدىكەن . «ئەجەبا ، ئۇلارنىڭ سەن ماشىنا ئالغان ، سېنى داۋالاتقان پۇلى هارام ئەمەسمۇ ؟ » دەپ سورىسا ، گەپ قىلماي پۇشۇلداپ تۇرىدىكەن . ئۇ ئۆيلىنىپ- تۇ . لېكىن تويدا ناخشا - ساز بولماپتۇ . كېلىن ئۆيدىمۇ هەممە يېرىنى يۆگەپ ، ياغلىقنى قېشىغا چۈشۈرۈپ چىگىپ ، قارا ماسكا تاقاپ يۈرىدىكەن . هازىرغىچە يىگىتنىڭ ئاتىسى ئەمەس ، ئانىسى ، هەدىلىرىمۇ كېلىنىنىڭ چىرايىنى كۆرمەپتۇ . قۇربان هېيتتا ئو- قۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئىككى هەدىسىنىڭ خىزمەتداش- لىرى — خانىملار هېيتلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن ، ئاشۇ خانىملار ياغلىق ئارتمىغانلىقى ، قىسقىراق يوپكا كىيىپ ، پۇتىغا

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئەت رەڭ پايپاق كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ھەدىلىرىگە :
«بۇ جىن ـ شەيتانلارنى نېمىدەپ ئۆيگە باشلاپ كېلىشتىڭ ؟ »
دەپ ، مېھمانلارنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ ، يوغان پىچاقنى قولىغا
ئېلىپ ، ھەدىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ قوغلاپ سۈر ـ توقاي
قىپتۇ ، ئەل ـ جامائەت ئارىغا كىرىپ يۈرۈپ ، بۇ جېدەلنى مىلىك
تەستە بېسىقتۇرۇپتۇ . مانا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ ئىسلام دىنى
مۇشۇنداق ھالال ئەمگەكنى ، ئاتا ـ ئانىنى ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ،
ئەل ـ جامائەتنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ، ئاق ـ قارىنى ئايرىمايدى-
غان ، ئۆزىدىن باشقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان دىنمۇ ؟ ياق ، ئۇنى
بۇزۇۋاتقىنى ئاشۇنداق بەزى ساختا «قارىي»لار . بىز بۇ ساختا
«قارىي»لاردىن ، نادانلىق — مەنىۋى قاششاقلىقتىن قۇتۇلمى-
ساق ، دىلىمىزنى ھەقىقىي مەرىپەت ، پاكلىق نۇرى بىلەن يورۇت-
مىساق ، قانداقمۇ باشقىلار قاتارىدا باياشات ياشاش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە بولالايمىز ؟ نادانلىق ، ئەخلاقسىزلىق ۋە دىنىي خۇراپىيلىق
ئىسكەنجىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ، ئېھمەدى پادىچى يى-
گىتتەك غەيلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش كېرەك…

# *9*

گۈلنار بىلەن گۈلناز سويمىدا قورۇما قورۇپ ، خېمىرىغا
تۇخۇم چېقىپ سېلىپ ، تاشتەك يۇغۇرۇپ ، چاچتەك كېسىپ
ئەتكەن لەڭمەن كۆڭۈلدىكىدەك ئوخشىغانىدى . مەن ئىشتىها بى-
لەن بىر چىنە ، يەنە چارەكچە لەڭمەننى زور ئىشتىياق بىلەن
يەۋەتتىم . تاماقتىن كېيىن يەرلىك چاي دورىلىرى سېلىپ دەم-
لەنگەن چايمۇ كۆڭۈلگە خوپ ياقتى . سەھرا تاماقلىرى ئۈچۈن
شەھەرلەردىكىدەك ھەشەم كەتمەيدۇ ، لېكىن يەنىلا شەھەر تاماق-

لىرىدىن تەملىك ، سىڭىشلىك . سۇيىنى ئۇزۇن قايىنىتىپ ، پە-
قەت چامغۇر توغراپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاشمۇ شەھەرلەردە بىرەر
كىلوچە گۆش ، پەمىدۇر ، كۆكمۇچ توغراپ ئەتكەن سۇيۇقئاشلار-
دىن ؛ قايماق ۋە كۆك پىياز بىلەن ياكى سۇ مايدا پىياز سارغايتىپ
قىلغان چۆپلەرمۇ شەھەرلەردىكى گۆشلۈك لەڭمەن ، قولداما دې-
گەنلەردىن ؛ كاۋا ، قىزىل بۇداچتا قىلىنغان سامسىلارمۇ شەھەر-
دىكى پەرمۇدە ، گۆشگىردىلەردىن تەملىك . بۇ نېمە ئۈچۈندۇر ؟
مەن خاتىرەمگە بەزى يېڭى پىكىرلەرنى قىسقىچە خاتىرىلەپ
ئولتۇرغىنىمدا ، ئۆيگە سالام بىلەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى
ۋە :
— گۈلنار خانىم ، مەشرەپ ئەھلى چوڭ باغقا تەييار بولدى ،
مېھمانلارنى باشلاپ باراملىكىن ، — دېدى .
بىز يىگىتكە ئەگىشىپ چوڭ باغقا كەلدۇق . بۇ راستىنلا
«چوڭ» دېگۈچىلىكى بار باغ ئىكەن . ھەرخىل مېۋىلىك دە-
رەخلەر — ئانار ، ئەنجۈر ، ئالگىرات ، قوتۇر ئامۇت ، نەشپۈت ،
شاپتۇل ، ئۆرۈكلەر رەتلىك تىكىلگەنىدى . باغدىكى يوللارنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ ، يولنى ئۈزۈم بارد-
ىڭى چۈمكەپ تۇراتتى . مەشرەپ سورۇنى باغدىكى يوللار تۇتاشقان
جايغا — ئۈزۈم بارىڭى چۈمكەپ تۇرغان چاسا مەيدانغا تۈزۈلگەنى-
دى .
ئوتتۇرىغا كەڭ سورۇن چىقىرىلىپ ، ئەتراپقا شىرە ، ئورۇن-
دۇقلار قويۇلغان ، شىرەلەرگە داستىخانلار سېلىنىپ ، تۈرلۈك
نازۇنېمەتلەر — نان ، سامسا ، تىلىنغان قوغۇن - تاۋۇز ، ئۆ-
رۈك ، يېڭىلا كاۋاكشىغان توغاچ ، گىلاس ، ئەينۇلا قاتارلىقلار
تىزىلغانىدى . بىر تەرەپكىرەك كىگىز - گىلەملەر سېلىنغان
بولۇپ ، ئۈستىدە خەلق سەنئەتكارلىرى — داپچىلار ، راۋابچىلار
ۋە بىر قالۇنچى ئولتۇراتتى .
— ئوھوي ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى سازچى ، ناخ-

شچى ، ئۇسسۇلچىلاردىنمۇ بىرنەچچىسى ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرىمۇ كەپتىغۇ ،— دېدى گۈلنار ،— ئادەتتە مەشرەپ بۇ سورۇندا بولمايتتى ، پەقەت ناھىيە ، ۋىلايەت ۋە باشقا جايلاردىن كاتتا مېھمانلار كەلگەندىلا مۇشۇنداق داغدۇغا مۇشۇ يەردە بولاتتى .

— ئۇممدجان ئاكامۇ ئۇنداق كاتتىلاردىن قېلىشمايدۇ ،— دېدى گۈلناز .

— ئۇغۇ شۇنداق ، بىراق بۇ يەردىكى يېزا كاتتىلىرى ئۇممدجان ئاكامنى تونۇمايدۇ ـ دە . ئەتىگەن سەنمۇ يېنىمدا بارغۇ ، مەن ياشلارغا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلغاندىمۇ ئۇممدجان ئاكامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان . يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىمۇ بۇ يەردىن خېلى يىراق ، ئۇلار قانداق خەۋەر تاپتى ؟ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر قانداقچە كېلىپ قالدى ؟— دېدى گۈلنار .

مەن بۇنىڭدىكى سىرنى ئويلاپ تاپتىم : مېنىڭ يېزا مەشرىپى كۆرۈش نىيىتىم بارلىقنى ئاڭلىغان شوپۇر تونۇگۇن قايتىپ بېرىپ ۋالىيغا ئېيتقان ، ۋالىي ناھىيىدىكىلەرگە ، ناھىيىدىكىلەر يېزىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلغان . مەن بۇ گەپنى گۈلنار ۋە گۈلنازغا دېمىدىم . لېكىن خىجىللىق ئىلكىدە قالدىم . مۇنداق ھەشەم قىلىشنىڭ ، كۆپ كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ۋالىي جەزمەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ، بىراق چاندۇرماسلىق ، ماڭا بىلىندۇرۇپ قويماسلىقنى تاپىلىغان .

— بەلكىم يېزا كاتتىلىرىنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر مەشرەپ ئويۇنغۇسى كەلگەن بولسا ،— دېدىم مەنمۇ گۈلنارغا چاندۇرماستىن ،— ئۇلارنىڭ ئويى بىلەن سىزنىڭ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇشىڭىز تەبىئىي ھالدا بىر يەردىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك .

— بەلكىم… ،— دېدى گۈلنار ،— سىلى ھەقىقىي بىر مەشرەپ كۆرىدىغان بولدىلا .

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چىنىلەردە يۇمغاقسۇت پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان، قارىمۇچ سېلىنغان شورپا، لېگەن ـ لېگەنلەردە گۆش، تونۇر كاۋىپى كەلتۇرۇلدى، ئارقىدىنلا شىرەلەرگە سوغۇق ئىچىملىكلەر ۋە ئاق، قىزىل مەي ـ شارابلار قويۇلدى.

قورساقلار ئاز ـ تولا توقلانغاندىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساقىيلار قەدەھلەرگە مەي قۇيدى.

— بىز پات ئارىدا «يازنىڭ ئۇچ ئىشى»غا، مۇھىمى ئورمىغا جىددىي كىرىشىپ كېتىمىز. شۇڭا ئورما ئالدىدىن ھاردۇقنى چىقىرىپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتۇۋېلىش نىيىتىدە بۇ مەشرەپنى ئۇيۇشتۇردۇق. بىز بۇ دۇنياغا ئىشلەش، جاپا تارتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئويناش ـ كۈلۈش ئۈچۈنمۇ كەلگەن،— دېدى يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا قەدەھنى ئېلىپ،— بۈگۈن پۈتۈن چىققۇدەك ئىچەيلى، ئوينايلى، كۈلەيلى. ئەمىسە مەن ھەممىڭلارنى قەدەھكە تەكلىپ قىلىمەن. خوشە!

مەي، سوغۇق ئىچىملىك، چاي قۇيۇلغان قەدەھ، چىنىلەر تەڭلا كۆتۈرۈلدى.

— سۆز قىلغان يىگىت كىم بولىدۇ؟— دەپ سورىدىم مەن گۈلناردىن.

— يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى ئىلھامجان بولىدۇ.

— مەلۇماتلىق يىگىتتەك قىلىدۇ.

— شۇنداق، ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان، ئۆتكەن يىلى ۋىلايەتتىن بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. ئۆزى ئوچۇق ـ يورۇق، نەزەر دائىرىسى خېلىلا كەڭ، دېھقانغا كۆيۈنىدىغان يىگىت،— دېدى گۈلنار،— ئۇ يېزا باشلىقى بولغان بىر يىلدىن سەل ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، خېلى كۆپ ئامال ـ چارىلەرنى قىلىپ، دېھقانـ

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ سىلىقىنى ئوبدانلا يەڭگىللەتتى ، يېزىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇردى ، مەكتەپلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ ، مائارىپ سىلىنمىسىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېزا باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغان ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىنى ھەل قىلىپ بەردى .

— مۇشۇنداق يېزا باشلىقلىرى كۆپەيسە ، يېزىلارنىڭ ئىشلىرى جەزمەن روناق تاپىدۇ ،— دېدىم مەن .

مەشرەپ باشلاندى . ئالدى بىلەن خەلق سەنئەتكارلىرى ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتتى . ناخشىلار مۇقاملاردىن باشلىنىپ ، بىرقانچە داستان ئارقىلىق شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىگە ئۆتتى . ياشلار ، قېرىلار ، ئوغۇللار ، قىزلار بەزىدە ئارىلىشىپ ، بەزىدە ئايرىم - ئايرىم گۇرۇپپا بويىچە ئۇسسۇل ئويناشتى . سورۇن قىزغىن كەيپىياتقا تولدى . ئارىلاپ كۈلكە - چاقچاقمۇ بولدى . لەپەر ئوينالدى ، سورۇندا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش يۈزىسىدىن كەپتەر ئۇچۇرۇش ، چىلان يېگۈزۈش ، سامسا يېقىش ، تامغا رەسىمىنى چىقىرىش قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينالدى . سورۇندىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى خۇشال ئىدى . بىزنىڭ خەلقىمىز مانا مۇشۇنداق ، قارىماققا بىغەم كۆرۈنگىنى بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلغا ئىچ - ئىچىدىن زوقمەن ، شوخ ۋە خۇش چاقچاق ! ئۇلار ھايات كەچۈرۈشنى ئۆگەنگەن . سەۋر - تاقەت ، چىدام ، شۈكرى قىلىشنى ئۆگەنگەن ، چەكلىك - قىسقا ھاياتىدا ئۆتكەن ۋە كەلگۈسىدىكى جاپا - راھەتلەر ، قايغۇ - خۇشاللىقلار توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرغاندىن كۆرە ، شۇ بىر كۈن ، شۇ بىرەر - ئىككى سائەتلىك ۋاقتىنى لەززەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەنگەن .

ئەمدى نۆۋەت ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرگە كەلگەندى . ئۇلار ئاساسەن يېڭى ، زامانىۋى مۇزىكا - ناخشىلارغا چالدى . زىلۋا بويلۇق بىر قىز ناخشا باشلىدى :

كەلسەڭ ئەگەر ، بۇگۇن كەل يارىم ،
ئەتە كەلسەڭ ، بۇ چىرايىم يوق .
ئارىسىدا يىگىت ـ قىزلارنىڭ ،
بۇگۇن كەلگىن ، ئەتە جايىڭ يوق .

ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا ، ياش يېزا باشلىقى بىر جۇپ قەدەھنى تولدۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە :

— خوش ، ئەزىز مېھمان ، مېنىڭ بۇ سورۇندا كۆپ گەپ قىلىپ ئۆزلىرىنى مالال قىلغۇم يوق . مەنمۇ ئۆزلىرىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ بىرىمەن . مەن مۇشۇ قەدەھنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ھۆرمەت بىلدۇرىمەن ۋە «تاڭغا تەلپۇنگەنلەر »دېگەن ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك يېزا باشلىقى — دېھقانىنىڭ ھەقىقىي چاكىرى بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن ،— دېدى .

— رەھمەت ، ئىنىم ،— دېدىم مەن .

ناخشا تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئاياغلاشتى :

مەن تاقەتسىز تۇغۇلۇپتىمەن ،
كۆپ تاقەتكە ئىقتىدارىم يوق .
قانداق كىرەي باغلارغا يالغۇز ،
جەننەتكىمۇ سەنسىز رايىم يوق .

گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى . ناخشىچى قىز قايتا ـ قايتا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۇردى .

سورۇن ئوبدانلا قىزىغان ، بولۇپمۇ ياشلار شاراب ـ مەي ، ناخشا ـ ساز تەسىرىدە خېلىلا قىزىشقانىدى . ئۇلار ساز چېلىنىپ ناخشا ئېيتىلىسىلا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، ئۇسسۇل ـ تانسا ئوينايتتى . يىگىتلەر قىزلارنىڭ قولىقىغا نېمىنىدۇر پىچىرلايتتى ، قىزلار بولسا «ۋىلىق ـ ۋىلىق» كۈلەتتى ياكى يىگىتكە ھايا بىلەن

خۇمارلىق قاراپ قويۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سالاتتى .
كىمدۇر بىرى «گۈلنار خانىم بىر ناخشا ئوقۇپ بەرسە قانداق ؟ »دەپ توۋلىۋىدى ، گويا ھەممەيلەن شۇنداق دېيىلىشنى كۈتكەندەك ، بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى ، ئالقىش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى . گۈلنار ماڭا ، گۈلنازغا قارىدى . بىز «ناخشا ئېيتىڭ ، ناخشا ئېيتمىسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتۇق .
گۈلنار ئۆزىگە تەڭلەنگەن دۇتارنى ئېلىپ سازلاپ ، مىكروفون ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ :
— ئۆزۈڭلەرگە مەلۇم ، ماڭا ناخشا ئېيتمىغىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى . ناخشىنى ياخشى ئېيتالمىسام كۆڭلۈڭلەرگە ئالماسسىلەر ، — دېدى . ئاما ئالقىش بىلەن جاۋاب بەردى .
گۈلنار دۇتار چېلىشقا ماھىر ئىكەن . ئۇنىڭ چېلىۋاتقىنى مەن زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان بىر ئاھاڭ ئىدى . ناخشىنىڭ تېكىستى بولسا مەن خېلى يىللار ئىلگىرى ژۇرنالدا ئېلان قىلغان بىر شېئىر ئىدى :

گۈزەلدۇر بۇ جاھان ـ دۇنيا ،
ئۇنىڭغا گەر كۆيۈپ ئۆتسەڭ .
تېپىپ ئۇندىن گۈزەللىكنى ،
ساداقەتتە سۆيۈپ ئۆتسەڭ .

گۈلنارنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگىچە ئىدى : بىر ئاڭلاشقا تاغدىن ، بۇلاقلاردىن ئېقىپ كېلىپ قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئەزىم دەريانىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازىغا ، بىر ئاڭلاشقا بەس ـ بەستە چېپىپ كېلىۋاتقان تۇلپارلارنىڭ تەكشى باسقان قەدەملىرىنىڭ ساداسىغا ، يەنە بىر ئاڭلاشقا بۇلاقنىڭ رىتىملىق بۇلدۇقلاشلىرىغا ، يىراقتا سايرىغان كاككۇكنىڭ كۆڭۈلنى مەپتۇن ئەيلەپ ،

يۇرەكنىڭ زىل تارىلىرىنى چېكىدىغان مۇڭلۇق يېقىملىق ئاۋازىغا ئوخشايتتى .

قىلىش ناله باھار ، ياز ـ قىش
ئەمەستۇر مەردكە لايىق ئىش .
كۆلەر بەختىنىڭ پۈتۈن ئەلگە ،
تولۇق كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆتسەڭ .

پۈتۈن سورۇن گۈلنارنىڭ ناخشىسىغا تىمتاس ھالەتتە قۇلاق سالاتتى .

كۆلەر ئىقبال قىزى ئويناپ ،
گۈزەللىككە سېنى چىللاپ .
ئۈمىد ، غەيرەتتە سەن مەڭگۈ ،
ھالال قان ـ تەر تۆكۈپ ئۆتسەڭ .

گۈزەل ئالەم كۆيۈپ ئۆتسەڭ ،
ساداقەتتە سۆيۈپ ئۆتسەڭ...

ناخشا تاماملىنىشى بىلەن پۈتۈن سورۇننى باھار گۈلدۈرمامىسى ، ياز قىيانلىرىنىڭ گۈركىرەشلىرىدەك ئالقىش قاپلىدى . گۈلنارنىڭ كۆز چاناقلىرى ياش تامچىلىرىغا تولغانىدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆز قەلبىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئاشۇ سادا ، ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرىغا بىلدۈرگەن تەشەككۈر يېشى ؛ خورلۇق ، ئازابلاردىن قۇتۇلغان قىزنىڭ ئەركىن نەپەس ئالغانلىقىنىڭ خۇشاللىق يېشى ؛ كەلگۈسىگە تەلپۈنگەن يۈرەكنىڭ ئۈمىد يېشى ئىدى . ئاشۇ ياش بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن قايغۇ ـ ئازابلار يۇيۇلىۋاتاتتى ، كەلگۈسىدىكى بەخت گۈلشەنىنىڭ گۈلچىمەنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇغىرىلىۋاتاتتى ، شېرىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن قەسرىدـ
گە ئۇل سېلىنىۋاتاتتى . گۈلنارنىڭ لېۋىدە بولسا كۈلكە جىلۋىلىدـ
نەتتى ، ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن سەل ئېچىلغان ئاغزى گويا ئاپرېل
ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ئەتىرگۈل غۇنچىسىغا ئوخـ
شايتتى . ئۇنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى كەچ
كۈزدىكى قىزارغان ئانار يۈزىدە پارقىراپ تۇرغان تاڭ شەبنىمىنى
ئەسلىتەتتى . ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇدى قىشىنچە بەرـ
گىدىن ئۈزۈلمەي تۈنجى باھار شامىلىغا يولۇققان يوپۇرماقتەك
يېنىك تەۋرىنەتتى . ياش ۋە كۈلكە··· كۈلكە ۋە ياش··· گۈلنارنىڭ
مۇشۇ دەمدىكى چىرايىغا قاراپ ، ئادەم ياشنىڭ كۈلكىگە ياكى
كۈلكىنىڭ ياشقا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئايرىيالمايتتى . ئۇ
كۈلۈۋاتامدۇر ياكى يىغلاۋاتامدۇر ؟ ئەمما بۇلار ماڭا ئۇنىڭ تارىدـ
خىنى بىلگەنلىكىم ، قەلبىنى بىرقەدەر چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن
ئايدىڭ ئىدى . ئۇ ئەمەلىيەتتە كۈلۈۋاتاتتى ، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە
ياش ـ يىغا ئارىلاشقانىدى . بەزىلەر : «كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلامدۇ
ياكى يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەمدۇ ، بۇنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن»
دېيىشى مۇمكىن . بۇنىڭ زور پەرقى بار . ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدـ
نىڭ تامامەن خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئادەم پۇشايمان
قىلىپ ئۆكۈنۈپ يىغلىغاندىلا ، بىھۇدە ۋە باشقىلارغا زىيان ـ
زەخمەت يەتكۈزۈپ ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ ، ئۆزىنىڭ نادان ،
ئەقىلسىز ، تەجرىبىسىزلىكىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ . ئۇۋالـ
لىقتا ئۇچرىغان كىشى بولسا ، باشقىلار ، بولۇپمۇ ئۆزى ئالاھىدە
قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ھەق ـ ناھەقنى تونۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ
چۈشەنمەسلىك تۈپەيلى تىل ـ ھاقارەتلەر بىلەن ئازار بەرگەنلىكىدـ
نى چۈشىنىپ ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭۈلدىن ھېسداشلىق قىلىپ ،
كەچۈرۈم سوراش ھالىتىگە ئۆتكەندىلا كۈلۈپ تۇرۇپ ھاياجاندا
كۆز يېشى قىلىدۇ . گۈلنار مانا ھازىر شۇ ھالەتتە ئىدى . ئۇ
كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكى ، ئۆزىگە مەدەت بېرىۋاتقاندـ

لىقىدىن ، بۇرۇنقى خورلۇق تارتقان كۈنلىرىنىڭ تۈگەپ ، ئالدىدا بىر داغدام يولنىڭ — شادلىق قىزى ۋىسال چوققىسىدا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان ئۈمىد يولىغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى . شۇڭا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى . ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىممىتى مەۋجۇتلۇقتا ئەمەس ، بەلكى ئادەمنىڭ ئويغىنىشى ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدا . كىمكى ھاياتلىقنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويسا ، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرال-مايدۇ . ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمىسا ، ئەبەدىيگە قۇل بولىدۇ . ھايات ئارزۇدىن ئايرىلسا مەززىسىز بولىدۇ . ئارزۇ بولغاندىمۇ ، شۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن سۇباتلىق بىلەن كۈرەش قىلمىغان ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ ئوخشاشلا مەززىسىز بولىدۇ . ھەربىر ئادەم تۇرمۇش يولىدا جاپا - رىيازەت چەككەنلىكى ، تۇرمۇشنىڭ ئاچ-چىق - چۈچۈكلىرىنى تولۇق تېتىغانلىقى تۈپەيلىدىن ھايات گۈ-زەل ، لەززەتلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ . ھاياتلىقنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈش ، كەلگۈسىنى ئۈمىد دەپ بىلگەن كىشى ھاياتلىق كىتابىنى بىپەرۋالىق بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن يازىدۇ ، ئوقۇيدۇ . رومېن روللاننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ھايات زادىلا توختاپ قالمايدىغان ، ئارام ئالمايدىغان رەھىمسىز جەڭ ، ئومۇ-مەن ئىنسان دەپ ئاتاشقا لايىق بولالىغان ئادەم ھەردەم - ھەردە-قىقە كۆرۈنمەس دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ . تەبىئىي مايىللىقتىكى ئادەمنى جاندىن جۇدا قىلالايدىغان كۈچ ، دۈشمەن-نىڭ كۆڭلىدىكى ئىستەك ، مۇجمەل ئوي - خىياللار ، ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىش ھەققىدىكى نىيەت قاتارلىقلار ھاياتلىقتىكى جاھىل دۈشمەنلەردۇر . مۇشۇ دۈشمەنلەرنى يېڭەلىگەن — ئۆزىنى ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ، باشقىلارغا ئاز - تولا پايدىسى بارلىقىنى چۈشەنگەن كىشىلا غالىب بولالايدۇ . بىر مۇكەممەل ھايات ئادەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك ، قىرانلىق چاغلىرى-نىلا ئەمەس ، ياشانغان چاغلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەتىگەن-

www.uyghurkitap.com

ـدىكى گۈزەللىك ۋە چۈش ۋاقتىدىكى نۇرانىلىق ـ پارلاقلىق، ئەلۋەتتە، ياخشى. ئەمما ئادەم ئەگەر پەردىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق گۈگۈم پەيتىدىكى جىمجىت-لىقتىن خالىي بولماقچى بولسا، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق بولىدۇ. ئادەم گۈگۈم پەيتلىرىدىمۇ تاغقا باش قويماقچى بولۇۋات-قان قۇياشتەك ئىمكانىنىڭ بارىچە ئاخىرقى نۇرلىرىنى تولۇق چې-چىپ، ھاياتلىق ئۇپۇقىنى قىزىل شەپەققە پۈركىشى كېرەك. ئادەم ھاياتلىق يولىدىكى تىكەنلەرنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۆتۈشى كېرەك. يولۇققان بەختسىزلىكلەرنى قانچە كۆپ ئويلىساق، ئۇ بىزگە شۇنچە كۆپ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ھاياتلىق دۇنيا-سىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان ئىككى تۇۋ-رۇك ئورنىتىلغان: ياخشىلىق يولى، جىنايەت يولى. سەن مۇشۇ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللايسەن. قايسى يولغا مېڭىشقا ھېچكىم سېنى زورلىيالمايدۇ، ئۇ پەقەت ئۆز ۋىجدانىڭغا، ئۆزۈڭنىڭ قەدرىنى قانچىلىك بىلىشىڭگە باغلىق. ياخشىلىق قىلماق قىيىن، يامانلىق قىلماق ئاسان، ھەقىقىي ياخشى ئادەم بولماق مۇشكۇل، يامان ئادەم بولماق بەك ئوڭاي. شۇڭا دانتى ئېيتقاندەك: «خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، سەن ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر!» گۈلنار مانا مۇشۇلارنى چۈشىنىپ يەتكەند-ـدى. شۇڭا كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايتتى…

مەشرەپ داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۆزى نامرات بولسىمۇ، مەنىۋى پاكلىقى بىلەن باياشات مۇشۇ ئادەملەرنىڭ كەتمەن ـ ئورغاق تۇتۇپ قاداقلاشقان قوللىرى، توپا، لاي، قوي ـ ئۆچكە ماياقلى-ـرى، كالا، ئېشەك تېزەكلىرىگە دەسسەپ يۈرۈپ قارايغان پۇتلى-ـرى ئۇسسۇل دېگەنىنىڭ چېكىنى چىقىرىۋاتاتتى. ئۇلار ھەرىكەتلى-ـرىنىڭ كۆپ خىل، تېز، چاققانلىقى جەھەتتە ھەر قانداق دىسكو، تولغىما ئۇسسۇل چولپانلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى.

— مانا بۇ ھەقىقىي ئۇيغۇر ئۇسسۇلى! — دېدىم مەن زوقمەن-

لىنىڭ بىلەن ،— شەھەرلەردىكى بەزى تويلاردا ، رېستورانلاردا ياشـ
لىرىمىز ئويناۋاتقان ئەبجەش ئۇسسۇللار ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا ئوخـ
شىماي قالدى . بىزنىڭ كىملەردىندۇر ئۆگىنىۋالغان مايمۇن ،
شاتۇتىغا خاس دورامچىلىقىمىز ئۇسسۇللىرىمىزنى مىللىي ئالاھىـ
دىلىكتىن مەھرۇم قىلىپ قويۇۋاتىدۇ .

— بۇنى بىر دېمەڭ ، ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى گۈلناز بىر
خىل ئاچچىق بىلەن ،— مېنىڭمۇ تىياتىرخانىلارغا بېرىپ كونـ
سېرت كۆرمىگىنىمگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى . ئۆتكەندە بىر
نۆۋەت تېلېۋىزوردا بېرىلگەن كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ
شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىم . ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ئۇسسۇلـ
مۇ ؟ كەچكىچە كاسىسىنى تولغاپ ، يانپىشىنى چىقىرىدىغان
ھىندى قىزى ياكى كىندىكىنى ئوچۇق قويۇپ كۆكسىنىلا لىغىرـ
لىتىدىغان ئەرەب قىزى بولمىغاندىكىن ، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى
تۈزۈك ئوينىسا بولمامدۇ ؟ نومۇس قىلماي كۆسىرىنى كۆرسەتـ
مەكچىدەك ، بىر پۈتىنى تاماشىبىنلارغا قارىتىپ ئالاھىدە كۆتۈـ
رۈپ قويۇشلىرىچۇ تېخى !

— يىگىتلەر بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغاندەك تىزدـ
نى پۈكۈپ يورغىلىسا ، قىزلار ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنىڭ باشقا
ھەرىكەتلىرى يوقتەك پىرقىراۋېرىدىكەن ،— دېدى گۈلنارمۇ
گۈلنازغا قوشۇلۇپ ،— يىگىت دېگەننىڭ ئۇسسۇلى مەرد ـ مەرداـ
نە بولمامدۇ ؟ بەزى يىگىتلەرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى بەل تولـ
غاشلىرى ، قول ھەرىكەتلىرى قىزلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ ، ئادەم
ئۇنى يىگىتچە ياسانغان قىزمىكىن دەپ قالىدۇ . ناخشا ـ مۇزىكىـ
لىرىمىزدىمۇ دوراش ، تەقلىد قىلىش كۆپ . ھىندى ، ئەرەب ،
تۈرك ، ئۆزبېكچە ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ ،
تېكىستىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپلا «ئىجاد قىلدىم»دېگۈچىلەر خېلى
بار .

ئەھۋال شۇلار دېگەندەك ئىدى . ئۇزۇن يىل بېكىنمە ھالەتتە

www.uyghurkitap.com

تۇرغانلىقىمىز ، ئۆزلىرىنى «ھەقىقىي ماتېرىيالىزمچى ، ماركسىزمچى ، ساداقەتمەن كوممۇنىزمچى »دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىكى تۈپەيلى بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەنلىكىمىزدىن ، ئېچىرقاپ ، قاغجىراپ كەتكەن ئادەم ئاش ـ تاماق ، سۇ ـ چاينى تاللىمىغاندەكلا ئىش قىلدۇق . تۇغان ئېچىلغان ھامان گۇرۇلدەپ ئاققان سۇغا ئۇنىڭدا نۇرغۇن غەلدە ـ غەشلەرنىڭمۇ بارلىقىغا قارىماي ئۆزىمىزنى ئاتتۇق . «ياندىكى موللامنىڭ قەدرى يوق »دېگەندەك ، ئەسىرلەردىن بۇيان بىزگە ھەمراھ ، مەنىۋى يۆلەك بولۇپ كەلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ قالدى . شۇڭا يەتتە ـ سەككىز ياشلىق بالىلىرىمىزمۇ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ئەمەس ، ئەرەبچە ، ھىندىچە ، ئۆزبېكچە ئۇسسۇلنى ئوينايدىغان ، شۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى . دوراش زادى قانچىلىك نەپ بېرىدۇ ؟ خەقنى زادى قانچىلىك دورىيالايمىز ؟ شاتۇتى ھەرقانچە تىرىشقىنى بىلەن ئادەمچە زادى قانچىلىك سۆزلىيەلەر ؟ باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تۈزۈك تەرلىگىلى بولامدۇ ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلايدىغان چاغ كەلدى...

شۇ چاغدا يېزا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— قېرىنداشلار ، ئەمدى پېشقەدەم سەنئەتكارىمىز ئۆمەر بوۋا بىر مۇقام ئېيتىپ بەرسە قانداق ؟

— بولىدۇ ! بولىدۇ ! — كۆپچىلىك تەڭلا توۋلىدى . مىكروفون ئالدىغا مەن ئەتىگەن ئېرىق بويىدا پاراڭلاشقان بوۋاي كەلدى .

— ئەل ـ جامائەت ، ئەزىز تۇغقانلار ، مەندىن ياشلىق بەكلا يىراقلاپ كەتكەن ، مۇقامنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ توۋلىغۇدەك مادار يوق ، شۇڭا مۇقامنى نەۋرەم ئەكرەمجان بىلەن بىللە توۋلىسام ئەيىبكە بۇيرۇماسسىلەر ؟— دېدى بوۋاي . شۇئان بوۋاينىڭ يېنىغا ئون ئىككى ياشلاردىكى چاققانغىنە تەمبۇر كۆتۈرگەن ئوغۇل بالا

كەلدى . بوۋاي دۇتار ئالدى . ئىككىيلەن ئورۇندۇقغا ئولتۇرۇپ ، چالغۇنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن مۇقامنى باشلىدى :

ئەگەر سەن خانى خاقانىسەن ، ئۆلەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن ،
ۋەگەرسەن شاھى دەۋرانىسەن ، ئۆلەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن .
ئەگەر مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسەڭ تىرىكلىك كويىدا غاپىل ،
ئەجەلنىڭ شەربىتىن ئاخىر ئىچەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن···
كەل ئى مەشرەپ تاۋازۇ قىل ، خۇدا يادى بىلەن بولغىل ،
بۇ يۇرگەننىڭ ھېسابىنى بېرەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن .

بوۋاينىڭ ئاۋازى خۇددى يىراقتىن كېلىۋاتقان كاراۋان قوڭ-غۇراقلىرىنىڭ ئاۋازىدەك ياڭراق ، يېقىملىق ، ئۈزۈلمەس ئىكەن . ئۇ شۇنچە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ، بىرەر قېتىم ھاسىراپمۇ قالمىدى ، زىيادە كۈچەپمۇ كەتمىدى ، ئاۋازىدا بوغۇلۇش ، خىرقى-راشمۇ كۆرۈلمىدى . ئاۋۇ ئون ئىككى ياشلاردىكى بالىنىڭ ئاۋازى-چۇ تېخى ، خۇددى قارسا - قارسا زادىلا ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمايدى-غان ئالتۇن - گۆھەر كانىغا ئوخشايتتى ، گويا ئاۋاز ئۇنىڭ بەستىدىكى ئۆگە - ئۆگىلەردىن ئوخ-چۇپ كېلىۋاتقاندەك ، كۈچ-ەپ - كۆپۈپ كەتمىسىمۇ شۇنداق تەبىئىي چىقاتتى . ئۇ ئىككىي-لەن مۇقامنى ئوقۇپ بولۇپ ، مەرغۇلنى چالدى . ھەيران ئىدىم ، بالا تەمبۇرنى ئالاھىدە ماھىرلىق بىلەن چالماقتا ئىدى . ئۇ مۇنداق ماھىرلىقنى نەلەردە يۇرۇپ ئۆگەندىكىن ؟ مۇشۇنداق مەشرەپلەر ئۇنىڭغا مەكتەپ ، ئەل - جامائەت ئۇستاز بولغانمىكىن ؟ كاك-كۇك ، تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى ، تاغ سۇيىنىڭ شارقىراشلى-رى ، بۇلاقلارنىڭ رىتىملىق شىلدىرلاشلىرى ، دالا شامالىلىرىنىڭ ئىسقىرتىشلىرى ، سۇۋادان ، چىنار ، جىگدە يوپۇرماقلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرى··· ئۇنىڭغا تەمبۇرنى مۇشۇنداق چېلىشقا ئۇلگە بولغانمىكىن ؟ ئانا زېمىننىڭ ئىللىق تىنىقى ئۇنىڭغا ئىلھام بەر-گەنمىكىن ؟

مەرغۇل تاماملىنىشىغا مەن تۇنجى بولۇپ چاۋاك چالدىم. ماڭا گۈلنار، گۈلناز، سورۇندىكى تامامى جامائەت قوشۇلدى. ھۆرمەت ـ ئىززەت ئالقىشىنىڭ تەسرىدە ئۇزۇملەرنىڭ يوپۇرماق‌لىرىمۇ چاۋاك چالدى، بەھەيۋەت باراڭ سىلكىندى، بىر توپ كەپتەر پەر قېقىپ ساماغا كۆتۈرۈلدى، يىراقلاردا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. بۇ خەلقىنىڭ ئۆز سەنئىتىگە، ئۆز سەنئەتكارىغا بولغان چەكسىز ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

## *10*

— ئۇمىدجان ئاكا، سىلىنىڭ بارلىق ھېكايىلىرىدىكى قىزلار شۇنداق چىرايلىق. سىلى «مۇھەببەتلەشكەن قىزلار چىرايلىق بولۇشى كېرەك» دەپ قاراملا ياكى قىزلارنى چىرايلىق دەپ تەسۋىرلەشتە باشقا سەۋەب بارمۇ؟ كۆرۈمسىز قىزلاردىمۇ مۇھەب‌بەت بولىدۇغۇ؟— دېدى گۈلناز گۈلنارغا ياردەملىشىپ كۆكتات ئادالاۋېتىپ.

— مەن كۆرۈمسىز قىزلاردا مۇھەببەت بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن،— دېدىم تاماكامنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ،— ئادەملا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا مۇھەببەت بولىدۇ. پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «پارىژدىكى بۇۋىمەريەم چېركاۋى» رومانىدىكى بەتبەشىرە كاشمۇدۇ گۈزەل سىگان قىزى ئېسمىرالداغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇنى كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قۇتقۇزىدۇ، ھېسداش‌لىق مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇ ئېسمىرالدانى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ قەبرىستانلىقتا ئېسمىرالدانىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت

چىراي تاللىمايدۇ ، خەلق ئېيتقاندەك : «چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس ، سۆيگەن چىرايلىق .» مېنىڭ قىزلارنى چىرايلىق دەپ تەسۋىرلىشىمدە مۇنداق سەۋەبلەر بار : مەن خەلقىمنى سۆيىمەن ، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى بولغان قىزلارنى ، يىگىتلەرنىمۇ سەت دېگۈم يوق ؛ قىزلارنى ھۆرمەتلەيمەن ، ئۇلارنى سەت دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ ؛ لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلىش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك بولغىنىدەك ، ھەرقانداق قىز ئۇنى سۆيگەن يىگىتنىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن چىرايلىق ، شۇڭا قىزلارنى سەت دەپ تەسۋىرلىگىم كەلمەيدۇ .

— نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر دراماتورگ ئېۋجىن ئونېل : «مۇھەببەت خۇددى مونناردسانىڭ تەبەسسۇمىدەك مەڭگۈلۈك سىر» دېگەنىكەن ،— دېدى گۈلناز كۆكتاتلارنى يۇيۇۋېتىپ ،— مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن . سىلىچۇ ، ئۇمىدجان ئاكا .

— ئاۋۋال سىز شۇنداق ئويلىماسلىقتىكى ئاساسىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز .

— ئۇ مەندىكى بىر تۇيغۇ ، ئاساسنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن ،— دېدى گۈلناز ،— بىراق ھيۇگو «ھايات گۈل ، مۇھەببەت ھەسەل» دېسە ، شېكسپىر «مۇھەببەت بىر خىل شېرىن ئازاب» دېگەنىكەن ؛ رومېن روللان : «مۇھەببەت ئىنتىلىش» دېسە ، تەيۋەنلىك يازغۇچى لولەن : «مۇھەببەت ھاياتلىق يالقۇنى . ئۇ بولمىسا ، ئالەم قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىدۇ» دېگەنىكەن . ئەنگلىيىلىك شائىر روبېرت براۋنىڭ «مۇھەببەت ئەكېتىلسە ، يەر شارىمىز گۆرىستانغا ئايلىنىدۇ» دېسە ، بالزاك «مۇھەببەت ئازابلىق كۆزلەرگە جان ، سارغايغان يۈزلەرگە ئەتىرگۈل رەڭدىكى قىزىللىق ئاتا قىلىدۇ» دەپتىكەن . مۇشۇلارغا قاراپ ، مۇھەببەت سىرلىق بولمىسا كېرەك ، دەپ ئويلايمەن .

— سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق ، گۈلنار ؟— دەپ سورىدىم

مەن ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ئەپچىللىغىنە تەڭنىگە ئۇن ئېلىۋات-
قان گۈلناردىن .
— نېمە دېسەم بولار ، ئۇمىدجان ئاكا ، مەن بۇ ھەقتە تۈزۈك
ئويلىنىپ باققانمۇ ئەمەسمەن . بىراق ، مەن ئۇنىلىنىڭ قارىشى
مۇۋاپىقكەن دەيمەن ،— دېدى گۈلنار تارتىنچاقلىق بىلەن ،—
چۈنكى ، چىن مەنىسىدىكى مۇھەببەت پەقەت ئادەملەرگىلا خاس ،
ئەمما ئادەمنىڭ ئۆزى بىر سىرلىق ئالەم .
— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتىڭىز ،— دېدىم مەن ئۆ-
زۈممۇ سەزمىگەن بىر خىل ھاياجان بىلەن ،— ھەممە گەپ مانا
مۇشۇ يەردە . ئادەم سىرلىق ئالەم بولغانىكەن ، ئۇنىڭغا تەئەللۇق
بولغان مۇھەببەتمۇ ئەلۋەتتە سىرلىق بولىدۇ . قېنى ئېيتىڭا ،
گۈلناز ، سىز ئۆزىڭىزنى چۈشىنەمسىز ؟ مېنى ، گۈلنارنى چۈشىنە-
ئەمسىز ؟ چۈشەنسىڭىز ، قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىسىز ؟—
گۈلناز جاۋاب بەرمىدى . مەن پىيالەمدىكى سوۋۇغان چېيىمدىن
بىر ئوتلىۋېلىپ ، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم ،— دېمەك ، ئادەمنى
چۈشەنمەك قىيىن ، مۇھەببەتنىمۇ چۈشەنمەك قىيىن . شۇڭا سىز
يۇقىرىدا سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن كاتتا ئەربابلارنىڭ مۇھەب-
بەت ھەققىدىكى تەبىرىمۇ بىردەك ئەمەس . مەن مۇھەببەتنى
«ئىككى جىنستىكى ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە
چۈشىنىشى ، بىر - بىرىدىكى گۈزەللىك ۋە ئوخشاشلىقنى تاپقانلى-
قى ،شۇ تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى» دەپ قارايمەن .
گۈلناز گۈلنارغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە :
— ئاشۇ ئادەملەر گەپنى ئۇنداق مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكىچە ،
سىلىگە ئوخشاش ئاددىي ، چۈشىنىشلىك قىلىپ دېسە بولمامدىغان-
دۇ ؟— دېدى .
— بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس ، ھەربىر مىللەتنىڭ ، شۇن-
داقلا ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ ،—
دېدىم مەن ۋە گۈلناردىن سورىدىم ،— نېمە تاماق قىلماي دەۋاتى-

سىز ؟

— سەھراچە تاماق — ياپما قىلايمىكىن . قايماق ۋە بىرنەچچە كۆك كەپتەرنى سويدۇرۇپ ئەكېلىپ قويدۇم .

— بەك كايىپسىز ، مەن تۇگمەن مىجەز ، ھەرقانداق تاماق بولسا بولۇۋېرەتتى . «بىر بىكار ئۇننى بىكار قىپتۇ» دېگەندەك ، سىزنى ئارام ئالغىلى قويمىدىم .

— ئۇنداق دېسىلە خىجىل بولۇپ قالىمەن ،— دېدى گۈلنار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك قىياپەتتە ،— سىلى كۈندە كېلىپ تۇرىدىغان مېھمان ئەمەس ، گۈلنارمۇ شۇنداق . «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر ، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك ، ئەسلىدىغۇ تۆگە ،تاي سويسام بولاتتى ،بۇنىڭغا ئىلاجىم يوق ، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ خىلۋەت سەھرادىن تاپقىلى بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلىرىغا تېتىغۇدەك بىر - ئىككى ۋاخ تاماق قىلىپ بەرمىسەم قانداق بولىدۇ ؟ بىزنى يات كۆرۈۋاتامىلا يا ؟

مەن گۈلنارنىڭ كۆزىگە قارىدىم . ئۇنىڭ مەيۈسانە كۆزىدە ئۈمىد ، خۇشاللىق ، شۇنداقلا تەشنالىق نۇرى ئۇچقۇنلايتتى . دەرھال كۆزۈمنى ئەپقاچتىم . ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇمىغان ، ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز بولغان بولسامغۇ بەزى سۆزلەرگە ئىپادە بىلدۈرمەي ، بىپەرۋاراق يۈرۈۋەرسەم بولۇۋېرەتتى . سۆيگۈ - مۇھەببەت تولىمۇ نازۇك نەرسە ، ئۇنىڭغا تەگكەن تېرىقچىلىك تاش ئۇنى ئەينەكتەك چۇل - چۇل قىلىۋېتەلەيدۇ . مۇھەببەت ئەسلىدە تەڭداشسىز شېرىن ، ئادەمگە شادلىق بېغىشلايدىغان نەرسە بولسىمۇ ، تۈرلۈك بىخەستەلىك ، بىپەرۋالىق ۋە باشقا تۇسالغۇلار تۈپەيلىدىن ، ئۇ ئاچچىق ، ئازابلىق ، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ، قورقۇنچقا سالىدىغان ، ھەتتا ئەقلىدىن ئاداشتۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . پاك مۇھەببەت ھاياتلىقتىكى بىرخىل ئاكتىپ ئامىل ، بەخت بۇلىقى . ئۇ ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم قورقۇنچلىرىنى يېڭەلەيدۇ ، مۇھەببەت بولغاندىلا ھاياتلىقنى قوغدىغىلى ۋە خۇشال

www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا ، گۈزەل-
لىكمۇ خۇددى گۈلدەكلا بولۇپ ، ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ . بى-
راق ، مۇھەببەت خۇددى گۆھەر ، ئالماستەك مۇشۇ ئالەم بىلەن
تەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ . ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمنى خۇشال
قىلىش مۇھەببەتنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىنىڭ بىرى . پسىخولو-
گىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، بىر ئادەمدە يات جىنس بىلەن بىۋاسى-
تە قوشۇلۇش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ ، شۇنىڭغا ئەگىشىپلا پەيدا بول-
غان تۇيغۇ - ھېسسىيات مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدۇ . ئىككى جاننىڭ
بىر تەن - جان بولۇشى ، خۇددى قوشكېزەكلەردەك ، بىرىگە تاياق
تەگسە ، يەنە بىرىنىڭمۇ ۋايجان دېيىشى ؛ بىرى يىغلىسا ، كۈلسە ،
خورلانسا ، يەنە بىرىنىڭمۇ يىغلىشى ، كۈلىشى ، خورلىنىشىغا
ئوخشاش ھالەتكە يېتىشى — مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولى-
دۇ . مېنىڭ ئانارگۈل بىلەن بولغان مۇھەببىتىم ئەنە شۇنداق
مۇھەببەت ئىدى . بىرەرى ئۇنىڭ شەنىگە تىرناقچە داغ چۈشۈرىدى-
غان گەپنى قىلسا ، دەرھاللا غەزەپ بىلەن «ياق ، ئۇنداق
ئەمەس !» دەيتتىم . ئۇنىڭ پۇتىغا تىكەن سانجىلسا ، «ئاھ !...
ئاشۇ تىكەن مېنىڭ كۆز قارىچۇقۇمغا سانجىلسىچۇ !» دەيتتىم .
ھەربىر ئەسىرىم تاماملانغاندا ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كۆرسىتەت-
تىم ، پىكرىنى ئالاتتىم . ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەتتىم .
بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىدى . ئۇمۇ مېنى قوللايتتى .
چاي ، تاماقلىرىمنى ۋاقتىدا تەييارلاپ بېرەتتى . ئەسەر يېزىۋاتقى-
نىمدا ، يېنىمدا ئۇزاققىچە زېرىكمەستىن ئولتۇراتتى . ھاۋا ئىس-
سىق كۈنلىرى يەلپۈپ قوياتتى ، چاي دەملەپ ئەكېلىپ بېرەتتى .
بىرەر كىتابىم نەشر قىلىنسا ، قولىدىن چۈشۈرمەي پەپىلەپ ،
خۇددى بوۋاقنى سۆيگەندەك سۆيۈپ كېتەتتى ، بۇرۇن ئوقۇمىغان-
دەك ، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى . ئانارگۈل ئالەمدىن ئۆتتۈبىدى ،
روھىم ئۇنىڭ بىلەن كەتكەندەك ، ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ
قويدۇم . ئىلھام ، ھەۋەسلىرىممۇ يوقالدى ، خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچ

نەرسە يازالمىدىم . كەچ كۈزنىڭ ئاي تولۇن بولغان بىر ئاخشىمى مەن توساتتىن بىر ئىشنى ھېس قىلدىم — ئانارگۈلنىڭ مېنىڭ جىسمىم ، روھىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى تۇي- دۇم : ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ماڭا قاراپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ ، مەن بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىۋاتىدۇ… شۇ چاغدا مەن : « ئانارگۈل مەن بىلەن بىللە ، مەڭگۈ بىللە » دېدىم . مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ ماڭا قايتىدىن قەلەم تۇتقۇزغان . شۇنىڭدىن بۇيان ھەربىر ئەسىرىم تامام بولغان- دا ، ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قويۇپ : «ئانارگۈل ، كۆرۈپ بېقىڭ » دەيدىغان بولدۇم . شۇنداق چاغلاردا ماڭا : «ياخشى يېزىپسىز ، جېنىم … » دېگەن سادا ئاڭلانغاندەك بولىدۇ ، ئانارگۈل يېنىمدا تۇرۇپ ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈۋاتقان ھالەتتە كۆزۈمگە كۆرۈنى- دۇ… مەن گۈلنارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ سۆيۈشكە ئەرزىي- دىغان قىز . بىراق ياخشى كۆرۈش مۇھەببەتكە تەڭ ئەمەس . مەن كۆڭلۈمدىكى ئانارگۈلنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا بېرەلەمدىم ، يوق ؟ ئانارگۈلنىڭ ئورنىنى ئەمەس ، باشقىراق ئورۇن بەرسەم ، ئۇ ئىككىسى ئارازلىشىپ قالامدۇ ، يوق ؟ بۇنداق ئورۇن بېرىش گۈلنارغا خورلۇق بولۇپ قالامدۇ ، قانداق ؟ بۇلارنى مەن تېخى ئويلاپ ، تەكتىگە يېتىپ بولالمىغانىدىم . لېكىن بىر زامانلاردا بولسىمۇ ، گۈلنار مېنى ياخشى كۆرگەن ، ھازىر ھەرقانداق خى- يالنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مېنى ھۆرمەتلەۋاتقانىكەن ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويسام ، ئۆمۈر بويى ۋىجدانىي ئازاب تارتىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى .

شۇڭا مەن :

— بۇ يەردە يات كۆرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس . يات كۆرگەن بولسام ، گۈلنازنى ئېلىپ ، سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلمەس ئىدىم ،— دېدىم «سىز » سۆزىنى ئالاھىدىرەك ئۇرغۇدا چىقىرىپ ،— مەن سىزنى ، گۈلنازنى ، مۇقەددەسنىمۇ ياخشى كۆرىمەن ، سىلەر مېنىڭ يۈرەك پارەمدەكلا . شۇڭا ئىككى كۈن-

دىن بۇيان بۇ يەردە ئۆز ئۆيۈمدىكىدەكلا ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈۋاـ تىمەن .

— بىزنى ئۆز ، بۇ ئۆينى ئۆز ئۆيلىرىدەك كۆرگەن بولسىلا ، بايىقىدەك گەپنى قىلمىسىلا ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ··· ،— دېدى گۈلنار . دېمەك ، مېنىڭ «بۇ يەردە ئۆز ئۆيۈمدىكىدەكلا ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈۋاتىمەن» دېگەن سۆزۈم ئۇنىڭغا ياققاندى .

مەن ئۇلارنىڭ تاماق قىلىشىغا كاشىلا بولماسلىق ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم . مەكتەپ ئىچىنى ئايلاندىم . ئاخىر گۈللۈك تۈۋىـ گە ياسالغان سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم . گۈللۈكتىـ كى قىزىلگۈل ، سېرىق ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ تۈگىگەن ، كۆزـ لۈك گۈللەر تېخى غۇنچىلىمىغان ، پەقەت سەبدە گۈللەرلا ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇراتتى .

گۈللەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، كۆزۈمگە سەبدە گۈللەر ئارىـ سىدا گۈلنار كۆرۈنگەندەك بولدى . دە ، گۈلنارنىڭ خاتىرىسىدىـ كى ماڭا تەئەللۇق گەپلەر كاللامغا كىرىۋالدى : «ئاھ ، يۈـ رىكىم ··· قانداقتۇر ئۈمىد بىلەن پەقەت ئۆزۈڭلا كۆرەلەيدىغان مەشئەلگە قاراپ ئۇچماق بولامسەن ؟ كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرالايدۇ دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەستىن ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزۈڭدە پەيدا بولغان سۆيگۈ ئۇچقۇنىنى ئەمدى دالا گۈلخانلىرىدەك ئۇلغايتماقچى بولامسەن ؟··· قىز بالا ئەنە شۇنداق يىگىت بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولسا ، قانچىلىك بەختلىك بولار ئىدى ـ ھە !··· مېنىڭ خورلانغان ، پۇچىلانغان يۈرىكىم سۆيگۈـ مۇھەببەت مېھرىدىن سۇ ئىچىپ قايتا ياشىرارمۇ ؟ مەندەك چەيلەنـ گەن ، سولاشقان گۈلنى قايسىدۇر بىر بۇلبۇل سۆيەرمۇ ؟··· » مۇشۇ ھەربىر جۈملە سۆزگە قانچىلىك ھەسرەت ، ئازاب ۋە ئۈمىد مۇجەسسەملەنگەن ـ ھە ؟ بۇ ئازابلانغان يۈرەكنىڭ پەرياد ـ نالىـ سى ، مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن يۈرەكنىڭ مۇرۇۋۋەت تىلىگەن نىداـ سى ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك ؟

تۇنجى مۇھەببەت ، گەرچە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلى رېئال
تۇرمۇشتا مېۋىلىيەلمەي قالسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئەبەدىي توزۇمايدىغان
بىر چېچەك . ئادەمنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن ۋاقتىنىڭ ئۇ-
زۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەتلا
بولىدىغان بولسا ، ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىت بەربىر گۈزەل ،
شېرىن بولىدۇ ، ھەرقانداق ئازابلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئە-
مەس . چىراي — تاشقى گۈزەللىك ، دەرۋەقە ، مۇھەببەتنىڭ بىر
خىل ئامىلى . بىراق قەلب ، ئىدىيە ، ئەخلاق گۈزەللىكى مۇھەب-
بەتنىڭ پۇختا ئاساسى . گۇلناردا بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى بار .
ئۇ بىر سولغان گۇل بولسا ، مەن بىر مىسكىن بۇلبۇل . ھەر
ئىككىمىزنىڭ بەخت قولۇقى ھايات دەرياسىنىڭ رەھىمسىز قاينى-
مىدا غەرق بولغان . بىراق ، بۇنىڭلىق بىلەن ھەر ئىككىمىز
چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن ، ھەر ئىككىمىز يەنىلا ھاياتنى سۆيى-
مىز ، كەلگۈسىگە تەلپۈنىمىز ، بىزنىڭ مۇھەببەت ھۇزۇرىنى
كۆرۈش ھوقۇقىمىز بار . بۇلارغا قىل سىغمايدۇ . مۇنداق ئورتاق-
لىقلار بىزنى يېقىنلاشتۇرىدۇكى ، ھەرگىز يىراقلاشتۇرمايدۇ .
مۇھەببەت دېگەن شارغىمۇ ئوخشايدۇ ، قولۇڭ بوشىشىپ قالسا ،
ئۇچۇپ كېتىدۇ . يىڭنە ، تىكەن تەگسىلا تېشىلىپ كېتىدۇ . ئۇنى
ئېھتىيات ۋە ساداقەتنىڭ تاۋار ياغلىقىغا ئوراپ ئاسراش كېرەك .
خۇددى تىككەن كۆچەتنى ئاسرىمىسا قۇرۇپ ، سۇنۇپ ، يارامسىز
دەرەخ بولالمىغاندەك ، مۇھەببەتمۇ پەرۋىش قىلىنمىسا كۇچىيەل-
مەيدۇ ، نابۇت بولىدۇ . ھەربىر ئادەم ئۆز مۇھەببىتىنىڭ ، ئۆز
بەختىنىڭ ياراتقۇچىسى . «ئۇجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دەپ
ئولتۇرغان كىشىگە مۇھەببەت ، بەخت ئاسماندىن ياكى غايىبتىن
چۈشمەيدۇ . ئانارگۇلۇمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يەتتە يىلچە بو-
لۇپ قالدى . ئۇ گەرچە مېنىڭ قەلبىمدە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسى-
مۇ ، بەربىر تىرىك ئادەمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . مەنۋى جە-
ھەتتە ماڭا يۆلەك بولسىمۇ ، ناۋادا مەن مۇدۇرۇپ كەتسەم يۆلىيەل-

مەيدۇ ، ئاغرىپ يېتىپ قالسام ، بىر پىيالە قايناق سۇ بېرەلمەيـ
دۇ . ئىنساندا مەنىۋى تەلەپ ـ ئارزۇلاردىن باشقا ، فىزىئولوگـ
يىلىك تەلەپ ـ ئىنتىلىشمۇ بولىدۇ . مۇھەببەتمۇ ئۇنداق فىزىئو-
لوگىيىلىك تەلەپنى چەتكە قاقمايدۇ . مۇنداق تەلەپنى جىسمى
ئۆلگەن ئادەمنىڭ قاندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . مۇشۇلارنى ئويـ
لىغاندا ، مېنىڭ ئانارگۈلگە بولغان پاك مۇھەببىتىمنى ساقلىغان
ئاساستا ، تۇرمۇش ئۈچۈن جورا تاپىدىغان ۋاقتىتىممۇ بولۇپ
قالغاندى . بولمىسا ، بەزىلەرنىڭ مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىـ
شى ، ھەتتا مەن ھاياتنى پەرزەنتسىز ـ ئەۋلادسىز ئۆتكۈزۈپ
قېلىشىم مۇمكىن ئىدى . ماڭا گۈلنار ئەلۋەتتە لايىق . بىراق بۇ
يەردە يەنە نۇرغۇن رېئال مەسىلىلەر بار...

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن «سانتانا» نىڭ كىرىپ كېلىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى . بىزنى ئالغىلى ماشىنا چىققاندى .

# *11*

مەن ياتاقتا يۈزۈمنى يۇيۇپ تۇرۇشۇمغا ، ئاق چاچلىق شائىر قاتارلىق بىرنەچچەيلەن كىرىپ كەلدى .

— پاھ ... پاھ ، بۇرادەر ، بار ئىكەنسىز . ناۋادا ۋالىيغا تېلېفون بەرمىگەن بولساق ، بۈگۈن تېلېۋىزوردا سىزنى ئىزدەيدىـ غان ئېلان بەرمەكچى بولغاندۇق ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر قولۇمنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ .

— گۈلنار ، گۈلناز ئاچىلاردەك قىزلار بىلەن بىللە بولىدىـ غان ئىش بولسا ، ھەممە ئەركەكنىڭ يوقىلىپ كەتكۈسى كېلىـ دۇ ،— دېدى شوپۇر يىگىت چاقچاق قىلىپ ،— گۈلنار ئاچامنىڭ چۈشتىكى ياپىسى تامىقىمدا قالدى . ئاشۇنداق قولى تاتلىق قىز

ئوبدان باققاچقا ، قارىغا ، ئۈمىدجان ئاكامنىڭ يۈزى گۆشگىردى-
دەك ۋالىلداپ تۇرىدۇ .

مەن كارىۋاتتا ئولتۇرغان گۈلنار بىلەن گۈلنازغا قارىدىم . گۈلنارنىڭ يۈزى خىجىللىق ئىلكىدە بىلىنەرلىكلا قىزارغانىدى . مەن شائىرلارنى گۈلنار بىلەن گۈلنازغا ۋە ئۇلارنى ئاق چاچلىق شائىر قاتارلىقلارغا تونۇشتۇردۇم .

— ئۆتكەندە قوشنىڭىز بولغان شائىر بالىدىن ئەۋەتكەن شېئىرلىرىڭىزنى كۆردۈم ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر گۈلناز-
غا ،— پىكىرلەردە كۆپ يېڭىلىق بار ئىكەن ، ئەمما سەنئىتى تازا دېگەندەك ئەمەس . مەن گېزىتتە ئىشلىتىشكە بىرىنى تاللاپ قوي-
دۇم . قالغانلىرىغا پىكرىمنى يازدىم ، ئۈمىدتەك مۇھەررىرىنىڭ قولىدىن ئۆتسە ، ژۇرنالغا يارايدۇ .

— رەھمەت ، ئۇستاز ،— دېدى گۈلناز ھۆرمەت بىلەن .

— بۇنىڭغا رەھمەت بىھاجەت ، سىڭلىم . بىز گېزىت - ژۇرنالنى سىلەردەك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چىقىرالاي-
مىز . سىلەر ياخشى ئەسەرلەرنى قانچىكى كۆپ ئەۋەتسەڭلار ، بىز شۇنچە خۇش بولىمىز ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر ،— سىلەردەك جۇشقۇن ياشلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىزدەكلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ جۇشقۇنلۇق يارىتىشىڭلارغا شۇنچە تەشنامىز .

— ئۇستاز ، ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە ،— دېدى گۈلنار .

— قاراڭلار ، گەپ بىلەن بولۇپ ، سىلەرنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماپتىمەن ،قېنى ، قېنى ، ئولتۇرايلى ،— دېدىم مەن .

— بۇرادەر ، ئاۋۋال سىز ئولتۇرۇڭ ، سىز يىراقتىن كەلگەن مېھمان ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر .

— يىراقتىن كەلگەن مېھمان بولسامۇ ، ھازىر مۇشۇ ياتاق-
نىڭ خوجايىنىمەن ، يەنى ساھىبخانىمەن ، ساھىبخانا مېھماندىن بۇرۇن ئولتۇرۇۋالغان نەدە بار ؟

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، گۈلنار ياتاقتا بار ئىستاكانلارغا قايناق سۇ قۇيدى . سەھرادىن ئالغاچ كەلگەن قوغۇننى پىچاي دېۋېدىم ، شوپۇر يىگىت «سىلى ئولتۇرۇۋەرسىلە» دەپ ، قوغۇننى پىچىپ ، پەتنۇسقا ئېلىپ ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ تۇتتى . گۈلناز ئۆرۈك ، توغاچنى يۆيۈپ ئەكەلدى . ئاندىن :

— ئۈمىدجان ئاكا ، سىلەر بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىسلا ، بىز قايتايلى ،— دېدى .

— بۇ سۆزۈڭلار دۇرۇس بولمىدى ، سىڭىللىرىم ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر ،— بىز كىرىشىمىزگە سىلەر كېتىمىز دېسەڭلار ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە كەلمەمدۇ ؟ بىزمۇ بۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرمايمىز . يۇرتىمىزنىڭ بىرمۇنچە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈمىد بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ ئىككى كۈندىن بۇيان بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى . ئۇلار سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ ، ئۇلار ئارىسىدا قىزلارمۇ بار . بىز بىرەر ئەپلىك جايغا بېرىپ ، تاماق يېگەچ پاراڭلىشىمىز . بۇ سىلەر ئۈچۈنمۇ بىر پۇرسەت ، نۇرغۇن ھەۋەسكار بىلەن تونۇشۇپ قالىسىلەر .

گۈلناز بىلەن گۈلنار بىر ـ بىرىگە ، ئاندىن ماڭا قارىدى .

— شۇنداق قىلىڭلار ، سىڭىللىرىم ، بىز بىلەن بىللە بولۇڭلار ، نۇرغۇن يېڭى گەپ ئاڭلايسىلەر ، كۆڭلۈڭلەرمۇ ئېچىلىپ قالار ،— دېدىم مەن .

— بىراق ، مەن ···،— دېدى گۈلناز ئارىسالدى بولۇپ .

— ئۇنداق «بىراق ـ پىراق»لىرىڭىزنى قويۇڭ ، سىڭلىم ، ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارى جۇرئەتلىك بولۇشى كېرەك ، بولمىسا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا ئاچىقالمايدۇ ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر ،— مەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارى قوشنىڭىزدىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۇقتۇم . بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئۆزىڭىز قۇتۇلۇشىڭىز كېرەك ، باشقا بىرى سىزنى قۇتقۇزۇپ قويمايدۇ ، ئۆزىڭىز تى-

رىشچانلىق بىلەن ئىزدىمىسىڭىز ، ئەركىنلىك ، بەخت ئۆزى بېرىپ ئىشىكىڭىزنى قاقمايدۇ . سىزدە ئىستىدات بار ئىكەن ، ئەدەبىياتچىلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ قۇلاق موللىسى بولسىڭىز ، سىزدە ئۈمىد زور .

بىز بىنادىن چۈشكەندە ، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈك قېشىدا بىر توپ قىز - يىگىت ساقلاپ تۇرغانىكەن .

— بۇلار يۇرتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىر قىسمى ،— دەپ بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى ئاق چاچلىق شائىر .

مەن ئوغۇللار بىلەن قول ئېلىشىپ ، قىزلار بىلەن تەزىم ئارقىلىق كۆرۈشتۇم .

— بىز مۇشۇ گۈللۈك قېشىدا بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى ،— دېدى ئورۇقراق ، كۆزەينەك تاقىغان ، فوتوئاپپاراتى بار يىگىت .

بۇ يەردە بىر پارچە ئەمەس ، نەچچە ئون پارچە سۈرەتكە چۈشۈشكە توغرا كەلدى . مەن گۈلنار ، گۈلنازلار بىلەنمۇ بىرگە ۋە ئايرىم - ئايرىم سۈرەتكە چۈشتۇم .

— بۇ تولىمۇ بەلەن ئىش بولدى ،— دېدى گۈلنار ماڭا شىۋىرلاپ .

بىز «قىزىل يۇلغۇن» رېستورانىغا يېتىپ كەلگەندە ، بۇ يەردىمۇ بىزنى ئون نەچچە ئوغۇل - قىز كۈتۈپ تۇرغانىكەن . يۇمىلاق شەكىلدىكى زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇل ، تانسا سورۇنى بولۇپ ، ئۇنى چۆرگىلىتىپ تاماق شىرەلىرى ئورنىتىلغانىكەن . زالدا يېنىك مۇزىكا ئاڭلىناتتى . دېرىزە تەكچىلىرىگە خىلمۇ خىل گۈللەر تىزىلغانىدى . تۆت تەرەپكە ۋە تورۇسقا ئورنىتىلغان ھاۋا تەڭشىگۈچلەردىن چىقىۋاتقان سوغۇق شامال زال ئىچىنى ئوبدانلا سالقىنلاشتۇرغانىدى .

— بىز بۇگۈن ھەشەمەتچىلىك قىلمايمىز ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر ھەممىمىز ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ،— ئالدى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئازراقتىن نېرىن چۆپ يەپ ، ئاندىن ھەربىر شىرەگە بىرنەچچىدىنلا قورۇما بۇيرۇيمىز — شۇ شىرەدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قورۇمىدىن بىرنىلا بۇيرۇيدۇ ، يەپ تۈگىتىش ئاساس . سۆھبىتىمىزنىڭ ئوخشۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئاق هاراق ئىچمەيمىز . ياخشى تەييارلانغان قىمىزنىلا ئىستېمال قىلىمىز .

— بۇنىڭدا بەك پىخسىقلىق بولۇپ قالامدۇ ، قانداق ؟— دېدى ياشلاردىن بىرى .

— ئۇنداق بولمايدۇ ، — دېدى ئاق چاچلىق شائىر ، — مېنىڭچە مۇنداق قىلىشنى ئۇمىدمۇ قوللايدۇ . بىز ھەممىمىز دېگۈدەك دېھقاننىڭ پەرزەنتى ، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىش تۇزكورلۇق بولىدۇ . بىز ئەدىبلەرنىڭ تىلىمىز بىلەن دىلىمىز ، يازغىنىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىز بىردەك بولۇشى كېرەك . بۈگۈنكى سورۇن ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشىمىزنىڭ ئوبدان پۇرسىتى .

— بۇ بەلەن گەپ بولدى ، — دېدىم مەنمۇ ، — باي ئەللەردە ، ئادەملەر ئاشپۇزۇللاردا تاماق يەپ ئاشۇرۇپ قويسا ، تاماقتا تۆلىگەن پۇلدىن ئۈچ باراۋەر ئارتۇق جەرىمانە تۆلەيدىكەن .

تاماق يېيىلىپ ، بىر - ئىككى پىيالىدىن قىمىز ئىچىلگەندىن كېيىن ، مەن ئولتۇرغان شىرەدىكى بىر قىز :

— ئۇمىدجان ئاكا ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قانداق قارايلا ؟— دەپ سورىدى .

— شېئىرىيىتىمىز جانلاندى ، رەڭدارلاشتى ؛ ھېكايە ، پوۋېست ، رومانچىلىق راۋاجلاندى ،بىراق يېڭىلىق ئازراق ، ئوخشاشلىق كۆپرەك ؛ درامىچىلىق ، ئوبزورچىلىق ، باللار ئەدەبىياتى بىرقەدەر ئاجىز ، — دېدىم مەن .

— بەزىلەر كىتابلار كاساتلاشتى ، ئادەملەر كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى ، دېيىشىدىغۇ ؟

— بۇ خەلقىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت . بىزنىڭ خەلقىمىز مەرىپەتپەرۋەر ، كىتابخۇمار . بىزدە ئەل پايدىلانسۇن دەپ خۇسۇ-سىي كۇتۇپخانا ئاچقانلارمۇ خېلى كۆپ . مەن ئالدىنقى يىلى بىر دىۋاننىڭ تىلەپ تاپقان پۇلىغا كىتاب سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆر-گەن ،— دېدىم مەن ،— گەپ بىزنىڭ قانداق كىتاب يېزىشىمىز-دا . خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك تەلىپى ئاشقان ئەھۋالدا ، ئۇلار ھەممىنى قارىقويۇقلا ئوقۇۋەرمەيدۇ ، تاللاپ ئوقۇيدۇ . كىتاب ياخشى بولسا ، تالىشىپ سېتىۋالىدۇ ، زوق بىلەن ئوقۇيدۇ . ئەل كۆڭلىگە ياقىدىغان بەزى كىتابلارنىڭ بەش - ئالتە قېتىملاپ قايتا - قايتا بېسىلىشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى ئەمەسمۇ ؟

— بەرھەق ،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر ،— بەزى كىتابلار نەشىردىن چىقىپ بەش - ئالتە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا تۈگەپ كېتىدۇ . بەزى كىتابلار بېسىلىپ قالىدۇ . بۇنىڭدىكى سەۋەب يېتىلىقنىڭ — ئوقۇغان كىشىگە بېرىدىغان نەپىنىڭ يوقلۇقىدا . ھالۋىنى كۆپ يېسە ، ئەمەن تېتىيدۇ - دە . بىر قېلىپتا قۇيۇلغان كېسەكتەك چىققان نەرسىلەرنى ھېچكىم ياراتمايدۇ .

— بىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى «ئەسىرىمنى ، كىتابىمنى ئوقۇ-مىدىڭ» دەپ ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق . بازاردا مېلىنى داڭلاپ ئەڭ كۆپ ۋارقىرىغان ھۆپىگەرنىڭ مېلى ئەڭ ناچار بولىدۇ . مال سەرخىل بولسا ، خېرىدار ئۆزى كېلىدۇ ،— دېدىم مەن ،— بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز ، شائىرلىرىمىز ئۆزىنى دانىش-مەن ، ئەلنى زىيادە نادان چاغلاپ ، ئۇلارنى ئەخمەق قىلغاندەكلا ئەسەر يازىدۇ ، ئۆزىنىڭ كونا ، قاتمال ئىدىيە ، قاراشلىرىنى باش-قىلارغا تاڭماقچى بولىدۇ . بۇنى ئەل ئەلۋەتتە قوبۇل قىل-مايدۇ - دە . بىزنىڭ ئەسىرىمىزدە جانلىق ئادەم ، يېڭى پىكىر-ھېكمەت ، يېڭى بىلىم ، يېڭى ئۇچۇر ھەم گۈزەللىك بولۇشى كېرەك .

— مەن سەھرادىن كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىمەن ،— دېدى

www.uyghurkitap.com

گۈلنار تارتىنچاقلىق بىلەن،— مېنىڭمۇ ئەدەبىيات بىلىملىرىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق. ئەمما دېھقانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بەزى پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھەقىقىي دېھقان تۇرمۇشى يېزىلغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك ئىكەن. دېھقانلار ئۇنداق روناق تاپتى، مۇنداق باي بولدى دېگەندەك خەۋەر تۇسىدىكى كۆپتۈرمە ئەسەر كۆپرەك ئىكەن، ئۇلارغا روناق تېپىش - باي بولۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، خۇشاللىق - قايغۇلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەر بەك ئاز ئىكەن. ئاياللار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەردە ئازاب، مۇڭ، ھەسرەت، پۇشايمان، ھەتتا ئۆلۈمدىن باشقا، كىشىنى روھلاندۇرالايدىغان نەرسە كەم ئىكەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىدىيە - ئاڭنى، بىلىمنى يېڭىلاشقا، ماھارەتنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشكە سەل قارىغانلىقىنىڭ كاساپىتى،— دېدى ئاق چاچلىق شائىر،— بەزىلەر «سول» لۇشيەن دەۋرىدە ئۆتكەن كونىلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى سەلبىي جەھەتتىن يەكۈنلىۋالغاچقا، بەك ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان؛ بەزىلەر «بىخەتەر رايون» دەپ مۇھەببەت، ئەخلاق، نىكاھ، ئائىلە دائىرىسىگىلا كىرىۋالغان؛ بەزىلەر بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا دىققەت قىلىدىغان بولۇۋالغان. شۇڭا خېلى كۆپ ئەسەردە يېڭىلىق، ئىجادىيلىق يوق.

— بىر قىسىملار ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ پۈتكۈل مىللەتنىڭ نەرسىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلىماي، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ،— دېدى كىمدۇر بىرى.

بىز ھەرقايسى شىرەلەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھەۋەسكارلار بىلەنمۇ پاراڭلاشتۇق. ئۇلار مەن، ئاق چاچلىق شائىردىن خىلمۇ خىل سوئاللارنى سوراشتى. بىزگە ئالغاچ كەلگەن ئەسەرلىرىنى بەردى. بەزى ياشلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى قاراشلى-

رى بۆلەكچىلا يېڭى ئىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشاللاندىم.
مۇشۇنداق جۇشقۇن، يېڭى پىكىرلىك ياشلارنىڭ ئەدەبىيات قوشۇ-
نىغا كىرىپ كېلىشى ئەدەبىياتىمىزدا پات ئارىدا يېڭى بىر دولقۇن-
نىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋارىس-
لىرى خەلق قوشاقلىرىدىن تىلدىكى راۋانلىق، پىششىقلىق، قۇ-
رۇلمىدىكى سەكرەتمىلىك — ھازىرقى ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا،
بوشلۇق قالدۇرۇشنى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى پىكىرى تىرەن-
لىك — ھېكمەتنىڭ موللۇقى، تىلدىكى پاساھەت، يوشۇرۇن
مەنىلىك بولۇشنى، جاھان ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل ئېقىملارنىڭ
ئىپادىلەش، بەدىئىي گۈزەللىك جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنى ئىگە-
لەپ، بىرلەشتۈرسە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالەمنى ھەيران قالدۇ-
رارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىششى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شۇ چاغ بىز ئولتۇرغان شىرە يېنىغا ئوتتۇرا بوي، بۇدۇرگە
مايىل قويۇق قارا چاچلىق، كېلىشكەن بىر يىگىت كەلدى ۋە
ئاق چاچلىق شائىر بىلەن قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ بولۇپ:

— بۈگۈن مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ؟ — دېدى.

— ئۈرۈمچىدىن بۇ دوستىمىز، — دەپ مېنى كۆرسەتتى ئاق
چاچلىق شائىر. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، — يازغۇچى
ئۈمىدجان مۇھەممىدى كەلگەنىدى، بىردەم پاراڭلىشايلى دەپ بۇ
يەرگە كېلىشىمىز.

— مۇبارەك، مۇبارەك! — دېدى ياش يىگىت مەن بىلەن
قىزغىن كۆرۈشۈپ، — بۈگۈن رېستورانىمىز ئۈچۈن بىر خاسى-
يەتلىك ئىش بوپتۇ. ھەرقايسىلىرىدەك ئەزىزلەر بىلەن دىدارلى-
شىش مېنىڭ، شۇنداقلا رېستوراندىكى جامائەتنىڭ دائىملىق تى-
لەك - ئارزۇيىمىز. ھەرقايسىلىرىنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەر ئى-
كەنمەن، ئالدىلىرىغا چىقالمىغىنىمغا ئىنتايىن خىجىلمەن.

— بۇ يىگىت مۇشۇ رېستوراننىڭ دىرېكتورى بولىدۇ، —
دەپ تونۇشتۇردى ئاق چاچلىق شائىر، — ئۆزى ئەدەبىياتقا زوق-

مەن ، مەرپەتپەرۋەر يىگىت . ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەئەللۇق بىرەر يىغىن ، ئولتۇرۇشلىرىمىز بولسا قىزغىن قوللاپ ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ .

— سىزگە رەھمەت ،— دېدىم مەن ،— خەلق ئەدەبىياتىنى قوللاپ ، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولۇپ بېرىدىغانلا بولسا ، ئۇ ئۆز بۇرچىنى جەزمەن ياخشى ئورۇندىيالايدۇ .

— بىر دۆلەتتە شاھ ۋە شائىر بولمىسا بولمايدۇ ،— دېدى دىرېكتور يىگىت ،— شاھ بولمىسا ، ئەل سەركىسىز پادىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ ،شائىر ، يەنى ئەدەبىياتچىلار بولمىسا ، ئەل نام ـ نىشانسىز ، شان ـ شۆھرەتسىز ، نادان ھالەتتە قالىدۇ . ئەدەبىياتچىلار ئەقىل ئىگىلىرىدۇر . بۇ ئالەم ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئەقىل ئىگىلىرى بىلەنلا مەسلىھەتلىشىشكە بولىدۇكى ، نادان ، دۈشمەن ، ھەسەتخور ، رىياكار ، قورقۇنچاق ، دۇنياپەرەس ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بولمايدۇ .

— قېنى ، ئىنىم ، بىز بىلەن بىردەم بىللە ئولتۇرۇڭ .

— ئولتۇرمامدىغان ھەرقايسىلىرىدەك ئەزىزلەر بىلەن ،— دېدى دىرېكتور يىگىت ،— كەچۈرۈشسىلە ، ئازراقلا ئىشىم بار ، شاققىدە تۈگىتىپلا كېلەي .

رېستورانغا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىرنەچچە سازچى ، ناخشىچى ، ئۇسسۇلچىلىرى كىرىپ كەلدى . بىر مۇلازىم قىز ئۇلارنى رېستوراننىڭ سەھنىسىگە باشلىدى . شۇ چاغ سەھنىدە دىرېكتور يىگىت پەيدا بولدى . ئۇ مىكروفون ئالدىغا كېلىپ :

— ھۆرمەتلىك خانقىزلار ، بەرنا يىگىتلەر ، خانىملار ، ئەپەندىملەر ، ئالدى بىلەن ھەربىرلىرىگە ئالىي ئېھتىرام ،— دېدى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ،— بۈگۈن رېستورانىمىزغا ئىككى ئەزىز مېھمان قەدەم تەشرىپ قىلدى . ئۇلار بىز سۆيۈندىغان ، دىدارلىششنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاق

چاچلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئۇمىدجان مۇھەممىدى !— زالدا گۇل-دۇراس ئالقىش ياڭرىدى ، ھەممە ئۆرىتۆپە بولدى . بىزمۇ ئورنى-مىزدىن تۇرۇپ ، كۆپچىلىككە سالام ئارقىلىق تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈردۇق ،— مەن بۇگۈنكى سورۇننى قىزىتىش ، بۇ رېستورا-نىمىز تارىخىدىكى قۇتلۇق كۈننى خاتىرىلەش ۋە ئاشۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلدىم . بۇ-گۈنكى ئولتۇرۇش تامامەن ھەقسىز بولىدۇ . مەن كۆپچىلىكنىڭ سورۇننى راسا قىزىتىپ ، چاڭ چىقىرىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلى-مەن !

رېستوراننى يەنە ئالقىش قاپلىدى . قەيەردىندۇر پەيدا بولغان سىنئالغۇچى چاقچاقانلىق بىلەن سۈرەتكە ئېلىشنى باشلىۋەتتى . مۇزىكا ، ناخشا ، ئۇسسۇللار ئورۇنلاندى . كۆپچىلىك بىزنى شې-ئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى .

ئۆلسىمۇ نەپرەتتىن كۈندە مىڭ قېتىم ،
«ھاياتمەن» دەيدىكەن نامەردلەر تېخى .
يوتقاندەك بىلىنگەن ئوخشايدۇ ھەتتا
ئۈستىگە يېقىلغان نەپرەتنىڭ تېغى .
مەردلەرچۇ ؟
ئۆمرىدە بىر ئۆلەر ، بىرلا ،
لېكىن ئۇ خورلۇققا ئوق بولغان ئۆلۈم .
قېنىدىن گۈل ئۈنۈپ شۇڭا بۇككىدە ،
كۆرسىتەر ئەۋلادقا ئۆلۈمنى «كۆرۈم» .

ئاق چاچلىق شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئالقىش ساداسىغا كۆمۈل-دى . كىملەردۇر «ياشاپ كەت ، ئەزىمەت !» دەپ توۋلىدى ، «ئاتاڭغا رەھمەت !»دېدى . مەنمۇ شېئىر ئوقۇدۇم . رېستوران ئالقىش ساداسىدىن تىترىدى . يىگىت ـ قىزلار بىزگە گۈلدەستە

تۈتتى ، يىگىتلەر باغرىغا بېسىپ ، بىزنى مەھكەم قۇچاقلىدى ، قىز ـ چوكانلار ھايالىق كۆلۈمسىرەشلىرى بىلەن «يىگىت دېگەن سىلەردەك بولسا» دېگەن مەنىدە قاراشتى .

بىر ئەدىب ئۇچۇن مۇشۇنداق ئالقىشلارغا ئېرىشىشتەك خۇ-شاللىق بولمىسا كېرەك . سەن ئۇچۇن زۆرۈرى ئەسىرىڭنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماختىلىشىلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىشى ، ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇ-شى ؛ سورۇنلاردا ، دەرسخانىلاردا ، ستانوك يانلىرىدا ، ئېتىز قىرلىرىدا ، چېگرادىكى قاراۋۇلخانىلاردا مەمنۇنلۇق بىلەن تىلغا ئېلىنىشىدۇر .

بىز رېستوراندىن قايتىۋاتقاندا :

— ئۇمىدجان ئاكا ، مەن ئەلنىڭ سىلەرنى قەدىرلەيدىغان-لىقىنى بىلەتتىم ،— دېدى گۈلنار ھاياجان بىلەن ،— بىراق بۈگۈنكىدەك نەق مەيداننى كۆرمىگەنىدىم . ئەل سىلەرنى ھەقىقە-تەن چىن مۇھەببەت بىلەن ھۆرمەتلەيدىكەن .

— بۇ ئەمەلىيەتتە ئەلنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىنى قەدىرلىشى ، ئۆز ئەدەبىياتىنى سۆيۈشى ، ئۆز ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بارلىق ئەدىبلەرگە بولغان مۇھەببىتى ،— دېدىم مەن ،— بۇ سۆيۈش ، بۇ مۇھەببەت ، بۇ ھۆرمەت بىزگە ئىلھام ، تۈرتكە ، قامچا . ئۇنى بىز ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن ئۇلۇغ ، دانا ھېسابلىشىمىزغا دەستەك قىلىۋالساق بولمايدۇ . شۇنداقلا بولسا ، بىز ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشىمىز ـ دە ، تۈگەشكىنىمىز شۇ .

— ئۇمىدجان ئاكا ، قاچان قايتىلا ؟— سورىدى گۈلنار .

— ۋاقتىم ئاز قالدى ، تېخى خوتەنگە بېرىشىم كېرەك . شۇڭا ئەتە يولغا چىقماقچىمەن ،— دېدىم مەن .

— ۋاي نېمانچە ئالدىراپ ؟— دېدى گۈلناز .

— ئادەم خۇددى چۈش كۆرگەندەك ،— دېدى گۈلنار نېمىنى-

دۇر ئويلانغاندەك ،— نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چۈشىمىزدە كۆرگەن-دەكلا كۆرۈشۈپتۇق ، بۇ قېتىممۇ يەنە شۇنداق بولدى . دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق ، كۆرگۈڭ يوق ئادەمنى كۈندە نەچچە رەت كۆ-رۈپ بىزار بولىسەن ، ئەمما كۆرگۈڭ بار ئادەمنى كۆرەي دەپمۇ كۆرەلمەيسەن ، ئالاھىدە بىر كۆرگىنىڭدە بولسا ، قانماي تۇرۇپلا يەنە ئايرىلىسەن . بەزىلەر بىلەن نەچچە يىللار بىر يەردە ياشاي-سەن ، بېرىش ـ كېلىش قىلىسەنۇ ، ئايرىلغان هامان خۇددى چۈشتەكلا ئۇنتۇيسەن ؛ بەزىلەرنى بىر ـ ئىككى رەت كۆرۈسەنۇ ، ئۆمۈربويى ئەستىن چىقارمايسەن ، ئۇنتۇي دەپمۇ ئۇنتۇيالمايسەن .

—شائىرانە سۆزلەپ كەتتىڭغۇ ؟— دېدى گۈلناز ،— بۇ كۆزگە ئەمەس ، يۈرەككە تالىق ھېسسىيات . نەق گەپكە كەلسەم ، ئۇمىدجان ئاكا ، بىزنىڭ ئۆيگە بارماي ، ئۆز قولۇم بىلەن ئەتكەن بىر ۋاخلىق تاماقنى يېمەي كېتەملا ؟

— يەنە پۇرسەت بولىدۇ ، سىڭلىم . مەن ھەر يىلى دېگۈدەك كېلىپ تۇرىمەن . سىلەرمۇ ئۇرۇمچىگە بېرىڭلار ، ئەمدى ئالاقى-مىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن ،— دېدىم مەن ،— ھېلىمۇ نەچچە كۈن-دىن بېرى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ، سىلەرگە رەھمەت . ئەمدى خوش .

— مۇنداق خوش دېسەك بولماس ،— دېدى گۈلناز ،— بىز تېخى مۇقەددەسكە خەت يازىمىز ، ئەتە ئەتىگەندە سىلىنى ئۇزاتقىلى كېلىمىز .

راست دېگەندەك ، ئۇلار ئەتىگەندە كەلدى . مېنى ئۇزاتقىلى ۋالىي دوستۇممۇ كەلدى .

— بۈگۈن پارتكومدا يىغىن بار ئىكەن ، سېنى خوتەنگىچە ئۇزىتىپ بارالمايدىغان بولدۇم ، دوستۇم . بىراق شوپۇر ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويىدۇ ،— دېدى ئۇ .

— زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى ، ھېلىمۇ نەچچە كۈنلەردىن بۇيان تازا ئاۋارە قىلدىم ،— دېدىم مەن .

— بىزدەك خەلق ۋەكىلى بولغانلار سىلەردەك ئەدىبلەرنى

ئاسرىمىساق بولمايدۇ . ئەسلىدە بولسا سىلەرنى دائىم تۆرگە چىد-
قارساق ، ھەتتا بىشىمىزدا كۆتۈرسەك بولاتتى ،— دېدى ۋالىي
دوستۇم تىترەڭگۈ ئاۋازدا ،— بىراق ، ئەپسۇس ، ئەپسۇس ، ئۇن-
داق قىلالمايۋاتىمىز . پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى
ئۆستۈرمەي ، روناقلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . مىللەتنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەر زور . خەلق سىلەر-
نى قەدىرلەيدۇ ، سىلەرمۇ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىڭلار كې-
رەك .
ۋالىي دوستۇمغا قايىل بولدۇم . بىزنىڭ بارلىق كاتتىلىرد-
مىز مەسىلىنى مۇشۇنداق ئويلىسا ، بىلىمگە ، بىلىم ئەھلىلىرىگە
كۆيۈنۈشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرسا نەقەدەر
ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟
ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىدىغان پەيت كەلدى . گۈلنار ، گۈل-
ناز ، مۇقەددەسكە ، ماڭا تەييارلىغان خەت ، سوۋغىلىرىنى بەر-
دى .
— خوش !— دېدىم مەن .
— خوش ، ئامان بولسىلا ،— دېدى گۈلناز .
— خوش !— دېدى گۈلنار ۋە بارلىق خىجىلچىلىقنى بىر
چەتكە قايرىپ قويۇپ ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بېشىنى كۆكسۈمگە
قويۇپ يىغلىۋەتتى .
— يىغلىماڭ ، گۈلنار ،— دېدىم مەن ،— سىز يىغلاڭغۇ
ئەمەس ، مەردانە ، سۇباتلىق قىزغۇ ؟ قىش ئۆتۈپ كەتتى ، باھار
كەلدى . بۇ باھاردا سولغان گۈل قايتىدىن جانلىنىدۇ ، كۆكلەي-
دۇ ، ئېچىلىدۇ ، بۇلبۇل يەنە ئۇنى چىن ئىشقى بىلەن سۆيۈپ
سايرايدۇ . بۇلبۇل ئۇچۇنمۇ مىسكىنلىك ئەبەدىي ئەمەس ، ئۇمۇ
باھاردا قايتىدىن جانلىنىدۇ ، روھلىنىدۇ ، گۈل ئۇچۇن ئۆزىنى
بېغىشلايدۇ .

بۇ سۆزنى گۈلنار زادى قانچىلىك چۈشەندى، بۇ ماڭا نامەلۇم. ئەمما مەن ئاخىرقى رەت ماشىنا دېرىزىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ماڭا قاراپ قول پۇلاڭشىتىۋاتاتتى، كۆزلىرىدە يىغا ئارىلاشقان كۈلكە جىلۋىلىنەتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

# بەخت ئۆز قولۇڭدا

بەخت ئەمەس تەلەي يا ئامەت ،
بەخت پەقەت هالال تېرىگدە .
جەننەت ياكى يات ئەلدە ئەمەس ،
كىندىك قېنىڭ تامغان يېرىگدە .
بەخت كەلمەس ئىلاھتىن ، كۆكتىن ،
بەخت هامان ئىشچان قولۇڭدا .
بەخت باردۇر سۇبات ، غەيرەتتە
تايماي ماڭغان داغدام يولۇڭدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

# *1*

خوتەن .
لاسكۇيدىكى چىرايلىق باغ .
ئەمگەكچان خەلقىمىز باغقا ، بولۇپمۇ باغ ياساشقا ئامراق . قەيەرگىلا ئۆي ياسىسا ، ئالدى بىلەن ئۆي ئەتراپىغا ھەرخىل دەل - دەرەخلەرنى تىكىپ جەزمەن بىر باغ قىلىدۇ . باغ بولسا ئۆزىنىڭ شىرىن - شەربەت مېۋىلىرى ، گۈل - چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ، ساپ ھاۋاسى ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ ، ھۇزۇرلاندۇرىدۇ . مانا ئەمدىلىكتە مۇنداق باغلار بىر - ئىككى مولۇق ئەمەس ، بىرنەچچە يۈز ، بىرنەچچە مىڭ مولۇق قىلىپ ياسالغان . بۇرۇنقىدەك كىچىككىنە يەرگە نەچچە ، ھەتتا ئون نەچچە خىل مېۋە كۆچىتى تىكىپ «ئەبجەش باغ» قىلىشتىن ، بىر خىللا مېۋە كۆچىتى تىكىلگەن «كۆلەملەشكەن باغ» بەرپا قىلغان ، مۇنداق كۆلەملەشكەن ئالمىلىقلار ، ئۈرۈكلۈكلەر ، چىلانلىقلار ، ياڭاقلىقلار ، كارىدورلاشقان ئۈزۈملۈكلەر يۇرت ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان .

بىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ باغ پەقەت مېۋە - چېۋىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس ، ئاساسلىقى سەيلە - ساياھەت قىلىپ ، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ياسالغان كىچىكمۇ ، بەك چوڭمۇ بولمىغان «ئەبجەش باغ» بولۇپ ، مېۋىلىرى سەرخىل ، بىرنەچچە يېرىگە ئەللىك - ئاتمىش ، بىر - ئىككى يۈز ئادەم سىغقۇدەك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ياسالغان مېھرى تارتىملىق باغ ئىدى . بۇ باغدا بىزدەك ئەدەبىيات خۇشتارلىرى بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ، ئولتۇرۇش ، كۆڭۈل ئېچىشلارنى ئۆتكۈزگەن ، ئەمما ئۇلار ئۈزۈن

ئۆتمەيلا ئۇنتۇلغان. لېكىن 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر بۇ يەردە ئۆتكەن ئىككى ھەپتىلىك خاسىيەتلىك، كۆڭۈللۈك كۈنلەر شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئەدىبنىڭ، خوتەن خەل-قىنىڭ قەلبىدە خۇددى تاڭ سەھەردىكى جۇلالاپ تۇرغان چولپان-دەك ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا مەن بۇ يەرگە خوتەندىكى بىرنەچچە ئەدىب بىلەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەش، ئۆزلىرىمىز كۆڭۈل بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىش ئۈچۈنلا چىق-قانىدىم.

ئالدىمىزدىكى شىرەگە خىلمۇخىل مېۋە - چېۋە، ئاق نان، گۆشگىردە، تونۇر كاۋىپى، كەپتەر گۆشى، ئىككى ئاپقۇر مەيزاپ — مۇسەللەس تىزىلغانىدى. بىز پاراڭلىشىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، كۆپ ئادەممۇ، سازچى، ناخشىچى، ئۇسسۇل-چىلارمۇ چاقىرىلمىغانىدى. بىز نازۇنېمەتلەرگە باققاچ پاراڭلى-شىپ ئولتۇراتتۇق.

— ئۇ كۈنلەرنى مەنمۇ ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن،— دېدى باغقا قارايدىغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى دېھقان،— ھەر قېتىم بۇ باغقا مېھمانلار كەلسە، «بۇ باغدا بىر چاغلاردا زۇنۇن قادىرى قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچىلار مېھمان بولغان» دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا، بۇ باغقا ئاتام قارايتتى، مەن ياردەملىشەتتىم. ئاتام ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئامۇت، شاپتۇللارنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ ئۆزۈپ ياغلىققا ئوراپ زۇنۇن قادىرىغا ئەكىرىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇ ئادەم ئۆزى باغقا كىرىپ، مېۋىلەر-نى ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يەيتتى ۋە بىز بىلەن سەممىي پاراڭلى-شاتتى، ئەھۋالىمىزنىڭ قانداقلىقىنى سورايتتى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە «ئۆزى داڭلىق يازغۇچى بولغىنى بىلەن نېمىدېگەن كەم-تەر، سەممىي، دېھقان مىجەز ئادەم - ھە؟» دەپ ئويلايتتىم.

ئويلىغانسېرى ھۆرمىتىم ئاشاتتى. بۈرۈن بەزىلەردىن يازغۇچى، شائىر دېگەننىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ ھۇزۇرلانسا بولىدۇ، ئۆزىنى

كۆرمىگەن ياخشى ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم . ئەمما زۇنۇن قادىرنىڭ ئەسىرى بىلەن ئۆزى ، تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش ئىكەن .

— شۇنداق ،— دېدى ئۆزىگە قارىغاندا چېچى زىيادە بالدۇرلا ئاقىرىپ كەتكەن ، پاكارراق ، سەل سېمىز يازغۇچى ،— ئۇنداق ئېسىل ئادەمنى تاپماق تەس ، خۇددى ئاق كۆڭۈل ، ساددا دېھقاننىڭ ئۆزى .

— مەن «كاتتا شائىر » تۇرۇپمۇ ، زۇنۇنكامنىڭ ئالدىغا تەزىم بىلەن باراتتىم ،— دېدى ئېگىز بوي ، چېچى بۇدۇرگە مايىل ، ئورۇقراق ، قارا قاشلىق ، كۆزلىرى سەل ئىچكىرى شائىر ،— ئۇ ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ، «ھە ، گاداي ، قىزىق - قىزىق گەپلىرىڭنى باشلىمامسەن » دېگەندە جېنىم يايراپ كېتەتتى . چاقـ-چاق قىلاتتىمىزۇ ، ئەمما كۆڭلۈمدە «ئەدەبسىزلىك بولـۇپ قالـ-دىمۇ ، قانداق » دەپ ئويلاپ ئوڭايسىزلىناتتىم ، بىراق زۇنۇنكام ھەربىر چاقچىقىمنى ئاڭلاپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىققۇدەك كۈلەتـ-تى . ئەسەرلىرى بىلەنلا ئەمەس ، پەزىلەتلىرى بىلەنمۇ ھەقىقىي يازغۇچىغا ئايلانغان بۇ چىن ئىنساننى كۈلدۈرەلىگىنىمدىن ئالەمـ-چە خۇش بولاتتىم .

ئۇ كۈنلەر ھەقىقەتەن تولىمۇ مەنىلىك ، كۆڭۈللۈك ئۆتكەنـ-دى . زۇنۇن قادىرىدەك مەشھۇر يازغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ، ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاش بىزدەك ئەدەبىيات مەستانىلىرى ئۈچۈن ئالتۇن - گۆھەر تېپىۋالغاندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى . ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكىدە بولۇپ يۈرگەن دېھقانلار ئۇنىڭ قولىنى خۇدـ-دى خىزىرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغاندەك تۇتۇۋېلىپ ئۇزۇنغىچە قويۇۋەتمىگەن ، كۆزىگە سۈرگەن ، ئالاھىدە قوي سويۇپ ، ئۆيلىـ-رىگە باشلاپ مېھمان قىلغانىدى . بوزاقتىكى بەش يۈز يىللىق قېرى ياڭاق ، نەچچە يۈز يىللىق ئەنجۈر ، ئاقسارايدىكى بەش يۈز



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاتمىش يىللىق چىنار، يورۇتقاشتىكى تەۋەررۈك ئۈزۈم تۈۋ-
دە ھەۋەسكارلار، دېھقانلار زۇنۇن قادىرى بىلەن بەس - بەستە
سۆرەتكە چۈشكەندى.

شۇ بىر ئىش يادىمىزدىن زادىلا چىقمايتتى. بىز مانا مۇشۇ
باغدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاراقاش ناھىيىلىك ھۆكۈمەت
كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بىز سورۇنغا يېتىپ بارغاندا
ھەممە تەييارلىق پۈتكەن، شىرەلەر نازۇنېمەتكە كۆمۈۋېتىلگەن-
دى. سورۇنغا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرمۇ كەلگەنىدى.
تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشىۋاتقان سورۇندا، ھەممىنىڭ
كۆزى زۇنۇن قادىردا ئىدى. كىشىلەر بۇ ھۆرمەتلىك يازغۇچى-
سىنى كۆرگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئۇنى ئۇزاقراق كۆ-
رۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ كۆزلەر گويا تالمايدىغاندەك
قىياپەتتە مىتمۇ قىلماي زۇنۇن قادىرغا تىكىلگەنىدى. زالدا:

— ھازىر «غۇنچەم» درامىسىدىن ئارىيە، ناخشىنى روزىنىسا
ئورۇندايدۇ،— دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى.

ئوتتۇرىغا دېھقان قىزىچە ياسانغان روزىنىسا چىقتى. ئۇ
ئالدى بىلەن «ئورما ناخشىسى»نى ئورۇندىدى. پۈتۈن زالدا ھايا-
جان. يۈرەكلەر ئۆزگىچە رىتىمدا خۇشاللىق بىلەن سوقاتتى.
روزىنىسا ئىككىنچى ناخشىنى باشلىدى:

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ
شاخ - شېخىدا مەي بولۇپ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ.

روزىنىسا پائۇزا ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شىرەدىكى ئالمىلار
ئىچىدىن راسا ۋايىغا يېتىپ، قىزىرىپ پىشقان بىر ئالمىنى
ئالدى - دە، ئۇنى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سۇنۇپ، ناخشىنى

داۋاملاشتۇرغاچ زۇنۇن قادىرى ئۇلتۇرغان تەرەپكە ماڭدى :

مەن بارايمىكىن ئۇندا ،
يار كېلەرمىكىن مۇندا .
يارغا يار كېرەك بولسا ،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا .

روزىنىسا ناخشىسى تۈگىگەندە زۇنۇن قادىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغانىدى . ئۇ ئالمىنى ئىككى قوللاپ تەزىم بىلەن زۇنۇن قادىرىغا تۇتتى . پۈتۈن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ ئۇزۇنغا سوزۇلدى . زۇنۇن قادىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالمىنى ھۆرمەت بىلەن ئالدى ۋە :

— رەھمەت ، رەھمەت ! — دېدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى ، زالدىكى ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىمۇ ، «غۇنچەم» درامىسىدا غۇنچەمنىڭ رولىنى ئالغان — ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆتتەك يېنىپ كەلگەن روزىنىسانىڭ كۆزىمۇ ياشقا تولغانىدى . بۇلار خۇشاللىق ، ھاياجان ، تەشەككۈر ، ئۈمىد ياشلىرى ئىدى···

— ئەدىب ئۈچۈن ئەلنىڭ ئالقىشىدىن ئارتۇق مۇكاپات يوق ، — دېدى ئورۇق شائىر ، — مانا ، ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ كەتكىنى يوق ، بىراق زۇنۇنكامدەك ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن خېلى كۆپ ئەدىب ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى . ئەھمەد زىيائى ، تېيىپجان ئېلىيوف ، ئابدۇكېرىم خوجا ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابلىز نازىرى ، جاپپار ئەمەتلەر ئۇ دۇنياغا كەتتى .

— قاھار جېلىلمۇ شۇنداق ، — دېدى ئاق باش يازغۇچى ، — ئۇ تېخى ياش ئىدى ، ياش جەھەتتە بىزدىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى . گويا ئەدەبىياتىمىزغا كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزىدە «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگىنى راستمىكىن دەپ قالىمەن. بەزىلەرنىڭ ئەلگە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەنۇ، ناھايىتى ئۇزۇن ياشايدىكەن، ئۆلۈم ئاشۇنداقلارغا كەلسە بولمامدۇ؟

— «كىم بىلەر ئەل قەدرىنى، بىلگەي شۇ ئەلنىڭ دەردىنى» دېگەندەك، ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغانلار ئۇزاق ياشىيالمايدۇ.— دېدى ئورۇق شائىر،— لېكىن ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇزۇن ياكى قىسقا ياشاشتا ئەمەس، بەلكى قانداق ياشاشتا. ئەل غېمىنى يېمەي ئۇزاق ياشىغانلار، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك. ئۇلار راستتىنلا قازايى قەدەر يېتىپ ئۆلگەندىمۇ، ئۆلگەن پېتى ئۇنتۇلىدۇ. ئەل غېمىنى يەپ، قىسقىلا ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولسا، ئەل قەلبىدە ئەبەدىي ھايات. ئۇلارنىڭ ئەل قەلبىدە تىكلىگەن ھەيكەللىرى ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىقىلىپ چۈشمەيدۇ.

— توغرا، ئەل قەلبىدە زۇنۇن قادىرىغا ئوخشاش يىقىلماس ھەيكەل تىكلەش ھەممىدىن مۇھىم، — دېدىم مەن،— ئەدىبلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يىقىلماس ھەيكىلىنى ئەل قەلبىدە تىكلەش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان زوردۇن سابىردەك ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىزنىڭ خەلقىمىز جىگەرلىك، ئىشچان، ئەقىللىق، باتۇر، قەيسەر، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن قېلىشمايدۇ. خەلقىمىز «ئۇ دۇنيادا سەككىز جەننەت بار ئىمىش. بىز ئۇ جەننەتنى كۈتۈپ تۇرماي، مۇشۇ يۇرتتا توققۇزىنچى جەننەتنى قۇرىمىز» دېگەن ئىرادە بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، قەيسەرلىكى ھەمدە تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئەدىبلىرىمىزنى تەسىرلەندۈرمەمدۇ؟ بىز مۇشۇنداق خەلقنى كۈيلىمىسەك، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە تەڭ قوشۇلۇپ، دەردىگە تەڭ يىغلاشمىساق، يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمىز؟ ۋىجدان سورىقىغا قانداق جاۋاب بېرەلەيمىز؟

— ئۆمىدجان ، سىز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مېنىڭ دېھقان توغرىسىدىكى شېئىرلىرىم ھەققىدە سۆزلىگەندە ، «ئۇيغۇر ئەدە-بىياتىنى دېھقانلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . بىز-نىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە دېھقانلار تەسۋىرلەنمىسە ، دېھقانلار-نى نەزەردىن ساقىت قىلساق ، ئەدەبىياتىمىز قاناتسىز قۇش ، يىلتىزسىز گۈل ، يىپسىز لەگلەكتەك بولۇپ قالىدۇ . چۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توقسان پىرسەنتى دېھقان ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى چەكلىك ، چالا ساۋات ، ساۋاتسىزلارمۇ خېلى كۆپ . دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى ئەقىدە ، ئادەتلەر ھېلىھەم ئۇلارنى چۇشەپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇلار ئۆمۈر بويى هارماي ـ تالماي ئىشلەپ كېلى-ۋاتىسىمۇ ، يەنىلا ھەرخىل تۇسالغۇ ۋە ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھالال تەر ـ ئەجرىنىڭ قەدرىنى تولۇق چاقالمايۋاتىدۇ··· » دېگەنىدىڭىز . مەن بۇ سۆزنى ياقتۇرۇپ قالدىم . مەرھۇم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرى بىلەن ھەرقېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە ، ئۇ مېنى «دېھقان قوشاقچى» دەيتتى . بۇ سۆز ماڭا ناھايىتى ياقاتتى . «دېھقان قوشاقچى» بولسام نېمە بوپتۇ ؟ دېھقان ھەممىدىن ئۇلۇغ ، ھەقى-قىي دېھقان بولماق تەس . شۇڭا مەن دېھقاننى تاللىۋالدىم . ئەگەر ئېتىزدىكى دېھقان مەن يازغان «قوشاق» لارنى ئېيتقاچ ئورما ئورۇپ ھاردۇقىنى چىقىرالىسا ، مەشرەپ ـ ئولتۇرۇش سورۇن-لىرىدا يازمىلىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلالىسا ، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر بېيىتلىرىمدىن نەقىل ئېلىپ ، سالامنامە يېزىپ ، شۇنىڭ بەدىلىگە بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىسسىقىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتەلىسە ، بەس ! ماڭا شۇ كۇپايە .

— ھەممە ئەدىب مانا مۇشۇنداق تونۇيالىسا ، بەكمۇ خوپ ئىش بولاتتى ،— دېدى ئاق باش يازغۇچى ،— ئەمما بىزدە هازىر ئەخلاق ، ئادەمىيلىك خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ، بۇنىڭدىن ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىمۇ مۇستەسنا ئەمەس . بىز بۇ يەردە دېھقاننىڭ دەردىگە يىغلاۋاتقاندا ، دېھقاننىڭ ئەجرىدىن سەمرىۋات-

قان ، ئۇلارنى ھەدەپ شوراۋاتقان ، شۇنداق ھالەتتىمۇ يەنە دېھقاننى «مەينەت ، قالاق» دەپ قارغاۋاتقانلار يوق ئەمەس . بىز ئەخلاقنى ياخشىلاش ، ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممەتنى تولۇق تونۇش ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىمۇ چۈقان سالمىساق بولمىغۇدەك .

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭىز ،— دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغان ئېگىز بوي ، يۈزى يۇمىلاق ، ئاقپىشماق شائىر ،— ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى مىللەت ئۈچۈن چوڭ بالا ـ قازا . ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ، قالاق ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن بىرلىشىۋالسا ، تېخىمۇ زور جاھىل كۈچكە ئايلىنىپ ، جەمئىيەتنى مالىمان قىلىدۇ . بىز روناق تاپىمىز دەيدىكەنمىز قارا كۈچكە تايانساقلا بولمايدۇ ، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ، ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك . بىزنىڭ يازغانلىرىمىز ، خۇددى «قوشاق»چىمىز دېگەندەك ، سۇ ، كۆمۈر ، مۇھەببەت گۈلى ، نەپرەت نەيزىسىگە ئايلىنىشى — ئۇسسۇزلارغا ، توڭلىغانلارغا ، چىن كۆيۈشكەنلەرگە ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تەقدىم قىلىنىپ ، ئۇلارغا ئىلھام ، كۈچ ـ مەدەت بېرىشى ؛ ئەخلاق ، ئىنساپ جەھەتتە بۇزۇلغانلارغا ، ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ، ئالغا ئىلگىرىلەش ، جەڭگىۋارلىقتا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ناچار ئىللەتلەرگە نەيزىدەك سانجىلىشى كېرەك .

ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ، ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە گەپ بولۇۋېدى ، مەن مۇقەددەس ، پەرىزات ، گۈلنار ، گۈلنازلارنى ئەسكە ئالدىم . ئۇلار ئەنە شۇ بۇزۇلغان ئەخلاقنىڭ ، ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەنمەسلىكنىڭ ، نادانلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قۇربانلىرى ئىدى . بىزدە مۇشۇنداق قىزلار ، يىگىتلەر ئازمۇ ؟ يېزىلىرىمىزدىكى نادانلارنىغۇ تىلغا ئالماي تۇرايلى ، ئەنە شۇلاردەك خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىقلارمۇ بۇزۇلغان ئەخلاققا يەم بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئاچ كۆزلۈك ، نەپسانىيەتچىلىك ، شەھۋا-

نىيلىقنىڭ ئېزىتقۇلىرى بىزنىڭ خېلى - خېلى «مەنمەن» دېگەن ئادەملىرىمىزنى پاتقاقتا تىقىپ قويۇۋاتامدۇ؟ «شېكەر يالىتىلغان ئوقلار» ئۇزۇن يىللىق ستاژغا ئىگە كوممۇنىستلىرىمىزنى، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كاتتىلىرىمىزنى مۇللاق ئاتقۇزۇۋاتامدۇ؟ بۇزۇلغان ئەخلاق ناتىۋان قىزلىرىمىز، سەبىي ئوغۇللىرىمىزنى ئاق ئالۋاستىنىڭ، شەھۋانىيلىقنىڭ قوينىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى خۇددى ئەمدىلا ئېچىلىشقا ئۈششۈك تەگكەن غۇنچىلاردەك نابۇت قىلىۋاتامدۇ؟ «زەھەر تاشلاتقۇزۇش»، «يىغىپ تەربىيىلەش» ئورۇنلىرىدىكى ياش ئوغۇل - قىزلارنى كۆرگەندە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدىكى ياش، بالا جىنايەتچىلەرنى كۆرگەندە، ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئاشۇنچىلىك ياشتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنى ئاڭلىغاندا، ئادەمنىڭ غەزەپ ئوتى كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ، قەدىر - قىممەتنى، ھاياتنى چۈشەنمەسلىكنىڭ، نادانلىقنىڭ گۇناھى بولماي نېمە؟ روھىي نامراتلىق ئىقتىسادىي نامراتلىقتىن يامان. ئەمما بىز ئەلنى روھىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زادى قانچىلىك ئىش قىلىۋاتىمىز؟ مەرھۇم زۇنۇن قادىرىدەك پېشۋالىرىمىزغا ئوخشاش، يارقىن ئەسەرلىرىمىز، ئېسىل پەزىلەتلىرىمىز بىلەن ئۇلاردىكى چىن ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ ئويغىنىشى، ۋۇجۇدىدا ئېسىل پەزىلەتنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولالىدۇقمۇ؟ ئەدىبنىڭ بۇرچى پەقەت ئەيىب - نۇقسانىنى كۆرسىتىپ قويۇشلىمۇ؟ دەرد تۆكۈش، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشلىمۇ؟ بۇلار ئەدەبىياتىمىز يېڭى بىر ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان چاغدا، ھەممە ئەدىب ۋىجدانەن ئويلىنىدىغان مەسىلە ئىدى. سەن ئەسەرنى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ياكى شاد كۈلكىدە يازساڭ، ئوقۇرمەن ئۇنى ئوقۇغاندا يىغلاپ ياكى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆز قەلبىدە زور بىر ئويغىنىشنى — ئىرادە، جاسارەت، غەيرەتنى پەيدا قىلالىشى، شۇ

ئارقىلىق يېڭى ئاڭ ، يېڭى تونۇش ، ئالىيجاناب غايىگە ئىگە بولا-لىشى كېرەك . ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولماق ئانچە ئوڭاي ئەمەس . بۇنىڭدا ئەدىب ئۆزىنىڭ خەلق ، تارىخ ئالدىكى بۇرچىنى تونۇپ ، بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىيالىشى ، خەلق ، ۋەتەن ئۇ-چۇن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىيەلەيدىغان روھتىن زادىلا تايماس-لىقى كېرەك . ئۇ شۇندىلا ئوچۇق - ئاپتاپلىق كۈنلەردە تۇيۇق-سىزلا پەيدا بولىدىغان قارا بۇلۇت ، يامغۇر ، جۇت - بوراندىن ئالدىن خەۋەر بېرەلەيدۇ ، پۈتۈن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان كۈنلەردىمۇ باشقىلار كۆرمىگەن ، بۇلۇتلار كەينىدە چاقناۋاتقان كۈن نۇرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ، شۇنداقلا ئۇسسۇغانغا زىلال سۇ ، توڭلىغانغا يالقۇن - ئوت ، مادارسىزغا كۈچ ، روھسىزغا جان بولالايدۇ .

— «مالنىڭ كۆپلۈكى بايلىق ئەمەس ، ھەقىقىي بايلىق رو-ھىي بايلىقتۇر » ،— دېدى «دېھقان قوشاقچى » ،— بۇنداق روھىي بايلىق مەرىپەت ، مەدەنىيەت ، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ سەرخىللىشى-شى ئارقىلىق جۇغلىنىدۇ . ھەرقانداق ماددىي بايلىقنى تۇرلۇك ئاپەتلەر يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن . بىراق خەلقنىڭ ئېڭىغا ، قەلبىگە ، تارىخقا سىڭىپ كەتكەن روھىي بايلىقنى يوقىتىۋېتەلەي-دىغان كۈچ تېخى پەيدا بولغىنى يوق .

—بەرھەق ، بەرھەق ،— دېدى ئاق باش يازغۇچى ،— بۇ سىزنىڭ «كاتتا شائىر »لىقىڭىزغا لايىق گەپ بولدى . ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى تېلېۋىزورلار ئارقىلىق شەھەرلەردىن باشلىنىپ ، ھا-زىر يېزا - قىشلاقلارغىچە كېڭەيدى . جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت كۆرۈنۈشلەر غەرب ئەللىرىنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىلىرىدىن ئۆزد-ىمىزنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىلىرىگە ، جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت دورا ئېلانلىرى سىمتاناب تۈۋرۈكلىرىدىن تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى ، قانۇنسىز تەشۋىق ۋەرەقىلىرىگە كۆچتى . ئاخىر شۇنداق كۆرۈ-نۈشلەر ئايرىم ئاتالمىش «ھۆسن تۈزەش » دۇكانلىرى ، مېھمانسا-

www.uyghurkitap.com

رايلار ، دەللاللارنىڭ ئۆيلىرىدە ئەمەلىيەتكە كۆچتى . پۇلپەزلىك ، مەنمەنچىلىك ، شۆھرەتپەرەسلىكلەر بۇنداق ئەخلاقىي بۇزۇقلۇققا ، پارىخورلۇق ، خىيانەتچىلىك ۋە باشقا نۇرغۇن ناچار ئىللەتلەرگە يول ئاچتى .

— يىلتىز بىزنىڭ نادانلىقىمىزدا ، نادانلىق تۇپەيلى ، ياخشى ـ ياماننى ، ھەقنى ـ ناھەقنى ئايرىماي ، قارىغۇلارچە دورامچىلىق قىلىشىمىزدا . ئىككى نان تاپقاندا ، تونۇگۈن ئاچ قالغانلىقىمىزنى ئويلىماي ، بىرىنى داپ قىلىپ چېلىشىمىزدا ،— دېدىم مەن .

— بۇ گەپنىڭ تورى بار ،— دېدى ئاقپىشماق شائىر ،— راست ئەمەسمۇ ؟ ياشلىقتىكى گۈزەللىككە نېمە يېتىدۇ ؟ ئەمما بىزنىڭ ئەمدىلا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن قىزلىرىمىز بىر ئوبدان قاپقارا چېچى تۇرسا ، ئۇنى بوياپ سېرىق ، قىزىل ، ھەتتا ئالىيېشىل قىلىۋالىدۇ ؛ ساغرىسىغا چۈشۈپ ، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان چېچىنى كېسىپ «بۇدۇر قىلدۇردۇق» دەپ ، قۇشلارنىڭ چۇۋۇق چاڭگىسىغا ئوخشىتىۋالىدۇ . يۈز ، لەۋلىرىنى ھەررەڭ ـ سەررەڭ بويىۋالىدۇ . بۇمۇ مەدەنىيەتمۇ ؟ دەرۋەقە ، ئاز ـ تولا پەرداز قىلىش يامان ئىش ئەمەس . ئەمما ئۇنى ئارتىسلار سەھنىگە چىققاندا ، چىرايىنىڭ رەڭمۇرەڭ چىراغ نۇرىدا تاتىراڭغۇ كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، چوكان ـ جۇۋانلار يۈزلىرىگە چۈشكەن داغ ، دەسلەپكى قورۇقلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىلسا بولىدۇ .

— ئوماق قىزلىرىمىزدىكى يۆلىنىۋېلىش ئېدىيىسى ، يەنى ياتلىق بولغىچە ئاتا ـ ئانام ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرىم باقىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ ئۇلارنىڭ ئوڭايلا چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىدىكى بىر سەۋەب ،— دېدىم مەن ،— مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قاراش بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ چوڭ ئاجىزلىقى . كۆڭزى : «ئەگەر ئۆزىنىڭ ئەخلاقى دۇرۇس بولمى-

سا ، ئۇنداقتا باشقىلارنىڭ ئەخلاقىنى قانداقمۇ دۇرۇس قىلغىلى بولسۇن ؟ » دېگەنىكەن . شۇڭا بىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىمىز زۆ-رۈر .

— بىر دانىشمەن «ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى — ئەقىل . ئىلىم ـ مەرىپەت ئەقىلدىن تارقىلىدۇ » دېگەن ،— دېدى ئاق باش يازغۇچى ،— لېكىن ، ئەقىل نەدىن كېلىدۇ ؟ جەزمەن زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگىنىش-تىن كېلىدۇ . مانا شۇ ئۆگىنىشكە ھېرىس بولماسلىق بىزنى ئەقىلسىز قىلىپ قويۇۋاتىدۇ ، ئەقىلسىزلىق بولسا بىزنى خۇددى باشقىلارنى دورايمەن دەپ ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغان شاتۇ-تىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ .

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىنى ، مەدەنى-يەت ئەنئەنىسىنى ، شۇنداقلا ئادەم بولۇپ ياشاشتىكى قىممىتى ، بۇرچىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ھېلىگۇ ئېتىقاد-دەك ، نىقابىڭنى باشقىلار ئاچسا ، بۇ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ بولى-دۇ ، ئۆزۈڭ ئاچساڭ غالىبىيىتىڭ بولىدۇ . ئەدىب كوننىنى بۇ-زۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭىنى يارىتىدۇ . كوننىنى بۇزۇپلا قويۇپ يېڭىنى ياراتمىسا ، ئۇ ھەقىقىي ئەدىب بولالمايدۇ . بىزدە ھازىر مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتاتتى . بەزى ئەدىبلەر مىللەت ۋۇ-جۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى قامچا ئاستىغا ئالماقچى بولاتتى ، بىراق پەقەت ئورتاقلىقا ئىگە بولمىغان ، يۈزەكى كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ ، مەنىۋىيەتتى-كى ناچارلىقلارنى — ماھىيەتلىك ئەيىبلىرىمىزنى ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشتىكى ئاساسلىرىنى — يىلتىزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ، ئۇنى قانداق قىلغاندا سۇپۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقى ، ئۇلار ئورنىغا نېمىنى تىكلىسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيۋاتاتتى . بەزىلەر بولسا : «مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى يا-

راملىق ۋە يارامسىز نەرسىلەرنى ئايرىماي ، قارىقويۇقلا ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ توۋلاۋاتاتتى . «ئۆتكەننى ئەس. لەپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن خۇشاللىق تېپىپ چىقىش ئىككى قېتىم ياشىغانغا باراۋەر» دېگەننىكەن گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ماشىل . ناۋادا ، ئۇنىڭغا قوشۇپ ، يېڭىچە خۇشاللىقنى يارىتىش ئۈچ قېتىم ياشىغانغا باراۋەر بولماسمۇ؟ دۇرۇس ، ئەيىبنى كۆرسىتىشنىڭ ئۆزى بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىك ، بۇمۇ بىر باتۇرلۇق . بىراق ئەدىب كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنسە بولمايدۇ . ئۇ خۇددى دوختۇر بىمارنى تەكشۈرۈپ ، دىئاگنوز قويۇپ ، كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن دورا يېزىپ بەرگەندەك ، ئەيىب - نۇقسانىنى تۈگىتىشنىڭ نەپ بېرىدىغان چارىسىنىمۇ كۆرسىتىشى كېرەك . پاتقاققا كىرىپ كېتىۋاتقان ئادەمنى كۆرگەندە : «ئۇنىڭغا كىرسەڭ خەتەرلىك ، ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن» دەپ توۋلاۋەرگەندىن كۆ. رە ، قول سۇنۇپ ، ئۇنى تارتىۋالغان ئەۋزەل . ئوت ئىچىدە قالغان ئادەمنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇپ چىقماي «نېمىشقا ئۇ يەرگە كىرگەن؟ نېمىدەپ بۇرۇنراق يېنىپ چىقمىغان؟» دەپ ئەيىبلە. ۋېرىشتىن ھېچقانداق پايدا يوق .

— باياتىن بېرى ياخشاق مېغىزىدەك گەپلەر بولدى ،— دېدى «دېھقان قوشاقچى» ،— شېئىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەن. لىرى بولغان خەلق ، مەنبەسى بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىق ، يىلتىزى بولغان ماكان ۋە زاماندىن ئايرىلالمايدۇ . شۇنداق ئى. كەن ، مېنىڭ نەزىرىمدىكى شېئىر ئاخىرىنى خەق ئويلاپ تېپىۋا. لىدىغان تېپىشماق ئەمەس . مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت مۇساپەمدە مېنى ئۆز دىلكىشىمىز دەپ بىلىدىغان دېھقانلارنىڭ رايىغا ياققۇدەك ، كۆڭلى تېخىمۇ سۆيۈنگۇدەك ، ئارزۇ - ئارمانلى. رى ئەكس ئەتكۇدەك ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا روھىي كۈچكە ئايلان. غۇدەك بىرنەچچە ، ئون نەچچە شېئىرىي ئەسەر يازالىسام ، شۇ بەختىم !



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىز بىر چاغلاردا مۇشۇ باغدا مۇڭداشقان ، سىرداشقان ، ئەلىم ئالغان زۇنۇن قادىرىدەك پېشۋالىرىمىزمۇ ھېچقانداق چاغدا ئەلنىڭ شادلىق ـ قايغۇسىنى ئۇنتۇمىغان ،— دېدى ئاق باش يازغۇچى ،— زۇنۇن قادىرى : «كىشىلەرگە روھىي ئازادىلىك ، گۈزەل ھايات ۋە مەنىۋى بايلىق كېرەك ، روھنى بوغقۇچى ئىچ پۇشۇرىدىغان بۇرۇقـتۇرمىلىق ، روھىي گادايلىقـىق كېرەك ئەـ مەس » دېگەن .

— توغرا ، توغرا ،تېيىپجان ئېلىيوف مۇنداق دېگەنىدى ،— دېدى «دېھقان قوشاقچى» ۋە مۇنۇ رۇبائىيىنى ئوقۇدى :

ئەل نېمىگە سۆيۈنسە ، زوقلانساڭ شۇڭا ،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە ، ھومايساڭ ئاڭا .
ئالقىش تۇرماق راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت ،
بۇندىن ئارتۇق ئېتىخار نە ھاجەت ساڭا .

— ئاشۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ،— دېدى ئاقپىشماق شائىر ،— بىزنىڭ تالانتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر مۇنداق دېگەنىدى : «تۇرمۇشنىڭ ئاۋۋال ماھىيىتىنى ئۆگىنىش لازىم . كىشىلەرنىڭ تىلىنى ، مىجەزىنى ، خۇلقىنى ئۆگىنىش لازىم . تىلى ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى ، نەزەر دائىرىسى ئارقىلىق ھېسسىياتىنى ، ھېسسىياتى ئارقىلىق ئادىتىنى ، ئادىتى ئارقىلىق ئىدىيىسىنى ، ئىدىيىسى ئارقىلىق ئەقىدىسىنى ، ئەقىدىسى ئارقىلىق مۇددىئاـ سىنى ئۆگىنىش لازىم . »

— ھېيۇگۇ ئېيتقاندەك ، ئازراقلا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم بەختلىك ۋە بەختسىز ئادەم دېگەن گەپنى ئاسانلىقچە تىلغا ئالمايـ دۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئادەملەر يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىكى ئادەم دەپ ئايرىلىدۇ ،— دېدىم مەن ،— يورۇقلۇقتىكى ئادەم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئەبەدىي ئۆچمەس نۇرلار ۋە ئەڭ يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەرىپەت ، مەدەنىيەت بىلەن قەلب گۈلىستانىنى يورۇتقان كىشى-
لەردۇر ؛ قاراڭغۇلۇقتىكىلەر بولسا ، نادانلىق ، قاششاقلىق ، خۇ-
راپاتلىق ئىچىدە قالغانلار ؛ يېڭى مەرىپەت ، مەدەنىيەت نۇرى قەلب
گۈلىستانىغا چۈشمىگەن كىشىلەردۇر . مۇنداقلارنى قاراڭغۇلۇق-
تىن يورۇقلۇققا ئاچىقىپ ، تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىگە يېتەكلەش
ئەدىبلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىدۇر .

*2*

مەن ئايروپىلان بىلەن خوتەندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگى-
نىمدە ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولۇپ قالغانىدى . ئۈرۈمچى
كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى : بۇ يەرنى ھەيۋەتلىك بىنالار ، كوچى-
لارنى ئايىغى ئۈزۈلمەس خىلمۇخىل ماشىنىلار ، ۋاڭ - چۇڭلار
قاپلىغان ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى بولسا بۈك - باراقسان
دەل - دەرەخلەر بىلەن ، گۈل - چېچەكلەر ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ
خۇش ھىد - پۇراقلىرى بىلەن ئورالغان . ئاشۇ يېزىلاردا بىرمۇ
بىكارچى ئادەم يوقتەك ، يوللاردا لاغايلاپ يۈرگەنلەرنى ئۇچراتقى-
لى بولمايدۇ . بۇ يەردە بولسا ھەممىلا ئادەم بىكارچىدەك ، ھەممى-
سى كوچىغا چىقىۋالغاندەك ، گويا ئالدىراش بىر ئىشلىرى ئۇچۇن
يۈگۈرەۋاتقاندەك .

ئۆيگە كىرىپ تولىمۇ ئازادىلىك ھېس قىلدىم . تۈنۈگۈنلەتىن
مۇقەددەسلەر كەلگەن بولسا كېرەك ، ئۆي پاك - پاكىز تازىلان-
غان ، دېرىزە تەكچىلىرىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇلغان ، ھەممە
نەرسە جاي - جايىدا ، رەتلىك ئىدى . ئويلاپ باقسام ، ئانارگۈلۈم
ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ ئۆي ئىچى بۈگۈنكىدەك رەتلىك
بولۇپ باقمىغانىدى ، مەن ھەرقانچە يىغىشتۇرۇپ باققان بولسامۇ

ئانارگۈل بار چاغدىكىدەك ، بۈگۈنكىدەك مۇنداق گۈل ـ گۈلگە كەلمىگەنىدى . شۇندىلا «مەن يوق چاغلاردا ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ قويارسىلەر» دەپ ، ئۆينىڭ بىر ئاچقۇچىنى ئەخمەتجانلارغا ئەمەس ، مۇقەددەسلەرگە بېرىپ توغرا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم .

«ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى ، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك ، دىۋانغا چۆكۈپ ، بېشىمنى ئارقىغا سېلىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتۇم . جەنۇبقا قىلغان يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك سەپىرىمدە نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى كۆردۈم ، ئەدەبىياتچىلار ، ھەۋەسكارلار ، دوستلار ، دېھقانلار ، كادىرلار بىلەن پاراڭلاشتىم ، خىلمۇخىل گەپلەرنى ئاڭلىدىم . خوتەندىكى بىر ناھىيە ھاكىمىنىڭ : «قورسىقىمىزنىڭ توق ، كىيىمىمىزنىڭ پۈتۈن بولغانلىقى راست . ئەمما يانچۇقىمىزدا تېخى تۆت تەڭگىنىڭ تايىنى يوق . ئىسلاھات قەدىمىمىز كۆڭۈلدىكىدەك چوڭ بولالمىدى . ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەملىكى ، ئىدىيىمىزنىڭ يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك ۋاقتىدىكى ئەندىزىلەردىن چىقىپ كېتەلمەسلىكى بىزگە چوڭ توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ . پەن ـ تېخنىكا ئىگىلمەي ، قارا كۈچكىلا تايىنىپ يېزىلىرىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلىشىمىز ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشىيەلىشىمىز ، دېھقانلارنى ھەقىقىي ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزەلىشىمىز قىيىن . لېكىن بىزدە ئىرادە ، ئىشەنچ بار . يەنە تۆت ـ بەش يىللاردىن كېيىن كەلسىڭىز تېخىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرىسىز . بىز سىلەردەك يازغۇچىلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا قارشى ئالىمىز» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى . بۇ ھەق ، سەمىمىي سۆز ئىدى . بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىۋاتقىنىغا شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ ، نېمە ئۈچۈن يېزىلىرىمىز پىلانلىق ئىگىلىك ۋاقتىدىكى تونۇش ۋە رامكىلاردىن قۇتۇلالمايدۇ ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ، تۆۋەندىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بازار ئىگىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكى . نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بەزى يېزا باشلىقلىرىمىز ، ھاكىملىرىمىز ئەنە ئاشۇ ھاكىمدەك راست گەپنى قىلمايدۇ ؟ ئاشۇ ھاكىمدەك ئاغزىدا ئەمەس ، چىن كۆڭلى بىلەن قەتئىي ئىرادىگە كەلمەيدۇ ؟ گەپ شۇ يەردىكى ، ئۇلار «چاتاق چىقىپ» ، مەنسەپ تاجىنىڭ ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە كېلىدىغان مەنپەئەتنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ . مەن گۈلنارنىڭ مەكتىپى ئالدىدا — ئېرىق بويىدا كۆرۈشكەن ھېلىقى خىزىردەك بوۋاي توغرا ئېيتىدۇ : ھۆكۈمەت ئادىل ، سىياسەت ئادىل . پەقەت شۇ تۆۋەندىكى بەزى كاتتىلار ئۆز سەنىمىگە داپ چالىدۇ . ھېلىقى پادىچى يىگىتنىڭ دېگەنلىرىمۇ راست : «بىلىمسىزلىك ، قاششاقلىق بىز ئۈچۈن قەپەس . بىراق بىزدە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئامراق . ئۇلار باشقىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن قەپەس ، تاقاقنىڭ قۇلۇپى چېقىلىپ ، ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ . قەپەس ۋە تاقاقتىن قۇتۇلغانلىرىمۇ قايتىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا بەندە بولۇشنى خالايدۇ .» دېمەك ، نۆۋەتتە ئەدەبىيات مانا شۇ چوڭ ئىككى مەسىلىگە — دېھقانلار ۋە ئەخلاق مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك ئىدى .

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەخمەتجانغا تېلېفون قىلدىم :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەخمەتجان !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ئۇمىدجان ئاكامۇسىز ؟ قاچان كەلدىڭىز ؟

— بىرەر سائەتچە بولدى .

— خەۋەر بەرگەن بولسىڭىز ، ئالدىڭىزغا چىقماسمىدۇق ؟

— رەھمەت ، سىلەرنى ئاۋارە قىلماي دېدىم .

— بۇنى قانداقمۇ ئاۋارىچىلىك دېگىلى بولسۇن ؟ ! بىزمۇ سېغىنىپ ، قاچان كېلەركىن دەپ تۇرغان تۇرساق .

— ئىشتىن چۈشكەندە باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بارمۇ ؟

— يوق .
— تاماقنى بىللە يېسەكمىكىن دېۋېدىم .
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز ـ دە . تاماقنى نەدە يېسەك بولار ؟
— بىزنىڭ ئۆيگىلا كېلىڭ ، باشقا ئاغىنىلەرگىمۇ دەپ قويۇڭ ، جەنۇبنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرىدىن ئالغاچ كەلدىم . ئۇلارمۇ ئېغىز تەگسۇن .
— مۇقەددەسلەرگىمۇ دەپ قويايمۇ ؟
— ئىشلىرى بولسا ، خىجىل بولۇپ قالارمىكىن .
— ھەرقانداق ئىشى بولسا تاشلاپ قويۇپ كېلىدۇ . ئۇلارمۇ چوقۇم «ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم ، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم . قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم» دېگەندەك ھالغا يەتتىغۇ دەيمەن .
— مەيلى ئەمىسە ، خەۋەر بېرىپ قويۇڭ .
— سىز سەپەردىن يېڭىلا كەلدىڭىز ، تەييارلىق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماي ئارام ئېلىڭ . لازىمەتلىكلەرنى ئۆزۈم تەييارلاپ بارىمەن .
ئەخمەتجان دېگەندەك سەل ھارغانىدىم . يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇۋېتىپ ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ ، بىردەم ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم . راستىنى دېسەم ، يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى قانغۇدەك ئۇخلىمىغانىدىم .
مەن يېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا كەتتىم . زادى قانچىلىك ئۇخلىدىم ، بۇنى بىلمەيمەن . ئەمما مۇنداق چۈش كۆردۈم .
چۈشۈمدە ، گۈلنار بىلەن ئىككىمىز مەن گۈلنارنى يوقلاپ بارغاندا كۆرگەن دەريانىڭ بويىدا — يېشىل چىمەنلىك ئۈستىدە ئولتۇراتتۇق . دەرياغا ئۇلۇغ سۇ كەلگەن بولۇپ ، كۆۋەجەپ ـ دولقۇنلاپ ئاقاتتى . پات ـ پاتلا قارشى قىرغاقتىن قەيەرنىڭدۇر گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى . دەريا تەرەپتىن ئۇرۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان لەرزان شامالدا چاچلىرىمىز ، يېشىل چۆپلەر لىۋەن يەلپۈنەت-
تى ، بىزدىن خېلى يىراقتا قوي - ئۆچكىلەر ئوتلاپ يۈرەتتى .
بەزى - بەزىدە پېزەكلىكلەر ئارىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان ياۋا
ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى ، يۇلغۇن تۈۋىدىن ئۇچۇپ ، يۇقىرىغا
ئۆرلەپ سايرىغان تورغاينىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

گۈلنار قولىدىكى كاككۇكگۈلنى تىنىمسىز پىرقىرىتاتتى .
ئۇنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ بىلىكى مېنىڭ
بىلىكىمگە تېگىپ تۇراتتى .

— هايات خۇددى مۇشۇ دەرياغا ئوخشايدىكەن ، تىنىمسىز
ئاقىدىكەن ، — دېدى گۈلنار .

— شۇنداق ، بىراق ئۇنىڭ قايناملىرى بار ،ئۇ بەزىدە ئۆرلەي-
دۇ ، بەزىدە پەسلەيدۇ ، بەزىدە جىمجىت ئاقىدۇ ، بەزىدە شىددەت
بىلەن ئۆركەشلەيدۇ ، بەزىدە چوڭقۇر قاينام هاسىل قىلىدۇ ، —
دېدىم مەن ، — دەريا ئاستىدىكى خادا تاشلارغا ئۇرۇلغاندا چىراي-
لىق بۇژغۇن چاچرىتىدۇ . ئادەمنىڭ هاياتمۇ مۇشكۇللەرگە يولۇ-
قۇشى ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل ، تېخىمۇ شېرىن بولىدۇ . هايات
يولى دەريالارغا قارىغاندا تۈمەن مىڭ هەسسە ئۇزۇن . ئۇنىڭدا بىز
كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئاچاللار ، ئەگىملەر بار . خۇددى
ماهىر شاهماتچى كۆزىتىش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ ،
پەقەت كېيىنكى بىرنەچچە قەدەمنىلا بىلەلىگەندەك ، بىزمۇ هايات-
لىق يولىدا نېمىلەرگە يولۇقۇشنى ئاز - تولا تەسەۋۋۇر قىلىپ
باقساقمۇ ، هېچقانچە كۆپ نەرسىنى بىلىپ كېتەلمەيمىز .

— توغرا دېدىڭ ، دۇنيادا چۈشىنەلمەيدىغان نەرسە «ها-
يات» ئىكەن . ئادەم هاياتلىق يولىدا تىمىسقىلاپ ئالغا ئىلگىرىلە-
مەكتىن باشقا ئامال تاپالمايدىكەن . جاۋاب تېپىش ئىستىكىدە
ئەتىكى هاياتى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلەر خاتالاشمايدىكەن .

— ئىزدىنىش ، دەرۋەقە ، ياخشى ئىش ، بىراق ئىزدەنگەنلەر-
نىڭ خاتالاشمايدىغانلىقى ناتايىن ،— دېدىم مەن ،— پەقەت هېچ

ئىش قىلمىغان ئادەم خاتالاشمايدۇ (ئەلۋەتتە، بۇمۇ نىسپىي).
ئادەم ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك، ئەل ئۇچۇن ئاز - تولا خىزمەت قىلىشتەك ئەڭ ياخشى نىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەزىبىر سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە: «تۇغۇلمىغانلار ۋە ئالەمدىن ئۆتكەنلەر خاتالاشمايدۇ» دەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلەنمەيدىغانلىقى، ئىش قىلمايدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

— ئۇنداقتا ئادەم ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەكمۇ؟

— ھەرىكەت قىلىش، توختاۋسىز ئىزدىنىش كېرەك. ئېقىن سۇ چىرىمەيدۇ، ئىشلەك ئۇلىگۈجىكى چىرىمايدۇ ئەمەسمۇ؟ سەۋەنلىك، ھەتتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇپ ھەرىكەت قىلماسلىق يارىماسلارنىڭ ئىشى. ئادەم ياشىغانىكەن، ئاز - تولا ھەرىكەت - ئىش قىلىپ، ھاياتتا ئىز قالدۇرۇشى كېرەككۇ؟ بولمىسا، ئۇنداق ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى، نېمە لەززىتى بولسۇن؟ بىز ئۆمرىمىزنى نادانلىقىمىز تۈپەيلىدىن قىسقارتىۋېتىمىز. گيوتې ئېيتقاندەك، ئادەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى سۆيسە، دۇنيا ئۇچۇن قىممەت يارىتىشى كېرەك. بۇ قىممەت توختاۋسىز ئىزدىنىش - ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

— روسىيە يازغۇچىسى دوستويېۋىسكىي: «ئادەم ئۆز ھاياتىدىكى ئۇششاق - چۈششەك بەختسىزلىكلەرگە چىداشلىق بېرىشى كېرەك. بەختسىزلىككە ئۇچراشنى خالىمىسا، ياشىمىسىمۇ بولىدۇ» دەپتىكەن،— دېدى گۈلنار،— ئۇنداقتا بەختنى تاپالمىغان مەندەكلەر ئۆمۈرۋايەت بەختسىز ياشاۋېرىمىزمۇ؟

— بۇ سىز دەيدىغان گەپ ئەمەس ئىدى، گۈلنار،— دېدىم مەن،— دوستويېۋىسكىي يەنە: «ئادەم بەختسىزلىكنى تولا سۆزلەشكە تولىمۇ ئامراق. شۇ سەۋەبتىن ئۆز بەختىگە سەل قارايدۇ» دېگەن. لېكىن چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، ئۆتكەن ئۆمۈر بىر چۈش، ئۆتكۈزىدىغان ئۆمۈر بولسا ئۈمىد. توغرا، سىز ئۆتكەن

ئۆمرىڭىزدە ئۇچۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان ، لېكىن ئۇنى بەخت-سىزلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە سىز بەخت ئىچىدە ياشىغان . تۆرەلدىڭىز ، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشتىڭىز ، ئالىي مەكتەپكە قەدەر ئوقۇدىڭىز ، ئارزۇيىڭىزغا يېتىپ مۇئەللىم بولدىڭىز ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك پۇر-سەتكە ئېرىشتىڭىز . سىز مۇشۇلارنىمۇ بەخت ئەمەس دەپ قارام-سىز ؟

گۇلنار قىزاردى . بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆ-مەللىدىيۇ ، ئەمما گەپ قىلماي دەرياغا قارىدى .

— بۇ سۆزلىرىڭىز راست ، ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى گۇلنار خېلىدىن كېيىن ،— بىراق ، كىشىلەر مۇھەببەتكە ئېرىشىش—بەختكە ئېرىشكەنلىك ،دەيدىكەن . مەن شۇ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمى-دىمغۇ ؟

— بۇ سۆزىڭىزدە قايسى مۇھەببەتنى كۆزدە تۇتىسىز ؟

— ئادەم ھاياتىنى بەختكە يار قىلىدىغان قىز - ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى دەيمەن .

— سىز ئۇنى ئىزدەپ كۆردىڭىزمۇ ؟

— ......

— سىز ئۇنى ئىزدىمىدىڭىز . ئىزدىمىسىڭىز، تېپىش ئۇ-چۇن تىرىشمىسىڭىز ، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىسىز ؟ مۇھەببەتمۇ ، بەختمۇ ئۆزى كېلىدىغان نەرسە ئەمەس ، زور ئەجىر قىلىش ئارقىلىق ئىزدەپ تاپىدىغان نەرسە . بەخت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا ، مۇھەببەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قەلبىدە . ئۇنى يېتىلدۇ-رۇش ، پەرۋىش قىلىش ، ئىپادىلەش كېرەك . شۇندىلا ئۇ ھېس قىلغىلى ، كۆرگىلى بولىدىغان رېئال نەرسىگە ئايلىنىدۇ .

— مەن ياخشى كۆرسەممۇ ، قارشى تەرەپ مېنى ياخشى كۆرمىسىچۇ ؟

— ياخشى كۆرۈش دېگەن نېمە ؟ — دېدىم مەن ، —

چېرنىشېۋسكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ياخشى كۆرۈش، يەنى مۇھەببەت ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ بەختىدىن خۇشاللىنىش، ئۇنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە ئىشنى قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزى خوشاللىققا ئېرىشىش دېمەكتۇر.» ھاياتلىقتىكى ئەڭ زور بەختسىزلىك ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەسلىك. ئۆزى نامرات بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سەممىي ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئادەملەر ئەڭ بەختلىك بولىدۇ. شېكسپىرنىڭ بۇ سۆزىنى خاتا دېمەيدىغانسىز؟

— مەن شۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولالمىدىم - دە.

— ئەركىنلىكىڭىزنىڭ بوغۇلغانلىقى راست. ئەمما سىز يەنىلا ئەركىن ئىدىڭىز. ئەركىنلىكىڭىزنىڭ بوغۇلغانلىقىنىلا كۆرۈپ، خاپا بولسىڭىزمۇ دەۋېرەي، بوشاڭلىق قىلدىڭىز، ئەركىنلىكىڭىزنى بوغقان كۈچكە تەسلىم بولدىڭىز. ئەمەلىيەتتە، تىز پۈكتۈرمەي ۋە تىز پۈكمەي تۇرۇپ ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىنى قولغا كەلتۈرگەنلەر ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بولىدۇ.

— نە قىلاي، بىز قىز بالا دېگەن شۇنداق ئاجىز بەندە ئىكەنمىز، — دېدى گۈلنار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ياق، گۈلنار، بۇنى «قىزلارنىڭ ئاجىزلىقى» غا دۆڭگەپ قويماڭ. ھاياتتىمۇ، مۇھەببەتتىمۇ ناھايىتى كۆپ قەيسەر قىزلار ئۆتكەن. بىز «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» لارنى سۆزلەپ يۈرمەي، يېقىنراقىنى سۆزلەيلى. نۇزۇگۇم ھاياتلىقتا ئەركىنلىكىنى بوغقانلارغا تىز پۈككەنمىدى؟ سىز نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان قىزغۇ، «ئاننا كارېننا»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، «چالىقۇشى» لەردىكى ئاننا، بىلا، فەرىدەلەر مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بوغقۇچىلارغا تىز پۈككەنمۇ؟

— مەن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ئۇلار بىلەن تەڭلەشتۈرەي؟

— ئاجىزلىق دېسە، مانا مۇشۇنى دېيىش كېرەك. نېمىشقا

تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىكەن؟ سىزنىڭ ئۆلاردىن قانداق يېرىڭىز كەم؟ گۈزەللىكتە مەن سىزنى ئۆلاردىن نەچچە باراۋەر ئۈستۈن كۆرىمەن.

— بۇ سۆزلىرى راستمۇ؟

— مەن ئەزەلدىن يالغان سۆزلەشنى ئۆگەنمىگەنمەن.

— مەنمۇ راست گەپنى قىلسام، — دېدى گۈلنار قولىدىكى گۈلگە قارىغىنىچە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرمەي، — مەن بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز يىللار ئىلگىرى، ئۆزلىرىگە كىتابلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق غايىبانە ئاشىق بولغانىدىم، ھەتتا خەتمۇ يازاي دېگەن نىيەتكە كەلگەن. لېكىن ئۇ چاغدا ئائىللىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەمدە ئاشۇنداق شۆھرەتكە ئىگە بىر يازغۇچى مەندەك سەھرا قىزىنى يارىتامدۇ، دېگەن ئوي بىلەن خەتمۇ يازمىدىم. مۇھەببىتىم قەلبىمدە ھەرقانچە چوقان كۆتۈرسىمۇ، ئۇنى ئاشكارىلىمىدىم، ئۇنىڭ لاۋۇلدىشىغا يول قويمىدىم. سىلى بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە، بۇ ئوت مېنىڭ ھەرقانداق سوغۇق سۇ چېچىشلىرىمغا قارىماي يالقۇنجاپ كەتتى. لېكىن شۇ تاساددىپىي كۆرۈشكەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇنى سىلىگە ئىپادىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا سىلى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈش مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. سىلىنى ئۇنتۇشقا، بۇ مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە تىرىشتىم. مېنىڭ شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بارماي قەشقەردىلا ئالىي كۇرستا ئوقۇش قارارىغا كېلىشىمدىكى بىر سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى. سىلى بىلەن كۆرۈشمەي، يىراق سەھراغا كېتەي، شۇنىڭ بىلەن «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلگە يىراق» دېگەندەك «سىلىنى ئۇنتارمەن، مۇھەببەت ئوتى ئۆچەر» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. مەن سىلىنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇردۇم. بولۇپمۇ خورلۇققا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان، كۈنۈم ئەڭ غەمكىن بولغان، تۇرمۇشتا رىيازەت تارتقان چاغدا، سىلىنى ئەڭ ئەسلەيدىغان بو-

لۇپ قالدىم . سىلىنى ئەسلىسەم ، خىيالەن سۆزلەشسەم ھەممە
نەرسە ئۇنتۇلۇپ ، كۆڭلۈم ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى . ئەسەرلى-
رىنى ئوقۇسام ، ۋۇجۇدۇمغا ئۆزۈممۇ تەرىپلەپ بېرەلمەيدىغان بىر
خىل غەيرەت قوشۇلاتتى ، كۆڭلۈمدە چەكسىز لەززەت تۇيغۇسى
پەيدا بولاتتى . «ئەجەب ـ ھە ! ئۇمىدجاننى شۇنچە سۆيگەنىكەنمە-
نۇ ، نېمە ئۇچۇن ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئاشكارىلىمىدىم ؟ نېمە ئۇچۇن
ئۆزۈمنى بىھۇدە قىيناپ ، تارتىنىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئازابلار-
غا ، خورلۇقلارغا دۇچار قىلدىم ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇھەببەت كېمەمنى
تەۋەككۇل دەرياسىغا سالغان بولسام ، يا قايىنامغا چۆكۈپ كېتەر
ئىدىم ، يا سايرامدىن چىقار ئىدىم ، ھەممە ئىش ھەل بولماسمى-
دى ؟— دەپ ئويلايتىم مەن ،— شۇ نىڭدا بەلكىم بۇ خورلۇق ،
ئازابلارنى تارتماس ئىدىم . ھازىرمۇ ۋە بۇرۇنمۇ پەن ئەھلى ۋە
تېۋىپلار ‹خوتۇن بولغۇسى قىز ئۆزىگە ئەر بولغۇسى يىگىتتىن
ئالتە ياش مىقداردا كىچىك بولۇشى لازىم › دەپ قارايدىكەن . بۇ
ھال ئۇمىدجان بىلەن ماڭا دەل باپ كېلىدىكەن . ھازىر قىزلار
ئۆزىدىن ياش جەھەتتە چوڭلارغا ئامراق بولۇپ قالدى . ئۇلار
مۇنداق ئەرلەرنى جىسمانىي ، روھىي جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن ،
تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە باي ، خوتۇننى قانداق تۇتۇش ، پەپىلەشنى
بىلىدۇ ، دەپ قارايدىكەن . ئۆزى بىلەن تەڭتۇش يىگىتلەرنى بولسا
پىشمىغان ھېسابلايدىكەن . شۇنداق بولسا كېرەك ، ياش تۇرۇپ ،
ھەتتا توي قىلىپ تۈزۈك ئۆتمەيلا ئاجرىشىشلار شۇنىڭ دەلىلى
بولسا كېرەك . ئاھ ، ئۇمىدجان ئاكا ، بۇ چاغقىچە قايتا ئۆيلىنىپ
بولغانلا . سىلىگە تەگكەن قىز ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك چاغلاي-
دىغاندۇر ؟ ئۇ سىلىنىڭ قەدرىلىرىگە يېتەرمۇ ؟ ناۋادا مەن سىلىگە
ياتلىق بولغان بولسام ، بارلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىم بىلەن سىلى-
نى رازى قىلغان بولاتتىم . تىللىسىلىمۇ ، ئۇرسىلىمۇ بىر ئېغىز
جاۋاب ياندۇرمايتتىم ، ئۇنى ماڭا قىلغان تەربىيە ، بەرگەن مۇكا-
پات دەپ بىلەتتىم . ئەسەر يازغان قوللىرىغا قانماي ـ قانماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆيەتتىم . سىلى ماڭىدىغان يوللارنى كىرپىكلىرىمنى سۈپۈرگە قىلىپ سۈپۈرۈپ ، مۇھەببىتىمنى سۇ قىلىپ ئۇنىڭغا چاچاتتىم . پۇتلىرىغا كىرگەن تىكەننى يۈرىكىمگە سانجىلغان خەنجەر دەپ بىلەتتىم… »

— ھېلىھەم شۇنداق ئويلامسىز ؟

— ئويلىسامچۇ نېمە پايدىسى ؟ مەن بىر دەپسەندە بولغان غۇنچە ، سولغان گۈل ، يۈرىكى ئېزىلگەن بەندە ، بۇ ھالدا كىممۇ مېنى جورىلىققا لايىق كۆرىدۇ ؟

— ئاۋۋال سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ : ھېلىھەم شۇنداق ئويلا-مسىز ؟ مېنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

— شۇنداق ئويلىمىسام ، ياخشى كۆرمىسەم بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرەرمىدىم ؟— دېدى گۈلنار ۋىللىدە قىزىرىپ .

— مۇھىم نەرسە مۇشۇ ،— دېدىم مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ھاياجانلىنىپ ،— قايسىدۇر بىر شائىر مۇنداق يازغانىكەن :

يوشۇرۇن كۆيۈش ، مەخپىي ئازاب ،
شۇنچە تاتلىق لەززىتى .
بارمىكىنتاڭ بۇنى بىلەر ،
مەندىن ئۆزگە بىر كىشى .

بەلكىم سىزمۇ شۇنداق ئويلىغاندۇرسىز . چۈنكى بالدۇر ئېچىلغان چېچەك جۇتقا ئۇچراپ توزۇغاندەك ، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن قىيان تېز توختىغاندەك ، تېزدىن ئاشكارىلانغان مۇھەببەتمۇ سامان ئوتىدەك تېز ئۆچىدۇ ، «تاكى يوقالمىغىچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان مۇھەببەت ئەڭ پاك مۇھەببەتتۇر» دېگەن گەپمۇ بار . بىلەمسىز ، گۈلنار ، بۇلار توغرا گەپلەر . بىراق مەن ئۇلارنىمۇ نىسپىي دەپ قارايمەن . بىزدە «ئەتىكى قۇيرۇقتىن ، بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەن گەپ بار . چۈنكى ، تۈنۈگۈن بولسا براكقا چىقىرىلغان

چەك ، ئەتە بولسا نامەلۇم چەك ، پەقەت بۇگۈنلا سىزنىڭ نەق پۇلىڭىز . مۇشۇ پۇلنى ياخشى تۇتمىسىڭىز ھەممە قولدىن كەتكەن بولىدۇ . ئادەم ھاياتىدىكى ھەربىر يىل ، ئاي ، كۈن ، سائەتلىك ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار . ۋاقىت دېگەن توختىماي ئۇچىدىغان قۇش ، كونىلار ئېيتقاندەك ، ئاتقان ئوق . ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى ، بىر ئىزدا توختىتىۋالغىلى بولمايدۇ . شۇڭا مۇھەببەتتىمۇ ۋاقىتنى ئىگىلەشنى بىلىش كېرەك . ۋاقىت ئىگىلەنمىسە ، يەنى يۇرەكتە بىخلانغان مۇھەببەتنى ئۆز ۋاقتىدا پەرۋىش قىلمىساق ، ئۇ نابۇت بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىمۇ ، سۆيگەن كىشىنىمۇ تېگىشلىك بولمىغان دەرد ـ ئازابقا قالدۇرۇشىڭىز مۇمكىن . ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدىغۇ ؟ بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىھۇدە ئازاب تارتتىڭىزغۇ ؟ ناۋادا مەن مۇشۇ يىللار ئىچىدە قايتا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولسام ، سىز ئۆمۈر بويى پۇشايماندا قالماسمىدىڭىز ؟

گۈلنار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى . ئۇنىڭ كۆزى ، چىرايىدا ئۈمىد ، شادلىق ، شۇنداقلا ئارىسالدىلىق جىلۋىلىنەتتى .

— ئەمدى پۇشايمان قىلمىسام بولامدۇ ؟— سورىدى گۈلنار .

— ئەلۋەتتە .

گۈلنارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— سىلى مېنى ياخشى كۆرەملا ؟

— مەن بىر مىسكىن بۇلبۇل ، مىسكىن بۇلبۇل بىلەن سولغان گۈل قايتىدىن بەختىنى تاپسا بولمامدىكەن ؟

گۈلنار «ئاھ ، ئۈمىد» دېگىنىچە ئۆزىنى باغرىمغا تاشلاشقا تەييارلىنىۋېدى ، دەل شۇ چاغدا :

— پاھ ، گۈلنار ، ئۈمىدجان ئاكىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولۇپسەن ـ دە ! نېمانچە چاققانسەن ؟ !— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، بىز چۆچۈپ كەتتۇق . شۇنداق قارىساق ئالدىمىزدا غەزەبلەنگەن مۇقەددەس تۇراتتى . ھەرئىككىمىز تېزلا ئورنىمىزدىن تۇردۇق .

گۈلنار :
— ئاھ ، مۇقەددەس ، قاچان كەلدىڭ ، جان دوستۇم ؟ — دېگىنىچە ، كەڭ قۇچاق ئېچىپ مۇقەددەس بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى . لېكىن مۇقەددەس :
— مېنىڭ سەندەك ۋىجدانسىز دوستۇم يوق ! سەن ئۈمىدجان ئاكىنى مەندىن تارتىۋالماقچىمۇ ؟ — دېدى - دە ، گۈلنارنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى . گۈلنار ئارقىچە دەلدۈگۈنۈپ ، دولقۇنلۇق دەرياغا يىقىلدى - دە ، قايىنامغا غەرق بولدى .
— گۈلنار !...
مەن شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم . كۆزۈمنى ئاچسام ، مۇقەددەس كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا ئىشىككە يۆلىنىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى .

## *3*

ئەخمەتجان ئىشىكتىن كىرىپلا قوللىرىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى قويدى - دە ، مېنى قۇچاقلىدى ۋە :
— سالامەت كەپسىز ، ئاكا ، ئادەمنى تولىمۇ سېغىندۇردىڭىز . ماڭا بىر كۈن بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، — دېدى .
ئەخمەتجاننىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن ئەسقەر مۇئەللىم ، ناخشىچى ھېكىمجان ، قاسىم مۇدىر ، دىرېكتور مۇراتجانلارمۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .
بىز كۆرۈشۈۋاتقاندا ، مۇقەددەس بىر خىل مەيۈس ھالدا ماڭا قاراپلا قالغانىدى .
— مۇقەددەس ، ئۈمىدجان ئاكىغا نېمانچە مۆڭلۈق قاراۋېرىسەن ؟ — دېدى پەرىزات ، — يىگىرمە نەچچە كۈن كۆرمىگەچكە

ياتسىراۋاتامسەن ياكى كۆپرەك كۆرۈۋالاي دەۋاتامسەن؟

مۇقەددەس بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك يەنە جىممىدە قاراپ تۇراتتى.

— مۇقەددەس!

پەرىزات ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك توۋلىدى. مۇقەددەس شۇندىلا چۆچۈپ پەرىزاتقا قارىدى:

— ھە!

— نېمە بولدۇڭ؟ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ھە، ماڭا گەپ قىلغانمىدىڭ؟

— سەن مۇشۇ ئۆيدە بارمۇ - يوقمۇ؟ ھەممە ئادەم شۇنچە خۇشال تۇرسا سەن نېمانچە مۇڭلىنىپ كەتتىڭ؟ كۆزۈڭمۇ ياش يۇقىغۇ؟ تاۋىڭ يوقمۇ؟

— ھە، ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى مۇقەددەس بېشىنى سىلكىۋېتىپ، — سەل كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ...

— نېمىگە كۆڭلۈڭ بۇزۇلاتتى؟

— مانا، ئۇمىدجان ئاكام مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستلىرىمنى كۆرۈپ كەلدى. مەن بولسام ئۇلارنى كۆرەلمىدىم.

— ساراڭ، — دېدى پەرىزات، — شۇنىڭغىمۇ مەيۈسلەنگەن بارمۇ؟ ئۇمىدجان ئاكام كۆرۈشكەن بولسا، سېنىڭ سالىمىڭنى يەتكۈزدى، ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئەكەلدى. سەنمۇ ئوقۇش تۈگەپ، بىز ئىشنى باشلاپ بولغاندا بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلسەڭ ياكى ئۇلارنى بۇ يەرگە تەكلىپ بىلەن ئەكەلدۈرسەڭ بولىدىغۇ؟

— سەنمۇ بەلكىم مېنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمدا بولساڭ، جەزمەن مەيۈسلەنگەن بولاتتىڭ، — دېدى مۇقەددەس.

مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ مۇقەددەس بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇردى. پات - پات ماڭا قاراپ قوياتتى، ئۇھسىناتتى. پەرىزات چاي دەملەپ كىرگەندىن كېيىن:

— قېنى ، ئۇمىدجان ئاكا ، دەڭ ، بىز نېمە قىلايلى ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇگۈنچە سىلەرنىمۇ ئىشقا سالمايلى ، تۇزۇك ئارام ئالمىساڭلار ئەتىكى ئوقۇشقا تەسىر يېتىدۇ ، — دېدى ئەخمەتجان ، — بەزى لازىملىقلارنى — توخۇ كاۋىپى ، پاقلان گۆشى دېگەندەكلەرنى ، يەنە نان ، سامسا ئالغاچ كەلدىم . ئىشىك ئالدىدىكى ئاشخانىغا بىرنەچچە خىل قورۇما قورۇپ ئاچقىپ بېرىشنى تاپىلاپ قويدۇم . ھەممەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ، غىزالانغاچ پاراڭلىشايلى . خېلى كۈنلەردىن بېرى پاراڭلىرىمىزمۇ يىغىلىپ قالدى .

— شۇنداق ، — دېدى ھېكىمجان ، — سىلى بولمىساڭلار بولمىغۇدەك جۇمۇ ، ئاداش . بىز خۇددى سەركىسى يوق پادىدەك چېچىلىپ كەتتۇق . تېلېفوندا كۆرۈشكەندىن باشقا ، جەم بولالمىدۇق .

— ئىيۇل كىرىپ قالغاچقا ، ئىشلىرىمىزمۇ بىرئاز ئالدىراش بولۇپ قالدى ، — دېدى مۇراتجان ، — بىزمۇ يېڭى بىر تەتقىقاتقا كىرىشكەندۇق ، ئاخىرىنى چىقىرالماي تىت - تىت بولۇۋاتىمىز .

— قانداق تەتقىقات ئىدى ؟ — سورىدىم مەن .

— بۇ كارخانىنىڭ مەخپىيەتلىكى ، — دېدى مۇراتجان ، — ئەلۋەتتە ، بۇ يەردە يات ئادەم بولمىغاچقا ، سىلەرگە دەپ بەرسەم بولىدۇ . بىزنىڭ بەزى ياش كارخانىچىلىرىمىز دادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ ، «ئارمان» ، «ئامىنە» ، «ئانا زېمىن» دېگەندەك يېمەك - ئىچمەكلىكلەرنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىپ ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . ھەربىر كارخانىنىڭ ئۆزىگە خاس داڭلىق مەھسۇلاتى — ئۆز يېرىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ، مەملىكەت ، خەلقئارادا چوڭ بازارغا يۈزلەنگەن مەھسۇلاتى بولمىسا ، ئۇ كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس . بىز ئومۇمىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ، ھازىر باللاردا تاماق يېمەيدىغان ، بولۇپمۇ كۆكتات يېمەيدىغان ئەھۋال بىرقەدەر ئو-

مۇملاشقانىكەن . بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا ئوزۇقلۇق ، ھەر خىل ۋىتامىنلار يېتىشمەي ، خۇددى يەل بېرىپ قويغاندەكلا ، بىر پۈۋ-لەپ قويسا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ھالەت شەكىللىنىپتۇ ، زېھنىي قۇۋۋىتىمۇ تۆۋەن ئىكەن . شۇڭا بىز بالىلارغا ھەم ئوزۇق بولىدى-غان ، ھەم ھەرخىل ۋىتامىنلارنى تولۇقلايدىغان بىرخىل يېمەك-لىك — پايدىلىق ، مول ۋىتامىنلىق كۆكتاتلارنى خام ئەشيا قىلغان يېمەكلىكنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز .

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى تەتقىقات ئىكەن ،— دېدى قاسىم مۇدىر .

شۇ ئارىلىقتا ، ئەخمەتجان ئەكەلگەن نەرسىلەرنى شىرەگە تىزدى . مەنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئالغاچ كەلگەن ئۆرۈك ، شاپتۇل ، توغاچ··· لارنى يۈيۈپ شىرەگە ئەكېلىپ تىزدىم . ئاشخانا مۇلازىملىرىمۇ بۇيرۇتۇلغان قورۇمىلارنى ئاچىقىپ بەردى . شىرە مول يېمەكلىكلەر بىلەن تولدى .

— قېنى دوستلار ، ھەممىڭلار ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا بۇ يەرگە كەلدىڭلار ھەقاچان ، قورساقمۇ نەغمە چېلىشقا باشلىغان-دۇر ، تارتىنماي ئېلىڭلار ، بەھۇزۇر يېقىڭلار ،— دېدىم مەن ساھىبخانىلىق سۈپىتىمدە .

ھەممەيلەن شىرەگە قول ئۇزاتتۇق . مۇقەددەس يەنىلا جىم-مىدە ئولتۇراتتى . چايدىن ئانچە - مۇنچە ئوتلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، شىرەگە قول ئۇزاتمىدى . بۇنىڭغا دىققەت قىلغان پەرىزات :

— مۇقەددەس ، ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن ئالمامسەن ؟— دېدى .

— قورسىقىم ھېچ ئاچقاندەك ئەمەس .

— ئۇمىدجان ئاكىنى كۆرۈپ قورسىقىڭ توق بولۇپ قالدىمۇ ياكى باشقا بىرەرىگە تۇگۇنۇپ ، گېلىڭدىن تاماق ئۆتمەيۋاتام-دۇ ؟— دېدى پەرىزات .

— چاقچاق قىلمىساڭچۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوقىدا···

— كۆڭلۈك نىمىگە ئارامىدا يوق بولۇپ قالدى؟
— كوچىلاپ سوراۋەرمىسەڭچۇ ، پەرىزات . ئۆزۈمچە شۇنداق بىر قىسما بولۇپ...
مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراش مەقسىتىدە :
— پەرىزات ، ئوقۇشۇڭلار قانداقراق؟— دەپ سورىدىم .
— ناھايىتى كۆڭۈللۈك ،— دېدى پەرىزات ،— راست گەپنى قىلسام ، دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە — نەچچە يىلدىن بېرى تەييارغا ھەييار بولۇپ لاغايلاپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغاچقا ، يەتتە ـ سەككىز سائەتلەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش بىر ئاز قىيىندەك بىلىندى . ھازىر كۆنۈپ كەتتۇق . ھازىر ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ، لەززىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشىنىۋاتىمىز .
— دەرسلىرىڭلار جىددىيمۇ؟
— ئوبدانلا جىددىي . ھەم نەزەرىيە ئۆگىنىمىز ، ھەم ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىمىز .
— ئاخشاملىرىچۇ؟
— بىزنى يەنە كەچلىك بەزمىخانىلارغا قېچىۋاتامدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟ ئۇنداق ئىش يوق ، ئۇمىدجان ئاكا ، ئاخشاملىرى ياتاقتا دەرس تەكرارلايمىز ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ چاچلىرىنى چۈۋۈپ ، خىلمۇخىل پاسونلاردا ياساپ كۆرىمىز . ياتاقتىمۇ بەزى لازىمەتلىكلىرىمىز بار ، يۈز تېرىسىنى ئاسراش قاتارلىقلارنى مەشىق قىلىمىز ،— دېدى پەرىزات .
— ھەي ، ئۇمىدجان ئاكا ، ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىقنى پەقەت چاچ ياساش ، يۈز ـ كۆزنى پەردازلاش دەپلا قاراپ قالماڭ ،— دېدى ئەخمەتجان ،— چاچنى ياساشنىڭمۇ ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بولۇپ بىرەر ـ ئىككى يۈز خىلغا يېتىدىكەن . ئاياللارغا پەرداز قىلىشمۇ توي بولىدىغان قىزنىڭ ، بالىسىنىڭ بۆشۈك تويى ـ ئات تويىنى قىلىدىغان چوكاننىڭ ، بالىسىنىڭ خەتنە تويىنى قىلىدىغان جۇۋاننىڭ دېگەندەك نۇرغۇن خىلغا ئايرىلىدى-

كەن ، يەنە تېخى پەردازنى ھەربىر ئايالنىڭ چىراي ـ تۇرقىغا ماسلاشتۇرۇپ قىلىدىغان گەپكەن .

— پاھ ، بۇ جەھەتتە ئوبدانلا بىلىمىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ ، ئەخمەتجان ،— دېدى پەرىزات ،— بىزگە مۇئەللىم بولسىڭىز بولغۇدەك .

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ، پەرىـزات ،— دېـدى ئەخمەت-جان ،— ئەگەر راستتىنلا ئۇنچىلىك ھۈنىرىم بولسا ، سىلەرنى ئۇ تەربىيىلەش مەركىزىگە ئەۋەتىپ نېمە قىلاتتۇق ؟ ئۆزۈملا دەرس بېرەتتىم ـ دە ، سىلەردىن يىغقان ئوقۇش پۇلى بىلەن كاتتا بايغا ئايلىناتتىم .

— باي بولۇش نىيىتىڭىز بولسا ، پۇل دېگەن سىزدىن ئايلان-سۇن ،— دېدى پەرىزات ،— ناۋادا ، مۇشۇ تاپتا مېنى قۇچاقلاپ بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز مىڭ يۈەن بېرىمەن .

— ۋاي يۈزى قېلىن ،— دېدى مۇقەددەس .

— سۆيسەم ـ سۆيدۈم ،— دېدى ئەخمەتجان ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىزاتنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ۋىيەي ، ۋاي ئەسكى ،— دېدى پەرىزات قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ ،— چاقچاق قىلىپ دەپ قويسام راستتىن ئالدىمغا كېلىۋاتىدىيا .

— مەنمۇ ھەدەمدەك كۆرۈپ ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم ،— دېدى ئەخمەتجان ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ .

بۇ ھالدىن ھەممىمىز كۈلۈشتۇق ، پەقەت مۇقەددەسلا كۈل-مىدى . ئۇ بىر ئازدىن كېيىن :

— پەرىزات ، ئەمدى بىز قايتايلى ، دەرسلەرنى تەكرارلىمى-ساق ، ئەتە ئەتىگەندە يەنە دەرسكە بارمىساق بولماس ،— دېدى .

بىز ئۇلارنى ئۇزىتىمدۇق ، مەن مۇقەددەسكە گۈلنار ، گۈلناز-نىڭ سالام خېتى ۋە سوۋغاتلىرىنى ئاچىقىپ بەردىم . ئۇ «رەھ-مەت» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى .

— يوقىلىپ كەتمەي ، كېلىپ تۇرارسىلەر ،— دېدىم مەن .
— ئەلۋەتتە كېلىمىز ،— دېدى پەرىزات .
مەن ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەندە :
— ئۇمىد ئاداش ، جەنۇبنىڭ ئەھۋالى قانداقكەن ؟— دەپ سورىدى ئەسقەر مۇئەللىم .
— قورساق توق ، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولغان ، بىراق يانچۇق تېخى تومپايماپتۇ ،— دېدىم مەن ،— پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا شەكىللەنگەن «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئىدىيىسى يەنىلا ھۆكۈمران ئىكەن .
— ھازىرقىسى بازار ئىگىلىكى تۇرسا ، دېھقانلار «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»تىن قۇتۇلالمىسا ، دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشىيەلمىسە ، قانداق روناق تاپالايدۇ ؟— دېدى ئەخمەتجان .
— ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە . رەھبەرلەرنىڭ كاللىسى ئازاد ئەمەس ، ھېلىھەم ئۇلارغا بازار ئىگىلىكىگە تەۋە نۇرغۇن نەرسە كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى بولۇپ تۇيۇلىدۇ ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم ،— «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش» نىڭ تەكىتلىنىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىل بولدى ، بىراق بەزى رەھبەرلىرىمىز پىلانلىق ئىگىلىككە بولغان ئەقىدىسىنىڭ چىڭلىقىدىنمۇ ياكى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ پەرقىنى ئېنىق چۈشىنەلمىگەنلىكىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئەمەلىيەتتە بازار ئىگىلىكىنى قوبۇل قىلالمايۋاتىدۇ .
— ھەيرانمەن ، ھەممەيلەن سۆزلىگەندە «مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي ، ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىمىز» دەيدۇ . لېكىن ئەمەلىيەتتە نېمىشقا شۇنداق قىلمايدىغاندۇر ؟— دېدى مۇراتجان .
— بۇ تونۇش مەسىلىسى ،— دېدىم مەن ،— ئۇلار نەزەرىيە

جەھەتتىن قانداق قىلىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ ، ئەمما كونكرېت مەسىلىگە كەلگەندە ، نەزەرىيىنى ئۈنىڭغا قانداق تەتبىقلاشنى بىلەلمەي قالىدۇ . راست گەپنى دېگەندە ، بەزىلەر خاتالىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ ، شۇڭا كونا ئەندىزە بويىچە ئىشلەشنى لايىق كۆرىدۇ ، بۇنى «بىخەتەر چارە» دەپ قارايدۇ : ئاز ساندىكى بىر قىسىملار بولسا ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ ، يېزىلاردىكى بازار ئىگىلىكى پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرسە ، ھوقۇقىنىڭ كىچىكلەپ كېتىپ ، ھوقۇقتىن تولۇق مەنپەئەتلىنەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ .

— ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەھۋالىچۇ ؟— سورىدى ئەسقەر مۇئەللىم .

— شەھەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ، خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ شارائىت يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس . يېزا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى كەم ، ئالىي مەلۇماتلىقلار كەم . ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر يېزىلارغا بېرىشنى خالىماي ، شەھەردىن ئورۇن تاپالماي بىكار يۈرىدىكەن . ئىقتىسادنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلى خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغاچقا ، «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەن قاراش باش كۆتۈرۈپ قالغان ،— دېدىم مەن .

— بۇ بولماپتۇ ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم ،— جۇڭگودەك ئاساسىي ئاھالىسى دېھقان بولغان دۆلەتتە دېھقانلار مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆستۈرۈلمىسە ، بىزنىڭ قۇدرەتلىك ، باي ، مەدەنىيەتلىك ، سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرىمىز دېگىنىمىز چوڭ مەسىلە بولۇپ قالىدۇ .

— ئالىمىمىز فارابى پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئون ئىككى خىسلەت - پەزىلەت ھەققىدە سۆزلىگىنىدە : «ئۇ ھەقىقەتنى ، ئادىل ۋە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئادەملەرنى سۆيىدىغان ، ساختا ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى

زۆرۇر . غۇرۇرلۇق ، ئار ـ نومۇسلۇق ئادەم بولۇشى ، پەسكەش-لەردىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشى ، ئەسلىدىنلا بۈيۈك ھىممەت ئىگىسى بولۇشى ، ئۇلۇغ ، ئالىي ئىشلارغا ئىنتىلىشى زۆرۇر… ئۆز كىشىلىرى ، شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ ئادىل بولۇپ ، ھەممىنى ئادالەتكە ئۈندىگۈچى ، ناھەق جاپا چەككەنلەرگە مەدەت بەرگۈچى ، ياخشىلىق ۋە ئۆزى سۆيگەن گۈزەللىكلەرنى ھەممىگە ئورتاق كۆر-گۈچى بولۇشى زۆرۇر . ئۆزى ھەققانىيەت ئالدىدا جاھىللىق قىل-ماي ئادىل ئىش تۇتۇش بىلەن بىللە ھەرقانداق ھەققانىيەتسىزلىك ۋە پەسكەشلىك ئالدىدا مۇرەسسەسىز بولۇشى زۆرۇر » دېگەنىد-كەن ،— دېدى مۇراتجان ،— ئەگەر بىزنىڭ بەزى رەھبەرلىرىمىز مۇشۇنداق پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرگەن بولسا ، ئىشلىرىمىز تولىمۇ يۈرۈشكەن بولاتتى .

— پارتىيىمىزنىڭ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش» نى تەكىتلىشىدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ يەردە ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم ،— خۇسراۋ دېھلەۋى : «بىلىم-سىزلىك زىندانىغا گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ يۈز كوزا تىللاسى بولسىمۇ گادايدۇر» دېگەنىكەن . يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ مۇنداق يازغان : «ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى ، بىلىم — ئۇ يو-رۇقلۇق ، يورۇتقاي سېنى… » «ئەقىل كىمدە بولسا ، بۇلۇر ئۇ ئېسىل ؛ بىلىم كىمدە بولسا ، بولۇر ئۇ خان ، بىل .» بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز مۇشۇلارنى چۈشەنگەن بولسا ناھايىتى ياخشى بولات-تى ـ دە .

— قويۇڭلار ، بۇرادەرلەر ، بۇ بىز تالاش ـ تارتىش ئارقىلىق ھەل قىلالايدىغان مەسىلە ئەمەس ،— دېدى ئەخمەتجان ،— شۇنداقلا ، بۇلار ئولتۇرۇش ـ ھاراق سورۇنىدا دېيىلىدىغان گەپ-لەرمۇ ئەمەس . بۇنى كاتتىلار ئۆزلىرى ھەل قىلار .

— لېكىن بىز پۇقرا ، ئەھۋاللار ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم .

— لېكىن بايان قىلغان پىكىرنى كىم ئاڭلايدۇ؟ بىز ئاڭلىغان بىلەن ھەل قىلالايمىزمۇ؟

— بايان قىلىنغان پىكىرلەرنى ھامان ئاڭلايدىغانلار، مۇۋاپىقلىرىنى ھەل قىلىدىغانلار چىقىدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى «ئاڭلايدىغان ئادەم يوق» دەپ پىكىر بايان قىلماسلىقتۇر.

— مەن بىر گەپ قىلاي،— دېدى مۇراتجان،— رېئاللىقتا خىلمۇخىل مەسىلىلەر مەۋجۇت، بەزىلىرى ھەل بولدى، بەزىلىرى ھەل بولۇۋاتىدۇ، بەزىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ شارائىتى ھازىرلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ھازىر بەزى كونكرېت مەسىلە ھەققىدە سۆزلەشسەك. مەسىلەن، مۇقەددەسلەر ھازىر ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىمۇ يەنە بىرەر ئايدا تامام بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشنى زادى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟

— مانا بۇ نەق گەپ بولدى،— دېدى ئەخمەتجان خۇشال بولغان ھالدا،— بىز ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنغانىكەنمىز، يېرىم يولدا قولنى تارتىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ دەپ باقە، ئەخمەتجان ئۇكا، سەن ئورۇن ئۇقۇشماقچى بولغانىدىڭ، شۇ ئىش قانداق بولدى؟— دەپ سورىدىم مەن.

— بۇنىڭدا چاتاق يوق، ئورۇن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى قالمىدى،— دېدى ئەخمەتجان،— شىركىتىمىزنىڭ يېنىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى بار ئىدى. ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسەن بۇ يەردە تاماق يېمىگەچكە، ئاشخانا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، رەھبەرلىك بۇ ئورۇننى بىرەرىگە كۆتۈرە بېرىش ياكى ئىجارىگە بېرىشنى ماڭا تاپشۇردى. ئىشنىڭ مۇنداق ئوڭ كەلگىنىدىن ئۆزۈممۇ خۇشال. تاماق يەيدىغان ئورۇن قىرىق كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ، ئىچكىرىسىدە تاماق قىلىدىغان، ئامبار ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيى، ئىككى تەرىپىدە تۆت چاققان - چاققان دۇكان ئۆيى بار. بىر دۇكاندا ئاممىۋى تېلېفونمۇ

بار . بۇ جاينىڭ ئورنى ياخشى ، چوڭ يولغا قارايدۇ ، قاتناش قولاي ، مېنىڭچە ، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن .

— ئىجارە ھەققى قانچىلىك بولار ؟

— ھازىر ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن ، بىراق ئەڭ تۆۋەن باھادا ئېلىشقا ئىشەنچىم كامىل .

— بەلكىم باش دىرېكتورىڭنىڭ گېلىنى مايلاش لازىم بولار ؟— دېدى مۇراتجان .

— «ئېغىز يېسە ، يۈز ئۇيىلار» دېگەن گەپ بار ،— دېدى ئەخمەتجان ئۇيالغان ھالدا ،— باش دىرېكتورىمىز خېلى قولى كەڭ ئادەم . مېنىڭچە «قىزىل بولاق» بەرمەي ، بىرەر قېتىم مېھمان قىلىپ قويساق كۇپايە .

— ئەمىسە بۇ ئىشنى چىڭ تۇتقىن ، ئوكام ،— دېدىم مەن ،— ئۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ بولۇپلا ئىشقا كىرىشسۇن .

— ياندىكى دۇكانلىرىنى ھاراق ـ تاماكا ، گۈل ، پەرداز بۇيۇملىرى دۇكىنى ، بىرىنى يېشىل يېمەكلىكلەر دۇكىنى قىلسا بولغۇدەك ،— دېدى مۇراتجان ،— يېمەكلىكلەر دۇكىنىنى مەن مال بىلەن تەمىنلەپ بېرىمەن .

— زاۋۇت باھاسىدا بېرىسىز جۇمۇ ،— دېدى ئەسقەر مۇئەل-لىم .

— دەسلەپكى ئايلاردا ئەڭ تۆۋەن تەننەرخ باھاسى بويىچە بېرىمەن تېخى .

— ئەمەلىي قوللاش دېگەن مانا شۇ ،— دېدىم مەن خۇشال بولۇپ ،— ئەگەر مۇشۇ پىلان بويىچە بولغاندا ئوندىن ئارتۇق ياشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولغۇدەك .

— ئۇنىڭغا گەپ كەتمەس ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم .

— مېنىڭ تەجرىبىلىرىمگە قارىغاندا ،— دېدى مۇراتجان سەل ئويلىنىۋېلىپ ،— ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىققا سەككىز ، گۈل دۇكىنىغا ئۈچ ، يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا ئىككى ، ھاراق ـ

تاماكا دۇكىنىغا بىر ، جەمئىي ئون تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ . بىر دىرېكتور ، بىر بوغالتىر ـ كاسسىر ، بىر مال سېتىۋالغۇچى قويۇلسا ، ئون يەتتە ئادەم بولىدۇ .

— ئايرىم دىرېكتور قويۇش زۆرۈرمۇ ؟

— زۆرۈر . چۈنكى ئۇ چاققانراق بولسىمۇ بىر شىركەت بولىدۇ ـ دە ، نۇرغۇن ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەردە دىرېكتور بولمىسا بولمايدۇ . مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقنى بىرەرى قوشۇمچە ئۆتىسە بو-لىدۇ .

— مۇنداق دەڭ ، بۇنىڭغىمۇ خېلى ھەشەم كېتىدىكەن ،— دېدىم مەن پېشانەمگە بىرنى ئۇرۇپ ،— بەلكىم زىننەتلەشمۇ زۆرۈردۇر ؟

— شۇنداق بولمايچۇ ،— دېدى ئەخمەتجان ،— ھازىر ئادەم-لەرنىڭ ئىستېمال نەزىرى ئۇستۇن ، قاپاق ئەمەس ، باراڭ پۇل .

— مۇنداق بولسۇن ،— دېدى مۇراتجان ،— بىزنىڭ بىر ئۆي زىننەتلەش گۇرۇپپىمىز بار . ئورۇن ئىجارىگە ئېلىنغاندىن كې-يىن مەن ئاشۇلارنى ئەۋەتەي . ئۇلار ئۆيلەرنى كۆرۈپ ، ئۆلچەپ ، بېزەش لايىھىسىنى تۈزۈپ ، قانچىلىك ماتېرىيال كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرسۇن . ماتېرىيال تەييار بولسىلا ئاشۇلار بېزەپ ـ زىننەتلەپ بەرسۇن .

— ھەق ئالمايسىز جۇمۇ ؟— دېدى ئەخمەتجان دەررۇلا .

— تېخى مەن مەبلەغ يېتىشمىسە ياردەم قىلاي دەۋاتسام ، ئاشۇنچىلىك ئىشقا ھەق ئالارمەنمۇ ؟ شۇ ئالغان ھەق بىلەن باي بولۇپ ، ئالتۇندا ئىشىك تاقارمەنمۇ ؟— دېدى مۇراتجان .

— مۇھەممەت سىدىق رۇشىدىنىڭ «تۈركچە تەزكىرىلەر» ناملىق كىتابىدا ھېكايەت قىلىنىشىچە ،— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم ھاياجان بىلەن ،— بىر ئادەم بەشىرنىڭ قېشىغا كېلىپ ، «ئىككى مىڭ ئەشرەپىي پۇلۇم بار ، ھەممىسى ھالال ، ھەجگە بارايمىكىن دەيمەن ؟» دەپ مەسلىھەت سورىغىنىدا ، بەشىر : «تاماشا قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارامسەن ؟ ئەگەر خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن بارماقچى بولساڭ ، ئۇ پۇل بىلەن بىرەر قەرزدارنىڭ قەرزىنى ئادا قىل ياكى بىرەر يېتىمگە بەرگىن . بولمىسا بىرەر ئاجىزەنىڭ دۇئاسىنى ئال . بىر كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كۆڭلىگە راھەت يەتكۈزسەڭ ، ساڭا ئۇنىڭ ساۋابى يۈز ھەجدىن زىيادە بولۇر » دېگەنىكەن . مۇراتجان مانا شۇنداق ساۋاپ ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ . بىزدىن مۇشۇنداق سېخىيلار خېلى كۆپ چىقتى ، پۇل تاپقاندا يۇرتداشلىرىنى ، ئەۋلادلىرىنى ئۇنتۇمىدى .

بۈگۈنكى سۆھبەت كۆڭلۈمنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى .

## *4*

مەن ژۇرنالنى ئەتە ئەتىگەندە زاۋۇتقا ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا ، ئەڭ ئاخىرقى ماقالىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ، «كۈمۈش ئاستانە» رېستورانىنىڭ ئايرىم خانىسىغا يېتىپ بارغىنىمدا سائەت كەچ يەتتە بولۇپ قالغانىدى . مەن ئىشىكتىن كىرىپلا :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،— دېدىم ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ،— بۇ ئولتۇرۇشنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېچىكىپ قالدىم ، بەك سەت ئىش بولدى ، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىلەر .

ھەممەيلەن دۈررىدە ئورنىدىن تۇردى . ماڭا ناتونۇش ، ئوتتۇرا بويلۇق ، قاش - كۆزى جايىدا ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت قول سوزۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە :

— ئوھوي ، بۇ يازغۇچىمىز ئۇمىدجان ئاكا ئىكەنغۇ ؟ ! بىر شەھەردە تۇرۇپ مۇشۇ چاغقىچە كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىدى . ئەخمەتجان نەچچە رەت بىر يازغۇچى ئاغىنەم بار دېسە تازا ئېرەن

قىلماپتىمەن . ئۇ «ئاغىنەم» دېگەچكە ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىرەرى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، «ئاغىنىڭىز كىم ؟» دەپمۇ سورىماپتىمەن ،— دېدى ۋە مەن بىلەن قەدىناسلاردەك قىزغىن كۆرۈشتى ،— مېنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن شۇنداق كۆرۈشكۈم بار ئىدى . بىراق بىر تەرەپتىن ئىشلارنىڭ ئالدىراشلىقى ، يەنە بىر تەرەپتىن «كۈندۈزى ئىدارىدە ئىشلەيدۇ ، كەچقۇرۇنلىرى ئەسەر يازىدۇ ، كاشىلا قىلمايلى» دەپ ئالدىلىرىغا سالامغا بارالمىدىم . بۈگۈنكى بۇ كۆرۈشۈشتىن ناھايىتى خۇشالمەن .

— بۇ كىشى بىزنىڭ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى مىرئادىل ھەسەن بولىدۇ ،— دەپ تونۇشتۇردى ئەخمەتجان .

— كۆرۈشكىنىمدىن ، بۈگۈن يۈزۈمنى قىلىپ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزدىن مەنمۇ خۇشالمەن ،— دېدىم مەنمۇ قىزغىنلىق بىلەن ،— مەن سىزنى مۇنچىۋالا ياش يىگىت دەپ ئويلىماپتىمەن . شۇنچە چوڭ شىركەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇۋاتقىنىڭىزغا قايىلمەن .

— رەھمەت ، بۇ يالغۇز مېنىڭ تۆھپەم ئەمەس . ئەخمەتجان-دەك ياراملىق ياردەمچىلىرىمىز بار ئەمەسمۇ ،— دېدى مىرئا-دىل ،— ئۈمىدجان ئاكا ، «ئاكا» دېسەم خاپا بولماسسىز ؟ مەنمۇ سىزنى مۇنداق ياش دەپ ئويلىمىغاچقا ، كۆڭلۈمدە «ئاكا» دەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن .

— قېنى ، ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ .

— ئاۋۋال سىلى ئولتۇرسىلا .

ئىككىمىز ، شۇنداقلا ھەممىمىز تەڭ ئولتۇردۇق .

— «ئاكا» دېسە خاپا بولىدىغان ئىشمۇ بارمىكەن ؟ بۇ ھۆر-مەتنىڭ ئىپادىسىغۇ ؟— دېدىم مەن .

— مەن ئۆزۈمدىن خېلىلا چوڭ ئىككى - ئۈچەيلەننى «ئاكا» دېگەنلىكىم ئۈچۈن ئوبدانلا دەشنام يېگەنمەن ،— دېدى مىر-ئادىل ،— كۆنۈپ قالغان ئاغزىم ، سىلىنىمۇ كۆرۈپلا «ئاكا» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالدىم .

— «ئاكا» دەۋېرىڭ ، ئىنناق ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۆتەيلى ،— دېدىم مەن ،— ئادىتىمىز بويىچە ، قوشكېزەك بالىلارنىڭمۇ بىرىنەچچە مىنۇت بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاكا ياكى ئاچا بولىدىغۇ .

مەن سىزدىن ھېچبولمىغاندا تۆت ـ بەش ياش چوڭ .

— بىزنىڭ بەزى ئاز ـ تولا ھوقۇقى بار كادىرلىرىمىزنى «ئاكا» دېمەك تەس ئىكەن ،— دېدى مىرئادىل ئۆكۈنگەندەك ،— ئۇلارنى نېمە دېيىشنى بىلمەي قالىدىكەن ئادەم . قارىسىڭىز ياشتا خېلىلا چوڭ ، «ئاكا» دېسىڭىز خاپا بولىدىكەن . «ئۇكا» دېگىلى تېخى بولمايدىكەن . «يولداش»دېيىش ئەپسىز ئىكەن .

— ئۇنداقلارنى ئەملى بىلەن قوشۇپ «كوجاڭ ، چۇجاڭ» دەۋېرىڭ ، شۇنىڭدا خۇشال بولىدۇ .

— شۇنداق دەۋەرگەچكە ، ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرلا ئەمەس ، ئۆزىمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن .

— ئۆتكەندە شۇنداق چۇجاڭدىن بىرى قازا قىلغانىكەن ، ئايالى نېمەدەپ يىغلاشنى بىلمەي ، « ۋاي چۇجاڭ مۇرەببىم» دەپ يىغلاپتۇدەك .

سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى .

بۈگۈنكى ئولتۇرۇش «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش» — مۇقەددەسلەر شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالىدىغان ئورۇن مەسىلىسىنى «يەڭ ئىچىدىرەك سۆزلىشىش» مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى . بۇ تاماق ـ قورۇمىلار يېيىلىپ ، ھەممىمىز ئورتاق ھالدا «ئادەم باشلىق ئات» — «XO»دىن ئىككى ـ ئۈچ رومكا ئىچكەندىن كېيىن :

— قانداق ، باش دىرېكتور ، تانسا ـ پانسا ئويناپ مىدۇق ؟— دېدى ئەخمەتجان .

— تاپىنىمىز تېخى قىزىمىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تانسا دېگەن بارلا نېمە ،— دېدى مىرئادىل ،— مۇنداق جەم بولمىقىمىز ئاسان

ئەمەس . سورۇنىمىزدا مۆھتەرەم ناخشىچىمىز ھېكىمجان ئاكىمۇ بار ئىكەن . بۈگۈن ھېكىمجان ئاكا بىلەن كۆرۈشكىنىمدىنمۇ ئىنتايىن خۇشالمەن . مۇنداق پۇرسەت بىزگە كۆپ ئەمەس . ناۋادا ھېكىمجان ئاكا خالىسا ، دۇتار بىلەن بىر ـ ئىككى ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسا .

— بۇ گەپلىرى بىلەن مېنى خىجىل قىلدىڭىز قويۇڭ ، ئۇكام ،— دېدى ھېكىمجان ،— ھەرقايسىلىرىدەك ئەزىز قېرىنداشلاردىن ناخشا ئايلانسۇن . بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزىمىز قىلمىساق ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ لەۋزىنى ئاڭلىمىساق ، ھېچكىم بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلمايدۇ ، لەۋزىمىزنى ئاڭلىمايدۇ .

— رەھمەت ، ھېكىمجان ئاكا ، رەھمەت !— دېدى مىرئادىل ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھېكىمجانغا سالام بەردى .

ھېكىمجان دۇتارنى سازلاپ ، «ئانىجانىم» دېگەن ناخشىنى باشلىدى :

ئانىجانىم ، يۈزلەرىڭ گۈزەل ،
ئايىنىڭ ھەۋەسلەرى بار ئىدى .
ئانىجانىم ، كۆزلەرىڭ گۈزەل ،
كۈننىڭ نەپەسلەرى بار ئىدى…

«ئانا» نەقەدەر ئۇلۇغ نام ـ ھە ! ئۇ ئانىلارنىڭ ، ئالەمنىڭ ئانىسى . ئانا بولمىسا ئىنسانىيەت بولامدۇ ؟ ئالەم بولامدۇ ؟ «ئانا» دېگەن شۇ قەدەر سۆيۈملۈككى ، بىز جان يىلتىزىمىز بولغان ، كىندىك قېنىمىز تامغان يۇرتىمىزنى ، گۈزەل ۋەتىنىمىزنى «ئانا» سۆزى بىلەن تەرىپلەپ پەخىرلىنىمىز . ئانىلار— باشلىرىغا كەلگەن بارلىق دەرد ـ ئەلەم ، جاپا ـ رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ قىلچە ۋايسىمايدۇ ، بىراق پەرزەنتىنىڭ پۇتىغا كىچىككىنە تىكەن

سانجىلسا ، «ۋاي بالام...» دەپ ، جىگەرلىرى پارە ـ پارە بولغان هالدا قان ـ قان يىغلاپ ياش تۆكىدۇ . بالىسى ئۇچۇن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىلا ئەمەس ، يۈرىكىنىمۇ ئۈزۈپ بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ . ئاھ ، مۇشۇنداق ئانىلارنى ئادەم بىر ئۆمۈر بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسە ، ئاشۇ كۆتۈرگىنىچە مەككە ـ مەدىنەمگە نەچچە ئون رەت ئاپىرىپ كەلسە !

ناخشا ئاخىرلاشتى ، ھەممىمىز قىزغىن چاۋاك چالدۇق .

— رەھمەت ، رەھمەت ،— دېدى مىرئادىل ناخشىلار ئاخىرلاشقاندا ،— مۇنداق ئېسىل ناخشىلارنى ئاڭلىمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپتىكەن ، يۈرىكىم سۇزۇك بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك ياشاردى . ھەي... ئادەم ئاشۇ قۇلاق ـ مېڭىنى يەيدىغان جاققۇر ـ جۇققۇر مۇزىكىلار ، چىرقىراق ، ئەمما لاۋزا ناخشىلاردىن جاق تويدىغۇ .

لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا قويغۇچتا ئۇسسۇل مۇزىكىسى قويۇلدى . مىرئادىل ئالدى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . بۇ يىگىت ئۇسسۇلنى ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس مەردانىلىك بىلەن چىرايلىق ئوينايدىكەن . ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىۋېدى ، ئۇ قىزلار ئۇسسۇل ئوينىيالمايمىز دەپ ئۆزرىخاھلىق قويدى ۋە «رەنا ئويناپ بەرسۇن ، ئۇ ئۇسسۇلغا ئۇستا» دېيىشتى . راست دېگەندەك ، رەنا ئۇسسۇلنى كەسپىي ئۇسسۇلچىلاردەك مۇكەممەل ، نەپىس ئوينايدىكەن ، ھەرىكەتلىرى سىلىق ، قىياپىتى نازاكەتلىك ئىكەن . رەنەنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ گۇلنارنى ئەسلەپ قالدىم . مۇقەددەسنىڭ نېمە قىلغىنى ؟ ئۇ گۇلنارنى ئەجەبمۇ قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتىغۇ ؟ ئاشۇ بىچارە قىز مۇقەددەسنىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى ؟ ئۇنىڭ : «مېنىڭ سەندەك ۋىجدانسىز دوستۇم يوق ! سەن ئۇممىدجان ئاكىنى تارتىۋالماقچىمۇ ؟» دېگىنى نېمىسى ؟ كىم كىمنى كىمدىن تارتىۋالماقچى ؟ مەن تارتىۋېلىشقا بولىدىغان ئويۇنچۇق ياكى بىرەرسىنىڭ قولىدىكى

ئالما ، شاكىلات ، گۈل··· ئەمەسقۇ ؟ مۇقەددەسمۇ مېنى ئاكا ئور-
نىدا سىڭىللىق مۇھەببىتى بىلەنلا ئەمەس ، قىزلىق مۇھەببىتى
بىلەنمۇ ياخشى كۆرىدۇ ، شۇڭا ئۇ گۈللەرغا كۆندەشلىك قىلدى .
مۇشۇ كۆندەشلىك ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستلۇقىنى ئاشۇنداق
پاجىئەلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ قويارمۇ ؟ مەن ئۇلارنىڭ دوستلۇقى-
نىڭ بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلغان گۇناھكار بولۇپ قالارمەنمۇ ؟ ھەي
··· ئۇ بىر چۈشقۇ ! لېكىن···

رەنانىڭ ئۇسسۇلى ئاياغلاشقانىدى ، ھەممەيلەن قىزغىن چا-
ۋاك چالدى .

— سىڭلىم رەنا ، قەيەردە ئىشلەيسىز ؟— دەپ سورىدى مىر-
ئادىل .

— يېقىندا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈشۈم ، ھازىرچە بىرەر مۇ-
ۋاپىق خىزمەت ئورنى تېپىلمىدى ،— دېدى رەنا .

— ئەگەر خالىسىڭىز ، مۇۋاپىق خىزمەت ئورنى چىققۇچە
بىزنىڭ شىركەتتە ئىشلەپ تۇرۇڭ ،— دېدى مىرئادىل ،—
بىزنىڭ شىركىتىمىزدىمۇ بىر سەنئەت ئۆمىكى بار . بىزنىڭ ئاسا-
سىي كەسپىمىز ساياھەتچىلىك بولغاچقا ، بىز ھەر يىلى كۈتۈۋال-
دىغان ساياھەتچىلەر كۆپ . ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇس-
سۇللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر قېتىمدا سەنئەت ئۆمەكلىرى-
نى تەكلىپ قىلساق چىقىم ناھايىتى زور بولۇپ كېتىدىكەن .
شۇڭا ئۆزىمىز سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىگەن . بۇ ئۆمەكنىڭ
سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى . ئۇلار ئارىسالدى بولۇپ قالغان
قىش پەسلىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئويۇنمۇ
قويىدۇ ، كىرىمى كۆڭۈلدىكىدەك . بىز پات ئارىدا ھېكىمجان
ئاكىدەك داڭلىق مۇزىكانت ، ناخشىچى ، ئۇسسۇلچىدىن بىرنەچ-
چىنى تەكلىپ قىلىپ ، ئارتىسلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ، ئۇلارنىڭ
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەكچىمىز .

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت ، مىرئادىل ئاكا ،— دېدى رە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

نا ،— مەن ناھايىتى خۇشالمەن .
— ئۇنداقتا ئەتە ئەتىگەندىلا شىركەتكە بېرىپ ئەخمەتجاننى ئىزدەڭ ، ئۇ ھەممە رەسمىيەتنى بېجىرىپ بېرىدۇ ،— دېدى مىر-ئادىل ، ئاندىن باشقا قىزلاردىن سورىدى ،— سىلەرچۇ ، سىڭىللى-رىم ؟ قارىسام غۇنچىدەك چىرايلىقسىلەر ، ئۇيغۇر قىزى تۇرۇپ ، ئۇسسۇل بىلمەيمىز دېگىنىڭلار قاملاشمىغان گەپ بولدى . باشقى-لار بىزنى «تۇغۇلۇپلا ناخشا ئېيتالايدۇ ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ» دەپ ماختاۋاتقاندا ، بىز ئۆزىمىز ئۇسسۇل بىلمەيمىز دېسەك يارى-شارمۇ ؟ ھەقىچان دىسكو ، تانسا ئويناشنى بىلەرسىلەر ؟
قىزلار قىزىرىپ يەرگە قاراشتى .
— بۇلار مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم ،— دېدى رەنا ،— ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەچ ، بىر رەشلىيە ئىش-لەش ، پەردىچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ، يېقىندا كارخاند-نىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغاچقا ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپتۇ .
— ھەي··· مەن ئاشۇ بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسى تازا جايىدا ئەمەسمىكىن دەيمەن . مۇشۇنداق ياش ، بېجىرىم ، غۇنچىدەك چى-رايلىق قىزلارنىمۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرغان بارمۇ - ھە ؟ ئۇلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرغاندا ، مۇشۇنداق ياشلارنىڭ ئىستىقبالىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇر ؟
مەن مىرئادىلنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى چۈشەندىم . كارخا-نىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغانلىقى ، شتاتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلى-كى ياكى ماشىنىلىشىشنىڭ تېز بولۇشى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئادەمنى قىسقارتىش نورمال ئەھۋال . بىراق قىسقارتقاندا باشقا تۇرلۇك ئامىللارنى ئويلاش — تەن سالامەتلىكنى ، ياش قۇرامى ، تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ، بولۇپمۇ مۇشۇ سو-رۇندىكىدەك ياش ، چىرايلىق قىزلارنى قىسقارتىشنىڭ ئاقىۋىتى-نىمۇ ئويلاش لازىم ئىدى .
— ئەگەر سىلەرمۇ خالىساڭلار ، ئەتە شىركەتكە بېرىڭلار ،

بىزنىڭمۇ ئاشۇنداقراق بىر كارخانىمىز بار ، ئۇلار ئاساسەن سايا-
ھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ ،— دېدى مىرئادىل .
قىزلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .
— قېنى ، بىرەر رومكىدىن قۇيە ، ئۇكا ئەخمەتجان ،— دېدى
مىرئادىل ،— بۇگۈنكىدەك ئېسىل ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاپ ،
ئۇسسۇل كۆرۈپ ، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرمىغىلى
خېلى ئۇزۇن بوپتىكەن . راستتىنلا كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ قالدى .
ئۆمەر ھەييام مۇنداق يازغانىكەن :

مەي ئىچسەڭ قەلبى نۇر دەنا بىرلە ئىچ !
ياكى سەن بىر گۈزەل رەنا بىرلە ئىچ !
كۆپ ئىچمە ، ئىچ ئۇنى بەزى - بەزىدە ،
مەخپىي ئىچ ، چىرايلىق ، ھايا بىرلە ئىچ !

بۇگۈنكى سورۇندا دەنامۇ ، رەنامۇ بولغاچقا ، بۇ شېئىردىكى ھېك-
مەتنى ھەقىقىي چۈشەندىم . شۇڭا بىردىن كۆتۈرۈۋېتەيلى .
— دەنالار «ئالىي ھىممەت بىلەن پاكىزە كۆڭۈل ، كىشىنى
يەتكۈزەر بەختى كامالغا» دېگەن . خۇش خۇلقلۇق ئادەملەرنىڭ
ئون بەلگىسىنىڭ بىرى موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقىرىش ،—
دېدىم مەن ،— ھەقىقەتەن ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ نېگىزى ئۇنىڭ-
دىكى پاك كۆڭۈل ۋە چىرايلىق خۇلقتۇر . چىرايلىق خۇلق بىلەن
ئىنسان ئىنساندۇر . بايىقى سۆزلىرىڭىز ۋە بۇ قىزلارغا قىلغان
ھىممىتىڭىزگە قاراپ ، گەرچە بۇگۈن تۇنجى رەت كۆرۈشۈپ
تۇرغان بولساقمۇ ، سىزنىڭ خەلققە كۆيۈمچان ، نىيىتى ھالال ،
كۆڭلى پاك يىگىتلىكىڭىزگە قول قويدۇم . ئەگەر سىزدەك ،
مۇراتجاندەك يىگىتلىرىمىز كۆپەيسە خەلق كۆڭلى تولۇق ئەمىن
تاپاتتى ، ئىنىم .
— رەھمەت ، ئۇمىدجان ئاكا ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە ،— دېدى

www.uyghurkitap.com

مىرئادىل ،— مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت قولۇمدىن كېلىدىغان، شۇنداقلا قىلىشىمغا تېگىشلىك ئىش . بۇ قىزلار ئۆزۈمنىڭ سىڭلىسىغا ئوخشاش ، ئۆز قېرىندىشىغا كۆيۈنمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن ؟ !

— مانا بۇ ھەقىقىي ئەركەكنىڭ سۆزى ،— دېدى ھېكىمجان ھاياجان بىلەن ،— رەھىمدىللىك ۋە شەپقەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىندۇر .

ئارىدا يەنە ناخشا ئېيتىش ، ئۇسسۇل - تانسا ئويناشلار بولدى . ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ ئىدى . باشقا سورۇندىكىلەردەك ھاراققا زورلاش بولمىدى . بىر چاغدا مىرئادىل :

— ئەخمەتجان ئۇكا ، سىز بىزنىڭ ھېلىقى ئاشخانىنى بىر يازغۇچى ئاغىنەم ئىجارىگە ئالماقچى دەۋاتاتتىڭىز ، ئۇمىدجان ئاكام بولمىسۇن يەنە ؟— دەپ سورىدى ئەخمەتجاندىن .

— شۇنداق ، دىرېكتور ، ئۇمىدجان ئاكا ئىجارىگە ئالماقچى .

— ئىنىم ، مۇشۇنداق يات ئادەم بولمىغان سورۇنلاردا مېنى ئاشۇ قولىقىمغا كالتەك ئاۋازىدەك ئاڭلىنىدىغان «دىرېكتور» دېگەن سۆز بىلەن ئاتىماي ، «ئاكا» دەۋېرىڭ . ئۇ ماڭا شان - شەرەپ ۋە ئۆمۈرلۈك نەرسە ئەمەس ، بىزنىڭ ئارىمىزدا ساقلىنىپ قالىدىغىنى قېرىنداشلىق مۇھەببەت ،— دېدى مىرئادىل ۋە ماڭا قارىدى ،— مۇنداق دەڭ ، ئۇمىدجان ئاكا ، سىزمۇ «دېڭىزغا چۆشۈپ باقاي» — سودا قىلاي دەپسىز - دە؟ راست ، سىلەرگىمۇ جاپا . كۈندۈزى پۈتۈن ئەقلىڭلارنى ئىشقا سېلىپ خەلق ئۈچۈن ژۇرنال ئىشلەيسىلەر . دەم ئېلىش ۋاقتىڭلاردا ئەسەر يازىسىلەر . لېكىن ئالىدىغان ھەققىڭلار توخۇغا چېچىپ بەرگەن دانچىلىك ، ئەجرىڭلارنىڭ قىممىتى بولمايۋاتىدۇ . بۇ ئىشنى ياخشى ئويلاپسىز ، مەن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ياردەمگە تەييار .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، مېنىڭ سودا قىلىش نىيىتىم يوق ، سودا قىلىشمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ،— دېدىم مەن خۇش

كۆلۈپ .

— ئۇنداقتا ئاشۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىلا ؟

— بۇ يەردە گەپنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئىنىم ،— دېدىم مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ ،— مېنىڭمۇ مۇشۇ رەنالارغا ئوخشاش ئىش كۆتۈپ تۇرغان بىرنەچچە تونۇش قىزىم بار . راست گەپنى قىلىۋېرەي ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇش يولىنى تاپالماي ، ھاياتلىق يولىدا ئېزىپمۇ قالغان . سىز بايا دېگەندەك ، ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ، ئۇلارنىڭ جاپاغا ، خورلۇققا قېلىشىغا قاراپ تۇرالمايمىز ، شۇڭا بىرنەچچە ئاغىنە مەسلىھەتلىشىپ : «ئۇلارغا ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشايدىغان تۇرمۇش يولى تېپىپ بېرەيلى» دېيىشكەن . ئۇلار ھازىر ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىق بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتىدۇ . بىز ئاشۇ جاينى ئۇلارغا دۇكان قىلىپ بەرمەكچىمىز . ناۋادا ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشى پۈتكىچە دۇكانمۇ تەييار بولسا ، ناھايىتى ياخشى بولاتتى .

— ھە ، مۇنداق دېسىلە ، بۇ بىر ساخاۋەت ئىشى ئىكەن ،— دېدى مىرئادىل ،— ئۇ يەرنى بېرىشكە تامامەن قوشۇلىمەن . ئەخمەتجان ئۇكا ، سىز ئۇمىدجان ئاكىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي ، ئەتىلا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ ، رەسمىيەتنى بېجىرىۋېتىڭ .

— ماقۇل ، مىرئادىل ئاكا .

— ئىنىم ، «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن گەپ بار ،— دېدىم مەن ،— يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ شىركەتكە تەۋە يەر ، ئۇنىڭغا شىركىتىڭىزدىن كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغانلارمۇ كۆپ . شۇڭا بىز بېشىڭىزغا سىكە تېرىپ قويساق بولماس . ئىجارىسىگە قانچە بەرسەك بولار ؟

— بۇ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس ، — دېدى مىرئادىل ، — ئەسلىدىغۇ بىكارغا بەرسەممۇ بولاتتى ، بوپتۇ ، بەزى پىتنىخورلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن ئازراق ئىجارە ھەققى ئالساممۇ

ئالاي ،— ئۇ سەل توختاپ ، كۆڭلىدە بىر نەرسىلەرنى ھېسابلاپ كۆردى ،— مۇنداق بولسا قانداق : باج ، بازار باشقۇرۇش ھەققى ، سۇ ، توك پۇلى دېگەندەكلەرنى بىزنىڭ شىركەت ئۈستىگە ئالسۇن . سىلەر يىللىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن تۆت تۈمەن بېرىشسىلە ، بۇنى يىل ئاخىرىدا تۆلەشسىلە بولىدۇ .

— ناۋاتتەك گەپ بولدى ،— دېدى مۇراتجان .

— رەھمەت ، ئىنىم ،— دېدىم مەن .

— ئاخىرىدا ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولغانلىقى ، سالامەتلىكىمىز ، دوستلۇقىمىز ئۈچۈن بىر كۆتۈرەيلى !— دېدى مىرئادىل .

— شۇنداقلا غۇنچىلاردەك قىزلىرىمىزنىڭ — كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ، خوشە !— دېدىم مەن .

رومكىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى نازۇك ئاۋازى كۆڭۈللەرنى لىۋەن باھار شامىلىدەك يايرىتىۋەتتى .

# *5*

— ئۈمىدجان ئاكا ، مېنى كەچۈرەلەمسىز ؟

مۇقەددەسنىڭ بۇ باش - ئاخىرى يوق سۆزىدىن گاڭگىراپ قالدىم .

— بۇ نېمە گەپ ، مۇقەددەس ؟ سىزنى نېمە سەۋەبلىكتىن ئۈچۈن كەچۈرۈشۈم كېرەك ؟

— مەنمۇ ھېچ چۈشەنمىدىم ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئۆتكەندە سىلى بىلەن كۆرۈشكەندىن باشلاپ تۆت - بەش كۈنگىچە خۇددى دورا يەۋالغان بېلىقتەك خاراپلاشلا يۈردىغۇ بۇ مۇقەددەس ،— دېدى پەرىزات ،— «ئۇھ…»لا دەيدۇ ، «ھەي…»لا دەيدۇ ، يا تۇزۇك

تاماق يېمەيدۇ ، يا تۇزۇك ئۇخلىمايدۇ ،«نېمە بولدۇڭ ؟ » دېسەم زۇۋان سۈرمەيدۇ . بىرەر ھەپتىدىن كېيىن بىرئاز ياخشى-لاندى . مانا ئەمدى بولسا ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى .

— مەن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي ،— دېدىم مەن مۇقەددەسكە ،— ئەبۇلبەرەكات قادىرىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، خەلىپە مەئمۇننىڭ ھادىس ئېسىل بىر ياقۇتى بار ئىكەن . كۇنلەر-نىڭ بىرىدە ، خەلىپە مەئمۇن زەرگەرنى چاقىرتىپ ، ئۇنىڭغا يا-قۇتنى بېرىپ ئۇزۇك تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ . ئەتىسى دەل شۇ ۋاقىتىدا ، ئۇزۇك ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ زەرگەرنى چاقىرتىپتۇ . زەگەر ئىشىكتىن خۇددى تىنىمسىز شامالدا قالغان تېرەك يوپۇر-مىقىدەك تىترەپ كىرىپ كەپتۇ . خەلىپە ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن ، زەرگەر يەنىلا تىترىگەن ھالدا :«ئۇ-زۇكنى تەييارلاپ ، ئۇنىڭغا كۆز ئورنىتىۋاتقانىدىم ، ياقۇت قولۇم-دىن چۈشۈپ كېتىپ ، سەندەلگە تەگدى ۋە تۆت پارچە بولۇپ كەتتى » دەپتۇ . كەمدىن كەم ھۆكۈمدارلاردىلا بولىدىغان مۇنداق يوغان ۋە تېپىلغۇسىز ياقۇتنىڭ تۆت پارچە بولۇپ كېتىشى خەلىپە مەئمۇننى قايغۇغا سالماپتۇ ۋە دەرغەزەپكە كەلتۈرمەپتۇ . ئۇ زەر-گەرگە قاراپ : «مەيلى ، قايغۇرما ، بېرىپ ئۇنىڭدا تۆت ئۇزۇك ياسا » دەپتۇ . كۆردىڭىزمۇ ، سىڭلىم ، ئەپۇچانلىق ، كەڭ قورساق-لىق ئىنساندىكى گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى . مەن مەئمۇن ئە-مەس ، مەندە سىز سۇندۇرۇۋەتكەن ياقۇتمۇ يوق ، سىزنىڭ كۆڭ-لۇمنى ئاغرىتقان يېرىڭىزمۇ يوق ، شۇنداق ھالدا مەندىن نېمە ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايسىز ؟

— ھەرقانداق گۇناھ قىلغان بولسام ، كەچۈرەملا ؟

— كەچۈرىمەن ، كەچۈردۈم .

— بىز قايتا كۆرۈشكەندىن بېرى ، ماڭا ، پەرىزاتقا ۋە بىز بىلەن بىللە بولۇۋاتقان سىڭىللارغا ئۆزىمىزنىڭ بىر قورساقتىن بولغان ئاكىمىزدىن زىيادە غەمخورلۇق قىلىپ ، سەمىمىي باشپا-

ناھ بولدىلا . بىز ئۇچۇن — بىزنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن ياشايدى-
غان ، قەدىر - قىممىتىنى ساقلايدىغان غۇرۇرلۇق ئادەم بولۇشى-
مىز ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ پايپېتەك بولدىلا . لېكىن مەن سىلى-
گە قارا كۆڭۈللۈك قىلدىم ،— دېدى مۇقەددەس ئۆكۈنگەن ھالدا .
— نېمە دەۋاتىسەن ، مۇقەددەس ؟ قارا كۆڭۈللۈك قىلدىم ؟
ئۇ قانداق قارا كۆڭۈللۈك ؟— دېدى پەرىزات ھەيرانلىق
بىلەن ،— ئۇمىدجان ئاكىنىڭ يامان گېپىنى قىلدىڭمۇ ؟ يېزىپ
قويغان بىرەر ئەسىرىنى گېزىت - ژۇرنالغا ئۆز نامىڭدا بېرىۋال-
دىڭمۇ ؟ ياكى…
— ياق ، ياق ، پەرىزات ،— دېدى مۇقەددەس كەسكىن تۇر-
دە ،— ئۇنداق قىلمىدىم ياكى ئۇمىدجان ئاكىنىڭ ، سەن خىيالىڭ-
غا كەلتۈرۈۋاتقاندەك ، پۇل ، بىرەر قىممەتلىك نەرسىسىنى ئېلى-
ۋالمىدىم .
— ئۇمىدجان ئاكىغا بىرەر قىزدىن كەلگەن خەتنى ياكى
ئۇمىدجان ئاكىنىڭ خاتىرىسىنى رۇخسەتسىز كۆرۈۋالدىڭ-
مۇ ؟— دەپ سورىدى پەرىزات .
— ئۇنداق قىلغىنىممۇ يوق ،— دېدى مۇقەددەس ،— مەن
پەقەت قارا كۆڭۈللۈك قىلدىم ، بۇ ماددىي نەرسىلەرگە ئەمەس ،
روھقا تەئەللۇق .
— بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەبۇلبەرەكات قادىرىي «ئىنسا-
نىيلىقى بولمىغان ئىنساندا مۇلايىملىق ، ئەپۇچانلىقمۇ بولمايدۇ »
دەپ كېلىپ ،— دېدىم مەن ،— ئۇنىڭ مۇنداق ئۈچ ئالامىتى
بولىدۇ دېگەنىكەن : «بىرىنچىسى ، بىركىم ساڭا قاپىقىنى سالسا
ياكى ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتسا ، سەن ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەرنى
ئېيتىسەن ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ يامان خۇيى بىلەن خاپا قىلسا ،
ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىسەن ؛ ئىككىنچىسى ، غەزىپىڭ ئوت
ئېلىپ كۆككە ئۆرلەپ كەتسىمۇ ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ جىم ئول-
تۇرىسەن ؛ ئۈچىنچىسى ، بىرەركىم يارىماس قىلمىشى ئۈچۈن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەزەپكە لايىق بولسىمۇ غەزىپىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ، ئۆزۈڭنى بېسىۋالسەن.» مەنغۇ بۇ ئالامەتلەر مەندە هازىرلانغان دېيەلمەيمەن. لېكىن ئۆز سەۋەنلىكىنى تونۇغان هەرقانداق ئادەمنى، هەتتا ماڭا چوڭ دۈشمەنلىك قىلغان ئادەمنىمۇ كەچۈرەلەيمەن. سىز قارا كۆڭۈللۈك قىلدىم، ئۇ «روهقا تەئەللۇق» دېدىڭىز. مەن بۇنى هېس قىلمىدىم. توغرا، مەن جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەن كۈنى سىز تۇتۇلۇپ قالدىڭىز. ئوچۇق چىراي ئاچمىدىڭىز، بۈگۈنگە قەدەر ئون كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئۆيگە دەسسەپ باقمىدىڭىز، تېلېفون بەرمىدىڭىز، بىر نۆۋەت چاقىرغۇ قىلسام جاۋاب قايتۇرمىدىڭىز. مەن «مەندىن رەنجىپ قالغان بولسا كېرەك ياكى قىز بالا دېگەننىڭ بەزىدە ئۆزىگە تەئەللۇق، باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان كۆڭۈلسىزلىكلىرى بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلاپ سورۇشتە قىلمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى سىز پەرىزاتقىمۇ دېمەپسىز. مەندىن رەنجىگەن بولسىڭىز، سەۋەنلىكىم ئۈچۈن ناماقۇل.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۈمىدجان ئاكا، — دېدى مۇقەددەس، — سىلىدىن رەنجىشكە هەددىممۇ؟ مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا خام سۈت ئەمگەن بەندە بولغانلىقىم ئۈچۈن، بولمىغۇر خىيالغا بېرىلگەنلىكىمدىن خىجىلمەن.

— مۇقەددەس، ئوماق سىڭلىم، مەن ئادەملەرنىڭ، ئەلۋەتتە، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم بىر سىزلا ئەمەس، «خام سۈت ئەمگەن بەندە» دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك، هەتتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىكى بىر سەۋەب قىلىۋېلىشىغا زادىلا قوشۇلمايمەن، — دېدىم مەن، — بۇ ئەمەلىيەتتە گۇناهنى بىزگە ئاق سۈتىنى بەرگەن مېهرىبان ئانىغا ئىتتىرىپ قويغانلىق. بىزنىڭ سەۋەنلىك، گۇناهلىرىمىزغا سۈت بېرىپ چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئانا سەۋەبچىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىنىڭ ئاتەشتەك باغرىدىن چىققان سۈتىنى كىممۇ «خام» دېيەلەيدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا،

راسا پىشۇرۇلۇپ، شېكەر قوشۇلغان كالا سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغانلار سەۋەنلىك، گۇناھ ئۆتكۈزمىسە بولاتتىغۇ؟!

— ئاغزىڭىزغا ناۋات، ئۈمىدجان ئاكا،— دېدى پەردىزات،— مەنمۇ خېلى ئۇزۇندىن مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. «خام سۈت ئەمگەن» دېگەن سۆزنى بىز پات ـ پاتلا ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئۆزىمىزمۇ تىلغا ئالىمىز. بۇ سۆز ھازىر ناخشىلىرىمىزغىمۇ قېتىلدى. راست، ھەممىمىز «باغرىڭ ئاتەش، مېھرىڭ يالقۇن» دەپ مەدھىيىلەيدىغان ئانىنىڭ باغرىدىن چىققان سۈت قانداقمۇ «خام» بولسۇن؟ ئۇ خام بولغان تەقدىردىمۇ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىمىزدىكى سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇنى بىزگە ئانىمىز بەرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇ ھالدا دۇنيادىكى ھەممە گۇناھلارغا ئانا سەۋەبچىمۇ؟ بۇنداق دېيىش — تۇزكورلۇق!

— كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار، ھەممە ئادەم دەيدىغان بۇ ئادەت سۆزنى مەنمۇ ئويلىمايلا دەپ سالغانمەن، سىلەر دېگەندەك ئويلىمىغانمەن،— دېدى مۇقەددەس.

— سىزدە ئەيىب يوق، سىڭلىم،— دېدىم مەن،— «خام سۈت ئەمگەن بەندە» دېگەن بۇ سۆز رەسمىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن، ئەمما سەۋەبىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان تۈلكە ئادەملەرنىڭ سۆزى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق گۇناھ سەۋەبىنى ئانىغا دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەيۇغا ئىبرىشىشىنى كۈتىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ئانىنىڭ سەۋەنلىكىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇلار مۇشۇ قىلىقى ئارقىلىق ئاق سۈت بەرگەن ئانىنى قارىلاپ، چوڭ گۇناھ پاتقىقىغا پاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

— ئاتىلار «دوست بىلەن سۆھبەت قۇرماق گۈللەر ئارىسىدا سەير قىلماق ۋە كۆزەللەر نەغمىسىگە قۇلاق سالماقتىن ياخشىدۇر» دېگەنىكەن،— دېدى مۇقەددەس،— مەن بۈگۈن ئىنتايىن خۇشال. بىرىنچىدىن، ئۈمىدجان ئاكا مېنى كەچۈردى؛ ئىككىن-

چىدىن ، دانالارنىڭ ھېكمەتلىرىدەك لەزىز سۆزلەرنى ئاڭلىدىم . كۆڭلۈمدىكى قارا تۇمانلار تارقىلىپ كەتتى .

— كۆڭلۈڭدە قانداق قارا تۇمان بار ئىدى ؟— دەپ سورىدى پەرىزات .

— ئۇنى دېمەيمەن ، دېيىشتىن ئۈيىلىمەن ، كېيىنچە بىلىپ قالارسىلەر ،— دېدى مۇقەددەس ،— مەن ھاياتلىق قاينىمىدا بىر رەت ۋەيران بولغانمەن . تۇرمۇش يولۇم داغدام ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ ، ئەمما ھازىر بىردىنبىر ئويلايدىغىنىم مۇھەببەت يولى . مەندەك دەپسەندە بولغان گۈلگە يەنە بىر پاك كۆڭۈل ئادەم كۆز تاشلارمۇ ؟ ماڭا ئۆمۈرلۈك جورا بولىدىغان ئادەم چىقارمۇ ؟

— بۇنىڭغا نېمىدەپ كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىسەن ، مۇقەددەس ؟— دېدى پەرىزات ،— مۇنداق سوئالنى قويۇشقا ئەسلىي مەن ئەڭ لايىق . سەن مەن تارتقان خورلۇقلارنىڭ ئوندىن بىرىنى كۆرمىگەنسەن ، مەن قىلغان ئەسكىلىكلەرنىڭ مىڭدىن بىرىنى قىلمىغانسەن . سەن تېخى ، ئەمدىلا پورەك بولغان غۇنچە ، ساڭا تۇمەن بولبۇلنىڭ كۆزى چۈشىدۇ .

— توغرا دېدىڭىز ، پەرىزات ،— دېدىم مەن ،— بۇ ئالەمدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىغەرەز ئەمەس ، يەنىلا ئاق كۆڭۈل . ھايات ، ھايات قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىدىغان ، ئەپۇچان ، مەسىلىلەرنى توغرا تونۇيدىغانلار كۆپ . بىز ئەۋلىيا ئەمەسمىز ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان كىم بار ؟ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن ، يەنە ئۆزىنى ئەيىبلەۋەرسە بولمايدۇ . بولمىسا چۈشكۈنلىشىپ ، يەنە بۇرۇنقى پاتقاق يولغا مېڭىپ قالىدۇ .

— لېكىن ، ئەمدى مېنىڭ يەنە بىرەر ئادەمنى سۆيەلىشىم ۋە باشقا ئادەمنىڭ مېنى سۆيۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ،— دېدى مۇقەددەس .

— نېمە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ؟ — دېدىم مەن ، — سىڭلىم ، سىز مۇنداق چۈشكۈنلۈكنى نەدىن يۇقتۇرۇۋاتىسىز ؟

www.uyghurkitap.com

سىز باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش ئەركىنلىككە، سۆيۈش ۋە
سۆيۈلۈش ھوقۇقىغا ئىگە. بۈيۈك رۇس شائىرى پۇشكىن يازغى-
نىدەك: «ياشلىق دېگەن قۇشتىنمۇ ئەركىن، مۇھەببەتنى توسال-
ماس ھېچكىم.» شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋېن جىي
يازغىنىدەك: «سۆيگۈگە قارا كۈچ بولالماس ھاكىم، مۇھەببەت
ئالدىدا مەغلۇپتۇر زورلۇق.» ئادەم تۆرەلگەنىكەن، ياشاش، ھا-
ياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، مۇ-
ھەببەتكە ئېرىشىش — ھاياتتىكى ئەڭ زور بەخت. سۆيۈلۈش
ئۈچۈن سۆيۈش كېرەك. چۈنكى سۆيگۈچى سۆيۈلگۈچىدىن مۇقەد-
دەس بولىدۇ، چۈنكى تەڭرى سۆيۈلگۈچى بىلەن ئەمەس، سۆيگۈ-
چى بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇھەببەت، خۇددى فرانسىيە يازغۇچى-
سى ستېندال ئېيتقاندەك تۆت خىل بولىدۇ: قىزغىن مۇھەب-
بەت، قىزىقارلىق مۇھەببەت، جىسمانىي مۇھەببەت، ئابرۇي
ئۈچۈنلا باغلانغان مۇھەببەت. قېنى، سىڭلىم، سىزگە بۇلاردىن
قايسىبىرى كېرەك؟ بۇلار ئىچىدە قىزغىن مۇھەببەتلا ھەقىقىي
ۋە ئەبەدىيلىك مۇھەببەت.

— مەن سۆيگەن ھەم سۆيۈلگەن، بىراق ئاقىۋىتى نېمە
بولدى؟ — دېدى مۇقەددەس، — مەن سىلى قايتا ئۇچراتقان چاغ-
دىكى ھالغا قالدىم. بەلكىم شۇ چاغدىكى مۇھەببىتىم قىزىقارلىق
بولۇپ، جىسمانىي مۇھەببەت بىلەن ئارىلاشقان بولسا كېرەك.
سىلى بىلەن قايتا كۆرۈشكەندىن كېيىن، قەلبىمدە قايتىدىن
ئۈمىد شامى ياندى. بۇ يېڭى ھايات شامى، شادلىق شامى، مۇھەب-
بەت شامى ئىدى. ھازىر بۇلار ئىچىدىن مۇھەببەت شامى يەنە
ئۆچتى. بايا «مۇنداق چۈشكۈنلۈكنى نەدىن يۇقتۇرۇۋاتىسىز؟»
دېدىلە، بۇ چۈشكۈنلۈك ئەمەس، — مۇقەددەس بىر تاتلىق كۈل-
دى، — مەن پەقەت سىلىگە كۆڭلۈمگە كەلگەن گەپنىلا دېدىم.
مەن ياشايمەن، ياشىغاندىمۇ مەردانە، شاد - خۇرام، بەختىيار
ياشايمەن. سىلىدەك، پەرىزاتتەك جان كۆيەر ئاكا - ھەدىلىرىم
تۇرسا مەن نېمىدىن مۇڭلىناتتىم؟! مەن ھازىر شۇنى تولۇق
چۈشەندىمكى، خۇددى جېك لوندون ئېيتقاندەك، بەخت ھامان

ئادەم بىلەن بىللە ئىكەن ، ئادەم ئۇنى بىلىپ ـ بىلمەي ياشايدى-
كەن ، سەن بەختتىن مەقسەتلىك ھالدا ھوزۇرلىناي دېگەندە ، ئۇ
ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىكەن .
— توغرا ،— دېدىم مەن ،— بەخت ھامان ئۆز قولىڭىزدا .
سىز ياشىغان ، ياشىيالىغان ئىكەنسىز ، شۇنىڭ ئۆزى بەخت .
ئۇنىڭغا بەربىر مۇھەببەت بەختىمۇ قوشۇلىدۇ . دۇنيادا ئۆزى
نامرات بولسىمۇ ، سەمىمىي ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەركىن-
لىكىگە ئىگە ئادەملەر ئەڭ بەختلىك بولىدۇ .
ھېيگو توغرا ئېيتىدۇ : ئادەم ماددىي شارائىتتا مەۋجۇت
بولىدۇ ، غايە تىكلىگەندىلا ياشىيالايدۇ . سىز مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش بىلەن ياشاشنىڭ پەرقىنى چۈشىنەمسىز ؟ ھايۋان مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ ، ئىنسان بولسا ياشايدۇ . ئىنسان ياشاش ئۈچۈن
جەسۇر ، زېرەك ، بىلىملىك ، ئىقتىدارلىق بولۇشى كېرەك . بول-
مىسا ، ھاياتنىڭ ئاجايىباتلىرىنى بىلەلمەي ، ئۇنىڭ سىرىنى يې-
شەلمەي ، ياشاش يولىنى تاپالماي قالىدۇ . بەزىدە سىنىڭ ھاياتىڭ-
دىكى يوقالغان بىر ئەرزىمەس نەرسە ھەممە ـ ھەممىگە ئايلىنى-
شى ، بەزىدە بولسا ، ئاشۇ ھەممە بىر ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنى-
شى مۇمكىن . بىز ھاياتنى بىر گۈل قاچىسىغا ئوخشاتساق ،
ئۇنىڭدىكى ئادەم ئوڭايلىقچە سەزگىلى بولمايدىغان يېرىقتىن ھەم-
مە نەرسە ئاستا ـ ئاستا سىزىپ ئېقىپ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن .
بىز ئۆتكۈر كۆز ۋە ئەقىل بىلەن سۈۋاپ ـ سۈۋاركىلاپ ماڭمى-
ساق ، بىزنىڭ ياشاش يولىدا يىقىلغىنىمىز يىقىلغان . ئادەم گويا
بىر دەرەخ ، ئۇنىڭغا كۈننىڭ ئىللىق نۇرىمۇ چۈشىدۇ ، يامغۇر ،
شەبنەملەرنىڭ مېھرىمۇ يېتىدۇ ، شۇنداقلا بوران ـ چاپقۇنلار
سوققىمۇ بېرىدۇ . لېكىن ئۇ ھامان مېۋە بېرىدۇ . تاگور ئېيتقاندە-
دەك ، مېۋە بېرىش ئېسىل ئىش ، ناۋادا مېۋە بېرەلمەي ، چىراي-
لىق چېچەك ، گۈللىرى بىلەن گۈزەللىك ئاتا قىلىشىمۇ ئوبدان
ئىش . بولمىغاندا يوپۇرماق بولۇشىمۇ كۇپايە . چۈنكى يوپۇرماقمۇ
كەمتەرلىك بىلەن ، جان پىدالىق بىلەن مېۋە ، گۈلنى ھىمايە
قىلىپ سايە تاشلاپ تۇرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# *6*

كەچكى شەپەق ئاسمانىنى قىزىللىققا پۈركىگەن .

مەن ئىشتىن قايتىپ كېلىشىمگە ياش دەرۋازىۋەن «سىلىگە خەت كەپتىكەن» دەپ بىر كونۋېرتنى تەڭلىدى . گەرچە كونۋېرتقا ئىسىم يېزىلمىغان بولسىمۇ ، بىرلا قاراپ خەتنىڭ گۈلناردىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم . قورۇغا كىرىپ سېرىنگۈل تۈۋىگە ئورنىتىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم - دە ، كونۋېرتنى ئاچتىم :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئۇمىدجان ئاكا !

ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامىلا ؟ خىزمەت ، ئىجادىيەتلىرى ئۇتۇقلۇق كېتىۋاتامدۇ ؟

مەنغۇ سىلىگە ھەر دەم - ھەر دەقىقە ئاللادىن ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ تۇردۇم . بىراق سىلى ئۇنتۇپ قاللىمۇ ، ئۈرۈمچىگە كېتىۋېلىپلا بىرەر پارچە خەتمۇ يازمىدىلا ئادەمنى شۇنچە ئەنسىرىتىپ…

جېبران خېلىل جېبران : «سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە كۈلگەن ئادەمنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن ؛ ئەمما ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يىغلىغان ئادەمنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايسەن» دېگەنىكەن . سىلى مېنىڭ يۈرەك دەردلىرىمنى ئەڭ چۈشەنگەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆككەن ، ماڭا ئەڭ زور روھىي تەسەللى بەرگەن ئادەم . شۇڭا مەن سىلىنى ئەبەدىي ئۇنتۇيالمايمەن ، ئۇنتۇمايمەن . سىلى مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياشاپ كەلدىلە ۋە مەڭگۈ نۇرانە چاقناپ تۇرغان چولپاندەك ياشايلا .

ئۇمىدجان ئاكا ، بۇرۇن ئېپادىلىمىگەن ، ئېپادىلىگەندىمۇ تولۇق ئېپادىلىمىگەن بولسام ، ئەمدى ئېنىق دەي :

مەن سىلىنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن— سۆيىمەن . سىلىگە ئۆمۈرۋايەت سادىق جورا بولۇشنى خالايمەن .

سىلى مېنىڭ يۈرەك ـ قەلبىمگە سىڭىپ كىرگەندە ، مەن تېخى مۇھەببەت كۆزلىرى يۇمۇق سەبىي قىز ئىدىم . سىلى ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ساددا ، ئەمما يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى بىلەن مېنىڭ ئادەم ئاياغ باسمىغان ، كەتمەن ئىزى چۈشمىگەن بوزغا ئوخشاش قەلبىمگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى تەرگەندە ، مەن : «قىز ـ يىگىتلەر مۇشۇ ئەسەرلەردىكىدەك مۇھەببەتلىك ، سەمىمىي ، سادىق ، ۋاپادار بولسا ـ هە !» دەپ ئويلىغانىدىم . شۇ قىزنىڭ ، زوقلىنىش تۈپەيلى ، ئۇ ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان ، ئۆزلىرىنى كۆرۈشكە تەلپۈنگەن— تەشنا بولغانىدىم . بۇ تەشنالىق ئاخىر سىلىنى سۆيۈش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى . مەن پەقەت كىتابلاردىكى سۈرەتلىرىنى سۆيۈپ ، سىلىگە غايىبانە ئاشىق بولدۇم . لېكىن بۇ بىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئەخمىقانە ئىشتەك تۇيۇلۇپ ، بۇ سىرىمنى هېچ كىشىگە ، هەتتا ئەڭ يېقىن دوستلىرىم بولغان گۈلناز بىلەن مۇقەددەسكىمۇ ئېيتمىدىم . بىراق مۇقەددەس ناهايىتى سەزگۈر ئىدى ، ئۇ مېنىڭ سىلىگە ئاشىق ئىكەنلىكىمنى سېزىپ قالدى . ئەمما بۇ توغرىسىدا ماڭا پەقەت گەپ قىلمىدى . ئەگەر شۇ چاغلاردا ، كىمدە كىم مەندىن بۇ هەقتە سوئال سوراپ قالسا ، مەن جەزمەن «ياق ، ئۇنداق ئىش يوق !» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم . چۈنكى ، مەن «هەئە ، شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرسەم ، ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلگەن بولاتتى ، «بۇ قىزنىڭ كاللىسىنىڭ ۋېنتىلىرى كەممۇ ، قانداق ؟ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماقچى بولۇۋاتامدۇ ، قانداق ؟ يىقىلىپ چۈشسە كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىشىنى بىلمەمدۇ ، بەك ئېگىز شاخقا ئېسىلىۋاتامدۇ ، قانداق ؟... » دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن ئىدى . بىزنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىـ
شىمىز گويا ۋال ـ ۋۇل قىلىپلا ئۆچكەن چاقماقتەك بولسىـ
مۇ ، ئەمما ئۇ چاقماق مېنىڭ قەلبىمدە ئۆچمەس نۇر ـ
ئەبەدىيلىك خاتىرە قالدۇردى . ئاھ... شۇ كۈنكى روھىي
ھالىتىمنى سۈرەتلەشكە لايىق سۆز تاپالمايمەن ، ناۋادا مەن
بىر كاتتا سۆز ئۇستىسى— شائىر بولغىنىمدا ، بەلكى ئاز ـ
تولا سۈرەتلەپ بېرەلىگەن بولار ئىدىم . گويا يۈرىكىمگە بىر
پارچە چوغ چۈشكەندەك ، يۈرىكىم كاۋاپتەك پىژىلداپ كۆيـ
گەندى ؛ گويا نازۇك قىل چوغ ئۈستىگە چۈشكەندەك— مەن
تولغىنىپ ، ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقاتقاندىم ؛ كۆز ئالدىمدا
نۇرانە ماياك پەيدا بولغاندى ، ئۇ مېنىڭ مۇھەببەتلىك ھايات
يولۇمغا نۇر چاچقاندى ؛ تومۇرلىرىمدا ئۆركەش ياساپ ،
قىن ـ قىنىغا پاتماي ئېقىۋاتقان مۇھەببەت قانلىرى ئاخىر
لەۋلىرىمگە يىغىلغاندى . مەن «بىر سۆيۈۋېلىپ ئۆلۈپ
كەتسەممۇ ئارمانسىز كېتەرئىدىم» دەپ ئويلىغاندىم ، لېـ
كىن «ھايالىق كىشى— باھالىق كىشى» دېگەن ھېكمەت
يادىمغا كېلىۋېلىپ ھەم قىزلىق نومۇس كۈچى تۇپەيلى ئۆـ
زۈمنى تۇتۇۋالغاندىم . بولمىسا ، شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى باغرىـ
لىرىغا ئاتقان بولار ئىدىم...

«مۇھەببەت دۇنيادا بىردىنبىر ئەركىن ئىستەك ، قەلب
ئوچىقىدا تاۋلىنىپ چىققان جەۋھەر ،— دەيدۇ جىبران خېـ
لىل جىبران ئۆزىنىڭ ‹سۇنغان قانات › ناملىق پوۋېستىـ
دا ،— ئىنسانىيەت قانۇنلىرى بىلەن ئەنئەنىلەر ، تەبىئەتنىڭ
تۈرلۈك ـ تۈمەن ئەقىدىلىرى ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ .»
مەن بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ ،
ئەينى چاغدا قەلبىم ئىستىكىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ ،
يەنىلا مۇھەببىتىمنى ئاشكارىلىمىدىم . بەلكىم كېيىنكى
كۈنلەردە تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتتە تارتقان خورلۇق ، ئازابلىـ

ـرىم مېنىڭ ئەنە شۇ سەۋەنلىكىمگە بېرىلگەن جازا بولسا كېرەك . چۈنكى مەن دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەركىن بولىدى-غان مۇھەببەتنى بوغقانىدىم ، ئۇنىڭ بوي تارتىپ چېچەكلى-شىنى ، مېۋىلىشىنى توسۇغانىدىم . ئەنە شۇ خورلۇق ۋە ئازاب تارتقان كۆنلىرىمدە : « بەلكىم ئۆز ۋاقتىدا مۇھەببى-تىمنى ئاشكارىلىغان بولسام ، ئۇنى ئۈمىدجان ئاكا قوبۇل قىلغان بولسا ، بىز خۇددا قوشقان قوشماقلاردەك ، بىر - بىرىگە ھۆسن قوشىدىغان ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ياقۇت كۆزدەك ئەبەدىي ئايرىلماي خۇشال - خۇرام ياشار ئىدۇق » دەپ كۆپ ئويلاندىم . شۇنداقلا جىبرانىنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندىم .

ئۈمىدجان ئاكا ، مۇھەببەتنى ھەقىقەتەن ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدىكەن ، ئۇنى يوقىتىۋېتەلمەيدىكەن . خۇددى سىلى بىر ھېكايىلىرىدە يازغاندەك ، مۇھەببەتتە يۇقىرى - تۆۋەنلىك بولمايدىكەن ، ئۇ ئەمەلگىمۇ ، پۇل - بايلىققىمۇ ، نامرات - گادايلىققىمۇ قارىمايدىكەن ، يىراق - يېقىنلىقنىمۇ سۈرۈشتە قىلمايدىكەن . مەن سىلىنى بىرلا رەت كۆرگەن بولسامىمۇ ، سىلى مەندىن بەك يىراقتا تۇرسىلىمۇ ، مەن سىلىنى بارغانچە بەك سېغىنىدىغان ، ئەسلەيدىغان ، خىيالەن سۆزلىشىدىغان بولدۇم . ھەتتا سىلىنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋاپادار يىگىت - قىزنى «سىلى ۋە مەن» دەپ قاراپ ، ئۇلار-نىڭ ئىسىملىرى ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ ئىسىملىرىنى ئالماش-تۇرۇپ ، ئىككىمىز سۆزلىشىۋاتقاندەك ھالەتتە ئوقۇيدىغان بولدۇم . بۇنىڭدىن كۆڭلۈم شۇنچە سۆيۈنەتتى ، خورلانغان ، ئازابلانغان يۈرىكىم بەخت جۇلابىغا قاناتتى - دە ، ئۆزۈمنى يەڭگىل ، خۇش چاغ سېزەتتىم . مېنىڭ ئاشۇ چاغلاردا مۇ-شەققەت ، بېشىمغا چۈشكەن خورلۇقلارنى ، ھەتتا ئۆلۈپلا ھەممىدىن بىر يولى قۇتۇلۇشتەك خىيالنى يېڭىشىمگە سىلى

غايىبانە مەدەت بەرگەندىلە . مېنىڭ جېنىم سىلىگە تەئەل-
لۇق ، ئۇنى قاچان خالىسىلا ، سىلىگە تارتۇق قىلىشقا تەي-
يارمەن . جېبرانىنىڭ سۆزى ھەق ئىكەن : ئېچىنىشلىق تەق-
دىر زەخىملەنگەن يۈرەكلەرنى يېقىنلاشتۇرىدىكەن ، ئۇلارنى
ھەرقانداق شادىيانىلىقلار بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتەلمەي-
دىكەن ، قايغۇ يېپلىرى شادلىق ياشلىرىدىن پۇختا ئىكەن ،
ياش بىلەن يۇيۇلغان مۇھەببەت ساپ ، گۈزەل ۋە مەڭگۈلۈك
بولىدىكەن .

تۈنۈگۈن مۇقەددەستىن خەت كەلدى ، بەلكىم مۇشۇ
خەت كەلمىگەن بولسا ، مەن تاكى سىلىدىن خەت كەلگەنگە
قەدەر ياكى خەت كەلمىسە ، بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە
سەپەر قىلغىنىمغا قەدەر سىلىگە خەت يازمىغان بولار ئىدىم .
مۇقەددەس خېتىدە ھازىرقى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي يازغاد-
دىن كېيىن مۇنداق يېزىپتۇ :

«گۈلنار ، سۆيۈملۈك دوستۇم ، مەن سېنى قۇتلۇقلاي-
مەن . سەن ئاخىر ئۆز ئارزۇيۇڭغا يەتكەندەك قىلىسەن .
سەن بۇرۇن ئۇمىدجان ئاكىنى غايىبانە سۆيەتتىڭ ، مانا
ئەمدى ئۇمىدجان ئاكا ساڭا ئاشىق . مەن ئەلۋەتتە بۇ نۆۋەت
ئۇمىدجان ئاكا بىلەن كۆرۈشكىنىڭدە نېمىلەرنى دېيىشكەد-
نىڭلارنى ، سېنىڭ ئۆز مۇھەببىتىڭنى ئاشكارىلىغان - ئاش-
كارىلىمىغانلىقىڭنى ، ئۇمىدجان ئاكىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب
بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن . لېكىن ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنى
كۆرۈشكىلى بارغىنىمدا كۆرگەن - ئاڭلىغىنىم ئۇنىڭ ساڭا
ئاشىق ئىكەنلىكىگە تولۇق دەلىل بولالايدۇ . مەن پەرىزات
بىللە بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا ، ئۇمىدجان ئاكا ياتاق
ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقانىكەن . مەن يېنىغا كىرسەم ئۇ تۇيمىدى .
ئۇخلاش ئالدىدا كىتاب ئوقۇغان بولسا كېرەك ، ياستۇقىدا

بىر كىتاب ئوچۇق پېتى تۇرۇپتۇ . مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم . ئۇ جېبرانىنىڭ «سۇنغان قانات» ناملىق پوۋېستى بار كىتاب ئىكەن . شۇنداق قارىسام، ئۇ سەلىمەنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن قۇرلاردىكى «سەلىمە» دېگەن ئىسمنى قېرىنداش بىلەن «گۈلنار»غا ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ . ئۇ قۇرلار مانا مۇنداق: «گۈلنارنىڭ قىزىلگۈلدەك چىرايى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى باھالاش ئۆلچىمىگە چۈشمەيدۇ . ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالاھىدىلىك تولىراق چۈشكە ، خىيالىي مەنزىرىلەرگە ئوخشىغان ، مۇقەددەس ئوي - پىكىرلەرنىڭ پاكلىقىنى دورىغان ، ئۇنى ھەرقانداق چىراي بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىككە بىرنېمە دەپ نام قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . رەسسامنىڭ قەلىمىمۇ ئۇنى ئەينەن سۈرەتلەشكە ئامالسىز ، ھەيكەلتىراشمۇ ئۇنىڭ ھەيكىلىنى مەرمەر تاشتىن ياساشقا چارىسىز . گۈلنارنىڭ گۈزەللىكى چاچلىرىدا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ چاچلىرىنى سۆيۈپ تۇرغان مۇقەددەس نۇردا ؛ ئۇنىڭ گۈزەللىكى چاقناپ تۇرغان كۆزىدە ئەمەس ، بەلكى كۆزلىرىدە يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ ئوتتا ؛ ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرىدەك نېپىز لەۋلىرىدە ئەمەس ، بەلكى شۇ لەۋلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان شېرىن - شەربەت سۆزلىرىدە ؛ ئۇنىڭ گۈزەللىكى پىل چىشىغا ئوخشايدىغان ئاپئاق بوينىدا ئەمەس ، بەلكى بويىنىنىڭ ئالدىغا سەل - پەل ئېگىشكەن قىياپىتىدە ؛ گۈلنارنىڭ گۈزەللىكى تەن تۈزۈلۈشىنىڭ كامالەتكە يەتكەن زىباللىقىدا ئەمەس ، بەلكى يۈكسەك مەنىۋى روھىنىڭ چوغدىن كۆتۈرۈلگەن ۋە شۇ چوغنىڭ كۆز يەتمەس زېمىن بىلەن پايانى يوق ئاسمان بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدا قىزىرىپ كۆيۈۋاتقان سۈزۈك يالقۇنىدا .» مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا ، سۆيۈملۈك دوستۇم ، ئۆپكەم ئۆرۈل-

دى ، كۆز چاناقلىرىمغا لىققىدە ياش تولدى ، پۈتۈن ئالەم تەتۇر چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى ، يۈرىكىمگە تولىمۇ گال پىچاق سانجىلغاندەك بولدى . نېمە ئۈچۈن دەمسەن؟ مەن سېنى ئالدىيالمايمەن ، دوستۇم ، راست گەپنى قىلاي ، مەنمۇ ئۇمىدجان ئاكىنى ياخشى كۆرەتتىم ، بۇرۇن ھۆرمەت يۈزىد-سىدىن سىڭىللىق مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرگەن بول-سام ، ھازىر — قايتا كۆرۈشۈپ ، ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقاندىن بۇيان قىزلىق مۇھەببىتىم بىلەن كۆيگەنىدىم . كۆيگەن قىز ئۈچۈن ئاشۇ كۆيگەن يىگىتىنىڭ باشقا بىر قىزنى ئاشۇنداق مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئارتۇق ئازاب بولامدۇ؟ مەن قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىر ئازاب ئىچىدە چىقىپ كېتەي دەپ ئىشىك تۇۋىگە بېرىشىمغا ، ئۇ-مىدجان ئاكا چۈش كۆرگەن ۋە چۈشىدە سەن بىلەن سۆزلەشكەن بولسا كېرەك ، «گۈلنار !» دەپ تۇۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى . مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ، ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم...

ئاھ... گۈلنار ، مەن مۇھەببەتتە بىر رەت زەربىگە ئۇچرىغان ۋە شۇ تۈپەيلى ھاياتلىق يولىدا گاڭگىراپ ، ئۆ-زۈمنى بەربات قىلىشقا تاسلا قالغانىدىم . بۇ قېتىمقى زەربە راستىنلا بەك ئېغىر كەلدى ، تارتقان ئازابىمنى ساڭا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن ، ئۇنداق كۈن ھەرقانداق ئىن-سان بالىسىنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن .

لېكىن مەن كۆپ ئويلاندىم ، گۈلنار . ئاخىر شۇنى چۈشەندىمكى ، مېنىڭ ئۇمىدجان ئاكىنى سۆيۈش ھوقۇقۇم بولغىنى بىلەن ، ئۇنى «مېنى سۆيۈڭ» دەپ زورلاش ھوقۇ-قۇم يوق . كىمنى سۆيۈش ئۇمىدجان ئاكىنىڭ ئۆز ئەركىن-لىكى . ئۇمىدجان ئاكا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ماڭا ، پەرىزاتقا شۇنداق كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ ، بىزنىڭ ئۆتمۈشىد-

مىزنى كەچۈرۈپ ، ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈپ ئىززەتلەۋاتى-
دۇ ، بىزنىڭ ھاياتلىق قايىنىمىدىكى خەتەردىن قۇتۇلۇپ ،
ھالال ۋە بەختلىك ياشىشىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ تىرى-
شىۋاتىدۇ . ئۈمىدجان ئاكىنىڭ بىزدىن قەرزى بارمىدى ؟
ياق ! بىز ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ، ئاچا - سىڭلىسىمى-
دۇق ؟ ياق ! شۇنداق ھالدا ئۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن كۆيۈنۈۋا-
تىدۇ ؟ ۋىجدان بۇرچىنى ئاقلاش ئۈچۈن . بىلىمەن ، گۈلنار ،
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زور بەدەل تۆلەۋاتىدۇ . بىز ئۇنىڭغا قەرز-
دار ، بۇ قەرزنى ئۆمۈر بويى تۆلەپ بولالىشىمىز مۇمكىن
ئەمەس . شۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ ئۇنىڭدىن رەنجىشكە نېمە
ھەققىم بار ؟ راست ، گۈلنار ، مەن شۇ تاپتا سەن ئۈچۈن
خۇشال . سەن ئۈمىدجان ئاكىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولا-
لىدىڭ ، بۇ سەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئەمەسمۇ ؟ سېنىڭ
دوستۇڭ بولغان مەن ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق ئەمەسمۇ ؟
سەن دوستۇم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقىنىم يوق ،
ئۈمىدجان ئاكىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ھەرقانداق قىز
بەختلىك . ئۈمىدجان ئاكا ھەقىقەتەن سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان
ئادەم . ئۇنىڭغا سەن ، مەنلا ئەمەس ، يەنە نۇرغۇن قىز ئا-
شىق . ئەمما ئۇ شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن سېنى تاللىغان-
كەن ، سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك سانىساڭ بولىدۇ··· »

گەپ مانا شۇنداق ، ئۈمىدجان ئاكا ، مەن مۇقەددەسنىڭ
بۇ خېتىدىن خۇشال بولدۇم ھەم ئازابلاندىم . سىلى بىللە
بولغان كۈنلەردە شۇنچە كۆپ ئۇرۇنۇشلىرىمغا ئېنىق ئىپادە
بىلدۈرمىگەن ، پەقەت ئازراقلا ئۈمىدلەندۈرگەنىدىلە . ئەگەر
مۇقەددەسنىڭ يازغانلىرى راست بولسا ، مەن ئۆزۈمنى چەك-
سىز بەختىيار ھېسابلايمەن . لېكىن مۇقەددەسكە ئىچىم
ئاغرىپ قالدى . مەن شۇ بىچارىگە ئۇۋال قىلىپ قويدۇممۇ ،
قانداق ؟ ئەگەر بۇ نۆۋەت بىز كۆرۈشمىگەن بولساق ، سىلى

ئۇنى سۆيۈپ قالارمىدىلە؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، مۇقەددەس ئېيتقاندەك، مۇھەببەت ئەركىن نەرسە، كىمنى سۆيۈش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ھوقۇقى. مۇھەببەت خەير ــ ساخاۋەتمۇ ئەمەس، نورمال مېھرىبانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى تامامەن ھېچ كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان خۇسۇسىي نەرسە. مۇھەببەت ئۆز ئىختىيارلىق ئاساسىدا تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ پەرۋىشلەپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە. مۇقەددەس «ئەگەر ئۇمىدجان ئاكا سەندىن باشقا قىزنى سۆيگەن بولسا، مەن ئۇنداق قىز بىلەن رىقابەتلىشەتتىم» دەپتۇ. مەن بۇ سۆزگە قوشۇلىمەن، مۇھەببەتتە ئەنە شۇنداق رىقابەتلىشىش روھى بولۇشى كېرەك.

ئۇمىدجان ئاكا، مۇقەددەسنىڭ خېتىدىن قارىغاندا، جىبرانىنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان پوۋېستى «سۇنغان قانات»نى سىلىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايلا. بۇنىڭدا مۇنداق سۆز بار: «گۈزەللىك — تىلنىڭ ياردىمى بىلەن لەۋلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىدىغان تاۋۇشقا، سۆز بوغۇملىرىغا موھتاج بولمىغان ئەرشكە مەنسۇپ بىر خىل ئۆلمەس تىل. گۈزەللىك پەقەت بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزلا چۈشىنىدىغان سىر، روھىي دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ. گۈزەللىك — سېزىم ياكى كۆز بىلەن بايقىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئېقىم، كۆرگۈچى بىلەن كۆرۈنگۈچىنىڭ جىسمىدا دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان دولقۇن چېچەكلىرى. ھەقىقىي گۈزەللىك يۈرەكنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايىدىن ئۇرغۇپ، خۇددى مېۋىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ شاخلىرىدىكى چېچەكلەرگە رەڭ بېرىپ، ئۇنى ئېچىلدۇرغانغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى نۇرلاندۇرىدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىك قىز بىلەن يىگىتتە قىسقا دەقىقىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، يەنە شۇنداق قىسقا

دەقىقە ئىچىدە ئۇلاردا ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىرخىل ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ . روھىي جەھەتتىكى مۇنداق ئۆز- گىرىشنى بىز مۇھەببەت دەپ ئاتايمىز .» ئۇممىدجان ئاكا ، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق ئەڭ يۇكسەك گۈزەللىك ئىكەن ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن داغ چۈشۇ- رۇشكە ھەققىمىز يوق . مېنىڭمۇ ، مۇقەددەسىنىڭمۇ ، باشقا ھەرقانداق قىزنىڭمۇ سىلىنى سۆيۇش ھوقۇقى بار ، كىمنى سۆيۇشمۇ سىلىنىڭ ئۆز ئەركىنلىكلىرى . مۇقەددەسقۇ توغرا چۈشىنىپ ، بۇ رىقابەت سورۇنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلى- قىنى بىلدۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ مۇنداق ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت . بىراق يالغۇز قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ ، بىز سۆيگەن بىلەن سىلى سۆيمىسىلە بىكار . يەنە بىر تەرەپتىن ، مۇھەببەتتە ماڭمۇ ھېسداشلىق ، خەير ـ ساخاۋەت كېرەك ئەمەس . مۇبادا سىلى مۇقەددەسنى ياكى باشقا بىر قىزنى سۆيسىلىمۇ مەيلى ، مەن ئوخشاشلا خۇشال . مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىيلىقى سۆيگۈچىنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئېرىشىشىدە ئەمەس ، بەلكى سۆيۇلگۈچىنىڭ خۇشاللىقى ، بەختىنى كۆزلىشىدە ئى- پادىلىنىدۇ . مەن سىلىنى سۆيگەنلىكىم ئۇچۇن بەختلىك- مەن . بۇ سىلىنىڭ سۆيۇشلىرى بىلەن تېخىمۇ تاكامۇللىشى- دۇ ، لېكىن سۆيمەسلىكلىرى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ . سىلى سۆيمىگەندە ، بەلكىم تۇرمۇش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن مەن بىرەر ئەركەك بىلەن توي قىلارمەن ، لېكىن ئۇ جىس- مىمغا ئېرىشكىنى بىلەن يۇرىكىمگە — مۇھەببىتىمگە ئېرى- شەلمەيدۇ . مېنىڭ مۇھەببىتىم پەقەت سىلىگە تەئەللۇق . ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشكىمۇ رازىمەنكى ، ئۇنى باشقا بىرى- گە بېرەلمەيمەن .

خەيرخوش !

سىلىگە ئامانلىق تىلەپ : گۈلنار .

www.uyghurkitap.com

مۇقەددەسنىڭ مىسكىنلىكىنىڭ سىرى ئەمدى تولۇق ئاشكا-
رىلانغانىدى . بۇنى مەن پەملىگەنلىكىم ئۈچۈن ئارتۇقچە سۈرۈش-
تۈرۈپ كەتمىگەن ، ئۇنىڭ هامان توغرا چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا
ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بەك پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىدىم . مانا شۇ
تاپتا مېنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىم پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى : جېب-
ران : «شەرقنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى ئۆزلىرى ئېرىشكەن
شان ـ شۆهرەت بىلەن هوقۇقتا هەرگىز قانائەت قىلمايدۇ . ئۇلار
يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ بار ئىمكانىيىتى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇ-
زۇپ ، خەلقنى قۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان
تەييار تاپلارغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ… ئۇلارنىڭ شۆهرى-
تى خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك ، ئۇلار تېخى بۇ دۇنيادىن خوش-
لاشماي تۇرۇپلا بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە
يۇقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ ئېپىسكوپلىرى ، ئىس-
لام دىنىنىڭ ئاخۇنلىرى ، براخما دىنىنىڭ روهانىيلىرى كىتلارغا
ئوخشاش ، سانسىز چىشلىرى ئارقىلىق ئۆز قۇربانلىرىنىڭ قېنى-
نى شورايدۇ ، تېنىنى چايناپ پۇركۈيدۇ» دېگەنىدى . گەرچە بۇ
سۆزنىڭ دېيىلگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان ، ئۇنىڭدا كۆزدە تۇ-
تۇلغان دەۋران كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ساقىن-
دىلىرى تۈگەپ كەتمىگەن ، دىنىي خۇراپاتلىق ، بەزى يارامسىز
ئەنئەنىلەر خەلقنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى يەنىلا بوغۇشلاپ تۇرغان ،
ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، ئۆزگىلەرنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى دوراش ،
پۇلنى هەممىدىن ئەلا بىلىش تۈپەيلىدىن ئەخلاقىي بۇزۇلۇش
يامراۋاتقان شارائىتتا چوڭ بولغان گۈلناردەك قىزنىڭ مۇهەببەت
هەققىدىكى قاراشلىرى ، مۇقەددەسنىڭ مەردانىلىكى ئادەمنىڭ
زوقىنى قوزغىمامدۇ ؟ مانا شۇ سۆيۈملۈك قىزلار ئالدىدا « ئۇيغۇر
قىزلىرى مۇهەببەتنى چۈشەنمەيدۇ ، پۇل ئۈچۈن ئاشنىدارچىلىق
قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ » دەپ دەۋا قىلىدىغان نەسىردىن
ئەپەندىنىڭ يۇڭلۇق ئېشىكچىلىك ئەقلى يوق كىشىلەر نېمە دەي-

دىكىن؟ ھە، ئۇلار دوزاخنىڭ ئوتىنىمۇ قورقماي يۇتۇۋېتەلەيدى-
غان ئېغىزلىرىنى ئاچالماي قالىدۇ. مۇھەببەت ۋە مۇھەببەت
قەدرىنى پەقەت سۆيگۈ ئوتى بىلەن يانغان كىشىلەرلا چۈشىنەلەي-
دۇ. سۆيگۈ ئىستىكى بولمىغان، قەلبى مۇز، مۇھەببەتنى پەقەت
جىنسىي تەلەپنىلا قاندۇرۇش دەپ قارايدىغانلار مۇھەببەت ۋە
مۇھەببەت قەدرىنى، گۈلنار، مۇقەددەستەك ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ
قەلبىنى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟! ئەقلىگە نەپسى مىنگەن كى-
شىلەر ئۈچۈن مۇھەببەت تېز پەيدا بولۇپ، تېز يوقىلىدىغان،
ھەم بار، ھەم يوق بىر ھەۋەس، ئەمما چىن ئىنسان ئۈچۈن
مۇھەببەت ۋىجدانغا تالىق ئۆلمەس يۈرەك جەۋھىرىدۇر.

## *7*

ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمىزدا «كۆرۈشەرمىز كۈندە بىر» دەپ
ناخشا ئېيتىدىغان سېنتەبىر يېتىپ كەلگەنىدى. ئۈرۈمچىنىڭ
ھاۋاسى خېلىلا سالقىنلاپ قالغان، ئەتىگەن - كەچقۇرۇنلىرى
چاپان كىيمىسە، سوغۇق ئادەمنىڭ بەدىنىنى ئوبدانلا قورۇيتتى.
كوچا - كويلارنىڭ ئەپچىل جايلىرىغا قوغۇن - تاۋۇزلارنى دۆۋى-
لىۋالغانلار، ھارۋا - غالتەكلەرگە ئانار، ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈت
قاچىلىۋالغانلار ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپ-
تۈرۈپ توۋلىشاتتى. ئاكاتسىيەلەرنىڭ كۈزدە بالدۇرلا سارغىيى-
دىغان يوپۇرماقلىرى ئىزغىرىن شامالدا ئۇيان - بۇيان ئۇچۇشات-
تى. لېكىن كوچا گۈلزارلىقلىرىغا تېرىلغان، دوقمۇش - دوق-
مۇشلارغا ئالاھىدە تىزىلغان كۈز گۈللىرى كۈندىن - كۈنگە
سۇباتلىشىۋاتقان بۇ شەھەرگە باھار تۈسى بېرىپ تۇراتتى.
بىر - بىرىگە ياندىشقان ھەيۋەتلىك بىنالار گويا كۆك يۈزىدىكى

كۆز بۇلۇتلىرىنى يىراق قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ، كۆككە بېشىنى مەغرۇر تىرەپ تۇرۇشاتتى . بىنالارغا ، يوللارغا ، يول بويىدىكى رېشاتكىلارغا تارتىلغان خىلمۇخىل رەختلەرگە يېزىلغان خەتلەر يېڭىلا ئاياغلاشقان «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى»نىڭ غەلىبىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى .

مەن ئىشخانامدا ژۇرنالىنىڭ يېڭى سانى ئۈچۈن تەييارلانغان ئەسەرلەرنى كۆرۈۋاتاتتىم ، بىردىنلا تېلېفون جىرىڭلىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ئۈمىدجان ئاكىمۇ ؟

— شۇنداق ، مەن ئۈمىدجان .

— مەن مۇراتجان ، ھېلىقى ئۆيلەرنى بېزەشنى بىزنىڭ بالىلار تاماملىغانىكەن . ئىشتىن چۈشكەندە بېرىپ كۆرۈپ باقامسىز ؟

— سىلەرنىڭ بالىلار بەك چاققانغۇ ؟ بولىدۇ ، كۆرۈپ باقاي . سىزمۇ بارامسىز ؟

— كەچتە مېنىڭ ئىچكىرىدىن سودا ئىشى بىلەن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى . شۇڭا بارالماسمەن . سىز كۆرۈپ ، كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغان يەرلىرى بولسا ، بىزنىڭ ئاشۇ بالىلارغا دەۋەرسىڭىز بولىدۇ .

— ماقۇل ئەمىسە ، سىزگە رەھمەت !

بايا ئەسەرلەرنى كۆرۈۋېتىپ ، ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەنلىكىدىن غەش بولغان كۆڭلۈم بىردىن ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . مەن دەرھاللا مۇقەددەسكە چاقىرغۇ قىلدىم . ئۇ چارەك سائەتلەردىن كېيىن جاۋاب قايتۇردى :

— دەرس ۋاقتى بولغاچقا دەرھال جاۋاب قىلالمىدىم ، خاپا بولمىسىلا ،— دېدى مۇقەددەس .

— بۈگۈن خاپا بولىدىغان ئەمەس ، خۇشال بولىدىغان كۈن ،— دېدىم مەن .

— ۋاي ، ئەجەب ياخشى ئىشقۇ ،— دېدى مۇقەددەس ،— يېڭى ئەسەرلىرى پۈتتىمۇ يا ؟

— ھېلى كەلگەندە بىلىسىلەر ،— دېدىم مەن ،— دەرستىن چۈشۈپ ، پەرىزاتنى ۋە بىللە ئوقۇۋاتقان سىڭىللارنى ئېلىپ ، دەل سائەت ئالتە يېرىمدا «ئامەت» بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار .

— ماقۇل ،— دېدى مۇقەددەس ،— بىزنى مېھمان قىلامىلا ؟

— مېھمانمۇ قىلىمەن ، ئۇنىڭدىن چوڭراق خۇشلۇقمۇ بار .

مەن كېلىپ زىننەتلەنگەن ئۆيلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغا مۇقەددەسلەرمۇ كەلدى .

— سىلەر ئاۋۋال بۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ بېقىڭلار ، بېزىلىشى قانداقراقكەن ؟ كۆڭلۈڭلەرگە يارامدۇ ، يوق ؟ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يەرلىرى بارمۇ ، يوق ؟ ئىنچىكە كۆزىتىڭلار ،— دېدىم مەن .

قىزلار چۇرقىرىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . مەنمۇ بىر تال تاماكامنى چېكىپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىردىم .

— پاھ ، بۇ ئۆيلەر قالتىس چىرايلىق بېزىلىپتۇ !— دېدى پەرىزات ،— ئۇمىدجان ئاكا ، بۇ ئۆيلەرنى بىزگە كۆرسىتىپ نېمە قىلماقچىسىز ؟

— بۇ يەردە بىر شىركەت قۇراي دەيمەن ، قانداق ، سىلەرچە بولامدىكەن ؟— دېدىم مەن .

— ھازىرغۇ شىركەت دېگەن كۆپ بولۇپ كەتتى . سۇرۇش-تۇرسەك بىرەر ئېغىز ئىشخانىسىمۇ يوق ، ئادىمىنىڭ تېخىمۇ تايىنى يوق ، دىرېكتورىمۇ ، خىزمەتچىسىمۇ شۇ بىر - ئىككى ئادەم ،— دېدى مۇقەددەس ،— شۇنىڭغا قارىغاندا ، بۇ خېلىلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق شىركەت بولغۇدەك .

— بېزىلىشتە سىلەرگە ياقمىغان يەرلىرى باردەكمۇ ؟

— ھازىرچە بىز ھېس قىلالمىدۇق ،— دېدى پەرىزات .

— ۋېۋىسكىسى يوقكەن ،— دېدى بىر قىز .

— كېيىنچە ھەممىسى بولىدۇ ،— دېدىم مەن ،— ئەمدى بۇ ئۆيلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش كېرەك .

— ئۇمىدجان ئاكا ،— دېدى مۇراتجاننىڭ شىركىتىدىن بۇ ئۆيلەرنى بېزەشكە كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى ،— مەن بۈگۈنكى گېزىتنى كۆرسەم ، ئۇرۇمچى سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ ، ئېشىپ قالغان بارلىق ماللارنىڭ يەنە بىرنەچچە كۈن ئەلىلىك پىرسەنتلىك باھادا سېتىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىپتۇ . بۇ ياخشى پۇرسەت ئىكەن . ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئاشۇ ماللاردىن بۇ ئۆيلەرگە كېرەكلىك ماتېرىياللار ۋە ماللار سېتىۋېلىنسا ئوبدان بولارمىكىن .

— بۇنى ياخشى دېدىڭىز ، ئىنىم ،— دېدىم مەن ،— بىز جەزمەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمىز .

— ئۇمىدجان ئاكا ، بۇ شىركەتنى قۇرۇپ ، مۇشۇ دۇكانلارغا مال سالسىڭىز چوقۇم باي بولغۇدەكسىز ،— دېدى پەرىزات .

— بىزنىمۇ بۇ دۇكانلارغا مال ساتقۇچىلىققا قوبۇل قىلالامۇ ؟— دېدى قىزلارنىڭ بىرى .

— بىز مۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن دۇكانلاردا ئىشلەشكە لايىقمۇ ؟— دېدى قىزلارنىڭ يەنە بىرى .

— سىز ئۆزىڭىزنى لايىق ئەمەس دەپ قارامسىز ؟— دېدىم مەن .

— ئادەم بۇ دۇكانلارنىڭ بېزىلىشىگە قاراپلا ئەيمىنىدىكەن . ئادەتتىكى سودا سارايلىرىغا كىرسەكمۇ ، ئۇ يەردىكى مال ساتقۇچىلارنىڭ ئەپتىدىن ئادەم قورقىدۇ ،— دېدى ھېلىقى قىز .

— سىزنىڭ ئۇلاردىن كەم يېرىڭىز بارمۇ ؟

— كەم يېرىمىز يوق ، بىراق…

— مېنىڭ بىراق - پىراق دېگەندەك گەپلەر بىلەن خۇشۇم يوق ،— دېدىم مەن ،— ھەربىر ئادەم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۇستۇن كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۆزىنى ئۇلاردىن پەس چاغلىماسلىقى

كېرەك . ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئالدى بىلەن ئۆزى قەدىرلىشى ، غۇرۇرىنى ساقلىشى ، باشقا ھەرقانداق ئادەم قىلالىغان ئىشنى «مەنمۇ قىلالايمەن» دېگەن ئىشەنچتە بولۇشى كېرەك .

— چېچىلمىسىلا ، ئۇمىدجان ئاكا ، نادان قىز ئەمەسمۇ ، ئويلىماي دەپ سالدى بولغاي ،— دېدى مۇقەددەس .

— چېچىلىۋاتقىنىم يوق ،— دېدىم مەن ،— ئەمما بەزىدە ئادەم سەل چېچىلمىسىمۇ بولمىغۇدەك . ھەممىڭلار پۇقرالىق يېشىغا تولغان ئادەملەر ، قاچانغىچە «نادان» دېگەن قالپاق ئاستىدا سە-گىدەۋېرىسىلەر ؟ ئۇ ئىرادە يوقلۇقىنىڭ ، بوشاڭلىقىنىڭ بەلگىسى ، يارىمايدىغان ئىللەت . خەقنىڭ بالىلىرى تۇغۇلغاندىن باشلاپلا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ، مۇستەقىل ياشاشقا ئۆگىنىدۇ ، ئاز ـ تولا ئەقلىگە تولغىچىلا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ، سەككىز ـ ئون ياشلاردىلا خېلى چوڭ شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ، مىليونېرلارغا ئايلىنىدۇ . بىزنىڭ بالىلىرىمىزچۇ ؟ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاتا ـ ئانىغا تايىنىۋالى-دۇ . مۇشۇ نېمىدىن ؟ «كىچىك ئەمەسمۇ» ، «نادان ئەمەسمۇ» دېگەندەك ئۆزىنى ئۆزى پەس چاغلايدىغان ، گوللايدىغان ئىللەتنىڭ كاساپىتى .

— توغرا ، بولۇپمۇ بىز قىزلاردا ئۆزىمىزنى ئاجىز چاغلاپ ، يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى ئېغىر ،— دېدى پەرىزات ،— «يېرىم دۇنيا» ئىكەنلىكىمىزنى ، ئەرلەر قىلالايدىغان ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ-مۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان . ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ يېنىدا جەزمەن بىر كۈچلۈك ياردەمچى ئايالنىڭ بارلىقى ئېسىمىزگە كەلمەيدۇ .

— يۇرۇڭلار ئاشخانىغا ،— دېدىم مەن ،— بەلكىم قورسى-قىڭلارمۇ پاقىنى دوراۋاتقاندۇر ؟

مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدىم ، قىزلار ماڭا ئەگەشتى .

مۇقەددەس تېزرەك مېڭىپ كېلىپ ماڭا ياندىشتى ۋە بوشراق ئاۋازدا :

— ئۇمىدجان ئاكا ، مۇشۇ چاغقىچە كۆرمەپتىكەنمەن ، ئاچـ. چىقلىرىمۇ خېلى بار ئىكەن جۇمۇ ،— دېدى ۋە كۈلدى ،— كىشىلەر «ئەركەك دېگەننىڭ ئاچچىقىمۇ ، تاتلىقىمۇ بولسا» دەيـ. دىغان . بۈگۈن ئەركەككە ، يەنە كېلىپ بىر ئەركەك خوجايىنغا ئوخشىدىلا .

— ئاچچىقلانمىسام ئەركەككە ئوخشىمامدىكەنمەن ؟— دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ .

— ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن ، بىراق ، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئاچچىقلانغانلىرىنى كۆرمىگەچكە ، ئۇمىدجان ئاكام ئاچچىقـ. لىنىشنى بىلمىسە كېرەك ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن .

— بايىقى سۆزۈم ئاچچىقلىنىشمۇ ؟

— ئۇنىڭغۇ ئاچچىقلىنىش دېگىلى بولماس .

— راست گەپنى قىلسام ، مەنمۇ ئاچچىقلىنىشنى بىلمەن . بولۇپمۇ ئادەملەر بىرەر ئىش ئۈستىدە « كۆمسەم پىشارمۇ ، ياقسام پىشارمۇ » دەپ لايغەزەللىك قىلسا ، ئۆزىنى ئۆزى ياراتماي تۆۋەن چاغلىسا ئاچچىقىم بەك كېلىدۇ ،— دېدىم مەن ،— بىراق ئاچـ. چىقلىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ بوۋىلار : «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېـ. گەن . ئادەم ئاچچىقلانغان ئەھۋالدا ، ئۆز خۇدىنى بىلەلمەي قالسا ، ئاغزىدىن قوپال سۆزلەر چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . «تىلنىڭ ئۆتكۈر ئۇچى ئۇزۇن نەيزە ئۆتمەيدىغان يەرگىمۇ ئۆتىدۇ ۋە نەيزە تەسىر قىلالمايدىغان تەسىرنى قىلىدۇ ،— دەيدۇ زەمەھشەرى ،— سۆز بىلەن بىرەر كىشىنىڭ نومۇس ۋە شەرىپىگە تېگىپ يۈزىنى چۈشۈرمەك ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىنمۇ يامان . » شۇڭا مەن ئاچـ. چىقلانمايمەن .

بىز ھەشەم قىلمايلا غىزالاندۇق . تاماق يەپ بولۇپ ، چايـ.

خورلۇققا كىرىشكەندە :

— ئەمدى سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىرقانچە ئىش بار ،— دېدىم مەن ،— بايا سىلەر بېزەلگەن ئۆيلەرنى كۆردۈڭلار ، ئەمدى ، بىرىنچىدىن ، بۇ دۇكانلارغا لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش كېرەك ؛ ئىككىنچىدىن ، بۇ بىر شىركەت بولىدۇ ، شىركەتكە نام قويۇش كېرەك . بۇ شىركەت مېنىڭ ياكى باشقا ئادەمنىڭ ئەمەس ، دەل سىلەرنىڭ .

— نېمە ؟ نېمە ؟— ئالدىراپ سورىدى مۇقەددەس .

— بۇ شىركەت سىلەرنىڭ . جەمئىي يەتتە ئېغىز ئۆي . ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئۆي ساتىراشلىق ـ پەردازچىلىق دۇكىنى ، ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئۆي تۇرلۇك ماللار ، ئاساسەن هاراق ، تاماكا ، پەرداز بۇيۇملىرى دۇكىنى بولىدۇ . هاراق ، تاماكا دۇكىنىغا ئاممىۋى تېلېفونمۇ ئورنىتىلىدۇ ، سول تەرەپتىكى ئىككى ئۆينىڭ بىرى گۈل دۇكىنى ، بىرى يېشىل يېمەكلىكلەر دۇكىنى بولىدۇ . ئارقىدىكى ئىككى ئۆينىڭ بىرىنى ئىشخانا ،بىرىنى ئىسكىلات قىلساڭلار بولىدۇ . بىز ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر مەسلىھەت ئارقىلىق ئورۇننى هازىرقى هالەتكە كەلتۇردۇق . هېلىھەم قاراپ تۇرمايمىز ، شۇنداقتىمۇ ئاساسىي گەپ ئەمدى ئۆزۈڭلارغا باغلىق .

هەممەيلەن جىمىپ كەتتى . بايا ماڭا «بىز مۇنداق چىرايلىق دۇكانلاردا ئىشلەشكە لايىقمۇ ؟ » دېگەن قىز خىرتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى .

— رەهمەت ، ئۈمىدجان ئاكا !— دېدى پەرىزات تىترەك ئاۋازدا .

— رەهمەت ، رەهمەت !— دېدى مۇقەددەسمۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۇرتۇپ تۇرۇپ .

— ماڭا ئالدىراپ رەهمەتمۇ دېمەڭلار هەم يىغلىماڭلار ،— دېدىم مەن كۈلۈپ ،— ئەتە ـ ئۆگۈن شىركەتنى ياخشى باشقۇرال-

www.uyghurkitap.com

ماي ، زىيان تارتىپ ، مېنى تىللايدىغان ، ھەقىقىي يىغلايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسىلا مەن خۇشال . يۇقىرىقىلار پەقەت بىزنىڭ مەسلىھەت پىكرىمىز . لايىق بولمىسا ، سىلەر لايىق تاپقان ، بىرلىككە كەلگەن پىكىر بويىچە ئىش كۆرسەڭلار بولىدۇ .

قىزلار بىر - بىرىگە قاراشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىقمۇ ، خۇشاللىقمۇ ، ئەنسىرەشمۇ بار ئىدى .

— باشلىق كىم بولىدۇ ؟— سورىدى پەرىزات .

— كىمنىڭ باشلىق بولۇشىنى ئۆزۈڭلار مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيسىلەر . شىركەتكە نامىنىمۇ ئۆزۈڭلار قويۇسىلەر . شىركەت باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ پىكرىچە ، بۇ ھازىرچە چوڭ شىركەت بولمىغاچقا ، بىر باش دىرېكتور ، بىر مۇئاۋىن دىرېكتور بولسا يېتەرلىك ئىكەن . ھەربىر تۈر بويىچە مەسئۇللار تەيىنلەنسە بولغۇدەك ،— دېدىم مەن .

— باشلىقنى ، ھە ، دىرېكتورنى ئۆزىمىز سايلايمىزمۇ ؟— دەپ سورىدى بىر قىز .

— ئەلۋەتتە ،— دېدىم مەن .

— مۇشۇ ئولتۇرغانلاردىن سايلايمىزمۇ ؟— دەپ سورىدى يەنە بىر ئوماققىنە قىز .

مەن كۈلۈۋەتتىم .

— ئۇنداق سورىماڭ ، سىڭلىم ،— دېدى مۇقەددەس ،— ئۇمىدجان ئاكامنىڭ يەنە ئاچچىقى تۇتۇپ قالمىسۇن .

سوئال سورىغان ھېلىقى قىز تىلىنى چىقىرىپ كۈلۈپ ، تۈگۈلۈۋالدى . مەن مۇقەددەسكە قارىدىم . ئۇ «بولدى ، ئاچچىقلانمىسىلا» دېگەندەك ، ماڭا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى .

— ئوقۇشۇڭلار قاچان تامام بولىدۇ ؟— دەپ سورىدىم مەن .

— يەنە ئۈچ كۈندە ،— دەپ جاۋاب بەردى مۇقەددەس .

باياتىن بېرى جىممىدە بولۇپ كەتكەن پەرىزات ئېغىز ئاچتى :

— ئۇمىدجان ئاكا، مەن باياتىن بېرى ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى جىق نەرسىلەرنى ئويلىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىنى، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنىمۇ ئويلىدىم. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئوماق سىڭىللىرىمنىڭ بەخت ـ ئىستىقبالىنىمۇ ئويلىدىم. مېنى شۇ تاپتا راستتىنلا يىغا تۇتۇۋاتىدۇ. سىزنى قۇچاقلاپ، بوينىڭىزغا ئېسىلىپ، بولسا پېشانىڭىزگە، يۈزىڭىزگە سۆيۈپ تۇرۇپ بىر يىغلىۋالاي دېگەنىدىم، بىراق بۇ ئاممىۋى سورۇن بولۇپ قالدى، ئىلاجىم يوق. توغرا، بايا سىز «ئەتە ـ ئۆگۈن شىركەتنى ياخشى باشقۇرالماي، زىيان تارتىپ، مېنى تىللايدىغان، ھەقىقىي يىغلايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسىلا مەن خۇشال» دېدىڭىز. بۇنىڭ يۈرەك سۆزىڭىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇنداقتىمۇ، مەن سىزگە مۇشۇ ئولتۇرغان — ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ، تۇرمۇش يولى تاپالماي كوچىلاردا سەرسان بولغان، كىچىككىنە تۇرۇپ ھاياتنىڭ تۈزۈك خوۋلۇقىنى كۆرمەي خورلۇقتا ئۇچرىغان، ئەمدى بەخت گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان سىڭىللىرىمغا ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. بەلكىم بىر قورساقتىن چىققان ئاكىمىز بولسىمۇ، بىزگە مۇنچىۋالا كۆيۈنمەستى. ئاللا سىزگە مەدەت قىلغاي، ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

قىزلار بىردىنلا چاۋاك چېلىۋەتتى. باشقا شىرەلەردە تاماق يەۋاتقان خېرىدارلار بىز تەرەپكە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى.

— بۇ رەھمەت ماڭا ئەمەس، مېنىڭ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل دوستلىرىمغا ھەمدە سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارغا تەئەللۇق، — دېدىم مەن، — ئۆزۈڭلار مۇشۇنداق قىلىشنى خالىمىغان، مېنىڭ دوستلىرىم ياردەم قولىنى سوزمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم مۇنداق ئىشنى قىلالمايتتىم. مەن پەقەت ۋىجدانىي بۇرچۇمنى ئادا قىلىشقا تىرىشتىم، خالاس.

— نەۋائىي ھەزرەت: «ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇن-

www.uyghurkitap.com

ياسى ساخاۋەتتۇر . ساخاۋەتسىز ئادەم يېغىنىشىز بۇلۇتقا ، پۈرنقى يوق ئەنبەرگە ئوخشايدۇ . ئادەم بىر تەن بولسا ، ساخاۋەت ئۇنىڭ جېنىدۇر » دېگەن بولسا ،— دېدى مۇقەددەس ،— خۇسراۋ دېھلەۋى : «ئەگەر كىمنىڭ ساخاۋىتى يۇقىرى بولسا ، ئەسكى كىيىم بىلەنمۇ ئىززىتى يۇقىرىدۇر» دېگەنىكەن . ئادەملەر قولىنىڭ قىسقىلىقى تۇپەيلىدىن باشقىلارغا ماددىي جەھەتتىن ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ ، ئۇمىدجان ئاكىدەك ۋىجدانىي بۇرچىنى تونۇپ ، باشقىلارغا يامانلىق قىلمىسىلا ، ئالەم تېخىمۇ نۇرلانغان بولاتتى .

— بولدى ، قىزلار ، ئەمدى قايتايلى ،— دېدىم مەن ،— سىلەر قايتىپ ، شىركەت نامىنى ئويلىشىڭلار ۋە ماڭا خەۋەر بېرىڭلار .

بىز ئاشخانىدىن چىقىپ خوشلاشتۇق . مەن قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇردۇم . ئۇلار كەلگەن ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا بۆلەكچە روھلۇق ئىدى .

## *8*

بۈگۈن بۈرۈنقى سۆزىمىز بويىچە «شېكەردەك شەنبە» ئىدى .

هاۋا ئوچۇق . سۈزۈك ئاسماندىكى چاقناپ تۇرغان كۈز قۇياشى تەبىئەت ئانىغا ئىللىق نۇر چېچىپ ، گويا بوۋاق ئانىسىغا تويماي قاراۋاتقاندەك ، كىرپىك قاقماي ، كۈلۈمسىرەپ قارايتتى . قاياقتىندۇر پەيدا بولغان كەپتەرلەر ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى ، موللاقچىسى بولسا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان سىركچىدەك ئۈزۈلدۈرمەي موللاق ئاتاتتى . يىراقتىكى بوغدا چوققىسى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بەخت ـ سائادەت ، تەۋپىق تىلەپ

جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاق رومالىلىق ئانىدەك كۆرۈنەتتى .

«مۇقەددەس ئاچا ـ سىڭىللار مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ قۇرۇلۇش ۋە تىجارەت باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . ئادەمنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان ، نەپىس سەنئەتلىك ئىشلىنىپ ، شىركەت نامى ئالتۇن ھەلدە يېزىلغان ۋىۋىسكا ئادەم قەلبىدە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى قوزغىتاتتى . شىركەت ۋە دۇكان ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىگە قادالغان ، ئۆگزىدىن يول بويىدىكى دەرەخلەرگە تارتىلغان ئىنچىكە سىملارغا ئېسىلغان خىلمۇخىل رەڭلىك بايراق ۋە بايراقچىلار لەرزان لەپىلدەيتتى . ناغرا ، سۇناي ئاۋازى شادلىق ئەلچىسىدەك ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى جەلپ قىلىپ ياڭراپتتى . سورۇننى مىر ئادىل باشلاپ كەلگەن سەنئەتچىلەر تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى . ئۇلار كۆپچىلىككە ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ بەردى . رەنا «ئاتۇش» پەدىسىگە ئۇسسۇل ئوينىغاندا ، ئۇنىڭ نازۇك ، نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى ، سورۇن ئەھلى ئۇزاققىچە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى .

مۇراسىمدىن كېيىن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش ، ماللارنى «پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ» سېتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى ، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ چاچلىرى ھەقسىز ياساپ قويۇلدى . مۇراتجانلارنىڭ شىركىتى ئىشلەپ ، بۇ يەردە تۇنجى رەت بازارغا سېلىنغان ، كۆكتات جەۋھەرلىرىدىن ئىشلەنگەن «باھار» ناملىق تالقان يېمەكلىكىنىڭ بازىرى ئالاھىدە ئىتتىك بولدى .

مۇلازىم قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ياسانغانىدى : خانئەتلەستىن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك ، چىمەندوپپا ، قارا ئاياغ كىيگەنىدى . ئۇلارنىڭ چىرايىدا باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىق ، كۈلكە ـ تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى .

مۇراسىمدا ، باش دىرېكتور پەرىزاتنىڭ سۆزى ئالاھىدە تەسىرلىك بولدى . ئۇ : «بۇ شىركەت مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتقان بارلىق ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ شىركىتى ، شۇنداقلا مۇشۇ سورۇنغا

كەلگەن ۋە كېلەلمىگەن بارلىق قېرىنداشلارنىڭ شېرىكتى. مەن بىزنى قوللىغان، ئىززەتلىگەن، مەندەك بىر قىزنى مۇشۇنداق سۆز قىلىش مۇنبىرىگە چىقارغان بارلىق ئاق كۆڭۈل، ساخاۋەت ئىگىلىرىگە چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرىمەن «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ئۇلار پەقەت ئوچاقنىڭ قۇلى» دېگەندەك گەپلەرنى جەھەننەمگە ئەبەدىيلىك ئۇزىتىۋېتىشقا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت ئارقىلىق خېرىدارلارنى تولۇق رازى قىلىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يارامىلىق ئوبرازىنى تىكلەشكە ۋەدە بېرىمەن» دېگەندە، پۈتۈن سورۇن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

بۈگۈنكى مۇراسىمدا، مۇراسىمدىن كېيىن زىياپەت بېرىشتەك ئادەت بۇزۇپ تاشلاندى. پەقەت خاتىرە ۋە تەشۋىقات بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ دۇكانلاردا سېتىلىۋاتقان ماللاردىن ئەر - ئايالغا قاراپ مۇۋاپىق سوۋغات بېرىلدى.

بىز بىرنەچچىمىز — مىرئادىل، مۇراتجان، ئەخمەتجان، ئەسقەر مۇئەللىم، قاسىم مۇدىر ۋە مەن بىر چەتكىرەك قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق.

— ھايات مۇشۇنداق نەرسە، — دېدى مۇراتجان، — سەن يۆلىسىمۇ قوپماي يېتىۋالساڭ، ئۇ مانا ئەمىسە دەپ، ئۈستۈڭگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ؛ ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ، مەردانە ھەرىكەت قىلساڭ، ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا ساھىبجامال قىزدەك خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ، ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، چېكەڭگە گۈل قىسىدۇ، پېشانەڭگە سۆيىدۇ.

— بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق ئىدىيە ۋە تۇزۇمنىڭ تەسىرىدە تەقدىرگە ئىشىنىپ، شۈكرى - قانائەتكە كۆنۈپ قالغان، — دېدى ئەسقەر مۇئەللىم، — شۇڭا ئىككى نان تاپسا، ئۇنى ئۈچ - تۆت قىلىشنىڭ كويىدا بولماي، بىرىنى يەپ، بىرىنى داپ قىلىپ چېلىپ تۇگى-

تىۋېتىدۇ ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەنمەيدۇ ، بۇ بىر پاجىئە .
— توغرا ،— دېدى مىرئادىل ،— مەن سایاھەتچىلىك شىر-
كىتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلغاندا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ، دوست-
بۇرادەرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى «بارغا قانائەت قىلىپ سىڭگەن
نېنىڭنى يە . ئۆزۇڭنى بىھۇدە ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسەن ؟ ئىشىڭ
ئەپلەشمەي قالسا ، بىكارغىلا بېشىڭغا سىكە چېچىۋالىسەن ، ھەتتا
ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭمۇ مۇمكىن…» دېگەنىدى . بۇ قارىماققا ياخشى مەسلىھەت . لېكىن ، ئادەم ياخشى
ئويلانسا ، ئۇ ئادەمنى روھىي قۇللۇققا باشلايدىغان مەسلىھەت .
ھەممە ئادەم بارغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ ، « بەرسەڭ يەيمەن ،
ئۇرساڭ ئۆلىمەن » دەپ ئولتۇرسا ، بۇ جەمئىيەت قانداقمۇ راۋاج
تاپىدۇ ؟
— شۇنداق ،— دېدى ئەخمەتجان ،— لۇشۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك ، ئەسلىدە يول يوق ئىدى ، ئادەملەر ماڭغاچقىلا يول پەيدا
بولغان . ماقال - تەمسىللىرىمىزدە ئېيتىلغاندەك «ئالۋاستى بوش
كەلگەننى باسىدۇ .» «قورققاننى ئەجەل قوغلايدۇ .» ئىت ھەيۋە
بىلەن قاۋاپ كەلسە ، قاچساڭ ، ئۇ سېنى قوغلايدۇ ، تالايدۇ ،
مەردانىلىك بىلەن تۇرساڭ ياكى بىر نەرسە ئالغان بولۇپ يەرگە
ئېڭىشسەڭ ، ئۇ دەرھال قاچىدۇ ، يا بولمىسا قاۋاپ - قاۋاپ ،
ئاخىر كېتىدۇ . دېمەك ، ھەرقانداق ئىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق .
— «بەخت ئۆز قولۇڭدا» دېگەن سۆزنى پەيغەمبەرلەردىن
تارتىپ دانالارغىچە ھەممىسى كۆپ تەكرارلىغان . ئاتىلىرىمىز : «بەخت ھىيلە بىلەن تېپىلماس . بەختىيار بولماقنى ئىستەيسەنۇ ، كېچە - كۈندۈز ياتساڭ ، بەخت ئۆزى كېلەرمۇ ؟ غەۋ-
ۋاسلاردىن ئۈلگە ئال ، كۆردۈڭكى ، ئۇلار مەقسەتكە يەتمەك ۋە
مەرۋايىت تاپماق ئۈچۈن ئۆزىنى دېڭىز تېگىگە تاشلايدۇ» دېگەن ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— دېدى ئەسقەر مۇئەللىم ،— شۇنداق قىلىش ـ قىلماسلىق ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىشىگە باغلىق . ئۆز قەدرىنى بىلمىگەنلەر ئەڭ بەختسىزلەردۇر ، ئۇنداقلارنى باشقا ھەرقانداق ئادەم قەدىرلىمەيدۇ ، بەلكى ئايىغى ئاستىدىكى خەستەك كۆرىدۇ . مانا بۈگۈن مۇشۇ يەردە شىركەت قۇرۇپ داغدۇغا قىلد- ۋاتقان قىزلارنى مىسالغا ئالايلى ، ئۇلار ئۆز قەدرىنى چۈشەنمىگەن چاغلاردا چۈشكۈنلەشكەن ، باشقىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىدىكى قوز- چىقىغا ئايلانغانىدى ، ئۇلارنى ھېچكىم كۆزىگە ئىلمىغانىدى ، ئۇ- لارنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ چىرايى پەقەت باشقىلارغا ئەرمەك بولۇش- تىكى ، ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنى ئاز ـ تولا تويغۇزۇشىدىكى دەس- مايە ئىدى ، خالاس . ئۇلار ئۆز قەدرىنى چۈشىنىشكە باشلىۋېدى ، ھەممىمىز ئۇلارنى قوللىدۇق ، ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇن- دۇق . مانا ئەمدىلىكتە ئۆز بەختىنى تېپىش ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا ئاتلىنىۋېدى ، ھەممىمىز ئۇلارغا ھۆرمەت نەزد- رىمىزدە قارىدۇق .

دوستلارنىڭ پىكىرلىرى مېنىڭ تەپەككۇر قۇشۇمغا قانات بەردى . خۇددى تاگور ئېيتقاندەك ، ھاياتلىق يولىدا ، ھەممىلا ئادەم ئوخشاشلا بىر سورۇندا بولمايدۇ ، بەزىلەر باغدا ، بەزىلەر تاغ باغرىدا ، بەزىلەر دەريا ـ دېڭىزلار بويىدا ، بەزىلەر كەڭ دالىدا تۇرغان بولىدۇ . بىراق ئۇلار قەيەردىلا بولسۇن ، ھەرگىزمۇ جىم تۇرمايدۇ ، بەلكى ئالغا قاراپ ناھايىتى يىراقتىكى نا مەۋجۇتلۇقنى تېپىش ئۈچۈن ماڭغان بولىدۇ . ئادەمنىڭ يەپ ـ ئىچىشى ياشاش ئۈچۈن . ئەمما ياشاشتىكى مەقسەت يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن بولماي- دۇ . ياشاشتىن مەقسەت ئەل ئۈچۈن ئىشلەپ ، ھاياتلىق سەپىرىدە تارىخ ئۈچۈن ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ، ھېچبولمىغاندا بىرەر تۇپ دە- رەخ ، بىرەر تۇپ گۈل قالدۇرۇش ئۈچۈندۇر . ئادەم پايدا ـ زىيانىنى ئۇنتۇش ھالىتىگە يەتكەندىلا ، ئەمەلىيەتتە ، ھەممىگە ئې- رىشكەن بولىدۇ . بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ، ھاياتلىقنىڭ

قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىدۇر .ئۆزىنىڭ قىم-
مىتىنى ياراتماقچى بولغان ئادەم ، ئالدى بىلەن خۇددى «ئىززەت
قىلساڭ ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەندەك ، ئالەم ئۈچۈن قىممەت
يارىتىشى كېرەك . چىۋىن قونسا غىڭشىپ ، كالتەك تەگسە جىم
تۇرىدىغان ، چۈجە ئالدىدا بۈركۈتكە ئايلىنىپ ، يولۋاس ، قاپلان
ئالدىدا تۈلكىدەك بويۇن قىسىپ سۈكۈتتە تۇرىدىغانلارنىڭ مۇنداق
قىممەت يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ياشاشنىڭ ئەڭ ئا-
خىرقى ھېسابىتىكى قىممىتى ، خۇددى ئارستوتېل ئېيتقاندەك :
«مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە پىكىر قىلىش
ئىقتىدارىدا .» مۇشۇنداقلار ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەن-
گەن ، ئۇنى ساقلاش ، تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان
بولىدۇ . مەن يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇچراتقان مۇقەددەس ، گۈل-
نار ، گۈلنازلار ياشلىق گۈلىستانىغا يېڭىلا ئاياغ باسقان ناتىۋان
قىزلار ئىدى . ئەنە شۇ چاغلاردا ئۇلار تۇرمۇش ، مۇرەككەپ
ئىجتىمائىي ھايات ، چۈشەنمەك قىيىن مۇھەببەت ئالدىدا تېخى
گۆدەك ئىدى ، شېرىن خىياللار قوينىدا ياشايتتى ، ھاياتلىقنىڭ
يۈكسەك ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئارىسىدىكى قايغۇ ـ ئازاب ، يىراق-
تىكى ئالەمنىڭ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغان ماكان ئىكەنلىكىنى ،
چەكسىز جەلپكارلىقنىڭ چەكسىز ئازابلارغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ
ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . شۇڭا ھايات دەرياسىنىڭ قايناملىرىدا
خەۋپ ـ خەتەرلەرگە ئوڭايلا باش ئەگكەن ، جەسۇرانە ئېلىشىشقا
جۈرئەت قىلالماي ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تامامەن نابۇت
قىلىشقا ئازلا قالغانىدى . مۇقەددەس نېمە ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتنى
پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالغاندا مەكتەپتىن چىقىۋالدى؟ گۈلناز نېمە
ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە بارالماي «ھاجى خېنىم» بولۇپ قالدى؟
گۈلنار نېمە ئۈچۈن پىتنە ـ پاساتلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزى
سۆيمىگەن بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇپ شۇنچە كۆپ جىسمانىي ۋە
روھىي ئازاب تارتتى؟ چۈنكى ئۇلار ئەينى چاغلاردا «مەن كىم ؟

نېمە ئۈچۈن تۆرەلدىم؟ نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ قانداق ياشىشىم
كېرەك؟» دېگەنلەرنى چوڭقۇر ئويلىمىغان، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنىدى. «يېڭى تۇغۇلغان موزاي
يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، ھايات، مۇھەببەتكە يېڭىلا
ئېچىلغان كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىلا كۆرۈپ،
جاپا ـ ئازابلىرىنى كۆرەلمىگەنىدى. ئۇلار قارىغۇ نادانلىق ئەگەر
ۋاقتىدىن بۇرۇن ئويغانغان ھېسسىياتنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىد-
ۋالسا، مۇنداق نادانلىقنىڭ جىبران ئېيتقاندەك «تېگى كۆرۈند-
مەس چوڭقۇر ھاڭدىنمۇ دەھشەتلىك، ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر ئېچىد-
نىشلىق بولىدۇ» غانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنى
تۇرمۇش ئازابلىرى قورقۇتۇپ، مۇھەببەتنىڭ تاتلىق سۆزلىرى
مەستخۇش قىلىپ، «شەيتان پۇل» ئالدىيالىغانىدى. ئۇلارنىڭ
كۆزى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ نۇرى چۈشۈشى بىلەن ئېچىلىپ،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىشكە باشلىۋېدى،
ئۆتكەنكى ھاياتىنىڭ تولىمۇ مەززىسىز ئۆتكەنلىكى بىلىندى، ئۇلار
تېخى بەربات بولۇپ كەتمىگەن ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، ھاياتقا
باشقىچە نەزەردە قارىدى، بەختىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى،
ئۇنى يوقىتىپ قويۇشىمۇ، چىڭ تۇتۇپ نۇرلاندۇرۇشىمۇ ئۆزىگە
باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ساپال ـ ئالتۇن تەخسىگە ئېلىپ
قويۇلسىمۇ بەرىبىر ساپال، ئۇ نۇر قوبۇل قىلىش ۋە نۇرنى
قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئالتۇننىڭ شولىسىدا
بولسىمۇ نۇرلانمايدۇ، ھەرقانچە سۈرتكەن بىلەنمۇ پارقىرىمايدۇ.
ئالتۇن چاڭ ـ توزان ئارىسىدا قالغان تەقدىردىمۇ سۈرتكەن ھامان
پارقىرايدۇ. مۇقەددەس، گۈلنار، گۈلنازلار مانا شۇنداق چاڭ-
توزان قونۇپ قالغان ئالتۇن ئىدى، ئۇلار سۈرتىلىش بىلەنلا
پارقىراشقا باشلىدى. ئالدىنقى كۈنى مۇقەددەس ماڭا گۈلنازدىن
خەت كەلگەنلىكىنى، خېتىدە كومپيۇتېر ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى،
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تولۇق كۇرس بويىچە ئىمتىھان بېرىدىغان-



www.uyghurkitap.com

لارنىڭ دەرسلىكلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى يازغانلىقىنى ئېيتقاندى. بۇ «ھاجى خېنىم» نىڭمۇ قەلبى ئويغانغان، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندى...

— ئۇممىدجان ئاكا، — دېدى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەن مۇقەددەس، — سىلىنى پەرىزات، ھە ياق، باش دىرېكتور چاقىرىۋاتىدۇ.

مۇقەددەس بۈگۈن چاچلىرىنى يەلكىسىگە چۈشكۈدەك ھالەتتە ئۇششاق دولقۇنسىمانراق بۈدۈر قىلغان بولۇپ، چىمەندوپپا كىيگەن، يۈزىگە بىلىنەر-بىلىنمەس پەرداز قىلىپ، لەۋلىرىگە قىزىل ئەتىرگۈل رەڭلىك لەۋسۇرۇختا ئازراق رەڭ بەرگەن، ئاپئاق پاكچۇ كوپتا، قارا يوپكا كىيگەن بولۇپ، مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقىغانىدى. كىيىملەر بەستىگە خويمۇ ياراشقان، ئۇ باشقا ھەرقانداق كۈنلەردىكىدىن باشقىچىلا چىرايلىقلىشىپ كەتكەن.

— بۈگۈن قالتىسقۇ سىز، خۇددى پەرىشتىنىڭ ئۆزى، — دېدىم مەن. ئۇ مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندى بولغاي:

— ھەقىقىي پەرىشتە بولۇپ كەتسەممۇ سىلىگە نېمە پايدا؟ — دېدى كۈلۈپ.

— ھېچبولمىغاندا مېنىڭ سىڭلىم نېمىدېگەن گۈزەل دەپ پەخىرلىنىۋالارمەن، — دېدىم مەن.

— سىلى گۈلناردىن پەخىرلەنسىلە كۇپايە، ھەممىدىن پەخىرلىنىۋەرسىلە بولمايدۇ، بولمىسا گۈلنارغا چېقىپ خەت يازىمەن جۇمۇ، — دېدى مۇقەددەس، — بىراق، بۇنداق دېسەم خاپا بولمىسىلا، ئۇممىدجان ئاكا، مەنمۇ چاقچاق قىلىپ قويدۇم. راست گەپنى دېسەم، ئادەم چىن كۆڭلىدىن شادلانسا، چىرايىمۇ چىرايلىقلىشىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن قىزلارغا قارىسام، ھەممىسى قىزىلگۈلدەكلا چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئەمما ئىككى-

ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا ھەرقانچە پەرداز قىلىنىشىمۇ كۆزۈمگە ھەر كۈندىكىگە ئوخشاشلا، ھەتتا بەزىدە ئالۋاستىدەكمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

بۇ راست گەپ، ئىچكى گۈزەللىك ئادەمنىڭ چىرايىغا تەپ- مەي قالمايدۇ.

— ئۈمىدجان ئاكا، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى مەن مۇقەد- دەس بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە ئورنىدىن تۇرغان پەرىزات دىۋاننى كۆرسىتىپ، — مۇراسىم ناھايىتى ياخشى ئۆتتى، مۇنا- سىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ كەلدى، نۇرغۇن ئورۇن تەبرىك سوۋغىسىمۇ ئەۋەتتى. مەن مۇنداق داغدۇغا بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. مۇشۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن يىغا ۋە رەھمەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەن بۈگۈنكىدەك كۈنۈمنىڭ بولۇشىنى ئوڭۇمدا ئەمەس، چۈشۈمدىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. بەلكىم ئۆت- مۈشتىكى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلارمۇ مەندەك خۇش بولمى- غان، شادلانمىغان بولغىيتى. بۈگۈن بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى. مېنىڭچە مۇقەددەسمۇ، باشقا قىزلارمۇ شۇنداق ھېسسى- ياتتا. بۇ سىزنىڭ ۋە ئاشۇ مىرئادىل، مۇراتجان، ئەخمەتجان قاتارلىق دوستلىرىڭىزنىڭ تۆھپىسى. بولسا سىزلەرنى بېشىمىز- غا ئېلىپ كۆتۈرسەك بولاتتى. بۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كەچتە بىرنەچچە شىرەلىك بولسىمۇ تاماق تەييارلاپ، سىزلەرگە رەھمى- تىمىزنى بىلدۈرەيلى دېگەن ئويدىمەن. سىزچە قانداقراق قىلساق بولار؟

— ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، سىڭلىم، — دېدىم مەن، — ياخشىلىق قىلغۇچىلار قانداقتۇر بىر پايدا ـ مەنپەئەت كۆزلەپ ياخشىلىق قىلمايدۇ. پايدا ـ مەنپەئەت كۆزلەپ قىلىنغان ياخشى- لىق، ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق ئەمەس، خۇشامەتچىلىك بولىدۇ. بۇنى ئاشۇ ئاكا، دوستلىرىڭىز چۈشىنىدۇ.

— بىراق، كۆڭلىمىز زادىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ، مەن كۆڭلۈڭلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن ،— دېدىم مەن ،— بۈگۈن مەنمۇ ، ئاشۇ ئاكا ، دوستلىرىڭىزمۇ خۇشال . چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشۇنداق خۇشال بولۇشۇڭلاردا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاز - تولا ئەجرى بارلىقىدىن خۇشال بولىدۇ . مۇشۇنداق خۇشاللىق ئالدىدا ، ئۇلارغا ھېچقانداق رەھمەت كېرەك بولمايدۇ . سىز شۇنى ئۇنتۇماڭكى ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مۇنداق دېگەنىكەن : «كىشى ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممىتى بىلەن ئەزىزدۇر . مەرد شۇنداق كىشىكى ، قىلماق بولغان ئىشنى داۋراڭ سالماي تۇرۇپ بېجىرىدۇ .» لوقمان ھەكىممۇ ئۆز ئوغلىغا : «ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنى ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ئەستىن چىقارما ! ئەمما قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدىن نېرى قىل !» دېگەنىكەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن…

— سىز يەنە قاچانغىچە «لېكىن… » دەرسىز ؟ بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى . نۇرغۇن ئىشتا دادىل ، كەسكىن بولماي ، «لېكىن… » دەپ تۇرسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىڭىز بولمايدۇ . ئىناۋەت بولمىسا ، ئىشلىرىڭىز يۈرۈشمەيدۇ ،— دېدىم مەن ،— ئىشنى بۈگۈن باشلىدىڭىز ، ئەگەر شۇنداق قىلىش نىيىتىڭىز بولسا ، بۈگۈن ئەمەس ، كېلەر يىلى دەل مۇشۇ كۈندە قىلىڭ .

مۇقەددەس مېنىڭ سۆزۈمدىكى مەقسەتنى چۈشەندى بولغاي :

— باش دىرېكتور ، ئۈمىدجان ئاكا دېگەندەك قىلايلى ،— دېدى .

پەرىزات كۈلۈپ كەتتى .

— مۇقەددەس ، سەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن ؟ ئەمدى مېنى «پەرىزات» ، «ھەدە» دېمەمسەن ؟

— بۇلارنى ئىشتىن چۈشۈپ ، ئىككىڭلار يالغۇز قېلىپ

مۇڭداشقاندا دېسە بولىدۇ ،— دېدىم مەن ،— خىزمەت ئۈستىدە ، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھازىرقىدەك ئاتىسا ياخشى . مۇشۇنداق قىلىغاندا ، سىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ ھەم نوپۇز تىكلىنىدۇ . يېتەكچى بولغان ئادەمنىڭ مۇئەييەن نوپۇزى بولمىسىمۇ بولمايدۇ . بۇرۇن «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دېيىلەتتى . بۇ سۆزمۇ ، «نامى يوللۇق بولمىسا ، گېپى يوللۇق بولماس» دېگەن سۆزمۇ تامامەن خاتا ئەمەس . بۇنىڭدا مۇئەييەن نوپۇز بولۇشنىڭ زۆرۈرلۇكى قەيت قىلىنغان .

— ماقۇل ئەمىسە ، سىز دېگەندەك بولسۇن ،— دېدى پەرىزات .

بىز بىرلىكتە سىرتقا چىقتۇق . ھەممە دۇكانلارنىڭ سودىسى يەنىلا قىزىق ئىدى . قىزلار خېرىدارلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى ، ھەرىكىتى چەبدەس ئىدى . ئۇلارنىڭ چېھرىسىدە ئىپتىخارلىق جىلۋىلىنەتتى ، كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلانغانىدى .

شۇنداق ، ئاشۇ قىزلار بۈگۈنكى كۈنىنىڭ قولغا ئاسان كەلمىگەنلىكىنى بىلىدۇ . ئۇلار مۇشۇ ئالەمگە كەلگەندە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ، جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى ، خۇشال ـ خۇرام ياشاشنى ئارزۇ قىلغان ؛ ياخشى ئوقۇپ ، مول بىلىم ئېگىلەپ ، ئانا يۇرتى ئۈچۈن خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدىغان يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشقا تىرىشىپ كۆرگەن ؛ ھالال مېھنەتلىرى بىلەن ئەركىن ، بەختىيار ياشاش ھەلەكچىلىكىدە تىرىشىپمۇ كۆرگەن . بىراق باھار جۇدۇنلىرى ئۇلارنى ئۇششۇك تەگكەن غۇنچىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان . ئۇلار خۇددى تۇنجى رەت لاچىنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان قۇش يا ئۇچۇشنى ، يا دائىملا دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرۈشنى بىلەلمەي قالغان چاغدىكىگە ئوخشاش ، ھايات يولىدا تەمتىرەپ قالغان ، كەڭ دەريا قايىنىمىدا تۇنجى رەت قولۋۇقى ۋەيران بولغان قولۋاقچىدەك ، دەماللىققا يەنە قولۋاق ياساپ



www.uyghurkitap.com

دەرياغا چۈشۈش ياكى بىراقلا قولۋاقچىلىقتىن قول ئۈزۈشنى بىلەلمىگەن؛ ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئاچال يولىغا كەلگەندە خىلمۇ خىل ئېزىتقۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن «بارسا كەلمەس يول» غا بىرنەچچە قەدەم بېسىپ سالغان. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىدىن، مېھىر - شەپقەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ كۈنلەردە بوينىنى غېرىپ ئۆرۈقنىڭ بويىدەك قىسمىغانمىدى؟ كىشىلەرنىڭ كۆز-لىرىگە ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ باقمىغانمىدى؟ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىغا تۇشلۇق بولسىمۇ پۇل تېپىش مەقسىتىدە «ئۈچكە ھەم-راھ» بولۇشقا قەدەم تاشلىغانلىرىدا، ھاياسىز قوللار بەدىنىنىڭ بىر يەرلىرىگە تەگكەندە، ھاراق تەسىرىدىن خۇمارلاشقان كۆزلەر ئۆزلىرىگە ھاياسىزلىق بىلەن ئاچ بۆرىدەك قادالغاندا، گۈپۈلدەپ بەتبۇي كېلىدىغان لەۋلەر مەڭزلىرىگە تەگكەندە، بۇ خورلۇق ئۈچۈن ئىچىدە يۇم - يۇم يىغلىمىغانمىدى؟ ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سىزلىكىدىن ئاللاغا نالە قىلمىغانمىدى؟... مانا ئەمدىلىكتە ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتكەنىدى، ئۇلارغا بەخت پەرىسى، ئىستىقبال دىلبىرى كەڭ قۇچاق ئاچقانىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى، بەختىنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى. ئۇلار ئۆزىنى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ خوجايىنى ھېسابلايتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ شادلانماسلىقى، كۈلمەسلىكى، چىرايلىقلاشماسلىقى مۇمكىنمۇ؟...

مىرئادىل، مۇراتجان قاتارلىقلار بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل-دى.

— مۇراسىمنىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزۈۋالدۇق. ئىش خەيرلىك باشلاندى، ئاخىرىمۇ خەيرلىك بولغاي. كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ، ئۇمىدجان ئاكا، ئەمدى قايتامدۇق؟— دېدى مىرئادىل.

— ھەرقايسىڭىزلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت!— دېدى پەرد-ۋات.

— بىزگە مۇنداق قۇرۇق رەھمەت دېمەڭ،— دېدى مۇرات-جان،— ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ ياراتقان نەتىجىڭىزلا بىز

ئۇچۇن بىلدۈرگەن ئەڭ ياخشى رەھمىتىڭىز بولىدۇ.
— مەن ...، — مۇقەددەس گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولغانىدى.
— خەير خوش!
— خەير خوش!
پەرىزات ۋە مۇقەددەس «مۇقەددەس ئاچا – سىڭىللار مۇلازىمەت شىركىتى» نىڭ ئالدىدا كۆزى ياشقا تولغان، ئەمما كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قول پۇلاڭلىتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە بىر توپ كەپتەر پەرۋاز قىلاتتى. تاغقا باش قويغان قۇياش بۇ گۈزەل قىزلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك، زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى...

# خاتىمە

«ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇمچە ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئىچ-كى جەھەتتە— سىرلىق تۇردە ، ئەخلاقىي جەھەتتە قوشۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بۆلۈنۈشى ۋە ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۇستىدىنمۇ ، شۇنداقلا ماددىي دۇنياغا بولغان ئورتاق بېقىندىلىقى ئۇستىدىنمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ . ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا ئەخلاقىي ھەرىكەت-كە ئەمەس ، ئورگانىك دۇنيانىڭ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ھايات - ماماتلىق قانۇنىيەتلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ . ھالبۇكى ، ئەبەدىيلىك غايىدە چىڭ تۇرغان كىشىلەر ھايۋانىي يارىماسلىق بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن بىر-لىكتە ئۆلىدۇ...»

روسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى دىنىي پەيلاسوپى ۋە شائىرى ۋ . س .سولوۋيوفنىڭ «مۇھەببەتنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن كىتابىدىكى بۇ سۆزلەر بىزگە غەلىتىرەك تۇيۇلىدۇ . لېكىن شۇ بىر نەرسە ئېنىقكى ، «ئادەم ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن بىر-لىكتە ئۆلىدۇ» دېگەن بۇ قاراش ئادەمنى مەمنۇن قىلىدۇ . ئىز-زەت - ھۆرمەتنى ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ئەدەپ - ئەخلاقى ئارقى-لىق يارىتىدۇ ، ئادەمدىكى ياخشى ئەدەپ - ئەخلاق— ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي نامايان قىلىشقا ئۆتكەندىن كېيىن يېتىلىدۇ . بىر پەيلا-سوپ «پادىشاھ بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدىكى پەرق نېمە؟» دېگەن سوئالغا : «پادىشاھ ئۆز ھېس - تۇيغۇسىنىڭ قۇلىدۇر .

مەن بولسام ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنىڭ پادىشاھىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۆز ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا، تولۇق ئېيتقاندا، ئۆزىگە خوجايىن بولالىغان ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەنگەن ئەركىن ئادەمدۇر. بۇ ئالەمگە تۆرەلگەن ئادەم ئۈچۈن ئەركىنلىك ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن قىممەتلىكتۇر. ئادەم قۇل بولماسلىقى — باشقا ئىنسانغىمۇ، پايدا ـ مەنپەئەتكىمۇ، پۇل ـ بايلىققىمۇ، شان ـ شۆھرەتكىمۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكىمۇ قۇل بولماسلىقى كېرەك. شۇندىلا ئۇ قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئادەم بولالايدۇ، قولىدىكى بەخت جامىنى تارتقۇزۇپ قويمايدۇ، بېشىدىكى تەلەي ـ ئامەت قۇشىنىمۇ ئۇر-كۈتۈۋەتمەيدۇ...

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مۇقەددەس، پەرىزات ۋە ئۇلارنىڭ سىڭىل-لىرى ئۆز ئەركىنلىكىنى قولىغا ئېلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە، قولىغا تەلمۈرۈپ قاراشتىن قۇتۇلۇپ ھالال ئىشلەشكە كىرىشىۋې-دى، ئۇلارنىڭ شىركىتى بىر يىلدىن بۇيان ئوبدانلا روناق تاپتى، ئەل ئارىسىدا ئىناۋەت ـ ئىشەنچ تاپتى. ھازىر بۇ چوڭ شەھەردە «مۇقەددەس ئاچا ـ سىڭىللار مۇلازىمەت شىركىتى» دېسە، ھەممە ئادەم باشمالتىقىنى چىقىرىدىغان بولدى. گۈلنارمۇ ھېس ـ تۇي-غۇلىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، ئۆز خىزمىتىگە يېڭىچە جاسا-رەت بىلەن كىرىشىۋېدى، بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋ-ۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ھازىر ئۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا قاتنىشىۋاتىدۇ. گۈلنارچۇ؟ ئۇ يېقىنقى خېتىدە مۇن-داق يازغانىدى: «ئاھ، ئۈمىدجان ئاكا! ئادەم ئۆزىنى بارلىق بويۇنتۇرۇق، ئىسكەنجىلەردىن قۇتۇلدۇرغاندا، شۇنداق چېچەن ـ زېرەك، چاققان، ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ قالىدىكەن. بۇرۇن مەنزەر ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن شەھەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ زوقلىناتتىم، خۇرسىناتتىم. ھازىر ئۆزۈمنى

ئاشۇ كەپتەرلەردىنمۇ بەكرەك ئەركىن ھېس قىلىمەن . بىر يىلـ
ـدىن بۇيان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈـ
چۈن تەييارلىغان دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ سەۋىيەم ئوبدانلا ئۆسۈپ
قالدى . بۇ يىل ئىككى پەندىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە
بىلەن ئۆتۈپتىمەن . كومپيۇتېرنىمۇ خېلىلا مۇكەممەل ئۆگىنىۋالـ
ـدىم . يېقىندا ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىرنەچچە كومپيۇتېر ئېلىپ ،
كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچاي دەپ ئويلاۋاتىمەن . يەنە بىر
خۇش خەۋەرمۇ بار : بىرنەچچە كۈنگە قالماي شېئىرلار توپلىمىم
نەشىردىن چىقىدۇ ، ئۇرۇمچىگە بارغاندا سىلىگە جەزمەن ئالغاچ
بارىمەن... » مانا بۇ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەنگەن ئادەمنىڭ
يۈرەك ساداسى ئەمەسمۇ ؟

مەن يېزىقچىلىق ئۇستىلىمدىكى كىچىككىنە تىكلىمە رامكىـ
ـغا ئېلىنغان سۈرەتكە قارىدىم ، بۇ مەن سەككىز يىل ئىلگىرى
قەشقەردىكى باغچىدا گۈلنار ، مۇقەددەس ، گۈلناز بىلەن بىللە
چۈشكەن سۈرەت ئىدى : ئۇلارنىڭ چېھرىدىن ئۇمىد ـ ئارزۇ ،
گۆدەكلىك ، گۈزەللىك نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى ، ئوخشاش چىمەنـ
ـدوپپا ، ئوخشاش ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلار ، ئوخشاش ئەتلەس
كۆڭلەك . مانا شۇ سەككىز يىل جەريانىدا ، ئۇلار ھايات قاينىمىـ
ـرىدا نېمىلەرنى كۆرمىدى ـ ھە ؟ ! ھەممىدىن ئاساسلىقى ، مۇـ
قەددەس بىر مەزگىل تەنتەك ھېس ـ تۇيغۇنىڭ قۇلى بولدى ؛
گۈلناز ئاسانلىقچە قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرـ
نىڭ قۇلى بولدى ؛ گۈلنار نادانلىق ، قاششاقلىقنىڭ ۋە ئۇ پەيدا
قىلغان تۇتقىلى بولمايدىغان ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ، ئەمما كۈـ
چى خېلىلا چوڭ روھىي بېسىمنىڭ قۇلى بولدى . بۇلاردىن ئۇلارـ
نىڭ روھىدا ئۆچمەس ئىزلار— كۈنلەر ئۆتكەنسېرى خۇرسىنىش
بىلەن ئەسكە ئالىدىغان خاتىرىلەر قالدى . بۇلار ئۇلار ئۈچۈن بىر
ئەينەك ، خالاس . ئەمدى ئۇلار مۇشۇ ئەينەككە پات ـ پات قاراپ
تۇرسا ، قايتا ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ .

تېلېفون جىرىڭلىدى . مەن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !— دېدىم .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام !— بۇ مۇقەددەسنىڭ ئاۋازى ئىدى ،— كەچتە بىرەر ئىشلىرى بارمۇ ؟
— يوق .
— بىز كەچتە سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە بارايلى دېگەن ، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى . يەنە سىلىگە خۇش خەۋەرمۇ بار .
— قانداق خۇش خەۋەر ؟
— هازىرچە دېمەيمەن ، كەچتە بىلىلا ،— دېدى مۇقەددەس . تېلېفوندا كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى ،— بۇ كۈلكىنى تونۇلىدىمۇ ؟
كۈلكە ئىككى قىزنىڭ كۈلكىسى ئىدى . بىرى جەزمەن گۈلنار ، ئەمما يەنە بىرى مۇقەددەس ئەمەس ، هە ، توغرا ، توغرا ، بۇلارنىڭ بىرى گۈلناز .
— گۈلناز كەپتۇ ـ دە ؟— دېدىم مەن .
— ئەقىللىرىگە بارىكاللا !— دېدى مۇقەددەس ،— توغرا ، گۈلناز كەلدى .
— ئىشىكىم سىلەرگە هەرقاچان ئوچۇق .
كەچ سائەت ئالتىدە قىزلار كەلدى . مانا مېنىڭ ئالدىمدا مەن سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ئۈچ قىز . ئەمما ئۇلارنىڭ بەتىنكىسىدىن باشقا كىيىملىرى ئوخشاش ئەمەس : مۇقەددەس چېچىنى يەلكىسىگىرەك چۈشۈپ تۇرىدىغان هالدا كەستۈرۈپ ، چوڭ دولقۇنسىمان بۇدۇر قىلغان ، ئاق كوپتا ، قارا رەڭ سارجىدىن كاستۇم ، يوپكا كىيگەن ؛ گۈلنارنىڭ چاچلىرى توم ـ توم ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن ، بېشىدا چىمەندوپپا ، ئۈچىسىدا كۆكرەك پۆرمە ئەتلەس كۆڭلەك ۋە زىغىر رەڭ سارجا كاستۇم ؛ گۈلنازنىڭ بولسا چېچى بانتىلانغان ، سۇس يېشىل هىلهىلە ياغلىق چەككەن ، ئۈچىسىدا ئۇزۇن ئانار گۈللۈك دۇخاۋا كۆڭلەك ۋە ئەت رەڭ سارجا كاستۇم . بۇلار هازىر ئوخشاش زاماندا ياشاۋاتـ

سىمۇ ، پەزىلەت ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممەتنى چۈشىنىشى ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ، ئەمما كۆ- رۈنۈشىدىن سەككىز يىلدىن بۇرۇنقى گۆدەكلىك ، ساددىلىق يو- قالغان ، خېلى كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، هايات قايىنىمىدا ئوبدانلا تاۋلانغان ، يۈرىكىدىكى ئويغىنىش سادا- سىغا هەردەم ئاۋاز قوشۇپ تۇرىدىغان ، ئۆزى تەئەللۇق ئالەمگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان قىزلار ئىدى .

— پەرىزاتنىڭ ئازراق ئىشى چىقىپ قالدى . ئۈمىدجان ئاكىنى ساقلىتىۋەرمەڭلار ، سىلەر بېرىپ تۇرۇڭلار ، مەن ئار- قاڭلاردىنلا بارىمەن ، دېدى ،— دېدى مۇقەددەس .

مەن ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ ، دىۋانغا تەكلىپ قىلدىم . دۇئا ۋە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ، چاي دەملەشكە تەمشىلىۋې- دىم ، مۇقەددەس :

— قوپە ، گۇلنار ، ئۈمىدجان ئاكىنى ئاۋارە قىلماي ، چاينى سەن دەملە ،— دېدى . گۇلنار ئوشۇقچە گەپ قىلماي ، قىزارغان پېتى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى .

— قىزىقسەنغۇ ، مۇقەددەس ،— دېدى گۇلناز ،— ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ، گەپنى ئاشكارا قىلماي ، سەل يوشۇرۇپراق ، سىلىقراق دېمەمسەن ؟

— هېچقىسى يوق ـ هە ، ئۈمىدجان ئاكا ، ئۇ بەرىبىر مۇشۇ ئۆينىڭ خوجايىنىغۇ ،— دېدى مۇقەددەس ،— ئەگەر ئۈمىدجان ئاكا گۇلنارنى ئەمەس ، مېنى تاللىغان بولسا ، مەن ئۇنداق تىرىند- قىمنى تاتىلاپ ئولتۇرماي ، ئىش دېگەننى چېپىپ يۈرۈپ قىلات- تىم .

— ئۇنداق بولسا ئۆتۈندىم ، ئۈمىدجان ئاكا بېشىڭدىن ئايلاذ- سۇن ،— دېدى چەينەك ـ پىيالىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن گۇلنار .

— ئۈمىدجان ئاكا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئالما ، نەشپۈت ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەس ، پۇتۇنسۇرۇك بىر ئادەم ،— دېدى مۇقەددەس ،— ئۇنىڭ ئۇستىگە سىنىڭ دېگىنىڭ ئەمەس ، ئۇمىدجان ئاكىنىڭ ئۆزى دېسە ھېساب .

— بولدى ، مۇقەددەس ، شەپشەكلىك قىلما ، يۈزۈڭمۇ چەمەدەك قىلىن بولۇپ قاپتۇ ،— دېدى گۇلناز .

شۇ ئەسنادا ئۆيگە ھېكىمجان بىلەن پەرىزات كىرىپ كەلدى ، بايىقى گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەخمەتجان بىلەن رەنامۇ كىرىپ كەلدى .

— ئوھوي ، بۈگۈن بىر قايىنايدىكەنمىز ـ دە ،— دېدى پەرىزات چاۋاك چېلىپ ،— ئىشىك ئالدىدا ھېكىمجان ئاكا بىلەن ئۇچراشقاندىلا شۇنداق ئويلىۋېدىم ، مانا ئەمدى داڭلىق ئۇسسۇلچىمۇ كېلىپ قالدى .

— ئەلۋەتتە قايىنايمىز ، بۈگۈن قايىنىمىساق ، قانداق كۈندە قايىنايمىز ؟— دېدىم مەن .

— بىرىنچىدىن ، يىراقتىن ئەزىز دوستىمىز كەلدى ، ئىككىنچىدىن ، ئىككىنچىسىدىن··· ،— مۇقەددەس سەل ئويلىنىۋالدى ،— ئىككىنچىدىن ، بۈگۈن ئۇمىدجان ئاكا بىلەن گۇلنارغا چاي ئىچۈرىمىز .

— ۋاي شەيتان ، ۋاي ئوماق شەيتان ، دەل كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلدىڭ ،— دېدى پەرىزات .

— ئالدىرىماڭ ، پەرىزات ھەدە ،— دېدى ئەخمەتجان ،— چاينى مۇنداق ئاددىيلا ئىچۈرسەك بولماس ؟

— ھېچقىسى يوق ، بۇ كىچىك چاي ، بىسمىللاسى ، چوڭ چاي دېگەننى كاتتا رېستوراندا ، ئۇمىدجان ئاكا بىلەن گۇلنارنىڭ لايىقىدا قىلىمىز ،— دېدى پەرىزات .

ھەممەيلەن خۇشال ئىدى . گەرچە بۇ چاقچاق بولسىمۇ ، گۇلنار شەلپەردەك قىزىرىپ ، چېچىنى ئويناپ ، ئىشىك تۈۋىدە يەرگە قاراپ تۇراتتى . گۇلناز بىر خىل ھەيرانلىق ئىلكىدە ، بىر

ماشا ، بىر گۇلنارغا ، بىردە باشقىلارغا قارايتتى . ئۇ شۇ تاپتا بۇلار نېمىدېگەن شوخ ، بىراق سەل تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ دەپ ئويلاۋاتامدىكىن ياكى ئىسىت ، نەچچە يىلنى بۇرۇق-تۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن ، ھاياتنىڭ شېرىنلىكى مۇشۇنداق كۆڭۈل ئازادىلىكىدە ئىكەن ، دەپ ئويلاۋاتامدىكىن ؟

بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ، دوستلار يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كەلگەنىدى . قىزلار قولمۇ قول بىردەمدىلا تەرخەمەك ، پەمىدۇر ، كۆك مۇچلاردا ئىككى - ئۈچ خىل سوغۇق سەيمۇ تەييارلىدى . مەن قازانغا سېلىپ قويغان گۆشمۇ پىشىپ قالغانىدى . قىزلار ئۇنىڭغا سەۋزە ، پىيازلارنى سېلىپ ، ھايال بولمايلا تەييار قىلدى .

قورساق ئەستەرلەنگەندىن كېيىن ، ئوغۇللارغا «ئىلى شاھى» دىن ، قىزلارغا خوتەننىڭ «ئانار خانىشى» دىن قۇيۇلدى . مەن رومكىنى قولغا ئېلىپ :

— ئالدى بىلەن يىراقتىن كەلگەن سىڭلىمىز گۇلنارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى ، دوستلۇقىمىزنىڭ ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن ، قېنى ، خوشە !— دېدىم .

رومكىلار بىر - بىرىگە جىرىڭلاپ سوقۇلدى . گۇلنار چاي پىيالىسىنى سوقۇشتۇردى .

مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا گۇلناز ، سول يېنىمدا گۇلنار ئولتۇراتتى . ئىچىشىش بولۇۋاتقان ، ھەممەيلەن ياندىكىلەر بىلەن پاراڭغا چۈشكەندە ، گۇلناز ئاستا شىۋىرلىدى :

— ئۇمىدجان ئاكا ، جېبران «مۇھەببەتنى ئۇزۇن ۋاقىت بىللە يۈرۈشتىن ۋە ئېغىزنى ئېغىزغا يېقىشتىنلا پەيدا بولىدۇ ، دەپ ئويلايدىغانلار نەقەدەر نادان ئادەملەر - ھە ! ھەقىقىي چىن مۇھەببەت روھىي جەھەتتىكى ئۈچرىشىشتىن كېلىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قانداق دەيسىز ؟

— ئەمەلىيەت شۇ ئەمەسمۇ ؟— دېدى گۈلناز ،— سىلى گۈلنار بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە پەقەت يېرىم سائەتچە بىللە بولغان . ئىككىنچى رەت كۆرۈشكەندە ئۈچ كۈنچە بىللە بوللا . شۇنىڭدىمۇ ئايرىم ئولتۇرۇپ تۈزۈك مۇڭداشقۇدەك ، يۈرەك سۆز-لىرىڭلارنى ئالماشتۇرغۇدەك پۇرسەت بولمىدى . بىراق ئىككىڭ-لارنىڭ مۇھەببىتىگە مۇشۇ زاماندىكى قايسىبىر قىز - يىگىتنىڭ مۇھەببىتى تەڭ كېلەلىسۇن ؟

— مۇھەببەت تەنگە ئەمەس ، يۈرەككە - روھقا تەئەللۇق ،— دېدىم مەن ،— روھ تولىمۇ ئەركىن نەرسە ، دۇنيادا ئۇنىڭدەك سۈرئىتى تېز ، ئۆتكۈر ، قەيسەر نەرسە يوق . ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بارلىق توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ ، ئۇ يەردىكى سىرلار بىلەن ئۇچرىشالايدۇ ، ناھايىتى تېزلا يۈرىكى ئوخشاش سوقىدىغان قىز - يىگىتلەرنى سۆيگۈ مۇنبىرىگە باشلاپ چىقالايدۇ .

— مەن جىبراننىڭ : «ئاياللارنىڭ يۈرىكى مەزگىلگە قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ ، پەسىلگە قاراپ ئالماشمايدۇ...» دېگەن سۆزىگىمۇ ئىشەندىم ،— دېدى گۈلناز ،— گۈلنار سىلىگە غايىبانە ئاشىق بولغانۇ ، ئۇنى بىزدەك سىرداش دوستلىرىغىمۇ بىلدۈرمىگەن ؛ ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن ، ئۇ نۇرغۇن دەرد - ئەلەملەرنى تارتقان ، ھاياتلىق يولىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ ، سىلىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزگەرتمىگەن . مەن بۇ دوستۇم بىلەن پەخىرلىنىمەن .

— ھەممىلا ئايالنىڭ ، شۇنداقلا ھەممىلا ئەرنىڭ يۈرىكىنىڭ جىبران دېگەندەك بولۇپ كېتىشى ناتايىن ، بولۇپمۇ بىزنىڭ ھا-زىرقىدەك پۇل ۋە ھوقۇق ئۆزىنى بەك چوڭ چاغلايدىغان شارائىت-تا ،— دېدىم مەن ،— «مۇھەببەتنى كېچىسى كېلىپ ، تاڭ سە-

هەردە يىراققا كېتىدىغان مېھمان قاتارىدا كۆرىدىغان» ، تاڭدا ئېچىلىپ ، كەچقۇرۇندا سولىشىدىغان گۈل دەپ چۈشىنىدىغانلار- نىڭ يۈرىكى بولسا ، كۈندە نەچچە رەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

شۇ چاغ پەرىزات :

— ئۈمىدجان ئاكا ، بىر گەپ بار ئىدى . هازىر دەۋالاي ، هېلى مەست بولۇپ قالسام ئۇنتۇپ كەتمەي يەنە ،— دېدى پەرىزات ۋە كۈلۈپ كەتتى ،— ئۆتكەن يىلى شىركەت قۇرۇلغاندا بىزنى قوللىغان ئاغىنە - بۇرادەرلەرنى مېھمان قىلايلى دېسەك ، سىز «كېلەر يىلى بولسۇن» دېگەنىدىڭىز . بىر يىلمۇ ئۆتتى . بىزنىڭ ساپ پايدىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى . ئەتە يا ئۆگۈن ھەممىمىز بىر يىغىلىپ ، شىركەتنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىگەچ رەھمىتى- مىزنى بىلدۈرسەك بولارمۇ ؟

— قانچىلىك پۇل ئاجراتماقچى بولۇۋاتىسىلەر ؟

— ئىككى تۈمەنچە ،— دېدى پەرىزات ،— يەنە ھەممىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، سىزگە بىر كومپيۇتېر ئېلىپ بېرەيلى دېدۇق . سىز شىركەت قۇرۇشقا خېلى كۆپ پۇل خەجلىدىڭىز ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىمۇ سان بار . سىز يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەم ، خەتنى قول بىلەن يېزىپمۇ كۆپ جاپا تارتىسىز .

مەن پەرىزاتنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي ، گۈلنازدىن سورى- دىم :

— گۈلناز ، سىز كومپيۇتېر سېتىۋالغىلى كەلدىڭىزغۇ دەي- مەن ؟

— شۇنداق .

— پۇلىڭىز نەچچە كومپيۇتېر سېتىۋېلىشقا يېتىدۇ ؟

— بۇ يەردىكى باھانى ئانچە ئۇقمايمەن ، پەرىزىمچە پۇلۇم ئۈچ - تۆت كومپيۇتېر سېتىۋېلىشقا يېتەرمىكىن .

— مۇنداق بولسۇن ،— دېدىم مەن پەرىزات بىلەن مۇقەد- دەسكە قاراپ ،— زىياپەتكە ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى

ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان كومپيۇتېرنىڭ پۇلىغا قوشۇپ، گۈلنارغا ئىككى كومپيۇتېر ئېلىپ بەرسەڭلار قانداق؟ گۈلنار كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچماقچى، بىز پۇلنى مۇشۇنداق جايغا ئىشلەتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر پۇلىڭىز يەنە بىرئاز بولسا، نامرات رايونلاردىكى بىرەر مەكتەپكە ئاز - تولا ياردەم قىلىڭ. ياش ئەۋلادلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، جۇمۇ!

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. ئالدى بىلەن ھېكىمجان، ئەخمەتجان، ئاندىن ھەممەيلەن چاۋاك چالدى.

— بىر قېتىملىق بىر شىرەلىك زىياپەتنىڭ پۇلى بىلەن كەم دېگەندىمۇ يېزىدىكى ئىككى نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى ھېكىمجان، — بەلكىم ئاشۇ ئىككى بالا ياخشى تەربىيىلەنسە، كەلگۈسىدە يارامالىق كەشپىياتچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بىز بىر شىرەلىك، نەچچە مىڭ يۈەنلىك تاماقنى يەۋېتىپ، ئەتىسى قوپساق بىرەر يېرىمىزمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بىرەر ناخشا ئىجاد قىلىۋېتىشىمىزمۇ ناتايىن.

ئۆيدە يەنە بىر رەت قىزغىن چاۋاك ياڭرىدى.

— بىزنىڭ شىركەتنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالسۇن، — دېدىم مەن بىر رومكا ھاراقنى قولغا ئېلىپ، — تېخىمۇ زور روناقلىق سىلەرگە يار بولسۇن! خوشە!

— خوشە!

— لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىر يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەڭلار، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاڭلار، مەغرۇرلانماڭلار، رايونىمىزدا توققۇز مىليوندىن ئارتۇق دېھقان بار، نامراتلار بار. ئىمكانىيەتلا بولسا، شۇلارغا قولۇڭلار ئوچۇق بولسۇن!

ھېكىمجان دۇتارنى سازلاپ ناخشا باشلىدى. رەنا بىلەن گۈلنار ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھەممەيلەن مۇزىكا ئودارىغا كەلتۈرۈپ

چاۋاك چالدۇق .

سەپەردە قەھرىمان كارۋان ،
توسالمايدۇ داۋان ، توپان .
قەلبداش بىز ، ئۇيۇلتاش بىز ،
چېچەكلەيدۇ گۈزەل ئارمان .
تاپار بەختىنى ھۆرلۇككە ،
قەدىر ـ قىممەتكە يار ئىنسان…

1999 ـ يىل ئۆكتەبىردە تاماملاندى ،
2001 ـ يىل ئىيۇلدا قايتا ئىشلەندى .

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

在人生旋涡中/马合木提江·斯拉木著.
—乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2001.12
ISBN978—7—5371—4006—5

Ⅰ.在… Ⅱ.马… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 074920 号

责任编辑：**尼加提·穆合里斯**
责任校对：**阿布列孜·阿巴斯**
**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**阿里甫·夏**

**在人生旋涡中**（维吾尔文）
（长篇小说）
**马合木提江·斯拉木** 著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 11.125 印张
2001 年 12 月第 1 版 2008 年 2 月第 3 次印刷

---

ISBN978—7—5371—4006—5 定价：18.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换